

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

4



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭگونىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسىرى

غەربكە ساياھەت

4

ISBN 978-7-228-12156-4

9 787228 121564 >

定价：30.00元

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

# 4

تەرجىمە قىلغۇچى : مەرىيەم مەمتىمىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

西游记．4：维吾尔文/(明)吴承恩著；玛丽亚木·买买提明译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12
ISBN 978－7－228－12156－4

Ⅰ．西… Ⅱ．①吴…②玛… Ⅲ．章回小说－中国－明代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 204899 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 特约校对 | 热西提阿吉·瓦依提，牙森·扎依莫夫 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13.25 |
| 版　　次 | 2008 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 12 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 册 |
| 定　　价 | 30.00 元 |

بۇ كىتاب شىنلېي نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据新雷出版社 1979 年 12 月第 1 版 1983 年 1 月第 3 次印刷本翻译出版。

# غەربكە ساياھەت (4)

ئاپتورى : ۋۇ چېڭئېن
تەرجىمە قىلغۇچى : مەريەم مەمتىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇنارجان توختاخۇن
تەكلىپلىك كوررېكتورلىرى : رېشىت ھاجى ۋاھىدى ، ياسىن زايىموف
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 13.25
نەشرى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12156—4
باھاسى : 30.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


**يەتمىش ئالتىنچى باب**

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانلىقى

ئالۋاستىلارنىڭ پەنت بىلەن تاڭ سېڭنى قولغا

چۈشۈرگەنلىكى ........................................ 1

**يەتمىش يەتتىنچى باب**

ئالۋاستىلارنىڭ ئەسلىگە يانغانلىقى

بىرلىكتە بۇددىغا باش قويغانلىقى .............................. 22

**يەتمىش سەككىزىنچى باب**

بىچيۇدىكى بىچارە بالىلارغا جەھەننەم تەڭرىلىرى

ئەۋەتىلگەنلىكى

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يالماۋۇزنى تونۇپ ئەخلاق ئۈستىدە

گەپ ئاچقانلىقى ........................................ 38

**يەتمىش توققۇزىنچى باب**

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆمۈر يۇلتۇزىغا يولۇققانلىقى

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا بوۋاق كۆرگەنلىكى .................. 55

**سەكسىنىنچى باب**

پەرىزاتنىڭ ئۆزىگە جورا ئىزدىگەنلىكى

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇستازىنى قوغدىغانلىقى .................. 70

**سەكسەن بىرىنچى باب**

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جىنخەي شەنلىن ئىبادەتخانىسىدا

ئالۋاستىنى بىلىۋالغانلىقى

ئۈچ شاگىرتنىڭ قارىغايلىقتا ئۇستازىنى ئىزدىگەنلىكى ··· 89

سەكسەن ئىككىنچى باب
پەرىزاتنىڭ ئەرگە تەشنا بولغانلىقى
تەڭرىلەرنىڭ تەرىقەتنى قوغدىغانلىقى ······················ 105

سەكسەن ئۈچىنچى باب
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بەلگىنى تونۇۋالغانلىقى
پەرىزاتنىڭ ئەسلىگە يانغانلىقى ························ 122

سەكسەن تۆتىنچى باب
بۇدساتۋانىڭ راھىبلارنى يوقىتىدىغان ئەلدىن بېشارەت بەرگەنلىكى
راھىبلارنى يوقىتىدىغان شاھنىڭ تاقىر باش بولۇپ قالغانلىقى ·································· 141

سەكسەن بەشىنچى باب
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ جۇ باجىيىنى ئەخمەق قىلغانلىقى
يالماۋۇزنىڭ پەنت بىلەن تاڭ سېڭنى تۇتقانلىقى ······ 159

سەكسەن ئالتىنچى باب
جۇ باجىيىنىڭ يالماۋۇزنى يېڭىشتە كۈچ چىقارغانلىقى
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سېھىر بىلەن يالماۋۇزنى يوقاتقانلىقى··· 175

سەكسەن يەتتىنچى باب
تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان فېڭشيەن ئايمىقىدا قۇرغاقچىلىق بولغانلىقى
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بۇ ئايماقتىكىلەرنى ساۋابلىققا ئۈندىگەنلىكى ·························· 193

سەكسەن سەككىزىنچى باب
راھىبلارنىڭ يۈيخۇادىكى شاھ سارىيىدا

ھۈنرىنى كۆرسەتكەنلىكى
سۈن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارنىڭ شاگىرت قوبۇل قىلغانلىقى ........................ 211

سەكسەن توققۇزىنچى باب
سېرىق شىردىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستىنىڭ زىياپەت بەرمەكچى بولغانلىقى
شاگىرتلارنىڭ پەنت بىلەن قاپلانبېشى تېغىنى قالايمىقان قىلغانلىقى ........................ 228

توقسىنىنچى باب
شىرلار پىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى
راھىبلارنىڭ توققۇز باشلىق شىرنى تىنچىتقانلىقى ... 243

توقسان بىرىنچى باب
جىنپىڭ ئايمىقىدا چاغانلىق پانۇسلارنى تاماشا قىلغانلىقى
تاڭ سېڭنىڭ شۈەنيىڭ غارىدا راستىنى ئېيتىۋەتكەنلىكى ........................ 259

توقسان ئىككىنچى باب
ئۈچ راھىبنىڭ چىڭلۇڭشەن تېغىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
تۆت يۇلتۇزنىڭ كەركىدان ئالۋاستىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى ........................ 275

توقسان ئۈچىنچى باب
راھىبلار سارىيى قىلىنغان باغ ھەققىدە پاراڭ بولغانلىقى
ھىندىستان پادىشاھىنىڭ كۈيئوغۇل تاللىغانلىقى ...... 290

توقسان تۆتىنچى باب
تۆت راھىبنىڭ يۈيخۇا بېغىدا كۆڭۈل ئاچقانلىقى

ئالۋاستىنىڭ توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكى ...... 307

توقسان بەشىنچى باب
مەلىكە قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئايىنىڭ تۇتۇلغانلىقى
راست مەلىكىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تېپىشقانلىقى ... 321

توقسان ئالتىنچى باب
كۇخۇڭ تۆرنىڭ راھىبلارنى قىزغىن كۇتۇۋالغانلىقى
تاڭ سېڭنىڭ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمىگەنلىكى ...... 336

توقسان يەتتىنچى باب
كۇخۇڭ تۆرنى ئوغرىلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكى .............. 349

توقسان سەككىزىنچى باب
تۆت راھىبنىڭ بۇددا بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا قايتىدىن تۆرەلگەنلىكى
سەپەرنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ بۇددا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى .............................. 372

توقسان توققۇزىنچى باب
توقسان توققۇز مۇشەققەتنىڭ تاماملىنىپ، ئالۋاستىلار- نىڭ تامام يوقىتىلغانلىقى
سەپەرنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلىشىپ، دىنىنىڭ يىلتىز تارتقانلىقى.............................. 393

يۈزىنچى باب
سەپەرچىلەرنىڭ شەرقىي دىيارغا قايتىپ بارغانلىقى
بەش ئەۋلىيانىڭ خىزىر بولغانلىقى ................. 407

# يەتمىش ئالتىنچى باب

## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانلىقى
## ئالۋاستىلارنىڭ پەنت بىلەن تاڭ سېڭنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ ئىچىنى بىر پەس مالىمان قىلىۋىدى، ئالۋاستى تويىغا مىلىنىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئۆلگەندەكلا ياتتى، كېيىن يەنە دېمىنى رۇسلاپ يېلىندى:

— مېھىر - شەپقەت قىلىڭ، رەھىم قىلىڭ، ئەۋلىيا ئەزەم!

— ئوغلۇم، بىھۇدە ئاۋارە بولماي مېنى سۇن بوۋام دېگىن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بوۋا! بوۋا! — دېدى ئالۋاستى جېنىغا چىدىماي، — مەن گۇناھ قىپتىمەن! سىزنى يۇتۇۋالىسام بولغانىكەن. مانا ئەمدى جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدىڭىز، ئەۋلىيا ئەزەم، چۈمۈلىدەك جېنىمغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىپ، ئۇستازىڭىزنى تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي.

سۇن ۋۇكۇڭ باتۇر بولغىنى بىلەن، تاڭ سېڭ ئۇچۇن ھەممىدىن كېچەتتى. ئالۋاستىنىڭ يېلىنىشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ رەھمى كەلدى - دە، سورىدى:

— ئالۋاستى، مەن سېنى ئەپۇ قىلسام، ئۇستازىمنى تاغدىن قانداق ئۆتكۈزۈپ قويىسەن؟

— مەندە سىزگە تۇتقۇدەك ئۈنچە - مارجان، ئالتۇن - يامبۇ، كەھرىۋا، جاۋاھىرلاردەك قىممەت باھا نەرسىلەر يوق. بىز ئۈچ قېرىنداش خوش بوي چىڭگىلىكتىن تەختىراۋان ياساپ ئۇستازىڭىزنى تاغدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويىمىز، — دېدى

ئالۋاستى .

— تەختىراۋاندا ئۆتكۈزۈپ قويساڭلار ، قىممەت باھا نەرسە تۆتقاندىن جىق ئىش قىلغان بولىسىلەر . ئاغزىڭنى ئاچقىن ، مەن چىقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئالۋاستى ئاغزىنى ئېچىشىغا ئۇچىنچى ئالۋاستى يېقىن كېلىپ ئۇنىڭغا پىچىرلىدى :

— ئاغا ، ئۇ چىققاندا چىشلىۋېلىپ چايناپ يۇتۇۋەتكىن ، ئۇ چاغدا ئۇ ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ .

بۇنى سۇن ۋۇكۇڭ ئاڭلاپ قالدى . ئۇ ئالدىراپ چىقماستىن ، ئاۋۋال ئالتۇن توقىنى تەڭلەپ ئالۋاستىنى سىنىدى . ئالۋاستى ئالتۇن توقىنى چىشلىگەنىدى ، بىرنەچچە چىشى سۇنۇپ كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى تارتىۋېلىپ مۇنداق دېدى :

— ھوي مەلئۇن ! مەن سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىپ تاشقىرىغا چىقاي دەۋاتسام ، سەن تېخى مېنى چىشلەپ جېنىمغا قەست قىلماقچى بولۇۋاتىسىنا ! چىقمايمەن ! تىرىك تۇرغۇزۇپ قيناپ جېنىڭنى ئالىمەن ! چىقمايمەن ! ئەمدى چىقمايمەن !

چوڭ ئالۋاستى ئۇچىنچى ئالۋاستىدىن ئاغرىندى :

— ئىنىم ، ئۇنى چىقىراي دەۋاتسام ، سىز ئۇنى چىشلە دېدىڭىز . چىشلىمىسەممۇ بوپتىكەن ، چىشلىرىم ئاغرىپ كەتتى . ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

ئۇچىنچى ئالۋاستىنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ دەيدەيگە سېلىش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ۋارقىرىدى :

— سۇن دەرۋىش ، ئىسمىڭنى ئاڭلاپ ئاغزىم ئېچىلىپلا قالغانىدى . ئەمدى قارىسام ، سەنمۇ تايىنلىق نىمىكەنسەن ، مايمۇنچاقلارنىڭ بېشى ئىكەنسەن شۇ !

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سەن چىقىپ مەن بىلەن ئېلىشساڭ ، ئاندىن نوچى سانىلىسەن . بىراۋنىڭ قورسىقىغا كىرىۋېلىپ نېمىشقا ئەسكىلىك قىلىسەن ! چۈپرەندە مايمۇنچاقلارنىڭ بېشى بولماي نېمە ئىدىڭ

سەن ؟

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ ئويغا چۆمدى : «توغرا ، توغرا ! مەن بۇنىڭ ئىچ - قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم نېمە ساۋاب تاپىمەن ؟ ئەكسىچە نام - ئابرۇيۇمنى بۇلغايمەن .» شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى :

— بوپتۇ ، ئاغزىڭنى ئاچقىن ، مەن چىقىپ سەنلەر بىلەن ئېلىشاي . بىراق ، غارنىڭ ئالدى تار ئىكەن ، قورالنى ئەركىن ئىشلەتكىلى بولمايدىكەن . كەڭرەك جايغا بارايلى .

ئۇچىنچى ئالۋاستى دەررۇ چوڭ - كىچىك جىنلارنى تولۇق قوراللىنىپ غاردىن چىقىپ سەپ تارتىپ تۇرۇشقا ، سۈن ۋۇكۇڭ چىققان هامان هۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى . ئىككىنچى ئالۋاستى چوڭ ئالۋاستىنى يۆلەپ تاشقىرىغا چىقىپ ۋارقىرىدى :

— سۈن دەرۋىش ! يامان بولساڭ بۇ ياققا چىق ! مانا بۇ يەر جەڭ مەيدانى ، راسا ئېلىشايلى .

سۈن ۋۇكۇڭ قاغىلارنىڭ قاقىلدىشى ، سېغىزخاننىڭ شاراقلىشى ، شاقچى قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىنى ۋە شامال ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، كەڭ دالاغا چىققانلىقىنى بىلىپ : «مەن چىقماي تۇراي ، ئۇ لەۋزىدىن يېنىۋالمىسۇن يەنە . ناۋادا چىقساممۇ ، بۇ نېمىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئارقىسىنىڭ پەرقى يوق ، يەنى تىلى شېكەر ، دىلى زەھەر . باشتا ئۇستازىڭنى ئۆتكۈزۈپ قويىمەن ، دەپ مېنى ئالداپ چىقىرىپ چىشلىمەكچى بولدى ، ئەمدى يەنە لەشكەرلىرىنى تەخ قىلىپ قويدى . بوپتۇ ! زىخمۇ كۆيمەيدىغان ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئىشنى قىلاي . چىقسام چىقاي ، بىراق بۇنىڭ قورسىقىدا يىلتىزىمنى قويۇپ قوياي» دەپ ئويلىدى . ئۇ شۇئان قۇيرۇقىدىن بىر تال موينى يۇلۇپ پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، چاچتەك ئىنچىكە ، قىرىق جاڭ ئۇزۇنلۇقتا بىر ئارغامچا بولدى . ئارغامچىنى يۆگەپ تاشقىرىغا چىقارغانىدى ، شامالنى كۆرۈپلا توم ، ئۇزۇن بولۇپ كەتتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئالۋاستىنىڭ يۈرىكىگە باغلاپ ، يەنە بىر ئۇچىنى قولىغا ئېلىپ

كۆلگىنچە مۇنداق دېدى : «ئۇ ئۇستازىمنى ياخشىلىقچە ئۆتكۈزۈپ قويسا قويدى ، ئۆتكۈزۈپ قويماي لەشكەرلىرىنى ئىشقا سالغۇدەك بولسا ، مېنىڭ بۇ نېمىلەر بىلەن سوقۇشۇپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق . بۇ ئارغامچىنى تارتىپلا قويسام ، مەن قورساقتا تۇرغانغا ئوخشاشلا ئىش بولىدۇ .» سۇن ۋۇكۇڭ ناھايىتى كىچىكلەپ يامىشىپ تىلىنىڭ ئاستىغا كەلدى . ئالۋاستى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى ، ئاستى - ئۇستىدىكى پولات چىشلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى . بىردىن ئۇ مۇنداق ئويلىدى : «ئىش چاتاق ! مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئارغامچىنى ئېلىپ چىقسام ، ئۇ ئاغرىپ كەتتى ، دەپ قورقۇنچلۇقتا چىشلەپ ئۈزۈۋالسا قانداق بولىدۇ ؟ مەن ئۇنىڭ چىشى يوق يەردىن چىقاي .» سۇن ۋۇكۇڭ ئارغامچىنى ئېلىپ ئۇنىڭ تاڭلىيى ئارقىلىق بۇرنىغا باردى . چوڭ ئالۋاستى بۇرنى قىچىشقاندەك بولۇپ «ئەپچۈش !» دەپ بىر چۈشكۈرگەندى ، سۇن ۋۇكۇڭ تاشقىرىغا چىقىۋالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ شامالنى كۆرۈپلا يوغىناپ ئۈچ جاڭ بولدى . بىر قولىدا ئارغامچىنى ، يەنە بىر قولىدا تۆمۈر كالتەكنى تۇتتى . چوڭ ئالۋاستىمۇ تازا ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نېمە ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ چىققىنىنى كۆرۈپلا پولات قىلىچى بىلەن يۈزگە ئۇردى ، سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ تۆمۈر كالتەكدە توسۇۋالدى . ئارقىدىنلا ئىككىنچى ئالۋاستى نەيزىسى بىلەن ، ئۈچىنچى ئالۋاستى يالمانلىق نەيزە بىلەن ھۇجۇم قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئارغامچىنى بوشىتىپ ، تۆمۈر كالتەكنى جايىغا سالدى . ئاندىن جىنلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ھېچ ئىش قىلالماي قالماي ، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئاسمانغا چىقىۋالدى . سەپتىن ئاجراپ چىقىپ كەڭ ، بوش تاغ ئۇستىدە بولۇتتىن چۈشۈپ قولىدىكى ئارغامچىنى كۈچەپ تارتقانىدى ، چوڭ جىننىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتتى . ئۇ ئاغرىققا چىدىماي تىركىشىپ يۇقىرىغا چىقماقچى بولغانىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ تۆۋەنگە باستى . بۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان جىنلار چۇرقىراپ كەتتى :

— غوجام ، ئۇنىڭغا چېقىلمىسىلا ! ئۇ يولىغا كېتىۋەرسۇن ! بۇ مايمۇن ۋاقىت - پەسىلگىمۇ قارىمايدىكەن ، تېخى چوكانتال ۋاقتى بولمىسا ، ئۇ لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتىدۇ !

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئالۋاستىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ ، ئاندىن بىر ئېتىۋىدى ، ئۇ يىپ ئېگىرىدىغان چاقتەك يەرگە چۈشۈپ توپىغا مىلەندى ، تاغ باغرىدىكى سېرىق توپىدا ئىككى چى چوڭقۇرلۇقتا ئورەك ھاسىل بولدى .

ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ئالۋاستى ئالاقزادە بولۇپ پەسكە چۈشتى ، بېرىپ ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۇن ۋۇكۇڭنى سۆكتى :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، سېنى ئىنتايىن كەڭ قورساق دەپ ئاڭلىغانىدۇق . كىم بىلسۇن ، ئىلگىرى - كېيىن پىت ئۈچەي نەرسە ئىكەنسەن ، چىقىپ بىز بىلەن ئېلىشقىن دېسەك ، ئاكىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئارغامچىدا باغلاپ قويغىنىڭ نېمىسى !

— بىشەملەر ، غەرەز ئۇقمايدىغانلار ! باشتا مېنى ئالداپ چىقىرىپ چىشلىمەكچى بولۇشتۇڭ ، ئەمدى چىقىرىپ يەنە ماڭا قارشى سەپ تۈزۈشتۇڭ . مەن بىر ئادەمگە نەچچە ئونىڭ ئادەمنى قارشى قويۇشقىنىڭ نېمىسى ؟ مېڭىش ! ئۇستازىمنىڭ يېنىغا بېرىش ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، رەھىم قىلىڭ ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ ، ئۇستازىڭىزنى تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن ، — دېدى ئالۋاستى باش ئۇرۇپ .

— ساڭا جان لازىم بولسا ، قىلىچتا كېسىۋەتسەڭلا ئارغامچا ئۈزۈلىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— بېگىم ، سىرتتىكىسى ئۈزۈلگىنى بىلەن ، ئىچىدىكىسى يۈرىكىمگە باغلاقلىق تۇرسا ، گېلىم ئاغرىپ كۆڭلۈم ئاينىۋاتسا ، قانداق قىلىمەن ؟ — دېدى ئالۋاستى .

— ئۇنداق بولسا ئاغزىڭنى ئاچقىن . مەن كىرىپ يېشىۋېتىپ چىقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— كىرىۋېلىپلا چىققىلى ئۇنىمىسىڭىز چاتاق بولمامدۇ ! —

دېدى ئالۋاستى ھولۇقۇپ .

— مەن سىرتتا تۇرۇپمۇ ئىچىڭدىكى ئۇچىنى يېشىۋېتەلەيمەن . لېكىن ، سەن لەۋزىڭدە تۇرۇپ ئۇستازىمنى ئۆتكۈزۈپ قويالامسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— يېشىۋەتسىڭىزلا ئۆتكۈزۈپ قويىمەن ، ھەرگىز يالغان ئېيتمايمەن ، — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىر سىلكىنىپلا مويىنى تېنىگە قوندۇرۇۋالدى ، شۇئان ئالۋاستىنىڭ قورسىقى ئاغرىشتىن توختىدى ، ئۇچ ئالۋاستى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، تاڭ سېڭنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇڭ . بىز تەختىراۋان ئاپىرىپ ئۇنى ئۆتكۈزۈپ قويايلى ، — دېدى .

جىنلار قورال - ياراغلىرىنى يىغىشتۇرۇپ غارغا كىرىپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئارغامچىنى يىغىۋېلىپ تاغنىڭ شەرقىغە قاراپ ماڭدى ، يىراقتىنلا تاڭ سېڭنىڭ يەردە يۇمۇلىنىپ يىغلاۋاتقانلىقى ، جۇباجيې بىلەن شاسېڭنىڭ يۈك - تاقلارنى بۆلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە ، ئىچىدە مۇنداق دېدى : «گەپ يوقكى ، جۇ باجيې ئۇستازغا مېنى ئالۋاستىلار يەپ كەتتى ، دەپتۇ . ئۇستاز ماڭا چىدىماي قايغۇرۇپ يىغلاۋېتىپتۇ . جۇ باجيېلار نەرسە - كېرەكلەرنى بۆلۈشۈپ ئۆز يولىغا ماڭغىلىۋېتىپتۇ . مەن ئۇستازنى چاقىرايچۇ قېنى .»

ئۇ ئاستا بۇلۇتتىن چۈشۈپ توۋلىدى :

— ئۇستاز !

بۇنى ئاڭلاپلا شاسېڭ جۇ باجيېغا كايىپ كەتتى :

— ۋاي نەس باسقۇر . ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشنىلا بىلىسەن ! ئاغام ئۆلمىگەن تۇرسا نېمىدەپ ئۆلدى دەيسەن ؟ مانا كەلدىغۇ ؟

— ئالۋاستىنىڭ ئۇنى يەۋالغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەچكە ، ئۇنى

ئەمدى تۇگەشتى ، دەپ ئويلاپتىمەن . بۇ مايمۇننىڭ ئەرۋاھى ئوخشايدۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

سۇن ۋۇكۇڭ كاپ قىلىپ جۇ باجيېنى ياقىسىدىن ئالدى - دە ، كاچتىغا بىرنى سېلىپ :

— هوي هارام تاماق ! مېنىڭ ئەرۋاھىم نەدىكەن ؟ — دېدى .

— ئاغا ، سىزنى ئالۋاستى راستلا يەۋەتكەن تۇرسا قانداق تىرىلدىڭىز ؟ — دېدى جۇ باجيې مەڭزىنى تۇتۇپ .

— مەن سەندەك هارامتاماقمىدىم ! ئۇ مېنى يېدى ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ئىچ - قارنىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتىم . ئارغامچىدا يۈرىكىنى چىگىپ تارتقاندىم ، ئاغرىققا چىدىماي باش قويۇپ يىلىندى ، شۇندىلا ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتىم . ئەمدى ئۇلار تەختىراۋان ئەكېلىپ ئۇستازىمنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بولدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سېڭ بۇنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، سۇن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلىپ :

— ئاھ شاگىرتىم ، سېنى ئۆلدىمىكىن دەپتىمەن ، جۇ ۋۇنېڭنىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ ، سەندىن تامامەن ئۈمىد ئۈزگەندىم ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېنى مۇشتلاپ ، تىللاپ كەتتى :

— هاڭۋاقتى ساراڭ ، هورۇن نانقېپى ، ئادەم بولمايدىغان ! ئۇستاز ، ئەمدى قايغۇرمىسىلا . ئالۋاستىلار كېلىپ سىلىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ .

شاسېڭمۇ ئىنتايىن خىجىل بولدى . بۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئالمان - تالمان يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇردى ، ئاتنى ئېگەرلىدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن باشلايلى . ئەلقىسسە ، ئۈچ ئالۋاستى جىنلار بىلەن غارغا قايتقاندىن كېيىن ئىككىنچى ئالۋاستى مۇنداق دېدى :

— مەن سۈن ۋۇكۇڭنى توققۇز بېشى ، سەككىز قۇيرۇقى بار ، دەپ ئاڭلىغانىدىم ، بىراق ئۇ مۇشتۇمچىلىك مايمۇن ئىكەن ! راستىنى تۇتۇشساق بىزگە نەدىمۇ تەڭ كېلەلىسۇن ! غاردىكى تۇمەنلىگەن نۆكەرلىرىمىز ئۇنى تۇكۇرۇكى بىلەنمۇ كۆمۈۋېتەلەيدۇ . سىز ئۇنى يۇتۇۋالغاچقىلا ، قورسىقىڭىزدا تۇرۇپ سىزنى تولىمۇ پاراكەندە قىلدى . شۇ ئەھۋالدا سىز ئۇنىڭغا قانداقمۇ چېقىلالايسىز ؟ بايا بىز يالغاندىن ، تاڭ سېڭنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز ، دېدۇق ، سىزنىڭ جېنىڭىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈنلا ئۇنى شۇنداق دەپ ئالداپ قويدۇق . تاڭ سېڭنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈپ قويمايمىز !

— ئۇنى ئۆتكۈزۈپ قويمىساق قانداق قىلىدىغان ئىش ؟

— بىزنىڭ ئۈچ مىڭ نۆكىرىمىز بار ، ئۇلارنى سەپ تۈزۈپ تۇرغۇزۇپ قويىمىز ، ئاندىن مەن ئۇ مايمۇن شاھنى تۇتىمەن ، — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى .

— ئۈچ مىڭ لەشكەر ئەمەس ، پۈتكۈل ئادىمىڭىز بىلەن ئۇنى تۇتالىسىڭىز ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسىز ، — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

ئىككىنچى ئالۋاستى ئۈچ مىڭ نۆكىرىنى يولنىڭ ئىككى يېقىدا تۇرغۇزۇپ ، كۆك ئەلەملىك بىر خەۋەرچىنى ئەۋەتتى ، ئۇ مۇنداق دېدى :

— سۈن دەرۋىش ! تېز كېلىپ ئىككىنچى غوجام بىلەن جەڭ قىل !

بۇنى ئاڭلىغان جۇ باجيې كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— ئاغا ، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دەپتىكەن . مانا ، يالغانچىلىق قىلغانلىقىڭىز پاش بولۇپ قالدى ! سىز ئالۋاستىلارنى تەسلىم قىلدىم ، ئۇلار تەختىراۋان ئەكېلىپ ئۇستازنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بولدى ، دەۋاتاتتىڭىز ، ئەجەبا ، جەڭگە چىللاۋاتىدۇغۇ ؟

— چوڭ ئالۋاستىنى مەن ئەل قىلغان ، قايتا چېقىلالمايدۇ . چوقۇم ئىككىنچى ئالۋاستى ئەلەمگە چىدىماي مېنى جەڭگە چىللاۋاتىدۇ . قاراڭلار ، ئۇلارمۇ ئۈچ قېرىنداش ئىكەن ، شۇنداق

جەسۇر ئىكەن ؛ بىزمۇ ئۈچ قېرىنداشمىز ، بىراق بەكمۇ ئۆلەرمەن . مەن چوڭ ئالۋاستىنى يەڭدىم ، ئىككىنچى ئالۋاستى كەلگەندىن كېيىن نېمىشقا سەن چىقىپ جەڭ قىلمايسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنىڭدىن نېمە قورقۇش ! ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلسام قىلدىم ! — دېدى جۇ باجيې .

— بارساڭ بارغىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ماقۇل باراي ، ئارغامچىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرۇڭ ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

— ئۇنى نېمە قىلىسەن ؟ ياكى ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالىدىغان ، يۈرىكىنى باغلاپ قويىدىغان كارامىتىڭ بولمىسا ، ئۇنى قانداق ئىشلىتىسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنى بېلىمگە باغلىۋېلىپ ، ۋاقتى كەلگەندە جېنىمنى قۇتۇلدۇرىمەن . سىز شاسېڭ بىلەن بۇنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇڭ ، مەن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلاي . يېڭىشكە كۆزۈم يەتسە ، ئارغامچىنى بوش قويۇۋېتىڭ ، مەن ئۇنى تۇتاي ؛ ناۋادا يېڭىلگۈدەك بولسام ، مېنى تارتىپ يېنىڭلارغا ئەكىلىۋېلىڭلار ، ئۇ مېنى تارتىپ كەتمىسۇن .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ : «بۇ ھاڭۋاقتىنى تازا بىر كولدۇرلىتايچۇ» دەپ ئويلىدى . ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى جۇ باجيېنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپ ، ئۇنى جەڭگە چىقاردى .

جۇ باجيې تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ قىياغا چىقىپ ۋارقىرىدى :

— ئالۋاستىلار ! بۇ ياققا چىقىش ! چوشقا غوجاڭ جەڭگە چىقتى .

كۆك ئەلەملىك خەۋەرچى پالاقلاپ كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— غوجام ، ئۇزۇن تۇمشۇق ، سالپاڭ قۇلاق شەيخ كەپتۇ .

ئىككىنچى ئالۋاستى چىقتى . ئۇ جۇ باجيېنى كۆرۈپلا گەپمۇ قىلماستىن ئېتىلدى . جۇ باجيې تىرنىسى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئىككىيلەن تۆپىلىك ئالدىدا يەتتە ـ سەككىز مەرتىۋە ئېلىشقاندىن

كېيىن جۇ باجىيىنىڭ قولىدا ماغدۇر قالماي ئالۋاستىغا تەڭ كېلەلمىدى ـ دە ، كەينىگە قاراپ توۋلىدى :

— ئاغا ، ئىش چاتاق ! ئارغامچىنى تارتىڭ ! مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ !

بۇ ياقتا تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئارغامچىنى بوش قويۇۋەتتى . جۇ باجيې يېڭىلىپ كەينىگە قاچتى ، ئارغامچىنىڭ سۆرىلىپ قالغىنىنى سەزمىدى ، ئارغامچا بوشىشىپ كەتكەچكە پۇتلىشىپ يىقىلدى ، ئورنىدىن تۇرسا يەنە يىقىلدى . شۇ تەرزدە يىقىلىۋېرىپ تۇمشۇقى ئېزىلىپمۇ كەتتى . نەتىجىدە ، ئالۋاستى يېتىپ كەلدى ـ دە ، ئۇنى بۇرنىغا ئىلىپلا غارغا قايتتى ، جىنلارمۇ زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ غارغا كىرىپ كەتتى .

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭغا ئاچچىقلاپ كەتتى :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيېنىڭ سېنى جۇۋاينىمەك كەتكۇر ، دەپ تىللىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ! سەندە قېرىنداشلىق كۆيۈم ئەمەس ، ھەسەتخورلۇق بار ئىكەن ! ئۇ سېنى ئارغامچىنى تارتىۋېلىڭ دېسە ، نېمىشقا ئارغامچىنى قويۇۋېتىسەن ؟ ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى ، قانداق قىلىدىغان ئىش ؟

— ئۇستاز ، ئۇنداق بىر تەرەپكىلا يان باسمىسىلا ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ، — بوپتۇ ، مەن بالاغا ئۇچرىغاندا سىلى مېنى پەقەت ئەسلەپ قويماي ، جانلىرى بىلەنلا قالدىلا ؛ جۇ باجيېنى تۇتۇپ كەتسە گۇناھنى مەندە قويۇۋاتىدىلا . ئۇمۇ ئاچچىق ـ چۈچۈكنى تېتىپ بۇددا نومى ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلىپ قويسۇن .

— شاگىرتىم ، سەن بالاغا ئۇچرىغاندا مەن ئەسلىمەپتىمەنمۇ ؟ سېنىڭ ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىڭنى ئويلاپ ، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ ، دەپ قارىدىم . جۇ باجيې بولسا دۆت بىرنېمە ، قولىدىن ھېچقانچە ئىش كەلمەيدۇ . ئۇنىڭغا ھازىر ياخشىلىقتىن كۆرە ، شۇملۇق تولا . ئۇنداق قىلماي بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن .

— ئۇستاز ، كايىمىسىلا ، مەن بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپلا تاغقا چىقتى : «بۇ ھاڭۋاقتى مېنى ئۆلگۈر ، دەپ تىللىدى . مەنمۇ ئۇنىڭغا بەك ئۆپكە قىبقىپ كەتمەي ، ئاۋۋال ئالۋاستى ئۇنى قانداق قىلىدۇ ، كۆرۈپ باقاي . ئۇنىڭ بۇرنىغا ئازراق سۇ كىرگەندە ئاندىن قۇتۇلدۇراي» دەپ ئويلىدى . ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر دومىلاپلا شاخچى قۇشقاچقا ئايلاندى ، ئۇچۇپ بېرىپ جۇ باجىيىنىڭ قۇلىقىغا قونۇپ ، جىنلار بىلەن بىرگە غارغا باردى . ئىككىنچى ئالۋاستى ئۇچ مىڭ نۆكىرىنى باشلاپ داغدۇغا بىلەن غار ئاغزىغا كەلدى ، باشقىلارنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ ، ئۆزى يالغۇز جۇ باجىيىنى ئېلىپ ئىچكىرىگە كىرىپ :

— ئاغا ، مەنمۇ بىرنى تۇتۇپ كەلدىم ، — دېدى .

— قېنى مەن كۆرەي ، — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

— مانا ، — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى جۇ باجىيىنى يەرگە قويۇپ .

— بۇنىڭ كېرىكى يوق ، — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

— غوجام ، كېرىكى يوقنى قويۇۋېتىپ ، كېرەككە كېلىدىغىنىنى تۇتۇپ كېلىڭلار ، — دېدى جۇ باجيې .

— كېرىكى بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا سەن تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتى جۇ باجيې . ئۇنى باغلاپ كۆلگە چىلاپ قويۇڭلار ، سۇدا يۇمشاپ تۈكلىرى چۈشۈپ بولغاندا قارنىنى يېرىپ ، تۇزلاپ قاق سېلىڭلار ، قاراڭغۇ چۈشكەندە مەي بىلەن يەيمىز .

— ياپىرىم ! ئەجەبمۇ رەھىمسىز ئالۋاستىلارغا ئۇچراپتىمەن ! — دېدى جۇ باجيې قورقۇپ كېتىپ . ئالۋاستىلار ئۇنى قولمۇ قول باغلاپ كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا ئېلىپ باردى ، ئاندىن كۆلگە ئىتتىرىۋېتىپ كەينىگە ياندى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا سەپسالدى . جۇ باجيې بىردەم چۆكۈپ ، بىردەم لەيلەپ ھاسىراپ ھۆمۈدەيتتى ، تۇرقى ئاجايىپ كۈلكىلىك ، بەئەينى يەتتە ـ سەككىزىنچى ئايدىكى

ئۇرۇغىدىن ئايرىلغان يوغان قارا نېلۇپەرگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ھەم ئاچچىقى كەلدى، ھەم ئىچى ئاغرىدى. «قانداق قىلسام بولار؟ نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بىزنىڭ بىر ھەمراھىمىز، ئەمما ئۇ بىر گەپ بولسىلا، يۇك - تاقلارنى بۆلۈشۈپ يولىمىزغا ماڭايلى، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ھە دېسىلا ئۇستازنى چەمبىرەك ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، مېنى قارغاشقا كۇشكۇرتىدۇ. ئۆتكەندە شاسېڭدىن ئۇنىڭ ئوغرىلىقچە پۇل يىغىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بىلمىدىم، راستمۇ - يالغانمۇ، ئاۋۋال ئۇنى بىر قورقۇتۇپ گەپ ئېلىپ باقاي» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە بېرىپ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ: «جۇ ۋۇنېڭ!» دەپ توۋلىدى.

جۇ باجيې قورقۇپ كېتىپ ئۆزىگە: «توۋا قىلدىم! ماڭا بۇ ئىسمنى ئاۋالوكتسۋارا بۇدساتۋا قويغان، ئەجەب بۇ يەردە بىرى ئىسمىمنى چاقىرىۋاتىدۇغۇ؟» دېدى ۋە ئۆزىنى باسالماستىن سورىدى:

— مېنىڭ راھىبلىق نامىمنى چاقىرىۋاتقان كىم؟

— مەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— مەن دېگەن كىم؟ — سورىدى جۇ باجيې.

— مەن جەھەننەمنىڭ ئەلچىسى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بېگىم، قەيەردىن كېلىشلىرى؟ — دېدى جۇ باجيې ۋەھىمىگە چۈشۈپ.

— بەشىنچى ئەزرائىل غوجام مېنى سېنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بېگىم، سىلى قايتىپ بېرىپ بەشىنچى ئەزرائىل غوجامغا ئېيتسىلا، ئۇنىڭ ئاغام سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن كۆڭلى يېقىن، ئاغامنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بەرسۇن. سىلى مېنى ئەتە كېلىپ ئېلىپ كەتسىلە، — دېدى جۇ باجيې.

— بىلجىرلىما! ئەزرائىل ئۈچىنچى جېسەكتە ئۆلسەن دېسە، تۆتىنچى جېسەكتە ئۆلەي دەيدىغانغا كىمنىڭ ھەددى؟ ياخشىلىقچە

مەن بىلەن ماڭ ، بويـنۇڭـنـى ئـارغـامچىدا باغلاپ سۆرەپ ماڭماي يەنە ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بېگىم ، قارىسىلا ، مۇشۇ ئەپتىم بىلەن ياشاي دەۋاتىمەنمۇ ؟ ئۆلـۈشـنـى چوقۇم ئۆلىمەن ، پەقەت بىر كۈنلا توختىسىلا ، بۇ ئـالـۋاسـتـىـلار ئـۇسـتازىمنىمۇ تۇتۇپ كەلمەكچى . ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋېلىپ ، ئاندىن ھېساب ـ كىتابنى تۈگىتەي ، — دېدى جۇ باجىيې .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ مۇنداق دېدى :

— بوپتۇ . مەن بۇ قېتىم ئۇتتۇز ئادەمنىڭ جېنىنى ئالماقچى ئىدىم ، باشقىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ بولۇپ كېلەي بولمىسا ، بىراق سەندە پۇل بار ، ماڭا ئازراق بەرگىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— رەھـىـم قىلسىلا ! شەيخ ـ دەرۋىشلەردە پۇل نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ — دېدى جۇ باجىيې .

— پۇلۇڭ بولمىسا ، قېنى مەن بىلەن ماڭ !

— بار ... بارلىقى بار ، لېكىن جىق ئەمەس ، — دېدى جۇ باجىيې ساراسىمىگە چۈشۈپ .

— قېنى قەيەردە ؟ چاپسان چىقار !

— ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن ! مەن شەيخ بولغاندىن بۇيان بەزىلەر تاماقنى جىق يەيدىغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا پۇلنى باشقىلاردىن جـىـقـراق بـەرگەن ، شۇنى يىغىپ ـ تۆشەپ بەش سەر كۈمۈش قـىـلـغـانـىدىم . ئېلىپ يۈرۈش ئەپسىز بولغاچقا ، ئۆتكەندە بىر شەھەردىكى زەرگەرگە پۈتۈنلىتىپ سوقتۇرسام ، ئۇمۇ نائىنساپ نېمە ئىكەن ، بىرنەچچە پۇڭنى ئوغرىلىۋاپتۇ ، قالغىنى تۆت سەر ئالتە پۇڭ بولدى . شۇنى سىلىگە بېرەي .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ ئاندىن مۇنداق دېدى :

— ھـوي ھاڭۋاقتى ، ئىشتانىمۇ كىيمىگەن تۇرساڭ ، پۇلنى قەيەرگە تىقتىڭ ـ ھە ! كۈمۈشلىرىڭ قېنى ؟

— سـول قۇلىقىمنىڭ ئىچىگە تىقىقلىق . باغلاقلىق بولغاچ ئالالمايمەن ، ئۆزلىرى ئېلىۋالسىلا .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قولىدىن بىر يامبۇنى ئالدى، ئۇ توت سەر بەش ـ ئالتە پۇڭ كېلەتتى، بۇنى ئېلىپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. جۇ باجيې شۇندىلا ئۇنىڭ سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ تىللاپ كەتتى:

— جۇۋاينىمەك مىراخور! ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك قىلىپ پۇلۇمنى ئالداپ ئېلىۋالدىڭغۇ!

— سەن ھارامتاماقنى نېمە قىلىۋەتسەم بولار! ئۇستازنى مۇھاپىزەت قىلمەن دەپ كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. سەن تېخى ئوغرىلىقچە پۇل يىغىپ يۈرۈپسەن!

— ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل! بۇ نەدىمۇ ئوغرىلىقچە يىغقان پۇل بولسۇن! مەن ئۇنى رەخت ئېلىپ كىيىم قىلىۋالارمەن، دەپ نەپسىمدىن كېچىپ يىغقانىدىم. سەن مېنى قورقۇتۇپ ئېلىۋالدىڭ. ماڭا يېرىمىنى قايتۇرۇپ بەر!

— ساڭا بىر پۇڭنىمۇ بەرمەيمەن.

— بوپتۇ، شۇ پۇلغا جېنىمنى سېتىۋالغان بولاي، ئاغا، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ.

— ئالدىرىما، سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن، — سۇن ۋۇكۇڭ پۇلنى جايلىۋېتىپ ئۆز قىياپىتىگە قايتتى ۋە تۆمۈر كالتىكىدە جۇ باجيېنى سۇدىن چىقىرىپ باغلاقتىن بوشاتتى. جۇ باجيې ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمنى سىلىپ سۇيىنى سىقتى. سىلكىپ يېپىنچاقلاپ:

— ئاغا، كەينى ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى.

— كەينى ئىشىكتىنمۇ ماڭارمىز، لېكىن قايسى ئىشىكتىن كىرگەن؟ ئالدى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىمىز.

— باغلاقتا تۇرۇپ پۇتۇم ئۇيۇشۇپ قاپتۇ، يۈگۈرەلمەيمەن.

— تېز مەن بىلەن ماڭغىن.

سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىدە يول ئېچىپ ماڭدى. جۇ باجيې پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئىككىنچى ئىشىكتە يۆلەكلىك تۇرغان تىرنىسنى كۆرۈپ، ئىشىكتىكى جىننى ئىتتىرىۋېتىپ تىرنىسنى ئېلىپ ئالدىغا كەلگەننى سالدى، سۇن

ۋۇكـۇڭ بىلەن ئۈچ - تۆت ئىشىكتىن ئۆتكۈچە نۇرغۇن جىننى ئۆلتۈردى . چۇقان - سۈرەننى ئاڭلاپ چوڭ ئالۋاستى ئىككىنچى ئالۋاستىغا :

— ئوبدان نېمىنى تۇتۇپ كەپسەن ! مانا قارا ، سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېنى ئەپقاچتى ، ئىشىكتىكى نۆكەرلەرنىمۇ زەخىملەندۈردى ! — دېدى .

ئىككىنچى ئالۋاستى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ نەيزىنى ئالدى - دە ، تاشقىرىغا چىقىپ ۋارقىرىدى :

— جۇۋاينىمەك مايمۇن ! نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن !

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا توختىدى . ئالۋاستى گەپ - سۆز قىلماي سۇن ۋۇكۇڭغا نەيزە ئۇردى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ ھودۇقماستىن تۆمۈر كالتەكنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئۇلار شۇ تەرزدە غار ئالدىدا تۇتۇشۇپ كەتتى ، ھەركىم ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى . بىرىنىڭ نەيزىسى بەئەينى ئورمانلاردىكى يوغان بوغما يىلان ، بىرىنىڭ كالتىكى ئەجدىھا ئىدى . ئەجدىھا دېڭىزنى قاينىتىۋەتكەن ، بوغما يىلان ئورماننى زىلزىلىگە سالغانغا ئوخشاش ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ ، ئاي بىلەن كۈن غايىب بولدى .

جۇ باجيې كېلىپ ھە - ھۇ دېيىشمەستىن ، تاغنىڭ ئاغزىدا تىرنىسنى تۇتۇپ ئىككىيلەننىڭ ئېلىشىشىنى كۆرۈپ تۇردى . ئالۋاستى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كالتىكىنىڭ تەمىنى ئوبدانلا تېتىدى ، بەدىنىدە ساق يەر قالمىدى ، ئاخىر بولالماي ئۇنى بۇرنى بىلەن تۇتۇۋالماقچى بولدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ تۆمۈر كالتەكنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرگەنىدى ، ئالۋاستى ئۇنىڭ بېلىدىن ئىلىۋالدى ، قولىنى ئىلالمىدى . شۇڭا ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى راسا كالتەكلەشكە باشلىدى .

جۇ باجيې شۇئان مەيدىسىگە مۇشتلاپ :

— ۋاي ، ۋايَ ! ئالۋاستىنى ئەمدى نەس باستى ! قولىڭىزدىكى كالتەكنى ئۇنىڭ بۇرنىغىلا تىقىڭ ، تازا ئاغرىيدۇ ! — دېدى .

سـۇن ۋۇكـۇڭنىڭ بۇنداق قىلىش نىيىتى يوق ئىدى . جۇ

باجىبىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن كالتەكنى سىلكىپ كىچىكلىتىپ ئالۋاستىنىڭ بۇرنىغا تىققانىدى ، ئالۋاستى پىشقىرىپلا بۇرنىنى پەسكە قىلىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ شاققىدە كالتەكنى بىر تولغاپ بار كۈچى بىلەن ئالدىغا تارتقانىدى ، ئالۋاستى بۇرنىنىڭ ئاغرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تارتىلىپ يېقىن كەلدى . جۇ باجيې شۇندىلا يېقىن كېلىپ ئۇنى تىرنا بىلەن دۇمبالاشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :

— ئۇنداق قىلما ، تىرنىنىڭ چىشلىرى ئۇچلۇق ، بىرەر يېرى تاتىلىنىپ قاناپ كەتسە ، ئۇستاز كۆرۈپ بۇنى زەخىملەندۈرۈپسىلەر ، دەيدۇ ، شۇڭا سېپى بىلەن ئۇر .

جۇ باجيې ئالۋاستىنى تىرنىنىڭ جۇلدىسى بىلەن قەدەمدە بىر ئۇرۇپ ماڭدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى يېتىلەپ تۆپىلىكتىن چۈشتى . تاڭ سەنزاڭ بۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ :

— شا ۋۇجىڭ ، قارىغىنا ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يېتىلىۋالغىنى نېمە؟ — دەپ سورىدى .

شا ۋۇجىڭ قاراپ بېقىپ كۈلۈپ :

— ئۇستاز ، ئاغىمىز ئالۋاستىنى بۇرنىدىن يېتىلەپ كېلىۋاتىدۇ ، شۇنداق كۈلكىلىك ! — دېدى .

— يا ھەزرەت ! نېمانچە يوغان ئالۋاستى بۇ ! بۇرنى ئەجەبمۇ ئۇزۇن ئىكەن ! ئۇنىڭدىن سورا ، ئەگەر مېنى خۇشاللىق بىلەن تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويسا ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىمەن ، جېنىغا چېقىلمايمەن ، — دېدى تاڭ سەنزۇڭ .

شا ۋۇجىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۈنلۈك قىلىپ :

— ئۇستاز ، ئالۋاستى مېنى تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويسا جېنىغا چېقىلمايمىز ، دەيدۇ ، — دېدى .

ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپلا تىز چۆكۈپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ۋەدە بېرىپ ماقۇل بولدى ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بۇرنىنى تارتىپ تۇرغاچقا ، ئاۋازى ئېغىر تومۇقاپ قالغاندەك خىڭىلداپ چىقتى .

— ئۇستازىم بىر گەپلەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. گېپىڭ راست بولسا بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچەي، ئەگەر گېپىڭدىن يېنىۋېلىپ قولۇمغا چۈشۈپ قالساڭ ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئالۋاستى باش قويغاندىن كېيىن كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې تاڭ سېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. جۇباجيې ئىنتايىن خىجىل بولدى، كىيىمىنى سېلىپ قۇرۇتۇۋالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. ئىككىنچى ئالۋاستى لاغ - لاغ تىترىگەن ھالدا غارغا كىرىپ تاڭ سەنزاڭنىڭ رەھىم قىلىپ ئېيتقان سۆزىنى كۆپچىلىككە دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ، گەپ - سۆز قىلىشالماي قالدى.

— ئاغا، تاڭ سېڭنى ئۆتكۈزۈپ قويامدۇق؟ — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى.

— ئىنىم، سىز نېمانداق گەپ قىلىسىز! سۇن ۋۇكۇڭ بەكمۇ رەھىمدىل مايمۇن، دەسلەپ مېنىڭ قورسىقىمغا كىرگەندە، ئەگەر جېنىمنى ئالىمەن دەيدىغان بولسا، مېنىڭلا ئەمەس، يەنە بىرەر مىڭ مىزنىڭمۇ جېنىنى ئالالايتتى. بايا سىزنىڭ بۇرنىڭىزنى تۇتۇۋاپتۇ. ناۋادا تۇتۇۋالغىنىچە قويۇپ بەرمەي بۇرنىڭىزنىڭ ئۇچىنى مىجىپلىۋەتسىمۇ قورقۇپ بىر يەرگە باراتتىڭىز. شۇڭا، بالدۇرراق تەييارلىق قىلىپ ئۇنى ئۆتكۈزۈپ قويايلى، — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

— ئۆتكۈزۈڭلار! ئۆتكۈزۈڭلار! ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى مەسخىرە قىلىپ.

— ئىنىم، بۇ چىدىماسلىقنىڭ گېپى بولدى. سىز ئۆتكۈزمىسىڭىز، ئىككىمىز ئۆتكۈزۈپ قويىمىز.

— ئىككىڭلار ئۇقۇپ قويۇڭلار، ئۇ شەيخ بىزگە ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار دېمىگەن بولسا، پايدا ئۆزىگە بولاتتى؛ ئەمدى ئۆتكۈزۈپ

قويۇقلار ، دېگەن ئىكەن ، چوقۇم مېنىڭ «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش» قىلتىقىمغا چۈشىدۇ ، — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى .

— «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش» دېگىنىڭىز قانداق ئىش ؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئالۋاستى .

— غارىمىزدىكى نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئون مىڭدىن مىڭنى ، مىڭدىن يۈزنى ، يۈزدىن بولسا ئون ئالتىنى ۋە ئوتتۇزنى تاللاپ چىقىمىز ، — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى .

— نېمىشقا ئون ئالتىنى ۋە يەنە ئوتتۇزنى تاللايمىز ؟ — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

— ئوتتۇز ئاشپەز تاللاپ ئۇلارغا ئۆزىمىز يەيدىغان گۆرۈچ ، ئۇن ، چاي ، خۇش پۇراق زەمبۇرۇغ[1] ، موگۇ ، دۇفۇ ، خېمىر تىرىپى قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىمىز . ئۇلار يىگىرمە ياكى ئوتتۇز چاقىرىم ئارىلىقتا چايخانا ، ئاشپۇزۇل ئېچىپ تاڭ سېھنى كۈتۈۋالىدۇ ، — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى .

— ئون ئالتىسى نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

— سەككىزى تەختىراۋان كۆتۈرىدۇ ، سەككىزى ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭىدۇ . ئىككىڭلار ئىككى ياقتا مېڭىپ ئۇلارنى مەلۇم جايغىچە ئۇزىتىپ قويىسىلەر . بۇ يەردىن غەربكە تۆت يۈز چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار مېنىڭ شەھىرىمگە بارىدۇ . مەن شۇ يەردە ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغانلارنى چىقىرىمەن . شەھەرگە يېقىنلاشقاندا ··· مۇنداق ، مۇنداق قىلىمىز . ئۇستاز بىلەن شاگىرتلارنى بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان قىلىۋېتىمىز . تاڭ سېھنى تۇتۇشقا پۈتۈنلەي ئون ئالتە نۆكىرىمىز كۇچ چىقىرىدۇ .

چوڭ ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ :

— بەللى ! بەللى ! يارايدۇ ! — دېدى ۋە نۆكەرلىرىنى يىغىپ ئوتتۇزنى تاللىۋېلىپ ، ئۇلارغا يېمەكلىكلەرنى بەرگۈزدى ؛ يەنە ئون ئالتىنى تاللىۋېلىپ ئۇلارغا چىرايلىق بىر تەختىراۋاننى كۆتۈرگۈزدى . غاردىن چىققاندىن كېيىن كۆپچىلىككە :

---

[1] زەمبۇرۇغ — موگۇنىڭ بىر خىلى .

— تاغدا قالايمىقان مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت يوق . سۇن ۋۇكـۇڭ بەك گۇمانخور مايمۇن ، بىزنىڭ ئۇيان - بۇيان قاتراپ يۈرگىنىمىزنى كۆرۈپ قالسا گۇمانلىنىپ پەنتىمىزنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن ، — دېدى .

چـوڭ ئالۋاستى جىنلارنى ئېلىپ چوڭ يول بويىغا كېلىپ تولۋىدى :

— تاڭ بېگىم ، بۇگۈن ئۆزلىرىنى تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويغىلى كەلدۇق . قېنى مەرھەمەت !

— سـۇن ۋۇكـۇڭ ، كـىملەر تولۋاۋاتىدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— مەن ئەل قىلغان ئالۋاستىلار سىلىنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز دەپ تەختىراۋان كۆتۈرۈپ كەپتۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى كۆرسىتىپ .

— خۇداغا شۇكۇر ! خۇداغا شۇكۇر ! قەدىردان شاگىرتىم ، بۇنچە قابىل بولمىغان بولساڭ مەن قانداقمۇ ئۆتەتتىم ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئاسمانغا قاراپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ ، ئاندىن بېرىپ جىنلارغا تەزىم قىلدى ، — ھىممىتىڭلارغا رەھمەت ، بىز بۇددا نومىنى ئېلىپ شەرققە قايتقۇچە ھەرقايسىڭلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى جىق تەرىپلەپ كىشىلەرگە بىلدۈرىمىز ، — دېدى .

جىنلار باش قويۇپ ئىلتىماس قىلدى :

— بېگىم ، تەختىراۋانغا چىقسىلا !

تـاڭ سەنزاڭ ھاماقەت بولغاچقا ، بۇنىڭ پەنت ئىكەنلىكىنى قـىلـچـىـمـۇ سـەزمىدى ، سۇن ۋۇكۇڭمۇ ئوبدانراق تەكشۈرۈپ كۆرمەستىنلا ئۇستازىنىڭ رايىغا باقتى ، جۇ باجىيىغا يۈك - تاقلارنى ئاتقا ئارتىپ شاسېڭ بىلەن يېقىن مېڭىشنى بۇيرۇدى . ئۇ قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارغا يولۇقارمىز ، دېگەن ئوي بىلەن تۆمۈر كـالـتـىـكـىدە يول ئېچىپ ماڭدى . سەككىز جىن تەختىراۋاننى كۆتۈردى ، سەككىز جىن ۋارقىراپ يول ئېچىپ ماڭدى . ئۈچ جىن تەختىراۋاننى يۆلەپ ماڭدى ، تاڭ سېڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا

تەختىراۋانغا ئولتۇردى . ئۇلار تاغقا چىققاندىن كېيىن يەنىلا چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىشتى .

يول بويى ئۇلار غەم ـ قايغۇسىز ، خۇشاللىق بىلەن مېڭىشتى . ئالۋاستىلار ئىككى تەرىپىدە قوغداپ ماڭدى ، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى خىزمىتىدە بولدى . ئوتتۇز چاقىرىمدا بىر ، ئەللىك چاقىرىمدا بىر قېتىم توختاپ غىزا يېيىشتى ، ئاخشاملىرى ئوبدان ئارام ئېلىپ ، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك سەپەر قىلدى . ئۇلار غەربكە تۆت يۈز چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن بىر شەھەرگە يېقىن كەلدى . سۈن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى تۇتۇپ تەختىراۋاندىن بىر چاقىرىملا نېرىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇ شەھەرنى كۆرۈپلا قورقۇپ يىقىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرالمىدى . سىزگە مەلۇم ، ئۇ ئىنتايىن باتۇر . شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇ قاتارلىق قورقۇپ كېتىدۇ ؟ ئەسلى ئۇ شەھەرگە بىر قاراپلا رەزىللىك ، شۇملۇقنىڭ ئۆزلىرىنى كۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلگەنىدى . ئۇ شۇنداق ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئولتۇرغاندا ، كەينىدىن شامال كەلگەندەك بولدى . شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىشىغا ، ئۈچىنچى ئالۋاستى گۈللۈك ساپلىق يالماننى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كېلىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا سالدى . سۈن ۋۇكۇڭ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تۆمۈر كالتىكى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى . ئىككىيلەن دەرغەزەپكە كەلگەن ھالدا قەھرى بىلەن ئېلىشتى ، چىشلىرىنى چىشلەپ ئۇستۇنلۇك تالاشتى . چوڭ ئالۋاستى جۇ باجيېغا قىلىچ ئۇردى . جۇ باجيې ئالمان ـ تالمان ئاتنى تاشلاپ تىرنا بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئىككىنچى ئالۋاستى نەيزە بىلەن شاسېڭغا ئېتىلدى . شاسېڭ دەررۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنى يېڭىدىغان ھاسىسى بىلەن جەڭگە ئاتلاندى . ئۈچ ئالۋاستى بىلەن ئۈچ شەيخ ئوتتۇرىسىدا ھايات ـ مامات جېڭى باشلىنىپ كەتتى . ئون ئالتە جىنمۇ بۇيرۇققا بىنائەن ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى ، ئاق ئاتنى ، يۈك ـ تاقلارنى بۇلاپ ، تاڭ سەنزاڭنى كۆتۈرگىنىچە شەھەرگە ماڭدى ۋە ئۈنلۈك ۋارقىرىدى :

— بەگ غوجام ، پەنت ئىشقا ئاشتى . تاڭ سېڭنى قولغا

چۈشۈردۈق !

شەھەر سېپىلى ئۈستىدىكى جىنلار پالاق - پۇلۇق پەسكە چۈشۈپ ، شەھەر دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىۋەتتى . جىنلار تاڭ سېغىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئوردىغا ئېلىپ كىردى . ئۇ بولسا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ئۆلگەندەكلا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# يەتمىش يەتتىنچى باب

## *ئالۋاستىلارنىڭ ئەسلىگە يانغانلىقى بىرلىكتە بۇدداغا باش قويغانلىقى*

تاڭ سىڭنىڭ قايغۇرغىنىنى قويۇپ، گەپنى بۇ ياقتىن باشلايلى. ئەلقىسسە، ئۈچ ئالۋاستى بىر ياقتىن باش چىقىرىپ شەھەرنىڭ شەرقىدىكى تاغدا ئۈچ شەيخ بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. بۇ جەڭ بەئەينى «تۆمۈر سۈپۈرگىدە قازان يۇسا ھەممە ئۆي تاراڭ - تۇرۇڭغا تولۇپتۇ» دېگەندەك بولدى. قىلىچ - نەيزىلەر ۋال - ۋۇل چاقنىدى، ھېچكىم رەھىم - شەپقەت قىلمىدى. ئۇلار شۇ تەرزدە ئۇزاق ئېلىشتى. ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، شامال بىلەن كەلگەن تۇمان بىرپەسنىڭ ئىچىدە جاھانغا تۇن پەردىسىنى ياپتى. جۇ باجيې ھېرىپ بەرداشلىق بېرەلمىدى - دە، تىرنىسىنى سۆرەپ قاچتى. چوڭ ئالۋاستى كەينىدىن قىلىچ ئۇرغانىدى، ئۇ جان تەسلىم قىلغىلى تاسلا قالدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇشىغا، چوڭ ئالۋاستى قوغلاپ كېلىپ ئۇنى بېشىدىن چىشلەپلا شەھەرگە ئەكىرىپ جىنلارغا تاشلاپ بەردى، جىنلار ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ ئوردىغا ئەكىرىپ قويدى. شاسېڭمۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ھاسىسىنى يالغاندىن پۇلاڭلىتىپ قاچقانىدى، ئىككىنچى ئالۋاستى بۇرنىغا ئىلىپلا شەھەرگە ئەكىرىپ جىنلارغا ئۇنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ئىككى قېرىندىشى قولغا چۈشكەنلىكتىن يالغۇز قېلىپ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى. «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن شۇ - دە. ئۇ بىرلا ۋارقىراپ ئۈچ ئالۋاستىنىڭ قورالىنى تۆمۈر كالتىكىدە قايرىۋېتىپ، غۇي قىلىپلا

ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپلا ئۇچىنچى ئالۋاستى بىر سىلكىنىپ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ سۇن ۋۇكۇڭنى قوغلاپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ بىر مولالاق ئېتىشتىدا بىر يۈز سەكسەن مىڭ چاقىرىم يول باساتتى. ئالۋاستى بولسا بىر قانىتىدىلا توقسان مىڭ چاقىرىم يول باساتتى. شۇڭا ئالۋاستى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچۇپلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ـ دە، كاپپىدە تۇتۇپ شەھەرگە قايتىپ ئۇنى توپىغا تاشلىدى، جىنلارغا بولسا جۇ باجىېنى باغلاپ، شاسېڭلار بىلەن بىر جايغا قويۇشنى تاپىلىدى.

ئىككىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندا، ئالۋاستىلار ۋە جىنلار ئۆز ئارا كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭنى كۆرسىدىن پەسكە ئېتىتىرىۋەتتى. چىراغ يورۇقىدا ئۇ ئۈچ شاگىرتىنىڭ يەردە باغلاغلىق ياتقىنىنى كۆرۈپ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يېنىغا كېلىپ يىغلىدى:

— شاگىرتىم! دائىم پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا سەن تاشقىرىدا قېلىپ، كارامىتىڭ بىلەن دىۋە ـ ئالۋاستىلارنى يېڭىپ بىزنى قۇتۇلدۇراتتىڭ. بۈگۈن سەنمۇ قولغا چۈشۈپ قاپسەن. مەن شور پېشانە قانداقمۇ جىنىمنى ساقلاپ قالارمەن؟

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئۇستازىنىڭ ھەسرەت ـ نالىسىنى ئاڭلاپ تەڭلا يىغلاپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ بولسا كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى:

— ئۇستاز، غەم قىلمىسىلا، ئەنسىرىمە، يىغلىماڭلار. ئۇ نېمىلەر بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئالۋاستىلار جىمىققاندا بىز تىكىۋېتىمىز.

— ئاغا، چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ! — دېدى جۇ باجيې، — كەندىر ئارغامچىنىڭ چىگىلىقىدىن تۇزۇك نەپەس ئالالمايۋاتقاندا قانداق قاچىمىز؟ سىز ئورۇق بولغاچقا بىلمىگەن ئوخشايسىز، سېمىزلىكىم ماڭا بىر دەردىسە بولدى.

— ھېلىغۇ كەندىر ئارغامچىدا باغلىنىپتۇق، تۆمۈر زەنجىردە باغلانساقمۇ كارايىتى چاغلىق، قۇتۇلالايمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ

كۆلۈپ.

مۇشۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا، چوڭ ئالۋاستىنىڭ مۇنۇ گېپى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىردى:

— نۆكەرلەر، تۆمۈر قاسقاننى ئېلىپ چىقىڭلار، تۆت شەيخنى پىشۇرۇپ يەيلى.

— ئاغا، ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئالۋاستىلار بىزنى پىشۇرۇپ يەيمىز دەۋاتىدۇ! — دېدى جۇ باجيې قورقۇپ تىترەپ.

— قورقماڭلار. يولنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

شۇ ئارىلىقتا جىنلار خەۋەر قىلدى:

— سۇ قاينىدى.

ئالۋاستى ئۇلارنى قاسقانغا سېلىشقا بۇيرۇدى. جىنلار جۇ باجيېنى قولمۇقول كۆتۈرۈپ ئەڭ تېگىدىكى قاسقانغا سالدى، شاسېڭنى ئىككىنچى قاسقانغا سالدى. سۈن ۋۇكۇڭ نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى پەملەپ، بىر تال موينى يۇلۇپ بىر پۈۋلەپ «ئۆزگەر!» دېگەنىدى، باغلاغلىق يەنە بىر سۈن ۋۇكۇڭ پەيدا بولدى. ئۆزى بولسا سېھىر بىلەن ھاۋاغا چىقىۋېلىپ پەسكە قاراپ تۇردى. جىنلار راست - يالغاننى پەرق ئېتەلمەي «يالغان سۈن ۋۇكۇڭ»نى ئۈچىنچى قاسقانغا سالدى، تاڭ سېڭنى دۈم ياتقۇزۇپ باغلاپ تۆتىنچى قاسقانغا سالدى. قۇرۇق ئوتۇن گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. سۈن ۋۇكۇڭ ھەسرەت بىلەن ئۆزىگە: «جۇ باجيې، شاسېڭلار ئاز - تولا چىدايدۇ، ئۇستازىم بولسا ھېلىلا تەييار بولىدۇ. بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىسام پۇشايمان يەپ قالماي يەنە!» دېدى.

سۈن ۋۇكۇڭ ھاۋادا تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ شىمالىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھنى چاقىردى. شۇئان ئاسماندا بىر قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ توۋلىدى:

— شىمالىي دېڭىزدىكى پېقىر خىزمىتىڭىزدە بولۇش ئۈچۈن باش قويۇۋاتىمەن.

— تۇرۇڭ ! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ! ئىش بولمىسا سىزنىمۇ مالال قىلمايتتىم . بۈگۈن ئۇستازىم تاڭ سىپىڭ بىلەن مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدۇق ، ئۇلارنى ئالۋاستى تۇتۇۋېلىپ پىشۇرۇش ئۈچۈن قاسقانغا سېلىپ قويدى . سىز شۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىڭ ، پىشىپ قالمىسۇن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

ئەجدىھا شاھ شۇئان سوغۇق شامالغا ئايلىنىپ ئوچاققا كىردى ، ئوتنى قازانغا تەگكۈزمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەننىڭ جېنى ئامان قالدى .

ئۈچىنچى جىسەك بولغاندا ، قېرى ئالۋاستىنىڭ مۇنۇ گېپى سۈن ۋۇكۇڭغا ئاڭلاندى :

— نۆكەرلەر ، بىز مىڭبىر پەنت بىلەن تاڭ سىڭ قاتارلىق تۆتىنى قولغا چۈشۈردۇق ، بۇ يەرگىچە ئېلىپ كېلىمىز دەپ كۆپ رىيازەت چەكتۇق ، تۆت كېچە - كۈندۈز كۆز يۇممىدۇق . ئەمدى ئۇلار باغلىنىپ قاسقانغا چۈشتى ، قۇتۇلمىقى تەس . سىلەر ناھايىتى دىققەت بىلەن ساقلاڭلار ، بىز سەل كۆز يۇمۇپ ئارام ئېلىۋالايلى . بەشىنچى جىسەك بولۇپ سۈبھى كۆتۈرۈلگۈچە ئارىلىقتا ئۇلار پىشىدۇ ، ئېلىپ دورا - دەرمەك ، سامساق ، تۇز ، ئاچچىقسۇ ، جاڭيۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ ، ئاندىن بىزنى ئويغىتىڭلار ، مەززە قىلىپ يەيلى .

جىنلار بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرىدىغان بولدى ، ئۈچ ئالۋاستى ئۇخلاشقا ھۇجرىلىرىغا كەتتى .

سۈن ۋۇكۇڭ ھاۋادا تۇرۇپ بۇ تاپشۇرۇقلارنى ئاڭلىدى . پەسرەك چۈشۈپ قۇلاق سالغانىدى ، قاسقاندىن ھېچ ئاۋاز كەلمىدى ، «ئۆلۈپ قالدىمۇ ، نېمە؟ يېقىنراق بېرىپ ئاڭلاپ باقاي» دېدى - دە ، بىر دومىلاپلا قارا چىۋىنغا ئايلىنىپ قاسقانغا قونۇپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى ، جۇ باجيېنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— نەس باستى ! نەس باستى ! بىزنى ھوردىتىپ پىشۇرامدىغاندۇ ، ھورداتماي پىشۇرامدىغاندۇ ، ھېچ بىلمىدىم .

— ئاغا ، «ھوردىتىپ» ، «ھورداتماي» دېگىنىڭىز قانداق

گەپ؟ — دېدى شاسېڭ.

— ھوردىتىپ پىشۇرسا، قاسقاننىڭ تۇۋقىنى ياپىدۇ، ھورداتماي پىشۇرسا، تۇۋاقنى ياپمايدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— شاگىرتلىرىم، تۇۋاقنى ياپمىدى، — دېدى ئەڭ ئۈستىدىكى قاسقاندا تۇرغان تاڭ سەنزاڭ.

— خۇداغا شۈكۈر! بۈگۈن كېچە ئۆلمەيدىكەنمىز! بىزنى ھورداتماي پىشۇرغۇدەك! — دېدى جۇ باجيې.

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇچۇپ بېرىپ تۇۋاقنى ئاستا يېپىۋەتتى. تاڭ سەنزاڭ ئالاقزادە بولۇپ:

— شاگىرتلىرىم! تۇۋاقنى يېپىۋەتتى! — دېدى.

— ئەستاغپىرۇللا! ھوردىتىپ پىشۇرسا بۈگۈن كېچە جەزمەن ئۆلىدىكەنمىز، — دېدى جۇ باجيې. شاسېڭ بىلەن تاڭ سېڭ يىغلاپ كەتتى. جۇ باجيې:

— يىغلىماڭلار، ئوت قالايدىغانلار ئالمىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — سورىدى شاسېڭ.

— مېنى قاسقانغا سالغاندا تازا خۇش ياققانىدى، چۈنكى، سەل تۇمۇقاپ قاپتۇكەنمەن، راسا بىر تەرلىنەي دېگەنىدىم، ئەمدى قارىسام سوغۇق كېلىۋاتىدۇ. ھەي ئوت قالىغۇچى غوجام، ئوتۇننى جىقراق سالساڭلارچۇ؟ سىلەردىن نېمە كېتىدۇ! — دېدى جۇ باجيې.

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى: «ماۋۇ ئەسكىنى كۆر! سوغۇق بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئىسسىق بولسا ئامان قالامدۇ. يەنە تۇرسام جىنلار بىلىپ قالمىسۇن، ئۇلارنى دەرھال قۇتۇلدۇرۇۋالاي ... توختا! ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قىياپىتىمگە قايتمىسام بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ئوت قالىغۇچى جىنلار كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، چۇقان سېلىپ ئالۋاستىلارنى ئويغىتىدۇ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تۇغۇلىدۇ ... ئاۋۋال ئۇلارغا بىر ئامال قىلاي ... — بىردىن مۇنۇ ئىش يادىغا

چۈشتى ، — ھە راست ، ئەينى ۋاقىتتا ، يەنى ئەۋلىيا چىغىمدا ، ئەرشىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پەلەك شاھ بىلەن تىپىشماق ئېيتىشىپ ئوينىغاندا ئۇنىڭدىن ئۇخلىتىدىغان قۇرت ئۇتۇۋالغان ، شۇنىڭدىن بار ئىدى . مۇشۇنى ئىشلىتەي… — سۈن ۋۇكۇڭ ئاختۇرۇپ قارىسا ئون ئىككى تال بار ئىكەن ، — بۇ ئونىغا ئونىنى ئىشلەتسەم ، ئۇرۇقلۇقتا يەنە ئىككىسى قالىدىكەن ، — ئۇ قۇرتلارنى ئاتتى . بۇلار ئون جىننىڭ يۈزىگە چۈشۈپ ، ئاندىن بۇرنىغا كىرىۋالدى . جىنلار مۈگدەپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . لاخشىگىر تۇتقان بىرى قاتتىق ئۇخلىمىغانىدى ، — بۇ نېمىگە ئىككى پىلىكلىك شام بېرەيچۇ» ، دەپ يەنە بىر قۇرتنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتقانىدى ، ئۇ ئىككى - ئۈچ ئەسنەپلا لاخشىگىرنى تاشلاپ موك چۈشتى ، ئۇيان - بۇيانغىمۇ ئۆرۈلمىدى .

«بۇ ئامال قالتىس ئەسقاتتى !» دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، ئاندىن ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ قاسقانغا يېقىن كېلىپ : «ئۇستاز !» دەپ توۋلىدى . تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپلا :

— شاگىرتىم ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال ! — دېدى .

— ئاغا ، سىز سىرتتا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتامسىز ، نېمە ؟ — دېدى شاسېڭ .

— مەن سىرتتا بولماي ، سىلەر بىلەن تەڭ قىينالسام بولاتتىمۇ ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

—ئاغا ، قاچىدىغىنى قېچىپ بوپتۇ . بار دەردنى بىزلا تارتىدىكەنمىز ! — دېدى جۇ باجيې .

— قاقشىما ، ئىنىم ، سىلەرنى قۇتۇلدۇراي دەپ كەلدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، ئاندىن قاسقاننىڭ تۇۋقىنى ئېچىپ ئاۋۋال تاڭ سېڭنى قۇتۇلدۇردى . ئۆز شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويغان موينى ئېلىپ بىر سىلكىنىپلا جايىغا سېلىۋالدى . ئارقىدىن شاسېڭ ، جۇ باجيېلارنى قويۇۋەتتى . جۇ باجيې قۇتۇلۇپلا قاچماقچى بولۇۋىدى ، سۈن ۋۇكۇڭ توختىتىۋالدى :

— ئالدىرىما ! ئالدىرىماي تۇر !

سوْن ۋوْكوْك ئەپسوْن ئوقوْپ ئەجدىھا شاھنى كەتكوْزۋۋەتتى ، ئاندىن جوْ باجىيغا :

— بىز غەربكە بارغوْچە يەنە تاغ ـ جىرالاردىن ئۆتىمىز . ئۇستاز پىيادە ماڭالمايدۇ ، مەن ئاتنى ئېلىپ كەلگوْچە توْروْپ توْروْڭلار ، — دېدى .

سوْن ۋوْكوْك پوْتىنىڭ ئوْچىدا مىڭىپ سارايغا بارغاندا ، چوڭ ـ كىچىك جىن ـ ئالۋاستىلار ئوْخلاپ كەتكەنىدى . شوْڭا ئاتنى ئاستا يېشىۋالدى . ئات ئەسلىي ئەجدىھا بولوْپ ، يوچوْن ئادەمنى كۆرسە تېپىپ كىشنەيتتى . سوْن ۋوْكوْك ئۆز ئادىمى بولغاچقا ، تەپمىدى ۋە كىشنىمىدى . ئوْ ئاتنى ئاستا يېتىلەپ كېلىپ توقوْپ ئوْستازنى ئاتقا مىنىشكە ئوْندىدى . تاڭ سېلىڭ تىترەپ توْروْپ ئاتقا مىندى ـ دە ، مېڭىشقا تەمشەلدى . سوْن ۋوْكوْك :

— ئالدىرىماي توْرسىلا ، غەربتە يەنە پادىشاھلىقلار بار ، ئوْلاردىن يولخېتىنى ئالماشتوْرساق ئاندىن ئۆتەلەيمىز . بولمىسا قانداق ماڭىمىز ؟ مەن بېرىپ يوْك ـ تاقلارنى تېپىپ كېلەي ، — دېدى .

— ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئىشكتىن كىرگەندىن كېيىن جىنلار يوْك ـ تاقلارنى تەختنىڭ سول تەرىپىدە قويغاندەك قىلغان ، شوْ يەردە بولوْشى موْمكىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . سوْن ۋوْكوْك «ئوْقتوْم !» دېدى ـ دە ، تەخت توْۋىگە بېرىپ ئىزدىدى . قارىسا ، يوْك ـ تاقلار قويغان جايدا توْروْپتوْ ، ئوْنى ئېلىپ چوْشتى ـ دە ، شاسېڭغا بەردى .

جوْ باجىي ئاتنى يېتىلەپ يول باشلاپ كوْنچىقىش دەرۋازىغا كەلگەنىدى ، قوڭغوْراقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . دەرۋازا مەھكەم قوْلوْپلىنىپ پېچەتلەنگەنىدى .

— شوْنچە قاتتىق موْھاپىزەت قىلىنىۋېتىپتوْ ، قانداق ئۆتىمىز ؟ — دېدى سوْن ۋوْكوْك .

— ئارقا ئىشكتىن ماڭايلى ، — دېدى جوْ باجىي .

سوْن ۋوْكوْڭنىڭ باشلىشى بىلەن ئوْلار ئارقا ئىشككە باردى .

بۇ يەردىمۇ قوڭغۇراقلار جىرىڭلايتتى، دەرۋازىدىمۇ قۇلۇپ ۋە پېچەت بار ئىدى.

— ئاغا، بىز مۇھاپىزىتى بوشراق جايىنى تېپىپ، ئۇستازنى كۆتۈرۈپ تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى جۇ باجيې.

— بۇ ياخشى چارە ئەمەس، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — هازىرغۇ ئامالنىڭ يوقىدىن ئۆتەرمىز. بۇددا نومىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگۈچە سەن ئاغزى بوش هاڭۋاقتى يول بويى خەقلەرگە، بىز تامدىن ئارتىلىپ ئۆتكەن شەيخلەر، دەپ جار سالارسەن.

— هازىر قىلمىشىمىزنىڭ ياخشى - يامانلىقى بىلەن ئەمەس، هاياتىمىز بىلەن قىلىۋاتىمىز، — دېدى جۇ باجيې. سۇن ۋۇكۇڭ ئامالسىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇلار خالىيراق تام تۈۋىگە كېلىپ ئارتىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

هەي، نەدىمۇ بۇنداق ئوڭاي ئىش بولسۇن! يەنىلا تاڭ سەنزاڭنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن ئۇلار قاچالمىدى. هەرەمدە ئۇخلاۋاتقان ئالۋاستىلار تۇيۇقسىز ئويغىنىشتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ پالاقلاپ ئوردىغا چىقىپ سورىدى:

— تاڭ سېڭ نەچچە قايىندى؟

ئوت قالىغۇچىلار قاتتىق ئۇيقۇدا بولۇپ، ئۇرسىمۇ ئويغانمايتتى. باشقا ئىش بىلەن بولغانلاردىن بىرنەچچىسى ئويغىنىپ، قارىسىغىلا: «يەتتە ··· يەتتە ··· يەتتە ··· يەتتە قېتىم قايىندى!» دەپ جاۋاب بەردى ۋە يۈگۈرۈپ ئوچاق تۈۋىگە كەلدى. قاسقانلار ئوڭدا - دۈمدە ياتاتتى، ئوت قالىغۇچىلار ئۇخلاۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن جىنلار بىرىپ: «قېچىپتۇ، قېچىپتۇ!» دەپ خەۋەر قىلدى.

ئالۋاستىلار قازاننىڭ تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، دەرۋەقە قاسقانلار ئوڭدا - دۈمدە ياتاتتى، ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچكەنىدى. بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولغان جىنلار تەڭلا: «تاڭ سېڭنى تۇتۇڭلار! دەررۇ تاڭ سېڭنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىراشتى. بۇنىڭ بىلەن جىمى

جىن ـ ئالۋاستىلار چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە ، قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ كۈنچىقىش دەرۋازىغا قاراپ چاپتى . ئۇلار دەرۋازا پېچىتىنىڭ بۇزۇلـمىـغانلىقى ، قوڭغۇراقلارنىڭ چېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سىرتتا كۆزەت قىلىۋاتقانلاردىن :

— تاڭ سېڭ قەيەردىن قاچتى ؟ — دەپ سورىدى .

— بىرەرى چىقمىدىغۇ ؟ — دېدى ئۇلار .

ئۇلار دەررۇ ئارقا دەرۋازىغا چاپتى . ئۇ يەرنىڭمۇ ئالدى تەرەپكە ئوخـشـاشـلا پېـچـەتـلەنگەن پېتى تۇرغانلىقى ، قوڭغۇراقلارنىڭ چېلىنىۋاتقىنىنى كۆرۈپ پانۇس ، مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ ھەممە ياقنى ئىزدىدى . ھەممە يەر شۇئان كۈندۈزدەك يورۇپ ، تامدىن ئـارتـىلىۋاتقان تۆتەيلەن دەررۇ كۆزگە چۈشتى ! چوڭ ئالۋاستى يېـقىن كېلىپ : «قەيەرگە قاچىسەن !» دەپ ۋارقىرىدى ، بۇنى ئـاڭـلاپ تاڭ سېڭنىڭ جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى ، پۇت قولى بـوشـىشىپ تامنىڭ تۈۋىگە يىقىلدى . قېرى ئالۋاستى ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى . ئىككىنچى ئالۋاستى شا شەيخنى ، ئۈچىنچىسى جۇ باجيېنى تۇتۇۋالدى ، قالغان جىنلار يۈك ـ تاق ، ئاتنى بۇلىدى . بىرلا سۇن ۋۇكۇڭ قېچىپ قۇتۇلدى .

ئالۋاستىلار تاڭ سېڭنى ئوردىغا ئېلىپ باردى ، لېكىن قاسقانغا سالمىدى . ئىككىنچى ئالۋاستى جۇ باجيېنى ئوردىنىڭ ئالدىدىكى تـۈۋرۈكـكـە بـاغلاشنى ، ئۈچىنچى ئالۋاستى شاسېڭنى ئوردىنىڭ كەينىدىكى تۈۋرۈككە باغلاشنى بۇيرۇدى ، بىرلا تاڭ سېڭنى سۇن ۋۇكۇڭ يەنە كېلىپ ئوغرىلاپ كەتمىسۇن ، دەپ ئەنسىرەپ چىڭ تۇتۇشتى .

— ھەرىـمـمـىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆركەم بىر ھۇجرا ، ھۇجرىنىڭ ئىچىدە بىر تۆمۈر ئىشكاپ بار . مېنىڭچە بىز تاڭ سېڭنى تۆمۈر ئىشكاپقا سولاپ ھۇجرىنى ئېتىۋېتەيلى ، ئاندىن تاڭ سېڭنى خاملا يـەۋەتـكـەنـلـىـكـىمىز توغرۇلۇق گەپ تارقىتايلى . بۇنى نۆكەرلىرىمىز شەھەردە ئالدىغا ئۇچرىغانغا دېسۇن . سۇن ۋۇكۇڭ تـىڭـشـاشـقـا كېلىپ بۇنى ئاڭلىسا ، چوقۇم قۇتۇلدۇرۇش

نىيىتىدىن يېنىپ قايتىپ كېتىدۇ . بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇ كېلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمىسا ، تاڭ سىڭنى ئالدىرىماي ئۆلتۈرۈپ يەيلى . قانداق دەيسىلەر ؟ — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى .

چوڭ ئالۋاستى بىلەن ئىككىنچى ئالۋاستى خۇش بولۇپ :

— بولىدۇ ، بولىدۇ ! ماقۇل ! ئىنىمىزنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ، — دېيىشتى . شۇنىڭ بىلەن بىچارە تاڭ سېڭنى كېچىلەپ ھەرەمگە ئەكىرىپ ئىشكاپقا سولاپ ، ھۇجرىنى ئېتىۋەتتى . شەھەردە يالغان گەپ دەررۇ پۇر كەتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۈن ۋۇكۇڭ تۈن كېچىدە تاڭ سېڭنىمۇ تاشلاپ بۇلۇتقا چىقىپ قوتۇلدى . ئۇدۇل شىرتۆگە غارىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى جىنلارنىڭ جىمىسىنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى . ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ كەلگەندە كۈن چىققانىدى . ئۇ شەھەرگە كېلىپ ئالۋاستىلارنى جەڭگە چاقىرىشقا پېتىنالماي ، بىر دوملاپ جىنغا ئايلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىردى ، كوچىلاردا يۈرۈپ تىڭ تىڭلىدى . شەھەردە «تاڭ سېڭنى كېچىدىن غوجىلىرىمىز خاملا يەۋېتىپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈرەتتى . سۈن ۋۇكۇڭ تەشۋىشلىنىپ ئوردىنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆزەتتى . بېشىغا تۆمۈر قالپاق ، ئۈچىسىغا سېرىق رەختتىن كىيىم كىيگەن ، قىزىل سىرلانغان كالتەكلەرنى تۇتقان ، پىل چىشىدىن بەلگە ئاسقان نۇرغۇنلىغان جىنلار ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى . «بۇلار چوقۇم ئوردا جىنلىرى بولسا كېرەك . مەن شۇلارنىڭ سىياقىدا كىرىپ ئۇقۇپ باقاي» دەپ ئويلىدى سۈن ۋۇكۇڭ . ئۇ ئۇلارغا ئوپئوخشاش بولۇپ ئۆزگەردى - دە ، ئالتۇن دەرۋازىدىن كىردى . كېتىۋېتىپ ساراي ئىشكى ئالدىدىكى تۇۋرۈككە باغلىنىپ ۋايساۋاتقان جۇ باجېيغا كۆزى چۈشتى . يېقىن بېرىپ «جۇ ۋۇنېڭ» دەپ توۋلىغانىدى ، جۇ باجېي ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ :

— ئاغا، كەلدىڭىزمۇ؟ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.
— سېنى قۇتۇلدۇرىمەن، ئۇستاز قەيەردە؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ئۇستاز يوق ئەمدى. تۇنۇگۈن كېچە ئالۋاستىلار ئۇنى خاملا يەۋەتتى، — دېدى جۇ باجيې.
بۇنى ئاڭلاپلا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كۆزىدىن چېلەكلەپ ياغقان يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى. جۇ باجيې:
— ئاغا، يىغلىماڭ. مەنمۇ بۇ گەپنى جىنلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. سىز قايغۇرماڭ، ئاختۇرۇپ بېقىڭ، — دېدى. سۇن ۋۇكۇڭ شۇندىلا يىغىدىن توختاپ ئىزدەپ ماڭدى. توساتتىن ساراي كەينىدىكى تۇۋرۇككە باغلاقلىق شاسېڭنى كۆرۈپ قېلىپ يېقىن باردى ـ دە، ئۇنىڭ مەيدىسىنى سىلاپ تۇرۇپ: «شا ۋۇجىڭ» دېدى. شا ۋۇجىڭمۇ ئۇنى تونۇپ:
— ئاغا، سىز باشقىچە قىياپەت بىلەن كىرىپسىز ـ دە، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.
— سېنى قۇتۇلدۇرماق ئوڭاي، ئۇستازنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ۋاي ئاغا، ئۇستازنى ئالۋاستىلار پىشۇرماستىن خاملا يەۋەتتى، — دېدى شا ۋۇجىڭ يىغلاپ.
ئىككىلەننىڭ گېپى ئوخشاش چىققاندىن كېيىن، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئازابلاندى، بىرلا مۇللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ، جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭلارنى قۇتۇلدۇرماستىن، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى تاغقا كەلدى، بۇلۇتتىن چۈشۈپ ھۆڭرەپ راسا يىغلىدى، قايغۇ ئىچىدە ئويغا چۆمدى: «بۇ يولنىڭ بۇنچە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇستاز جېنىدىن ئايرىلدى! ۋاي دەردىم! ۋاي تەڭرىم! ۋاي توۋا! بۇلۇت بىلەن دەررۇ تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا باراي، بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلاي!»

سۇن ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقىپ ئۇدۇل ھىندىستانغا ماڭدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يىراقتىن خىسلەتدار تاغ كۆرۈندى. ئۇ يەرگە بېرىپ بۇركۇت چوققىسىغا چۈشتى. بۇددا تاتھاگاتو نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرۇپ ئون سەككىز ئارخاتقا ۋەز ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا:

— سۇن ۋۇكۇڭ كەلدى، سىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار، — دېدى.

ئارخاتلار دەررۇ تاشقىرىغا چىقىپ:

— ئەۋلىيا ئەزەم، بۇددىمىز ئۆزىڭىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى. شۇئان دەرۋازىدىكى تۆت ۋاجرا يول ئېچىپ ئۇنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ ئارخاتلارنىڭ باشلىشى بىلەن نىلۇپەر تەختتۇگە كېلىپ تازىم قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— سۇن ۋۇكۇڭ، سېنى نېمە ئىش بۇنچە قايغۇغا سالدى؟ — دېدى تاتھاگاتو.

— پېقىر تاڭ سېڭنى قوغداپ غەربكە ماڭغاندىن بېرى ھەرقانچە مۇشكۇللۇككە ئۇچرىساممۇ قاقشىمىغانىدىم! شىرتۆگە تېغىدىكى شىرتۆگە غارىغا كەلگىنىمىزدە شىر پادىشاھ، پىل پادىشاھ، ئەنقا پادىشاھ دەيدىغان ئۈچ زەھەرلىك ئالۋاستى ئۇستازىمنى تۇتۇپ كەتكەننى ئاز دەپ، بىزنىمۇ تۇتۇۋالدى، ھەممىمىزنى باغلاپ قاسقانغا سېلىپ بالاغا گىرىپتار قىلدى. بەختكە يارىشا كەمىنىلىرى قېچىپ چىقىپ ئەجدىھا شاھنى ياردەمگە چاقىردىم. كېچىسى ئوغرىلىقچە ئۇستاز ۋە قېرىنداشلىرىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىۋاتسام، كۇتمىگەندە ئۇلار يەنە تۇتۇلۇپ قالدى. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ تىڭ تىڭلىسام، ھېلىقى ئالۋاستىلار ئىنتايىن ۋەھشىي ئىكەن، ئۇستازنى خاملا يەۋېتىپتۇ. ئىنىلىرىم شا ۋۇجىڭ، جۇ ۋۇنېڭلارمۇ باغلاقتا، ھاياتى خەۋپتە ئىكەن. پېقىر ھېچ ئامال قىلالماي ئالايىتەن ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم. ماڭا بىر شەپقەت قىلىپ چەمبىرەكنى ئەپسۇن ئوقۇپ بوشاتقايلا. مەن ئۇنى ئۆزلىرىگە ياندۇرۇپ بېرەي. پېقىرنى ئۆزۈمنىڭ كەڭ ـ كۇشادە ماكانىم

گۇلشەن تېغىغا قايتۇرۇۋەتكەيلا !
سۇن ۋۇكۇڭ شۇنداق دەپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ كەتتى . تاتھاگاتو كۇلۇپ :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، قايغۇرما ، ئالۋاستىلار بەك يامان بولغاچقا ، ئۇنى يېڭەلمىگىنىڭ ئۇچۇن مۇشۇنداق كۆڭلۈڭ يېرىم بوپتۇ ، — دېدى .
— ئۆزلىرىدىن يوشۇرمايمەن . پېقىر ئادەم بولغىنىمدىن بۇيان زىيان تارتماي كەلگەن . بۇ نۆۋەت بۇ قەبىھ ئالۋاستىلاردىن زەربە يەپ قالدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ .
— ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن . بۇ ئالۋاستىلارنى مەن تونۇيمەن ، — دېدى تاتھاگاتو .
— قانداق تونۇيدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئەقىل كۆزۈم بىلەن قاراپ تونۇۋالغانمەن . ئۇلارنىڭ غوجىسى بار ، — دېدى تاتھاگاتو ۋە توۋلىدى ، — ئانو ، جيايې ، بۇ ياققا كېلىڭلار ! ئىككىڭلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەيشەن تېغى ، ئېمېيشەن تېغىغا بېرىپ ۋېنشۇ ، پۇشيەنلەرنى چاقىرىپ كېلىڭلار .
ئىككىيلەن بۇيرۇققا بىنائەن يۇرۇپ كەتتى . تاتھاگاتو :
— ئۇلار چوڭ ۋە ئىككىنچى ئالۋاستىنىڭ خوجايىنلىرى . ئۇچىنچى ئالۋاستىنى ئۆزۈم تۇتمىسام بولمايدۇ ، — دېدى .
تاتھاگاتو نېلۇپەر تەختىدىن چۈشۈپ ئەۋلىيالار بىلەن تاشقىرىغا چىقتى ، ئانو بىلەن جيايې ۋېنشۇ بىلەن پۇشيەنلەرنى چاقىرىپ كەلگەنىدى . ئىككى بۇدساتۋا بۇددىغا سالام بەردى .
— سىلەرنىڭ ھايۋانلىرىڭلار تاغدىن قاچان چۈشكەن ؟ — دەپ سورىدى تاتھاگاتو .
— يەتتە كۈن بولدى ، — دېدى ۋېنشۇ .
— بۇ يەرنىڭ يەتتە كۈنى پانىي ئالەمنىڭ نەچچە مىڭ يىلىغا باراۋەر . ئۇ نېمىلەر قانچىلىغان ھاياتلىققا زەخمە يەتكۈزگەندۇ . دەررۇ مەن بىلەن بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىڭلار ، — دېدى تاتھاگاتو .

بۇدساتۋالار ئۇنىڭ ئوك - سولىغا ئۆتۈپ كۆپچىلىك بىلەن ئۇچتى. كۆپ ئۆتمەي شەھەر كۆرۈندى.

— تاتھاگاتو، قارا بۇس چىقىۋاتقىنى شىرتۆگە دۆلىتى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئاۋۋال سەن چۈشكىن، شەھەرگە بېرىپ ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشقىن، مەغلۇپ بولغىنىكى، ھەرگىز يېڭىۋالما. ئۇنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دېدى تاتھاگاتو.

سۇن ۋۇكۇڭ پەسكە چۈشۈپ ئۇدۇل شەھەرگە كەلدى - دە، تىل سالدى:

— مۇناپىقلار! چىقىشە، مەن بىلەن جەڭ قىلىشاممسەن!

شەھەر راۋىقىدىكى جىنلار ئالاقزادە بولۇشۇپ سەكرەپ چۈشۈپ خەۋەر قىلدى:

— غوجام، سۇن ۋۇكۇڭ ھەرقايسىلىرىنى جەڭگە چاقىرىۋاتىدۇ.

— بۇ مايمۇن ئۇچ كۈندىن بېرى يوقىغانىدى. بۈگۈن كېلىپ جەڭگە چاقىرغىنىدىن قارىغاندا ياردەمگە لەشكەر تارتىپ كەلدىمۇ نېمە؟ — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

ئۇچىنچى ئالۋاستى مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭدىن نېمە قورقۇش. چىقىپ قاراپ باقمايمىزمۇ؟

ئۈچ ئالۋاستى قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەردىن چىقتى. ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا گەپ - سۆز قىلماستىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. سۇن ۋۇكۇڭمۇ كالتىكى بىلەن ئېلىشتى. يەتتە - سەككىز قېتىم تۇتۇشقاندىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ يېڭىلىپ قاچتى. «قەيەرگە قاچىسەن!» دەپ ۋارقىراشتى ئالۋاستىلار. سۇن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىۋالدى، ئۈچ ئالۋاستىمۇ بۇلۇتنى ھەيدەپ قوغلاپ كەلدى، سۇن ۋۇكۇڭ شاققىدە بۇددىنىڭ ئالتۇن نۇرى سايىسىگە كىرىۋېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۆتكەن زامانىنىڭ، كەلگۈسى زامانىنىڭ، ھەينى زامانىنىڭ بولۇپ ئۈچ بۇددا، بەش يۈز ئارخات، ئۈچ مىڭ مۇئەككەل، تەڭرىلەر ئەتراپقا

تارقىلىپ ئۈچ ئالۋاستىنى زىچ قورشىۋالدى. چوڭ ئالۋاستى ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— ئىنىلىرىم، ئىش چاتاق، بۇ مايمۇن راستىنلا يامان نېمە ئىكەن، غوجىلىرىمىزنى چاقىرىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

— ئاغا، قورقماڭ، بىز تەڭلا بېرىپ تاتىگاتونى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن گۆھەرنېشىن تېغىدىكى تەختنى تارتىۋالىمىز، — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى. چوڭ ئالۋاستى ئۆزىنىڭ توگەشكىنىنى ئۇقماي قىلىچ ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇئان ۋېنشۇ، پۇشيەنلەر ئەپسۇن ئوقۇپ ۋارقىرىدى:

— سەن مۇناپىقلار ئىنساپقا كەلمەي قاچانغىچە يۈرۈشسەن؟

چوڭ ئالۋاستى بىلەن ئىككىنچى ئالۋاستى قورقۇپ كەتتى — دە، قورالىنى تاشلاپ دوملاپ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى، ئىككى بۇدساتۋا نېلۇپەر تەختنى ئالۋاستىلارنىڭ دۈمبىسىگە تاشلاپ ئۈستىگە چىقتى. ئىككى ئالۋاستى غىڭ قىلماستىن ماڭدى.

ئىككى بۇدساتۋا كۆك شىر بىلەن ئاق پىلنى ئېلىپ كەتتى، ئۈچىنچى ئالۋاستىلا تۇتۇلمىدى، ئۇ قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن مايمۇن پادىشاھنى تۇتۇشقا تەمشەلدى. سۈن ۋۇكۇڭ نۇر ئىچىگە كىرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يېقىن كېلەلمىدى. تاتىگاتو بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئالتۇن نۇر چېچىپ، سېغىزخاننىڭ چاڭگىسىدەك بېشىنى بىرلا سىلكىپ قىپقىزىل گۆشكە ئايلاندى. ئالۋاستى ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىشىغا، ئۇ قولىنى بىر شىلتىۋىدى، ئالۋاستى ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى. ئالۋاستى ئالتۇن قاناتلىق ئەنقار بولۇپ، قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى قىلالمىدى ۋە قېچىپمۇ كېتەلمىدى، نائىلاج بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

سۈن ۋۇكۇڭ شۇندىلا نۇر ئىچىدىن چىقىپ تاتىگاتوغا باش قويۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇددا ئاتا، ئۆزلىرى ئالۋاستىنى تۇتۇپ، بالايىئاپەتنى يوقاتتىلا. ئەمما، ئۇستازىم يوق ئەمدى.

— مۇتتەھەم مايمۇن! ئۇستازىڭنى بىز نەدە يەپتۇق. كۆركەم ھۇجرىدىكى تۆمۈر ساندۇقتا بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئەنقار زەردە بىلەن. بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ تاتھاگاتوغا باش قويۇپ تەشەككۇر ئېيتتى. تاتھاگاتو بولسا ئەنقارنى قويۇۋەتمەستىن چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يالقۇن ئىچىدە ئۆزىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپىلاپ، كۆپچىلىك بىلەن بۇلۇتقا چىقىپ تەختكە قايتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئۇدۇل شەھەرگە كىردى، شەھەردە بولسا بىرمۇ جىن يوق ئىدى. خۇددى «يىلان باشسىز يۈرەلمەيدۇ، قۇش قاناتسىز ئۇچالمايدۇ» دېگەندەك، ئۇلار پادىشاھلىرىنى بۇددىنىڭ تۇتۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ جېنىنى قولىغا ئېلىپ ھەر تەرەپكە قاچقانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيې، شاسېڭلارنى يېشىپ ئۇلار بىلەن يۈك - تاقلارنى، ئاتنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن:

— ئۇلار ئۇستازنى يېمەپتۇ. كەينىمدىن مېڭىڭلار، — دېدى ۋە ئىككىيلەننى باشلاپ ھەرەمگە كىرىپ كۆركەم ھۇجرىنى تاپتى. ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە بىر تۆمۈر ئىشكاپ تۇراتتى، ئۇ يەردىن تاڭ شەنزاڭنىڭ يىغىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. شاسېڭ ئالۋاستى تۇتىدىغان ھاسىسىدا ئىشكاپنى ئېچىپ «ئۇستاز!» دەپ توۋلىدى. تاڭ سەنزاڭ ئۇلارنى كۆرۈپلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى:

— ئاھ شاگىرتلىرىم! ئالۋاستىلارنى قانداق يوقاتتىڭلار؟ مېنى قانداقلارچە بۇ يەردىن تاپتىڭلار؟ — دېدى. سۇن ۋۇكۇڭ يۇقىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. تاڭ سەنزاڭ ئۇزۇلدۇرمەي رەھمەت ئېيتقىلى تۇردى. ئۇستاز ۋە شاگىرتلار ئوردىدىن گۈرۈچ تېپىپ، تاماق قورۇمىلاردا تۇيغۇچە غىزالاندى، ئاندىن نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ غەرب تامان يۈرۈپ كەتتى. ھەقىقەتەن بۇ، بۇددا نومىنى چىن ئەقىدە باغلىغانلار ئالۇر، يالغانچىلارنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولۇر، دېگەننىڭ ئۆزى بولدى. بۇ مېڭىشىدا ئۇلارنىڭ تاتھاگاتونىڭ دىدارىنى قاچانلاردا كۆرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## يەتمىش سەككىزىنچى باب

### *بىچىيۇدىكى بىچارە بالىلارغا جەھەننەم تەڭرىلىرى ئەۋەتىلگەنلىكى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يالماۋۇزنى تونۇپ ئەخلاق ئۈستىدە گەپ ئاچقانلىقى*

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چەكتى، تاتىھاگاتونى چاقىرىپ كېلىپ ئالۋاستىلارنى تۇتۇپ، ئۇستازى ۋە ئىنىلىرىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن شىرتۇگە شەھىرىدىن ئايرىلىپ غەربكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بىرقانچە ئاي يول يۈردى، شۇ ئارىلىقتا قىش كىردى. ئۇلار سوغۇققا، بوران - شىۋىرغانغا قارىماي يولنى داۋام ئەتتى. بىر چاغدا بىر شەھەر كۆرۈندى. شەھەرگە كىرىپ، ئاپتاپتا تامغا يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقان بىر بوۋاينى كۆردى. سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن بېرىپ ئۇنى سىلكىپ: «بېگىم!» دېۋىدى، بوۋاي چۆچۈپ ئويغاندى، چالا ئۇيقۇلۇقتا كۆزىنى ئېچىپ سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا تىزلىنىپ باش قويۇپ: «غوجام!» دېدى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— ئۇنچىلا ھولۇقماڭ، مەن يامان نىيەتلىك تەڭرى بولمىسام، نېمىشقا «غوجام» دەيسىز! — دېدى.

— سىلى چاقماق ھەزرەت بولامدىلا؟ — دېدى بوۋاي باش قويۇپ تۇرۇپ.

— بىلجىرلىماڭ. پېقىر شەرقىي دىياردىن غەربىي دىيارغا بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان شەيخ بولىمەن. بۇ يەرگە ھازىر كېلىشىمىز، سىزدىن بۇ جاينىڭ ئىسمىنى سوراپ كېلىۋىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

بوۋاينىڭ كۆڭلى شۇندىلا ئورنىغا چۈشتى . ئۇ راسا ئەسنەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، كېرىلىپ ـ سوزۇلۇپ :

— دەرۋىش ، دەرۋىش ، پېقىرنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز . بۇ جاي بۇرۇن بىچىيۇ دۆلىتى ئىدى . ھازىر بالا شەھىرىگە ئۆزگەردى ، — دېدى بوۋاي .

— دۆلەتلەردا پادىشاھ بارمۇ ، يوق ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بار ! بار ! بار ! — دېدى بوۋاي .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇرۇلۇپ تاڭ سەنزاڭغا مۇنداق دېدى :

— ئۇستاز ، بۇ شەھەرنىڭ نامى ئىلگىرى بىچىيۇ دۆلىتى ئىكەن ، ھازىر بالا شەھىرىگە ئۆزگىرىپتۇ . نېمىشقا بۇنداق ئۆزگەرتىلدىكىنتاڭ .

تاڭ سەنزاڭ دەرگۇمان بولۇپ مۇنداق دېدى :

— دەسلەپتە بىچىيۇ دەپ ، كېيىن نېمىشقا بالا شەھىرى دەۋالغاندۇ ...

— بەلكىم بىچىيۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تەختتىن چۈشكەن بولسا ، يېڭىدىن پادىشاھ بولغۇچى بىر بالا بولسا كېرەك . شۇڭا ، بالا شەھىرى دېگەن بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى جۇ باجېي .

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ! شۇمۇ گەپمۇ ! بىز شەھەرگە كىرىپ ئوبدانىراق ئۇقۇشۇپ باقايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— شۇنداق قىلايلى . بىرىنچىدىن ، بوۋاي بىلمەسلىكى مۇمكىن ؛ ئىككىنچىدىن ، ئاغامدىن قورقۇپ يالغان ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن . شەھەرگە كىرىپ ئۇقۇشايلى ، — دېدى شاسېڭ .

ئۇلار ئۈچ قاتار دەرۋازىدىن كىرىپ شەھەر كوچىلىرىنى تاماشا قىلدى . قارىسا ، كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى جايىدا ، پاكىز ئىدى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار ئاتنى يېتىلەپ ، يوك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ شەھەر كوچىسىنى خېلى ئۇزاق ئايلاندى ، ئەمما جۇشقۇن ، گۈللەنگەن مەنزىرىنى چېلىقتۇرمىدى . بىرلا يېرى ، ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىدە بىردىن قەپەس ئېسىقلىق تۇراتتى .

— شاگىرتلىرىم، بۇ يەردە كىشىلەر ئىشىكىگە قەپەس ئېسىۋالىدىكەن، بۇ نېمە ئىشتۇر؟ — دېدى تاڭ سېڭ.

جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپ ئەتراپىغا قارىسا، دېگەندەك قەپەسلەر قاتار ئېسىۋېتىلگەن ۋە رەڭدار تاۋاردا يېپىلغانىدى. بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ:

— ئۇستاز، قارىغاندا بۈگۈن بىر خاسىيەتلىك كۈن ئوخشايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ توي - تۆكۈن ياكى بىرەر مەرىكىگە تەييارلىغان سوۋغىسى بولسا كېرەك، — دېدى.

— كاپشىما! ھەممە ئادەم سوۋغا ئاپىرىدىغان ئىش نەدە! بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. مەن بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— سەن بارما، بۇ بەشىرەڭنى كۆرسە كىشىلەر سەندىن قېچىشى مۇمكىن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇنى تارتىپ.

— مەن ئۆزگىرىپ باشقا سىياقتا بارىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

سۈن ۋۇكۇڭ بىر ئەپسۇن ئوقۇدى، بىر دومىلاپلا بال ھەرىسىگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ يېپىۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، قەپەستە بىر بالا ئولتۇراتتى. ئىككىنچى قەپەسكە بارسا ئۇنىڭدىمۇ بالا بار ئىدى. شۇ تەرتىپتە سەككىز - توققۇز قەپەسكە قاراپ باقسا ھەممىسىدە ئوغۇل بالىلار ئولتۇراتتى، بىرىمۇ قىز بالا كۆرۈنمەيتتى. بەزى بالىلار قەپەستە ئولتۇرۇپ ئويناۋاتاتتى، بىرلىرى يىغلاۋاتاتتى، بىرلىرى مېۋە - چېۋە يەۋاتاتتى، گاھىلىرى بولسا ئۇخلاۋاتاتتى. سۈن ۋۇكۇڭ بۇلارنى كۆرۈپ بولۇپ ئەسلىي قىياپىتىگە كىرىپ، تاڭ سېڭنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— قەپەسنىڭ ھەممىسىدە چوڭى يەتتە ياش، كىچىكى بەش ياشتىكى كىچىك بالىلار ئولتۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداقلىقىنى بىلمىدىم.

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ ئويغا چۆمدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇساتتىن بىر دەرۋازىغا چۈشتى. سىرىق دەرۋازىلىق بۇ جاي ساراي

ئىدى . تاڭ سېنىڭ خۇش بولۇپ :

— شاگىرتلىرىم ، مۇشۇ سارايغا كىرەيلى . بىرىنچىدىن ، بۇ جاينى ئۇقۇشايلى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئاتنى ئارام ئالدۇرايلى ؛ ئۈچىنچىدىن ، كەچمۇ كىرىپ قالدى ، بىر كېچە قونايلى ، — دېدى .

— شۇنداق قىلايلى ، شۇنداق قىلايلى ، تېزرەك كىرەيلى ، — دېدى شاسېڭ . تۆتەيلەن سارايغا خۇشال - خۇرام كىردى ، ساراي خىزمەتكارلىرى سارايۋەننى چاقىردى . ئۇلار كىرىپ كۆرۈشۈپ ، چاي ئېلىشقاندىن كېيىن سارايۋەن سورىدى :

— دەرۋىشلىرىم ، قەيەردىن كېلىشتىلە ؟

— كەمىنىڭىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلارمىز . بۈگۈن ھۇزۇرىڭىزغا يولخېتى ئالماشتۇرۇش ۋە بىر كېچە قونۇش ئۈچۈن كىردۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . سارايۋەن چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى . چايدىن كېيىن رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ ، شۇ كۈنكى نۆۋەتچىگە ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇش تاپشۇرۇلدى . ئۇلار بۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن سورىدى :

— بۈگۈن ئوردىغا كىرىپ يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرساق بولارمۇ ؟

— بۈگۈن ئاخشام بولمايدۇ ، ئوردىغا ئەتە ئەتىگەن بېرىڭلار . بۈگۈن ئاخشام ئوبدان ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋېلىڭلار ، — دېدى سارايۋەن .

بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئىشلار سەرەمجانلاشتۇرۇلدى . سارايۋەن تۆتەيلەننى غىزاغا تەكلىپ قىلدى ، قول ئاستىدىكىلەرنى مېھمانلارنىڭ ياتاقلىرىنى سۈپۈرۈپ - تازىلاشقا بۇيرۇدى . تاڭ سەنزاڭ كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى . ھەممەيلەن ئولتۇرغاندا ، تاڭ سەنزاڭ مۇنداق دېدى :

— پېقىرغا ئايدىڭ بولمىغان بىر ئىش بار ئىدى ، مالال كۆرمەي چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز . بايا شەھەرگە كىرىپ ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىگە بىردىن قەپەس ئېسىلغانلىقىنى ، قەپەستە

بالىلار بارلىقىنى كۆردۇق. بۇنى ئۇقالماي سىزدىن سوراشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

— دەرۋىش، بۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، بۇنى سورىماڭلار، تىلغا ئالماڭلار ۋە بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماڭلار. ھازىر ئارام ئېلىپ، ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولۇڭلارغا مېڭىڭلار، — دەپ پىچىرلىدى سارايۋەن.

تاڭ سېلىڭ بۇنى ئاڭلاپ سارايۋەنگە ئېسىلدى - دە، بۇنى چوقۇم دەپ بېرىسىز، دەپ تۇرۇۋالدى. سارايۋەن ئامالسىز خىزمەتكارلارنى ئىشقا بۇيرۇپ چىقىرىۋەتتى - دە، ئۆزى يالغۇز قېلىپ ئاستا مۇنداق دېدى:

— قەپەسنىڭ ئىشىنى سورىساڭلار، بۇ ھازىرقى پادىشاھىمىزنىڭ يولسىزلىقى. بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر!

— نېمىشقا مۇنداق يولسىزلىق قىلىدۇ؟ بۇنى ئېنىق ئۇقمىغۇچە كۆڭلۈم جايىغا چۈشمەيدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— بۇ جاي ئەسلىي بىچيۇ دۆلىتى ئىدى. يېقىندىن بېرى كىشىلەر، بۇ نام بالا شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى، دەپ يۈرىدۇ. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا دەرۋىش سىياقىدىكى بىر ئادەم ئون ئالتە ياشتىكى قاش - كۆزى تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئاجايىپ ساھىبجامال بىر قىزنى ئېلىپ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ ئوردىغا ئەپقاپتۇ - دە، خانىش قىلىۋاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ چوڭ خانىش، ئالتە قەسىردىكى كىچىك خانىشلارغا نەزەر كۆزىنى سالماي، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەنلا ئەيش - ئىشرەت قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تېنىنى ئالدۇرۇپ قويۇپ، ھازىر جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ، ئوردا تېۋىپلىرى بارلىق ئېسىل دورىنى ئىشلەتسىمۇ شىپا تاپماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىزنى ئەكەلگەن دەرۋىش پادىشاھىمىزنىڭ يارلىقى بىلەن دۆلەتكە ئاتا بولدى. بۇ كىشىنىڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتالايدىغان مەخپىي دورىسى بار ئىكەن. ئۆتكەندە ئون ئايماق، ئۈچ ئارالغا ئادەم ئاۋەتىپ دورا ئەكەلدۈردى، ھەممە تەييار بولدى.

بىرلا يېرى، دورىغا قوشىدىغان نېمىسى بەك يامان ئىكەن، بىر مىڭ بىر يۈز ئون بىر بالىنىڭ يۈرىكى بىلەن جىگىرىنى قاينىتىپ شورپىسىدا دورا ئىچىدىغان گەپ ئىكەن. بۇنى ئىچسە ئادەم مىڭ يىل ئۆلمەيدىكەن. شۇڭا، بۇ بالىلار مۇشۇ ئىش ئۈچۈن قەپەستە بېقىلىۋاتىدۇ. ئاتا - ئانىلار پادىشاھتىن قورقۇپ ئۈن چىقىرالماي، بۇ شەھەرنى بالا شەھىرى، دەپ گەپ تارقاتتى. دەرۋىش، ئەتە ئوردىغا بارسىڭىز يولخېتىڭىزنى ئالماشتۇرۇشنىلا بىلىپ، بۇ ھەقتە گەپ - سۆز قىلماڭ، — سارايۋەن شۇلارنى دەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان تاڭ سەنزاڭنىڭ قورقۇنچلۇقتا پۇت - قولىدا جان قالمىدى، كۆزىدىن چىقىۋاتقان ياشنىمۇ توختىتالمىدى، تۇساتتىن بار ئاۋازى بىلەن نالە قىلدى:

— ۋاي مۇناپىق! زالىم پادىشاھ! نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ كېسەل بولغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا شۇنچە نۇرغۇن بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولىسەن! يا ھەزرەت! تولا قىلدىم! ئەجەبمۇ ئېچىم سىيرىلىۋاتىدۇ بالىلارغا!

— ئۇستاز، سىلىگە نېمە بولدى؟ ئۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ، بۇنىڭ سىلى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار! كىيىملىرىنى سېلىپ ئۇخلىسىلا. ئۆزگىلەرنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا، — دېدى جۇ باجيې.

— شاگىرتىم! باغرىڭ نېمانچە قاتتىق سېنىڭ! بىز سەپەر ئۈستىدە قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ياخشىلىق بولسا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ قانداقمۇ كۆڭلۈڭ بۇزۇلمايدۇ! — دېدى تاڭ سېڭ.

— ئۇستاز، قايغۇرمىسىلا، — دېدى شاسېڭ، — ئەتە يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى بارغاندا بۇ ئىشنى پادىشاھقا يۈز تۇرانە ئېيتسىلا، ئەگەر گەپلىرىنى ئىلىك ئالمىسا، ئۇنىڭ قانداق پادىشاھلىقىنى بىلىمىز. بەلكىم، ئۇ يالماۋۇز بولسا كېرەك. ئادەمنىڭ يۈرىكى ۋە جىگىرىنى يەپ تۇرۇش ئۈچۈنلا مۇشۇ چارىنى

ئىشقا سالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ھەرھالدا بىلىۋالىمىز.
— شا ۋۇجىڭنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — ئۇستاز، بۇگۈن ئوبدان ئۇخلىسىلا. ئەتە ئەتىگەندە مەن سىلى بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئاتىسى ياخشىمۇ، يامانمۇ، كۆرۈپ باقاي. ناۋادا يالماۋۇز بولسا، ئۇنى تۇتاي - دە، پادىشاھقا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئوبدان ئارام ئېلىپ ساقىيىڭ، دەپ تەسەللى بېرەي، كىچىك بالىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولماڭ، دەپ ئېيتاي.
تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ شاققىدە بۇرۇلۇپ، سۇن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:
— ئاھ شاگىرتىم! ئاجايىپ بەلەن گەپ قىلدىڭ! بىراق، زالىم پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە ھە دېگەندىلا ئېغىز ئېچىشمۇ ئەپسىز. ئۇ زالىم ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەستىنلا، قىلغانلىرىڭنى گۇناھ دەپ تونۇسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.
— بۇنىڭغا ئامالىم بار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — بۇگۈن كېچە بۇ بالىلارنى شەھەردىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئەتە ئۇنى ھېچنېمىگە ئىگە قىلمايمەن، يەرلىك بەگ - ئامباللار تەبئىي ھالدا بۇنى خەۋەر قىلىدۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا مەلۇم يوليورۇق بېرىدۇ ياكى دۆلەتنىڭ ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ ۋە ياكى باشقا بىر يول تۇتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئىشنى ھېچكىم مېنىڭدىن كۆرمەيدۇ.
— بالىلارنى شەھەردىن قانداق كەتكۈزۈۋېتىسەن؟ شۇنداق قىلالىغان بولساڭ ئاجايىپ ساۋاب تاپاتتىڭ! بۇنىڭغا تېزدىن تۇتۇش قىلغىن، سۇسلۇق قىلساڭ پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ.
سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان قەددىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى، جۇ باجيې بىلەن شاسېڭغا:
— سىلەر ئۇستاز بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئىشقا كىرىشەي. سالقىن شامال چىقسا، بالىلار شەھەردىن چىقىپ بوپتۇ، دەپ بىلىڭلار، — دېدى.

ئۇچەيلەن تەڭلا مۇنداق تىلاۋەت قىلدى :

— ئىلاھىم ، شىپاگەر مەبۇد يار بولسۇن ! ئىلاھىم ، شىپاگەر مەبۇد يار بولسۇن .

سۇن ۋۇكۇڭ تاشقىرىغا چىقىپ «ۋىژ» قىلىپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ، ئەپسۇن ئوقۇپ : «تەرىقەت دۇنياسىدىكىلەر كېلىڭلار !» دېگەندى ، شۇئان شەھەر مۇئەككىلى ، يەر مۇئەككىلى ، تاجۇتەخت مۇئەككىلى ، پارسا بەگلەر ، بەش تەرەپ بۇددىلىرى ، ئەمەلدارلار ئىشلىرى دىۋانىنىڭ تۆت بېگى ، ئالتە ھۆر قىز ، ئالتە غۇلمان ، بۇتخانا مۇئەككەللىرى قاتارلىقلار ھازىر بولدى - دە ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ :

— تەقسىر ، كېچىدە چاقىرىپ قاپتىلا ، قانداق جىددىي ئىش چىقىپ قالدى ؟ — دېيىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :

— بۈگۈن بىچيۇ دۆلىتىدىن ئۆتكەنىدۇق . پادىشاھ يالماۋۇزنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ، باللارنىڭ يۈرەك ، جىگىرىدە دورا ياساپ ئىچمەكچى بولۇۋېتىپتۇ . ئۇستازىم بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي يالماۋۇزنى يوقىتىپ ، باللارنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى . شۇڭا ، ئالاھىدە ھەرقايسىڭلارنى چاقىردىم . ھەرقايسىڭلار كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىپ ، شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان قەپەس ئىچىدىكى باللارنى قەپىسى بىلەنلا كۆتۈرۈپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تاغ ئىچىگە ياكى ئورمانلارغا يوشۇرۇپ بىر - ئىككى كۈن ساقلاڭلار ، ئاچ قالمىسۇن ، مېۋە - چېۋە بىلەن بېقىڭلار ، قورقۇتماي ، يىغلاتماي ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار . مەن يالماۋۇزنى يوقىتىپ ، دۆلەتنى ئەمىن تاپتۇرۇپ ، پادىشاھقا نەسىھەت قىلىمەن . ماڭار ۋاقتىمدا ئاندىن باللارنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار .

تەڭرىلەر بۇيرۇققا بىنائەن شۇئان ئىشقا كىرىشتى . گۈلدۈرلەپ قارا بوران چىقىپ ، شەھەرنى تۇتەك قاپلىدى . كېچە ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتىدا مالائىكىلەر قەپەسلەرنى پۈتۈنلەي يىغىشتۇرۇپ بولدى .

سوْن ۋوْكوْك خاسىيەتلىك بوْلوْتتىن چوْشوْپ دوْڭگە كەلگەندە، ئوْچەيلەن تېخىچە: «ئىلاھىم، شىپاگەر مەبۇد يار بولسوْن!» دەۋاتاتتى. سوْن ۋوْكوْك ئىچىدە كوْلدى، يېقىن كېلىپ:

— ئوْستاز، مەن كەلدىم، قارا بوران قانداق چىقتى؟ — دېدى.

— ئاجايىپ چىقتى جوْموْ! — دېدى جوْ باجىي.

— بالىلارنى قوْتوْلدوْروْش ئىشى قانداق بولدى؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ھەممىسى شەھەردىن چىقىپ كەتتى. بىز يولغا چىقىدىغان چاغدا قايتوْروْپ كېلىمىز، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.

تاڭ سەنزاڭ كوْپ رەھمەت ئېيتىپ ئاندىن يېتىپ قالدى.

تاڭ ئەمدى يوروْشقا تاڭ سەنزاڭ ئويغاندى، كىيىنىپ، يوْيوْنوْپ بولوْپ:

— سوْن ۋوْكوْك، مەن ئوردىغا ئەتىگەنرەك بېرىپ يولخېتىنى ئالماشتوْروْپ كېلەي، — دېدى.

— ئوْستاز، ئوْزلىرىلا بارسىلا ئىشنى ئاقتوْرالمايدىلا، مەن سىلى بىلەن بىللە بېرىپ دوْلەت ئىچىدىكى ياخشى - يامان ئادەملەرنى كوْروْپ باقاي، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.

— سەن بارساڭ سالام بەرگىلى ئوْنىماي پادىشاھنى رەنجىتىپ قويارسەنمىكىن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— مەن ئوْزوْمنى ئاشكارا قىلماي يوشوْروْنچە بىللە بېرىپ سىلىنى مۇھاپىزەت قىلىمەن، — دېدى سوْن ۋوْكوْك. تاڭ سەنزاڭ خوْش بولدى، جوْ باجىي، شاسېڭغا يوْك - تاق، ئاتقا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ قويوْپ ئەمدى ئىشىكتىن چىقىشىغا، سارايۋەن كوْروْشكىلى كېلىپ قالدى، كوْروْشوْپ بولغاندىن كېيىن ئوْنىڭ قوْلىقىغا پىچىرلاپ، يوقلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى تاپىلىدى. تاڭ سەنزاڭ باش لىڭشىتىپ ماقوْللوْق بىلدوْردى. سوْن ۋوْكوْك ئىشىك ئارقىسىغا ئوْزىنى ئېلىپ ئەپسوْن ئوقوْپ بىر دوملاپلا شاخچى قوْشقاچقا ئايلاندى - دە، ئوْچوْپ بېرىپ تاڭ سەنزاڭنىڭ

تەلپىكىگە قوندى، ئۇلار سارايدىن چىقىپ ئۇدۇل ئوردىغا ماڭدى.

ئوردا ئالدىغا كەلگەندە سېرىق كىيىملىك ئىشىك ئاغىسى ئۇچرىدى. تاڭ سېڭ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دېدى:

— پېقىر شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن غەربىي دىيارغا بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلارمىز. بۈگۈن بۇ ماكانغا قەدەم قويدۇق، يولخېتىنى ئالماشتۇرايلى، دەپ شاھ ئالىيلىرىنى زىيارەت قىلىپ كىرىۋىدۇق، ئىجازەت ئېلىپ بەرسىڭىز.

سېرىق كىيىملىك ئىشىك ئاغىسى بۇنى يەتكۈزگەندە، پادىشاھ خۇش بولۇپ:

— يىراقتىن كەلگەن راھىب بولسا، ئەلۋەتتە ئۆلىما بولىدۇ، — دېدى ۋە كىرىشكە ئىجازەت بەردى. سېرىق كىيىملىك ئىشىك ئاغىسى ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. تاڭ سېڭ پەلەمپەي ئاستىدا شاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن شاھ ئۇنى كۇرسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ رەھمەت ئېيتىپ ئورۇن ئالدى. پادىشاھنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايغان، ئىنتايىن روھسىز ئىدى، قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بېرىشمۇ تۇزۇك قولاشمايتتى، گەپنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قىلاتتى. تاڭ سېڭ يولخېتىنى سۇنغاندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى ئۇزاق قاراپ ئاندىن شاھانە تامغىنى بېسىپ تاڭ سېڭغا قايتۇرۇپ بەردى. تاڭ سېڭ بۇنى قاتلاپ يېنىغا سالدى.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇددا نومىنى ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى سوراشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ھۆدەيچى جاكارلىدى:

— دۆلەت ئاتىسى بېگىم كەلدى!

پادىشاھ دەررۇ مۇلازىملىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەسلىكتە كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. تاڭ سېڭمۇ ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇردى. قارىسا، بىر بوۋاي گىدەيگەن ھالدا كېلىۋاتاتتى.

دۆلەت ئاتىسى تەخت ئالدىغا كەلدى - دە، سالاممۇ قىلماستىن غادىيىپ ئۇدۇل مېڭىپ تۆرگە ئۆتتى. پادىشاھ تەزىم قىلغاندىن

كېيىن:

— قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ۋە سول تەرەپتىكى ھەشەمەتلىك كۆرسىغا تەكلىپ قىلدى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

— ھۆرمەتلىك بېگىم، كەمىنە راھىبنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى. ئۇ بولسا سالامغا جاۋابمۇ قايتۇرماي غادايغان پېتى ئولتۇرۇۋەردى، ئاندىن بۇرۇلۇپ پادىشاھتىن سورىدى:

— بۇ راھىب قەيەردىن كەپتۇ؟

— بۇ ياقنى شەرقىي تاڭ پادىشاھى غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى ئەۋەتكەنىكەن، بۈگۈن يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى كەپتۇ، — دېدى پادىشاھ.

— غەرب ناھايىتى يىراق جاي. ئۇ زۇلمەتلىك ماكاندا نېمە ياخشىلىق بار ئىكىنتاڭ! — دېدى دۆلەت ئاتىسى كۇلۇپ.

— غەرب ئاجايىپ ئېسىل ماكان. نەرى يامان ئىكەن؟ — دېدى تاڭ سېڭ.

— كونىلار: «راھىب بۇددىنىڭ پەرزەنتى» دەيدىكەن. راھىب بولغانلار راستتىنلا ئۆلمەمدىغاندۇ، بۇددىغا تېۋىنىدىغانلار راستتىنلا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەمدىغاندۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ مۇنداق دېدى:

*كېرەك راھىب بولغۇچى ھامان،*
*نېسىۋىدىن خالىي بولۇشى.*
*خالاس بولار نەپسانىيەتتىن،*
*شەھۋەتتىن قول ئۈزگۈچى كىشى.*
*ئۈچ مەنزىلگە يەتسەڭ بولسەن پاك،*
*ئالتىنىڭ نەپسىدىن كەچسەڭ ئالىيجاناب.*
*كۆچەيتمەكچۈن ئېتىقادىڭنى پاكلا قەلبىڭنى.*
*پاك يۈرەك خۇددى نۇرلۇق چىراغ،*
*غەيرىي غەرەزنى سۈرىدۇ قوغلاپ.*

قىلچە تەۋرەنمىسە يۈرىكىڭ ،
تەرىقەتتە تاپىسەن كامال .
بولۇپ ئاددىي ھەم ساددا ،
ھاۋايى نەپسىدىن كۆڭۈل ئۈزسەڭ ،
ئۆمرۈڭ ھەرگىز كۆرمەيدۇ زاۋال .

دۆلەت ئاتىسى بۇنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلدى . ئۇ تاڭ سېڭغا قولىنى جۈنۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ھا ! ھا ! ھا ! يالغاننىمۇ قاملاشتۇرىدىغان شەيخ ئىكەنسەن ! كۆزۈڭنى يۇمۇپ قارىغۇلارچە سۆزلەۋاتىسەن . كونىلاردا : «ئولتۇرۇۋەرسە كاسا يېغىر بولىدۇ ! ئوتنى قالاۋەرسە قازان تېشىلىدۇ » دېگەن گەپ بار . مېنىڭچە مۇنداق :

تەركىدۇنيا بولغۇچى جىگەرلىك بولۇر ،
تەرىقەتتە كامالەتكە يەتكەنلەر خاسىيەتلىك بولۇر .
دوستلىرىنى يوقلىشار دائىم ،
قاپاق ئېلىپ تاغلارغا بېرىپ ،
بولار ھەم دەردىگە دەرمان ،
توختىماستىن دورىلار يىغىپ .
گۈل - چېچەكتىن قالپاق كىيىشەر ،
خۇش بوي ئوتلارنى چۆشەك قىلىشار ،
چاۋاك چېلىشىپ ئېيتىشىپ ناخشا ،
ئۇسسۇلدىن كېيىن قېنىپ ئۇخلىشار .
تەرىقەتنى قىلىشىپ شەرھى ،
تەرغىپ قىلار تەڭرى يولىنى .
ئەپسۇن ئوقۇپ قوغلايدۇ يىراق ،
ئەل ئىچىدىن قارا قۇيۇننى .
ئەنقار مىنىپ چىقار ساماغا ،
كىرەر تۇرنا مىنىپ تەڭرى ئالدىغا .

*ئاسماننىڭ قۇدرىتى بىلەن*
*سۆزلەر تەرىقەت كارامىتىنى .*
*ئۈچ دىن ئىچىدە داۋجىياۋ ئەزەلدىن ،*
*كۆرسىتىپ كەلدى ئۆز قىممىتىنى .*

پادىشاھ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ، ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارىكاللا ئېيتىشتى :

— بىردىنبىر پىركامىل ئىكەنلا ، بىردىنبىر پىركامىل ئىكەنلا !

تاڭ سېڭ ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتا پاتتى . پادىشاھ داستىخانچىغا گۆشسىز غىزا قىلىپ زىياپەت بېرىپ ، ئاندىن يىراقتىن كەلگەن تاڭ سېڭلارنى شەھەردىن چىقىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى .

تاڭ سېڭ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ تاشقىرىغا ماڭغانىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ تەلپىكىدىن چۈشۈپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— ئۇستاز ، دۆلەت ئاتىسى يالماۋۇز ئىكەن ، پادىشاھقا جىن تېگىپتۇ . سىلى سارايغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرسىلا ، مەن بۇ يەردىن خەۋەر ئۇقۇپ باراي ، — دەپ پىچىرلىدى .

تاڭ سېڭ ماقۇل دەپ ئۆزى يالغۇز قايتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ بېرىپ تەخت كەينىدىكى دەر پەردە مىخىغا قوندى . شۇ ئارىلىقتا شەھەرنىڭ ئەمىر لەشكىرى كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— شانۇ شەۋكەتلىك شاھىم ، كېچە بىر سوغۇق شامال چىقىپ جىمى ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى قەپەسلەرنى قويماي ئۇچۇرۇپ كەتتى . ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدۇق .

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئاچچىقى كەلدى . ئۇ دۆلەت ئاتىسىغا مۇنداق دېدى :

— مەن ، مەن تۈگەشتىم ! نەچچە ئايدىن بېرى ئېغىر بىتاب

بولدۇم، كىسەلمگە شىپا تېپىلمىدى. ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك رىسالىلىرىنىڭ شاراپىتى بىلەن بۇگۈن كېچە بۇ بالىلارنىڭ يۈرەك ۋە جىگىرىنى ئالاي دەپ تۇرسام، سوغۇق شامال ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكىنى نېمىسى؟ تەڭرى ماڭا ئۆلۈمنى راۋا كۆردىمۇ نېمە؟

— جانابىي ئالىيلىرى، غەم قىلمىغايلا. بۇ شامال تەڭرىنىڭ سىلىگە ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلغىنى، — دېدى دۆلەت ئاتىسى كۈلۈپ.

— قەپەستىكى بالىلار غايىب بولغان تۇرسا، نېمىشقا سىلى تەڭرى ماڭا ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلدى دەيدىلا؟ — دېدى پادىشاھ.

— بايا مەن ئوردىغا كىرىپلا كارامەت قىممەت باھا بىر دورىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىرمىڭ بىر يۈز ئون بىر بالىنىڭ يۈرىكى ۋە جىگىرىدىنمۇ بەك شىپالىق. سەۋەبى، بالىلارنىڭ يۈرەك، جىگىرى سىلىنى مىڭ ياشقا كىرگۈزىدۇ. ئەمدى ھازىر ئېيتقان نەرسە بىلەن خاسىيەتلىك دورامنى يەيدىغان بولسىلىرى، بىر مىليون ياشقا كىرىدىلا، — دېدى دۆلەت ئاتىسى.

پادىشاھ بۇنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەستىن، بۇنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى تەكرار سوراپ تۇرۇۋالغاندى، ئاخىر دۆلەت ئاتىسى مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، شەرقىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئالغىلى ماڭغان شەيخنىڭ ئىنتايىن تازا ئەزالىرى، كېلىشكەن تەقى-تۇرقى ۋە گۈزەل جامالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئون ئەۋلادى تەرىقەت بىلەن كېلىۋاتقان چىن تەرىقەتچى ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بالىلاردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق. ئەگەر ئۇنىڭ يۈرەك ۋە جىگىرىنى قايناتىپ دورامنى ئىچىدىغان بولسىلىرى، گەپ يوق يۈز مىڭ يىل، مىليون يىل ئۆمۈر كۆرىدىلا.

ئەخمەق پادىشاھ بۇ گەپكە ئىشىنىپلا قالدى. ئۇ دۆلەت ئاتىسىغا:

— نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمايدىلا؟ بۇنچە شىپالىق بولسا، ئۇنى بايىلا قويۇۋەتمەي تۇتۇپ قالماسمىدۇق، — دېدى.

— بۇنىڭ قىيىن يېرى يوق ! بايا ئۆزلىرى ئۇنى مېھمان قىلىشنى بۇيرۇدىلا. ئۇ چوقۇم زىياپەتتىن كېيىن شەھەردىن چىقىدۇ. ھازىرلا بۇيرۇق بېرىپ شەھەرنىڭ جىمى دەرۋازىلىرىنى تاقىتىدىلا، لەشكەرلەرگە سارايىنى قورشىتىپ، ئاندىن شەيخنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈرەك - جىگىرىنى ياخشىلىقچە ئالىدىلا. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىسا، دەرھال يۈرەك، جىگىرىنى ئېلىۋېلىپ، جەسىتىنى لايىقىدا كۆمدۈرىدىلا، بۇتخانا ياسىتىپ نەزىر - چىراغ قىلدۇرۇپ تۇرىدىلا؛ ناۋادا ئۇنىماي قالسا، ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق قىلىپ دەرھال باغلىتىپ، ئاندىن يۈرەك، جىگىرىنى ئالدۇرىدىلا شۇ. بۇ دېگەن قانچىلىك قىيىن ئىش ئىدى؟

ئەخمەق پادىشاھ بۇ گەپكە چىڭ ئىشىنىپ، دەرھال شەھەرنىڭ بارلىق دەرۋازىسىنى تاقاشقا بۇيرۇدى، چوڭ - كىچىك ياساۋۇللارنى سارايىنى قورشاشقا ئەۋەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۇدۇل سارايغا كېلىپ ئۆز قىياپىتىگە قايتتى - دە:

— ئۇستاز، چاتاق بولدى! چاتاق بولدى! — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپلا تاڭ سەنزاڭ سوغۇق تەرگە چۆمدى، قورققىنىدىن كۆزىدىن نۇر ئۆچتى، زۇۋانى تۇتۇلدى. جۇ باجيې:

— نېمە چاتاق بولدى؟ نېمە بولدى؟ ئۇستازنى بۇنچىۋالا قورقۇتماي، گەپ بولسا ئاستا قىلمامسىز؟ — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى:

— ئۇستاز ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قارىسام، دۆلەت ئاتىسى راستتىنلا يالماۋۇز ئىكەن. ھايال ئۆتمەي شەھەرنىڭ ئەمىر لەشكىرى كىرىپ، كىچە سوغۇق شامال چىقىپ بالىلارنى ئۇچۇرتۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كەلگەندى، دۆلەت ئاتىسى خۇش بولۇپ كېتىپ: «بۇ تەڭرىنىڭ سىلىگە ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلغىنى» دېدى ۋە ئۇستازىمىزنىڭ يۈرەك، جىگىرى بىلەن دورىنى يېسە، يۈز مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەخمەق پادىشاھ بۇ گەپكە ئىشىنىپ،

لەشكەرلەرگە سارايىنى قورشاشنى بۇيرۇدى ، كىمخاب چاپانلىق بەگلەرنى ئۇستازدىن يۈرىكىنى سوراشقا ئەۋەتتى .

— شاپائەت قىلغانغا تويۇڭ ! باللارنى قۇتقۇزغانغا تويۇڭ ! سوغۇق شامالنى راسا چىقىرىڭ ! بالا - قازانى تازا تېپىڭ ! — دېدى جۇ باجىي ئىچى قارىلىق قىلىپ .

تاڭ سەنزاڭ لاغىلداپ تىترەپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يېلىندى :

— ساداقەتمەن شاگىرتىم ! بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟

— چارە شۇكى ، چوڭدىن كىچىك بولسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— «چوڭدىن كىچىك بولۇش» دېگەن نېمە ؟ — دەپ سورىدى شا شەيخ .

— هايات قالىمەن دەيدىكەن ، ئۇستاز شاگىرت بولىدۇ ، شاگىرت ئۇستاز بولىدۇ ، شۇندىلا ئامان قالىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— جېنىم ئامان قالىدىغانلا ئىش بولسا ، ساڭا شاگىرت بولۇشقا ، مايمۇن بولۇشقا مىڭ رازى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇنداق بولسا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە بۇيرۇدى ، — جۇ باجىي ، دەرهال ئازراق لاي ئەتكىن .

جۇ باجىي تىرنىسىدا توپا چىقاردى ، تاشقىرىدىن سۇ ئەكېلىشتىن ئېرىنىپ ، ئازاراق سىيىپ ، شۇنىڭدا لاي ئېتىپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى . سۇن ۋۇكۇڭ باشقا ئامال بولمىغانلىقتىن ، نائىلاج لاينى ئازراق ياپىلاقلاپ يۈزىگە چاپلىدى . تاڭ سەنزاڭنى مىدىرلىماي تۇرسىلا ، دەپ ، قالغان لاينى ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلىدى . ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇپ ، پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، تاڭ سىيىڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قىياپىتىگە كىردى ، كىيىمنى سېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭكىنى كىيدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر يۇمىلىغانىدى ، تاڭ سېڭنىڭ

ئۆزىلا بولدى. جۇ باجيې، شاسېڭلارمۇ ئۇلارنى پەرق ئېتەلمىدى.

ئىش پۈتۈشكە، داقا ـ دۇمباق ئاۋازى كەلدى. ئەمىر لەشكەر ئۈچ مىڭ نەپەر لەشكەر بىلەن سارايىنى قورشىدى. كىمخاب كىيىملىك بىر بەگ دەڭگە كىرىپ سورىدى:

— شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن دەرۋىش قەيەردە؟

سارايۋەن ساراسىمىگە چۈشۈپ تىترىگەن هالدا تىز چۆكتى:

— تۆۋەندىكى هۇجرىدا.

كىمخاب كىيىملىك بەگ مېهمانخانىغا كىرىپ:

— تاڭ دەرۋىش، شاهىمىز سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئىككى ياقتا «يالغان سۈن ۋۇكۇڭ»نى مۇهاپىزەت قىلىپ تۇردى. «يالغان تاڭ سېڭ» تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن سالام قىلىپ:

— بېگىم، پادىشاه ئالىيلىرىنىڭ پېقىرغا نېمە گېپى بار ئىكىن؟ — دېدى. بەگ كاپپىدە ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:

— مەن بىلەن ئوردىغا ماڭ، سېنىڭدىن بىر نەرسە ئالسا كېرەك، — دېدى. تاڭ سېڭنىڭ هاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## يەتمىش توققۇزىنچى باب

### سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆمۈر يۇلتۇزىغا يولۇققانلىقى
### پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا بوۋاق كۆرگەنلىكى

ئەلقىسسە، كىمخاب تونلۇق بەگ «يالغان تاڭ سېتى» نى دەڭدىن سۆرەپ چىقتى، ياساۋۇللارنىڭ قاتمۇ قات قورشاۋىدا ئۇنى ئوردا ئالدىغا ئەكېلىپ ئىشىك ئاغىسىغا :

— بىز تاڭ سېتىنى چاقىرىپ كەلدۇق، كىرىپ خەۋەر بېرىڭ، — دېدى. ئىشىك ئاغىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، كىرىشكە ئىجازەت ئالدى، بەگلەر كىرىپلا تەخت ئالدىدا تىز چۆكتى، «يالغان تاڭ سېتى»لا تىك تۇرۇپ ئۇنلۇك قىلىپ :

— بىچىۋ پادشاھى، پېقىرنى چاقىرتىپتىلا، نېمە گەپلىرى بار ئىكەن؟ — دېدى.

— كەمىنىڭىز بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپتىمەن، ئۇزاق بولدى، شىپا تاپالمىدىم. بەختىمگە ئاتىمىز بىر رىسالىگە ئىگە بولغانىكەن، شۇ ئاساستا دورىلارنى تەخ قىلدۇق. بىرلا نەرسە كەم بولۇپ قالدى، شۇنى سوراش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئالايىتەن تەكلىپ قىلىپتىمەن. ناۋادا كېسىلىم شىپا تاپسا، سىزنىڭ نامىڭىزدا ئىبادەتخانا ياسىتىپ، يىلنىڭ تۆت پەسلىدە نەزىر - چىراغ قىلدۇرىمەن، مەڭگۈ شاھانە كۈجە كۆيدۈرىمەن، — دېدى پادشاھ كۈلۈپ.

— مەن سەپەر ئۈستىدىكى ئادەممەن، مېنىڭدە ئىسسىق جانلا بار. پادىشاھ ئالىيلىرى، ئاتىلىرىدىن نېمە كېرەكلىكىنى سورىدىلىمىكىن.

— دەرۋىش، سىزدىن يۈرەك ۋە جىگىرىڭىزنى سورىماقچىمەن، — دېدى ئەخمەق پادشاھ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، سىزدىن يوشۇرمايمەن ، يۈرەكتىن مەندە بىرنەچچىسى بار ، قايسى رەڭدىكى يۈرەك لازىمكىن سىلىگە ؟ — دېدى «يالغان تاڭ سېلىك» .

— راھىب ، بىزگە قارا يۈرىكىڭىز كېرەك ، — دېدى دۆلەت ئاتىسى بىر چەتتە تۇرۇپ .

— ئۇنداق بولسا ، دەرھال قىلىچ ئېلىپ كېلىڭلار ، مەيدەمنى يېرىپ بېرەي . ناۋادا قارا يۈرەكلا بولىدىكەن ، سىزگە قوش قوللاپ تۇتاي ، — دېدى «يالغان تاڭ سېلىك» .

ئەخمەق پادىشاھنىڭ خۇشلۇقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى ، كۆپ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن قىسقا ساپلىق خەنجەر ئەكەلدۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى . ئۇ دەرھال كىيىمىنى يېشىپ مەيدىسىنى ئاچتى ، سول قولىدا قورسىقىنى سىلاپ ، ئوڭ قولىدا خەنجەرنى تۇتتى ، «پاراس - پۇرۇس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قارنىنى ياردى ، قارنىدىن بىر مۇنچە يۈرەك چۈشتى . قورقىنىدىن قەلەمدار بەگلەرنىڭ ئۆڭى ئۆچتى ، ئەلەمدار بەگلەرنىڭ بەدىنى ئۈيۈشۈپ قالدى . دۆلەت ئاتىسى بولسا :

— بۇ يۈرىكى جىق شەيخ ئىكەن ! — دېدى .

«يالغان تاڭ سېلىك» قان تېمىپ تۇرغان يۈرىكىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى . بۇلار قىزىل يۈرەك ، ئاق يۈرەك ، سېرىق يۈرەك ، ئاچ كۆز يۈرەك ، شۆھرەتپەرەس يۈرەك ، ھەسەتخور يۈرەك ، غۇم ساقلايدىغان يۈرەك ، ئۇستۇنلۇك تالىشىدىغان يۈرەك ، تەكەببۇر يۈرەك ، ئېھتىياتچان يۈرەك ، ئېزىتقۇ يۈرەك ، نامسىز يۈرەك ، يوشۇرۇن يۈرەك ، تۇرلۇك يامان نىيەتلىك يۈرەك بولۇپ ، بىرلا قارا يۈرەك يوق ئىدى . ئەخمەق پادىشاھ قورقۇپ ياغاچتەك قېتىپلا قالدى ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى ، كېيىن تىترەپ تۇرۇپ :

— يىغىۋېلىڭ ! يىغىۋېلىڭ ! — دېدى .

«يالغان تاڭ سېلىك» يۈرەكلەرنى يىغىۋېلىپ ئۆز قىياپىتىگە قايتىپ ، ئەخمەق پادىشاھقا مۇنداق دېدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى، كۆزى ئوچۇق كور ئىكەنسىز! مەن ياخشى نىيەتلىك ئاق كۆڭۈل راھىب، ئاتىڭىزلا قارا يۈرەك، شۇنىڭ يۈرىكىنى ئالسىڭىز بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز مەن ئېلىپ كۆرسىتەي.

بۇنى ئاڭلىغان دۆلەت ئاتىسى كۆزىنى يوغان ئېچىپ زەن سېلىپ قارىدى، راھىب بايىقىدىن باشقىچە قىياپەتتە تۇراتتى. ۋاي! ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەۋلىيانى، يۈز يىلنىڭ ئالدىدىلا مەشھۇر بولغان سۇن ۋۇكۇڭنى تونۇدى ـ دە، غاچچىدە ئاسمانغا چىقىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپلا چىقىپ ئۇنى توسۇدى:

— قەيەرگە قاچىسەن! ئاكاڭنىڭ كالتىكىنى تېتىپ باق.

يالماۋۇز ئەجدىھا ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىيلەن ھاۋادا قاتتىق ئېلىشتى. يىگىرمە قېتىمچە تۇتۇشقاندىن كېيىن ئەجدىھا ھاسا ئالتۇن توقىغا تەڭ كېلەلمىدى. يالماۋۇز ئۇنى مۇنداقلا ئويىنىتىپ قويۇپ سوغۇق نۇرغا ئايلاندى ـ دە، پەسكە چۈشۈپ ھەرەمگە كىردى، ھەرەمدىن پادىشاھقا تۇتقان پەرىزاتنى ئاچىقىپ غايىب بولدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئوردىغا كىردى.

— ئاتاڭلارنى كۆردۇڭلارمۇ، ئوبدانمىكەن! — دېدى ئۇ بەگلەرگە. بەگلەر تەڭلا تەزىم قىلىپ ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى.

— تەزىمڭلارنى قويۇپ، ئەخمەق شاھىڭلارنى تېپىڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— جەڭ بولۇۋاتقاندا شاھىمىز قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. قايسى ھەرەمگە كىرىپ كەتكىنىنى بىلمىدۇق، — دېدى بەگلەر.

— تېز ئىزدەپ تېپىڭلار، گۈزەل خانىش ئۇنى ئەكەتكەن بولمىسۇن يەنە! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. بەگلەر بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان گۈزەل خانىش تۇرىدىغان ھەرەمگە كىرىپ قارىسا، پادىشاھمۇ، گۈزەل خانىشمۇ يوق بولۇپ چىقتى. چوڭ خانىش، ئوتتۇرانچى خانىش، كەنجى خانىش بىلەن ئالتە كىچىك خانىش ۋە

كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا باش قويۇپ تەشەككۇر ئېيتتى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، تەشەككۇر ئېيتىدىغان چاغ تېخى كەلمىدى، تېزدىن غوجاڭلارنى تېپىڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

بىرئازدىن كېيىن تۆت - بەش ھەرەمئاغىسى ئەخمەق پادىشاھنى يۆلەپ ئوردىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ تەڭلا مۇنداق دېدى:

— پادىشاھىم! پادىشاھىم! بۇ راھىبقا تەشەككۇر ئېيتىسىلا، ئۇ راست - يالغاننى ئايرىپ بەردى، دۆلەت ئاتىسى يالماۋۇز ئىكەن. ھازىر گۈزەل خانىشمۇ غايىب بولدى.

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ سۇن ۋۇكۇڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— دەرۋىش، ئەتىگەنكى تۇرقىڭىز ئاجايىپ كېلىشكەنىدى، ھازىر ئەجەب باشقىچە قىياپەتكە كىرىپ قاپسىزغۇ؟

— پادىشاھ ئالىيلىرىدىن يوشۇرمايمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — ئەتىگەن كەلگىنى مېنىڭ ئۇستازىم، تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى تاڭ سەنزاڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭ شاگىرتى سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن. يەنە جۇ ۋۇنېڭ، شا ۋۇجىڭ دەيدىغان ئىككى ئىنىم بار ئىدى، سارايدا قالدى. سىز يالماۋۇزنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۇستازىمنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ دورىغا قوشۇپ ئىچمەكچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن يالماۋۇزنى تۇتاي دەپ، ئۇستازىمنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ كەلگەنىدىم.

پادىشاھ شۇئان ھەرەمئاغىسىنى سارايغا بېرىپ باشقىلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆز قىياپىتىگە قايتىپ ئاسماندا ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى، بەختىگە جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئۇنىڭ يېنىدا بولدى. ئۇ يۈزىگە لاي سۈركەلگەنلىك بولغىنى ئۈچۈنمۇ بەك ئىچى سىقىلىپ تۇراتتى، تاشقىرىدىن توۋلىغان ئاۋاز كەلدى:

— تەرىقەتچى ئۇستاز، بىچيۇ دۆلىتى پادىشاھى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇستاز، قورقمىسىلا! سىلىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئالغىلى ئەمەس، ئاغىمىز ئالۋاستىنى يەڭگىنى ئۈچۈن سىلىگە تەشەككۈر ئېيتقىلى چاقىرتىپتۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— ئۇ غەلىبە قىلغانمۇ بولسۇن، ئەمما مەن مۇشۇ ئەپتىم بىلەن خەقلەرگە قانداق كۆرۈنىمەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— نېمە ئامال بار ئەمدى، ئاۋۋال بېرىپ ئاغام بىلەن كۆرۈشەيلى، ئۇ ئۆزى بىر نېمە قىلىدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

تاڭ سەنزاڭ نائىلاج جۇ باجيې، شاسېڭلارغا يۆك ـ تاقلارنى كۆتۈرتۈپ، ئاتنى يېتىلىتىپ سارايدىن چىقتى. ھەرەمئاغىسى ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— ۋاي ئاتىمەي! بۇ پۈتۈنلەي ئالۋاستىلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىغۇ!

— بېگىم، بىزنى سەتكەن دەپ قورقماڭ. بىزنىڭ ئۆز سىياقىمىز بار، ئۇستازىمىز ئەگەر ئاغىمىز بىلەن كۆرۈشسە چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇچەيلەن كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئوردىغا كەلدى، كەلگىنىنى خەۋەر قىلىپمۇ يۈرمەي ئۇدۇل ئوردىغا كىردى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇستازنىڭ يۈزىنى بىر سىلىۋېتىپ پۈۋلەپ «ئۆزگەر!» دېگەنىدى، تاڭ سېڭ ئۆز قىياپىتىگە قايتىپ، تېتىك، خۇشخۇي بولدى. پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ئۇنى كۈتۈۋالدى ۋە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي: «تەرىقەتچى پېشۋا!» دېدى. ئۇستاز ۋە شاگىرتلار ئاتلارنى باغلاپ قويۇپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشتى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ھېلىقى يالماۋۇزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلەمدىلا، مەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، سىلەرنى كېيىنكى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇراي، — دېدى.

ئۈچ ھەرەمدىكى چوڭ خانىشلار، ئالتە قەسىردىكى كىچىك خانىشلار، كېنىزەكلەر دەرپەردىنىڭ كەينىدە گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. سۈن ۋۇكۇڭنىڭ «كېيىنكى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇراي» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا، شەرم - ھايا، ئىزا - نومۇسىنى قويۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ تەزىم بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى:

— كارامەتلىك ئەۋلىيا، كارامەتلىرى بىلەن ئۇنى يوقىتىپ، ئۇرۇق - ۋۇجۇدىنى قۇرۇتۇپ، بىزگە شاپائەت قىلغايلا. سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولۇپ، لايىقىدا جاۋاب قايتۇرساق.

سۈن ۋۇكۇڭ دەررۇ ئۇلارغا جاۋابەن سالام بېرىپ، پادىشاھتىن يالماۋۇزنىڭ تۇرىدىغان جايىنى سورىدى. پادىشاھ ئىنتايىن ئۇيالغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىلا سورىغانىدىم. ئۇ، يىراق ئەمەس، جەنۇبقا قاراپ يەتمىش چاقىرىم يۇرگەندە سۆگەتلىك بىر تۆپىلىك بار، شۇ تۆپىلىكتىكى چىڭخۇا كەنتىدىن بولىمەن، دېگەنىدى.

— ئوبدان گەپ ئىكەن، مەن بېرىپ يالماۋۇزنى تۇتۇپ كېلەي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە توۋلىدى، — جۇ باجىي، يۈر مېنىڭ بىلەن!

— ئاغامنىڭ گېپى ماڭا بۇيرۇق. شۇغىنىسى، قورۇق قورساق تۇتۇشسام تازا كۆچىيەلمەسمەنمىكىن، — دېدى جۇ باجىي.

— دەررۇ پەرھىز تائام تەييار قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى پادىشاھ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا تاماق ھازىر بولدى. جۇ باجىي راسا تويغۇچە يەپ، تېتىكلىشىپ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بىر موللاق ئېتىپلا ئاسمانغا چىققانىدى، پادىشاھ، خانىش ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار قورقىنىدىن ئاسمانغا قارىغىنىچە سالام بەردى، ھەممەيلەن بىردەك:

— ياپىر، ئۇلار ھەقىقەتەن زېمىنغا چۈشكەن خىزىر ئىكەن! — دېيىشتى.

سۈن ۋۇكۇڭ جەنۇبقا قاراپ يەتمىش چاقىرىم يول باسقاندىن كېيىن بوران بىلەن بۇلۇتتىن چۈشۈپ يالماۋۇزنى ئىزدىدى. قارىسا، سۇزۇك سۇلار ئېقىۋاتقان بىر جىرانىڭ ئىككى قىرغىقىدا نۇرغۇن سۆگەتلەر جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار چېچەكلىرىنىڭ كەينىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ بەئەينى، ئەجەب كۆركەم مەنزىرە بۇيان، ئادەمزاتتىن دېرەك يوق تامام، دېگەننىڭ ئۆزى ئىدى.

سۈن ۋۇكۇڭ يالماۋۇزنىڭ ماكانىنى پەقەت تاپالمىغاندىن كېيىن ئەپسۇن ئوقۇپ مۇشۇ جايدىكى يەر مۇئەككىلىنى چاقىردى. يەر مۇئەككىلى كېلىپ تىترەپ تۇرۇپ:

— تەقسىر، سۆگەتلىكنىڭ يەر مۇئەككىلى خىزمىتىڭىزدە، — دېدى.

— قورقماڭ، سىزنى ئۇرمايمەن، بۇ سۆگەتلىك تۈپلىكتە چېچەكلىرى كەنتى دېگەن جاي بارمۇ؟ ئۇ يەر قەيەردە؟ شۇنى دەپ بېرىڭ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— بۇ يەردە چېچەكلىرى غارى بار، چېچەكلىرى كەنتى يوق. بىلىشىمچە، سىز بىچيۇ دۆلىتىدىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى يەر مۇئەككىلى.

— شۇنداق، شۇنداق. بىچيۇ پادىشاھىنى بىر يالماۋۇز ئالداپ كېتىپتىكەن، مەن كۆرۈپلا ئۇنى بىلىۋالدىم. ئىككىمىز جەڭ قىلىۋاتقاندا ئۇ سوغۇق نۇر بولۇپ غايىب بولۇپ كەتتى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، — بىچيۇ پادىشاھىدىن سورىسام، ئۇ، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا گۈزەل قىزنى باشلاپ كىرگەندە ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىسام، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يەتمىش چاقىرىم كېلىدىغان سۆگەتلىك تۈپلىكتىكى چېچەكلىرى كەنتىدە تۇرىمەن دېگەن، دېدى. شۇ گەپ بىلەن بۇ يەرگە كەلسەم سۆگەتلىك تۈپلىكنىلا كۆردۈم، چېچەكلىرى كەنتىنى كۆرمىدىم، شۇڭا سىزدىن سوراۋاتىمەن.

— گۇناھىمدىن كېچىڭ، — دېدى يەر مۇئەككىلى باش

قويۇپ ،— بچيۇ پادىشاھى مېنىڭمۇ ئىگەم بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولسام بولاتتى . ئەپسۇسكى ، يالماۋۇز بەك يامان . ناۋادا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارىلاپ قويسام مېنى بوزەك قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇندىمىگەنىدىم . بۇگۈن سىز كەپسىز . جەنۇبىي قىرغاقتىكى توققۇز ئاچىلىق تېرەكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ سولغا ئۈچ ، ئوڭغا ئۈچ ئـايـلـىنىڭ ، ئاندىن دەرەخنى چىڭ قۇچاقلاپ ئارقا - ئارقىدىن «ئىشىكنى ئاچ » دەپ ئۈچ مەرتىۋە توۋلىسىڭىز ، ئالدىڭىزدا چىڭخۇا قەسرى پەيدا بولىدۇ .

سۇن ۋۇكـۇڭ بـۇنـى ئاڭـلاپ بـولـۇپ يەر مۇئەككىلىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ، جۇ باجيې بىلەن ھېلىقى دەرەخنى ئىزدەپ ماڭدى . دېـگەندەك ، بىر دەرەخ توققۇز ئاچا بولۇپ شاخلىغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېغا :

— سەن يىراقتا تۇرۇپ تۇرغىن . مەن ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ ، يالماۋۇزنى تېپىپ قوغلاپ چىقاي ، سـەن شۇ چـاغـدا تۇتـۇش قىلغىن ، — دەپ تاپىلىدى .

جۇ باجيې بۇ گەپ بىلەن دەرەختىن يېرىم چاقىرىم يىراقتا تـۇردى . سـۇن ۋۇكـۇڭ يـەر مۇئەككىلىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دەرەخنىڭ تۈۋىدە سولغا ئۈچ ، ئوڭغا ئۈچ ئايلاندى ، ئاندىن دەرەخنى قـۇچـاقـلاپ تـۇرۇپ : «ئـىـشىكنى ئاچ ! ئىشىكنى ئاچ !» دەپ توۋلىدى . شۇئان جاراڭ - جۇراڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى قاناتلىق ئىشىك ئېچىلىپ دەرەخ غايىب بولدى . ئىچكىرى تەرەپ ھەر خىل رەڭدە ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇراتتى ، بىراق ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇسسۇپ كىرىۋەردى . بۇ يەردە شەپەق نۇر چاچاتتى ، ئاي - كۈن كۆزنى چاقاتتى ، غاردىن ئاق بۇلۇت چـىقىپ تۇراتتى . ئەتراپ ئاجايىپ گۈزەل ، ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ، قىممەت باھا گۈل - گىياھلار ئاجايىپ كـۆركـەم مـەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قـىلاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئىچكىرىرەك كىرىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغانىدى ، بىر تاشقا يېزىلغان «چىڭخۇا پەرىزاتلار قەسرى » دېگەن

خەتلەرنى كۆردى . ئۇ تاقەتسىزلىنىپ تاشتىن سەكرەپ ئۆتۈپ قاردى ، يالماۋۇز گۇزەل قىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ هاسىراپ ـ هۆمۇدىگەن هالدا بىچىۋ دۆلىتىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى . ئىككىسى تەڭلا :

— ئەجەب ئوبدان پۇرسەت كەلگەن ـ هە ! ئۇچ يىللىق ئىشىمىزغا كاساپەت مايمۇن دەخلى قىلدى دېسە ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىر تاقلاپلا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ كالتىكىنى كۆتۈرۈپ :

— هوي توخرۇلۇقلار ! قانداق «ياخشى پۇرسەت» ئۇ ! كالتەكىمگە قارا ، — دېدى . يالماۋۇز گۇزەلنى تاشلاپ ، هاسىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى . ئىككىيلەن غار ئالدىدا شۇنداق قاتتىق ئېلىشتىكى ، غاردىكى شەپەق نۇرىمۇ خۇنۇكلىشىپ ، ئەتراپنى سۇر باستى . جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازدىن قورقۇپ كەتكەن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچالماي قالدى ، قىر ـ چاپ ئاۋازىدىن گۇزەل قىز قورقۇپ هوشىدىن كەتتى . ئۇلار ئون مەرتىۋە ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى .

جۇ باجيې ئىچكىرىدىكى قىر ـ چاپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قولى قىچىشىپ تۇرالماي كەتتى ـ دە ، تۆمۈر تىرنىسىدا توققۇز ئاچىلىق دەرەخنى قومۇرۇۋەتتى ، دەرەختىن قىپقىزىل قان ئاقتى ۋە بوۋاق يىغلىغاندەك ئاۋاز چىقتى . «بۇ دەرەخمۇ ئالۋاستى بولدىغۇ ئەمدى» دېدى جۇ باجيې . شۇ ئارىلىقتا سۇن ۋۇكۇڭ يالماۋۇزنى ئېلىپ چىقتى . جۇ باجيې گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئۇنىڭغا ئېتىلدى . يالماۋۇز سۇن ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمەي تۇرغاندا ، جۇ باجيېنىڭ تىرنا كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولدى ، يېڭىلگىنىنى بىلىپ ، بىر دومىلاپلا سوغۇق نۇرغا ئايلىنىپ كۈنچىقىشقا قاراپ قاچتى . ئىككىيلەن ئىز باستۇرۇپ قوغلاپ ماڭدى .

ئۇلار قىر ـ چاپ بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقاندا ، توساتتىن ئەنقا ، تۇرنىلارنىڭ سايرىشى ئاڭلىنىپ ، خاسىيەتلىك نۇر لەيلەپ كەلدى .

بۇلار قارىسا، ئۇ جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ئۆمۈر يۇلتۇزى ئىكەن. ئۇ سوغۇق نۇرنى توسۇدى، ئاندىن بۇلارغا قاراپ:

— ئەۋلىيا ئەزەم، ئاستىراق چېپىڭ، پەلەك سەركەردىسى، سىزمۇ قوغلىماڭ، پېقىر سىلەرگە سالام بەرگىلى كەلدىم، — دېدى.

— ئىنىم، قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن.

— بوۋاي سوغۇق نۇرنى توسۇۋالدى. دېمەك، ئۇ يالماۋۇزنى تۇتتى، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ.

— شۇنداق، ئۇ مۇشۇ يەردە. ئىككىڭلار ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىڭلار، — دېدى ئۆمۈر يۇلتۇزى كۈلۈپ.

— يالماۋۇزنىڭ سىز بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىسا، نېمىشقا ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىسىز، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئۇ ئەسلىي مېنىڭ پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول ياردەمچىم ئىدى، مەن دىققەت قىلمىغاندا، بۇ يەرگە كېلىپ يالماۋۇز بولۇۋاپتۇ، — دېدى ئۆمۈر يۇلتۇزى كۈلۈپ.

— ئۇ راستىلا سىزنىڭ نەرسىڭىز بولسا، ئەسلىي قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ باقامسىز قېنى؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

ئۆمۈر يۇلتۇزى بۇ گەپ بىلەن سوغۇق نۇرنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— مۈتتەھەم! دەرھال ئەسلىي قىياپىتىڭگە قايتىپ بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلە!

يالماۋۇز بىر پىرقىرىدى، بۇلار قارىسا، ئۇ بىر ئاق كېيىك ئىكەن. ئۆمۈر يۇلتۇزى ھاسىنى ئېلىۋېلىپ:

— ھۇ بەچچىغەر، ھاسامنىمۇ ئوغرىلاپ كېتىپتىكەنسەن-دە! — دېدى. كېيىك يەردە ياتقىنىچە گەپ-سۆز قىلالماي يىغلىغان ھالدا ھە دەپ باش ئۇردى. ئۆمۈر يۇلتۇزى سۈن ۋۇكۇڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ كېيىككە مىندى-دە، مېڭىشقا تەمشەلدى، شۇئان سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى توختىتىۋالدى:

— ئىنىم ، ئالدىرىماي تۇرۇڭ . قىلىدىغان يەنە ئىككى ئىش بار .

— قىلىدىغان يەنە قانداق ئىشلار بار ؟ — دېدى ئۆمۈر يۈلتۈزى .

— گۈزەل قىز تېخى تۇتۇلمىدى ، بىلمىدىم ، ئۇ قانداق نەرسىكىن . ئۇندىن باشقا ، بىز بىلەن بىللە بىچيۇ شەھىرىگە بېرىپ ئەخمەق پادىشاھقا بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىدىغان ئىش ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنداق بولسا مەن تۇرۇپ تۇراي ، سىز غارغا كىرىپ گۈزەل قىزنى تۇتۇپ كېلىڭ ، ئاندىن بىرگە بېرىپ يۈزلىشەيلى ، — دېدى ئۆمۈر يۈلتۈزى .

— سىلەر سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ تۇتۇپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې قەددىنى رۇسلاپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن چىڭخۇا غارىغا كىرىپ ۋارقىرىدى :

— جىننى تۇتىمىز ! جىننى تۇتىمىز !

گۈزەل قىز لاغىلداپ تىترەپ قاچماقچى بولۇۋاتاتتى ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ تاش توسۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى ، چۈنكى قاچقۇدەك ئارقا ئىشىكمۇ يوق ئىدى . جۇ باجيې :

— قەيەرگە قاچىسەن ، ئەركەكلەرنى ئالدايدىغان يۈزى قېلىن قانجۇق ! — دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى . گۈزەل قىزنىڭ قولىدا قورال بولمىغاچقا ئۇنىڭغا قارشى چىقالماي ، سوغۇق نۇرغا ئايلىنىپ سىرتقا قاچتى ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى توسۇپ تۆمۈر كالتىكىدە راسا ساۋىغانىدى ، ئۇ چىداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى تۇپىغا تاشلاپ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى . ئۇ ئەسلىي ئاق يۈزلۈك تۈلكە ئىدى . جۇ باجيې ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تىرنا بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى .

— ئۇنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمە ، ئەخمەق پادىشاھ ئۇنى كۆرمىسە بولمايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . جۇ باجيې مەينەت دېمەستىن ئۇنى قۇيرۇقىدىن سۆرەپ تاشقىرىغا چىقتى . سۇن

ۋۇكۇك يەنە ئەپسۇن ئوقۇپ يەر مۇئەككىلىنى چاقىرىپ :
— بوزەك بولماسلىقىڭىز ئۈچۈن قۇرۇق ئوتۇن ـ چاۋا يىغدۇرۇپ كېلىپ ئوت قويۇپ بالايىئاپەتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىڭ ، — دېدى . يەر مۇئەككىلى شاققىدە بۇرۇلۇپ ھەيۋە بىلەن يەر لەشكەرلىنى چاقىرىپ ، ئۇلارغا قۇرۇق ئوتۇن ـ چاۋا ئەكەلدۇرۇپ غارغا ئوت قويدۇردى . ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ بىر دەمنىڭ ئىچىدە چىڭخۇا غارنى ئوت ئورەككە ئايلاندۇرۇۋەتتى .

ئەلقىسسە ، جۇ باجيې تۈلكىنى سۆرگىنىچە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ پادىشاھقا :
— مانا سىزنىڭ گۈزەل خانىشىڭىز ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئوينامسىز ؟ — دېدى . پادىشاھ قورقۇپ لاغ ـ لاغ تىترەپ كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆمۈر يۇلتۇزىنى باشلاپ ، ئاق كېيىكنى يېتىلەپ ئوردىغا كىرىۋىدى ، پادىشاھ ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ، خانىش ، كېنىزەكلەر قورققىنىدىن تەڭلا باش قويۇپ تەزىم قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ پادىشاھنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كۈلۈپ :
— ماڭا تەزىم قىلماڭ ، مانا بۇ ئاق كېيىك دۆلەت ئاتىسى بولىدۇ ، شۇنىڭغا تەزىم قىلىڭ ، — دېدى .
— مېنى ۋە دۆلىتىمنى قۇتۇلدۇرغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مىڭ رەھمەت ! بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى پادىشاھ خىجىل بولۇپ ، ئارقىدىن دەرھال كاتتا زىياپەت ھازىرلاشقا بۇيرۇدى . شەرقىي سارايىنى ئېچىپ ئۆمۈر يۇلتۇزى بىلەن تاڭ سېڭ قاتارلىق تۆتەيلەننى باشلاپ كۆپ تەشەككۈر ئېيتتى . تاڭ سەنزاڭ ئۆمۈر يۇلتۇزى بىلەن كۆرۈشتى ، شاسېڭمۇ كۆرۈشۈپ سالام بەردى . ئاندىن تاڭ سېڭ :
— ئاق كېيىك سىزنىڭ نەرسىڭىز ئىكەن ، ئۇ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ زىيانداش بولۇپ قالدى ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۆتكەندە دۇڭخۇا پادىشاھى قاقاس تېغىمدىن ئۆتۈپ قالدى . ئىككىمىز شاھمات ئويناپ ئولتۇرۇپ قاپتۇق ، بۇ كاساپەت غېپپىدە

قېچىپتۇ. مېھماننى يولغا سېلىپ قارىسام ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، ھېساپلاپ بېقىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئىزدەپ كەلسەم، سۇن ۋۇكۇڭلار ئۇنى قوغلاپ كېتىۋېتىپتىكەن. ناۋادا كېچىككەن بولسام بۇ مۇناپىق تۇگىشىدىكەن، — دېدى ئۆمۈر يۇلتۇزى كۈلۈپ. شۇ ئارىلىقتا خەۋەرچى كىرىپ: «غىزا تەييار بولدى» دېدى. شۇئان ھەممە ئۆزىگە لايىق ئورۇن ئالدى، تۆردە ئۆمۈر يۇلتۇزى ئولتۇردى، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە تاڭ سېڭ ئولتۇردى، پادىشاھ ئالدى تەرەپتە ئولتۇردى، سۇن ۋۇكۇڭ، جۇ باجيې، شاسېڭلار بىر يانغا جايلاشتى، ئىككى - ئۈچ ۋەزىر ئەزەم ئوڭ - سولدىن ئورۇن ئېلىپ نەغمە - ناۋا قىلىشنى بۇيرۇدى. پادىشاھ قىزىل قەدەھنى كۆتۈرۈپ ھەممەيلەنگە بىرمۇبىر قەدەھ تۇتتى. يالغۇز تاڭ سېڭلا ئىچمىدى. جۇ باجيې سۇن ۋۇكۇڭغا:

— مېۋە - چېۋىنى سىزگە بېرەي، شورپا - غىزالارنى ماڭا كۆپرەك سۇنۇۋېتەرسىز، — دېدى - دە، ياخشى - يامان دەپ تاللاپ ئولتۇرماي ئالدىغا كەلگەننى سوقتى.

زىياپەت ئاياغلاشقاندا ئۆمۈر يۇلتۇزى خوشلىشىشقا باشلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېسىلىنى شىپا تاپقۇزۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. ئۆمۈر يۇلتۇزى كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— مەن كېيىككىمنى ئىزدەپ كەلگەچكە، دورا ئالماي كېپتىمەن. ئۇزاقتىن كېسەل دەردىنى تارتىپ ناھايىتى زەئىپلىشىپ كېتىپسىز، دورىمۇ كۆتۈرەلمىگۇدەكسىز. يېنىمدە ئۈچ تال چىلان بار، ئۇنى دوخخوا پادىشاھى چاي قىلىپ ئىچىڭ، دەپ بەرگەن، مەن ئىشلەتمىگەن، شۇنى سىزگە بېرەي.

پادىشاھ ئۇنى يېگەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ساقىيىپ يېنىكلەشتى. بۇنى كۆرۈپ جۇ باجيې:

— تەقسىر، چىلاندىن ماڭىمۇ بەرسىڭىزچۇ، — دېدى.

— جىقراق ئېلىۋالماپتىمەن، باشقا بىر كۈنى سىزگە بىر نەچچە جىڭ بېرەي، — دېدى ئۆمۈر يۇلتۇزى ۋە سارايدىن چىقىپ

پادىشاھقا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئاق كېپىككە مىندى ـ دە، بىر ۋارقىراپ يۇرۇپ كەتتى. پادىشاھ، خانىشلار، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە شەھەر خەلقى كۆجە كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلىپلا قالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

— شاگىرتلىرىم، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار، شاھ بىلەن خەيرلىشىپ ماڭايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

پادىشاھ بىر مەزگىل تۇرۇڭلار دەپ قاتتىق تۇتقاندى، سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى:

— جانابىي ئالىيلىرى، بۇندىن كېيىن نەپسىلىرىگە ھاي بېرىپ ساۋاب ئىشلارنى جىقراق قىلغايلا، ياخشىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگەتكەيلا، شۇندىلا ئاغرىق ـ سىلاقتىن نېرى بولۇپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلەيدىلا.

ئۇلار ئىككى پەتنۇس ئالتۇن ـ كۆمۈش ئاچىقىپ يوللۇق تۇتقاندى، تاڭ سېڭ ئازراقمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى، پادىشاھ ئامالسىز شاھانە ھارۋىغا تاڭ سېڭنى ئولتۇرغۇزدى، ئۇنى پادىشاھ ۋە خانىشلار ئىتتىرىپ ئوردىدىن چىقىرىپ قويدى. كوچا ـ بازارلاردىكى خالايىق چىراغ يېقىپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ، ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرىپ قويدى. ئۇشتۇمتۇت شامال چىقىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا بىر مىڭ بىر يۈز ئون بىر قەپەس چۈشتى، ئىچىدە بالىلار يىغلىشىۋاتاتتى. ئۇلىرىنى كۆرسەتمىگەن شەھەر مۇئەككىلى، يەر مۇئەككىلى، تاجۇتەخت مۇئەككىلى، پارسابەگلەر، بەش تەرەپ بۇددىلىرى، ئەمەلدارلار ئىشلىرى دىۋاننىڭ تۆت بېگى، ئالتە ھۆر قىز، ئالتە غۇلمان، بۇتخانا مۇئەككەللىرى قاتارلىقلار تەڭلا مۇنداق دېدى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزغا بىنائەن بالىلار سېلىنغان قەپەسلەرنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندۇق. بۇگۈن تۆھپە بىلەن قايتقىنىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ ھەممىنى ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى.

پادىشاھ، خانىش ۋە خالايىق تەڭلا باش قويدى. سۇن ۋۇكۇڭ

ئاسمانغا قاراپ :
— ھەرقايسىڭلارنى مالال قىلىپ قويدۇم ، جايىڭلارغا قايتىڭلار . خەلققە سىلەرگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىشنى تاپىلايمەن ، — دېدى . شۇنىڭ بىلەن يەنە سوغۇق شامال چىقىپ ئۇلار ئاستا تاراپ كەتتى .
سۇن ۋۇكۇڭ شەھەر خەلقىغە كېلىپ باللىرىنى تونۇپ ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى . بۇ خەۋەر شەھەرگە چاقماق تېزلىكىدە تارقالدى ، ھەممەيلەن كېلىپ باللىرىنى تونۇپ چەكسىز خۇش بولدى ، سەكرەپ - تاقلاشتى ، شاد كۈلۈشتى ۋە ۋارقىراشتى :
— تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن غوجاملارنى تۇتۇپ قېلىڭلار ، ئۆيىمىزگە باشلاپ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرەيلى !
شۇئان ياش - قېرى ، ئەر - ئايال ھەممىسى بۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى سەت ئىكەن دېمەي ، جۇ باجىيېنى كۆتۈرۈپ ، شاسېڭنى مۇرىسىگە ئېلىپ ، سۇن ۋۇكۇڭنى بېشىغا ئېلىپ ، تاڭ سەنزاڭنى ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ ، يۈك - تاقلارنى ئېلىپ ، ئاتنى يېتىلەپ شەھەرگە قايتتى ، ئۇلارنى پادىشاھمۇ توسۇشقا ئامالسىز قالدى . تۆتەيلەننى كىشىلەر ئۆي - ئۆيلەردە مېھمان قىلدى ، مېھمان قىلالمىغانلىرى تەلپەك ، ئاياغ ، تون ، پايپاق قاتارلىق ئىچ - تاش كىيىملەرنى تىكىپ كېلىپ ئۇلارغا تۇتتى . شۇ تەرزدە بۇلار بىر ئاي ھايال بولۇپ ئاندىن شەھەردىن چىقالىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، كىشىلەر بۇلارنى ئىلاھ ئورنىدا كۆردى ، خاتىرە مۇنارلىرى تىكلىدى ، كۈجە كۆيدۈرۈپ ، نەزىر - چىراغ قىلدى . بۇ بەئەينى ، قۇتۇلدۇرغاچقا مىڭلىغان ئادەملەرنى ، تاكى ئەبەدكە ئۇنتۇماس خەلق بۇنى ، دېگەندەك بىر ئىش ئىدى . ئۇلارنىڭ مۇشۇ مېڭىشىدا يەنە قانداق ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# سەكسىنىنچى باب

## پەرىزاتنىڭ ئۆزىگە جورا ئىزدىگەنلىكى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇستازىنى قوغدىغانلىقى

ئەلقىسسە، بىچيۇ پادىشاھى ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە پۇقرالىرى بىلەن تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەننى ئۇزىتىپ ماڭدى، يىگىرمە چاقىرىمچە ئۇزاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئاخىر تاڭ سەنزاڭ ناھايىتى قاتتىق تۇرۇۋېلىپ، ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ ئاتقا مىنىپ يولغا چۈشتى. ئۇلار بولسا تۆتەيلەننىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. تۆتەيلەن ئۇزاق يۈردى، قىش تۈگىدى، باھارمۇ كەلدى. دالا گۈللىرى ۋە دەل - دەرەخلەر ھەممە ياقتا خۇش پۇراق چېچىپ، تەبىئەتكە كۆركەم تۈس بەردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىز بىر تاغ پەيدا بولغانىدى، تاڭ سەنزاڭنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى:

— شاگىرتىم، ئالدىمىزدا ئېگىز تاغ تۇرىدۇ، يول بارمىدۇ - يوقمىدۇ؟ ھەرھالدا ئېھتىيات قىلايلى جۇمۇ!

— ئۇستاز، بۇ گەپلىرى ئۇزۇن سەپەر قىلغان ئادەمنىڭ گېپى ئەمەس، ناتقېپى بەگچەكنىڭ، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ جاھان كۆرىدىغانلارنىڭ گېپى بولدى. قەدىمدىن تارتىپ «تاغ يول توسمايدۇ، بەلكى يول تاغقا تۇتىشىدۇ» دېگەن گەپ بار. نېمىشقا يول بارمىدۇ - يوقمىدۇ دەيدىلا، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— تاغ يولنى توسمىغان بىلەن، تاغ ئارىلىرىدا جىن - ئالۋاستىلار ماكان تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇلار چىقىپ قالارمىكىن دەيمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— خاتىرجەم بولسىلا! خاتىرجەم بولسىلا! بۇ يەر پاراغەت

ماكانىغا يېقىن، ھېچ ئىش بولمايدۇ! — دېدى جۇ باجىي. شۇ ئارىلىقتا ئۇلار تاغ باغرىغا كەلگىنىنى سەزمەيلا قالدى. سۈن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى تۇتۇپ قىياغا چىقىپ توۋلىدى:

— ئۇستاز، بۇ يەردە تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول بار ئىكەن، مېڭىشقىمۇ ئەپلىك ئىكەن. تېز بولۇڭلار، چاپسان كېلىڭلار!

تاڭ سېڭ نائىلاج ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. شاسېڭ جۇ باجىيغا:

— ئاغا، ئەپكەشنى بىردەم كۆتۈرسىڭىزچۇ، — دېدى. جۇ باجىي ئەپكەشنى ئالدى. شا ۋۇجىڭ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتتى. ئۇستاز ئېگەردە چىڭ ئولتۇردى-دە، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كەينىدىن قىيادىكى يولغا قاراپ ماڭدى.

ئۇستاز تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋېتىپ توساتتىن يۇرتى يادىغا كېلىپ قالدى-دە، ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۇستاز، سىلى سەپەردىكى ئادەمگە پەقەت ئوخشاشمايدىكەنلا، دائىم يۇرتنى ئەسلەپ يۇرىدىلا. ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلماي خاتىرجەم مېڭىۋەرسىلە. «جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— شاگىرتىم، گېپىڭغۇ يوللۇق، بىراق غەربكە يەنە قانچىلىك ماڭىدىغاندىمىز! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، بۇددىمىز تاتھاگاتونىڭ بۇددا نومىنى سىلىگە بەرگۈسى يوق ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئالغىلى كەلگىنىمىزنى بىلىپ كۆچۈپ كەتكەنمىكىنتاڭ. بولمىسا ھازىرغىچە نېمىشقا بېرىپ بولالمايمىز، — دېدى جۇ باجىي.

— بىلجىرلىماڭ! جاپاغا چىداپ ماڭساقلا ھامان بىر كۈنى يېتىپ بارىمىز، — دېدى شاسېڭ.

ئۇستاز ۋە شاگىرت شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ كېتىۋاتقاندا، قارا قارىغايلىق كۆرۈندى. تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ توۋلىۋەتتى:

— سۈن ۋۇكۇڭ، ئەگرى-بوگرى تاغ يولىدىن ئەمدىلا

ئۆتسەك ئەجەب قارا قارىغايلىق ئۇچرىدىغۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىرگەپ بار.

— نېمە قورقىدىلا؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— قورققان گەپ ئەمەس! — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — «مەن تۈز دېگەنگە ئىشەنمە، ساختا مېھرىبانلىقتىن ھەزەر ئەيلە» دەپتىكەن كونىلار. بىز بىرمۇنچە قارىغايزارلىقتىن ئۆتكەن، بىراق ھېچقايسىسى بۇنداق قويۇق ئەمەس ئىدى.

دەرۋەقە، بۇ ئورمان ئاجايىپ قويۇق، زىچ بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغانىدى، يىلتىز ۋە شاخلىرى گىرەلىشىپ، چىرمىشىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يەردە يېرىم يىل تۇرسىمۇ ئاي-كۈننىڭ جامالىنى كۆرگىلى، بىرمۇنچە چاقىرىم يول يۈرسىمۇ چولپان يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولمايتتى، بەكمۇ جىمجىت، سوغۇق، سۈرلۈك ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ زادىلا قورقماستىن، تۆمۈر كالتىكىدە يول ئېچىپ، تاڭ سەنزاڭلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ تەرزدە يېرىم كۈندەك يول يۈرۈپمۇ ئورماندىن چىققىدىغان يولنى كۆرەلمىدى. تاڭ سەنزاڭ مۇنداق دېدى:

— شاگىرتلىرىم، غەربكە ماڭغىنىمىزدىن بۇيان سانسىز تاغ-ئورمانلاردىن ئۆتتۇق، ھېچبىرى بۇ قاتارلىق گۈزەل ئەمەس ئىدى. بۇ ئورماندىكى ئاجايىپ-غارايىپ گۈل-گىياھلار ئادەمنى بەكمۇ مەپتۇن قىلىدىكەن! مەن مۇشۇ يەردە بىرپەس ئولتۇراي. بىرىنچىدىن، ئات ئارام ئېلىۋالسۇن؛ ئىككىنچىدىن، سىلەر بېرىپ يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىڭلار، قورساقنى توقلايلى.

— ئۇستاز، ئاتتىن چۈشسىلە ئەمىسە، مەن بېرىپ يېمەكلىك تېپىپ كېلەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى. جۇ باجيې ئاتنى بىر دەرەخكە باغلىدى. شاسېڭ يۈك-تاقلارنى قويۇپ قاچا ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— ئۇستاز، قورقماي خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن بېرىپلا كېلىمەن، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ قارىغاينىڭ سايىسىدە

ئولتۇردى . جۇ باجيې ، شاسىڭلار گۈل تېرىپ ئوينىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقتى ، خاسىيەتلىك بولۇتتا تۇرۇپ كەينىگە قارىدى . ئورمان ئىچىدە خاسىيەتلىك نۇر ئۆزۈپ يۈرەتتى . بۇنى كۆرۈپ ئۇ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى :

— بارىكاللا ! بارىكاللا !

ئۇنىڭ نېمىگە بارىكاللا ئېيتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ئۇ ئەسلىي تاڭ سېڭنى ماختاۋاتاتتى . ئۇ ، بۇ داڭلىق راھىب ئۇن ئەۋلادىدىن تارتىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن ئېسىل زات بولغاچقا ، باش ئۈستىنى خاسىيەتلىك نۇر قاپلاپ تۇرىدۇ ، دېدى . ئاندىن ئۆزىگە مۇنداق دېدى : «مەن بۇندىن بەش يۈز يىل مۇقەددەم ئەرشنى مالىمان قىلغان ۋاقتىمدا ئايغىم تەگمىگەن جاي قالمىغانىدى . ھەممە مېنى پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم دەيتتى ، ئۈچ ئۇقلىق ئالتۇن تاج كىيىپ ، ئالتۇن توقامنى تۇتۇپ بولۇت ئارا يۈرەتتىم ، قول ئاستىمدا قىرىق يەتتە مىڭ شاياتۇن بار ئىدى ، ھەممىسى مېنى ئەۋلىيا ئاتا دەيتتى ، بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى . ھازىر بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ بۇددا مۇخلىسى ، ئۇستازىمنىڭ شاگىرتى بولدۇم . ئۇستازىم ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشمايدىغان بولغاچقا ، باش ئۈستىدىن خاسىيەتلىك بۇلۇت نېرى بولمايدۇ . ئەمدى بىز بۇددا نومىنى ئېلىپ شەرقىي دىيارغا قايتساق ، چوقۇم جىق نەپ ئالىمىز ، پېقىرمۇ جەزمەن جىق ھاسىلاتقا ئىگە بولىمەن . »

سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزىچە مۇشۇلارنى دەۋاتقاندا ، ئورماننىڭ جەنۇبىدىن ئۇشتۇمتۇت قارا بۇس پۇرقۇراپ كۆتۈرۈلدى ، سۈن ۋۇكۇڭ چۆچۈپ كەتتى : «قارا بۇس ئىچىدە چوقۇم يامانلىق بار . چۇنكى جۇ باجيې ، شاسىڭلار بۇنداق قارا بۇس قويۇۋېتەلمەيدۇ ...» ئۇ دەررۇ ئاسماندا تۇرۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى .

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭلار ئورماندا تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى ، توساتتىن «ئادەم بارمۇ» دېگەن نالە ئاڭلانغانىدى ، تاڭ

سەنزاڭ قورقۇپ كېتىپ مۇنداق دېدى :
— خۇدايا توۋا ! خۇدايا توۋا ! بۇ قېلىن ئورماندا كىملەر باردۇ ؟ بۆرە ، يولۋاس ، يىلپىز دېگەندەك يىرتقۇچلار قورقۇتۇۋەتكەن بىرەرى بولمىسۇن يەنە ، قاراپ باقاي .
تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مىڭ يىللىق ئارچا ، ئون مىڭ يىللىق قارىغايلاردىن ئۆتۈپ ، چىڭگىلىكلەرنى قايرىپ قارىسا ، دەرەخكە باغلانغان بىر ئايال تۇراتتى . ئايالنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى دەرەخكە باغلانغان ، بېلىنىڭ تۆۋىنى توپىغا كۆمۈلگەنىدى . تاڭ سەنزاڭ جايىدا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى :
— خېنىم ، نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە باغلىنىپ قالدىڭىز ؟
توۋا ! بۇ بىرنېمىنىڭ جىن ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرسىمۇ ، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ تاڭ سەنزاڭ پەقەت بىلمىدى . جىن ئۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قار - يامغۇر يىغلىدى . ئۇ ياشلىرىنى مەڭزىگە ئېقىتىپ ، چىرايىغا مىسكىنلىك ، كۆزلىرىگە قايغۇ بەرگەن بولسىمۇ ، گۈلدەك جامالى يەنىلا ئاينىمۇ خىجىل قىلاتتى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا يېقىن بارالماي يەنە سورىدى :
— خېنىم ، سىز نېمە گۇناھ قىلغان ؟ كەمىنە راھىبقا دەپ بەرسىڭىز ، بەلكىم قۇتۇلدۇرۇپ قويارمەن .
جىن تىل ياغلىمىلىق قىلىپ يالغاندىن بىچارە قىياپەتكە كىرىپ ، ئالدىراپ - تېنەپ جاۋاب بەردى :
— ئۇستاز ، مەن بۇ يەرگە ئىككى يۈز چاقىرىمدەك كېلىدىغان پىنپو دۆلىتى (نامرات خوتۇنلار دۆلىتى )دە ئولتۇراتتىم . ئاتا - ئانام ئىنتايىن ياخشى ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى . يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان ، يارۇدوستلىرىمۇ بار ئىدى . چوكانتال بايرىمىدا ئۇرۇق - توغقانلار ۋە ئائىلىمىزدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ ، مەيلەرگە چۇشۇپ قاقاس دالاغا باردۇق . قەبرە ئالدىدا تۇرۇپ قەغەز ئاتنى كۆيدۇرۇپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا ، داقا - دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ بىر توپ قاراقچى پەيدا بولدى ، قىلىچ - نەيزىلەر

بىلەن قىر ـ چاپ قىلىپ كېلىۋىدى، بىز قورقۇپ ھەر تەرەپكە قاچتۇق. ئاتا ـ ئانام، تۇغقانلىرىمىز ئات، مەپىلەر بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. مەن كىچىك بولغاچقا يوگورەلمەي يىقىلىپ چۈشكەنىدىم، قاراقچىلار تۇتۇۋېلىپ تاغ ئىچىگە ئەكىردى. چوڭ غوجام مېنى خوتۇن قىلماقچى، ئىككىنچى غوجام توقال قىلماقچى بولدى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى غوجام ماڭا ئاشىق ـ بىقارا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تالىشىپ جېدەل ـ ماجىرا چىقتى. ئاخىر بولماي مېنى بۇ يەرگە باغلاپ قويۇپ قاراقچىلار تاراپ كەتتى. مانا بۈگۈن بەش كۈن بولدى، جېنىممۇ ئاز قالدى! ئەجدادلىرىمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى بارمىكىنتاڭ، بىلمىدىم، بۈگۈن بۇ يەرگە سىلى كېلىپ قالدىلا. ئەمدى مېنى قۇتقۇزۇۋالغايلا، شاپائەتلىرىنى بۇ ئالەمدە ھەرگىز ئۇنتۇماس ئىدىم، — ئۇ شۇنداق دەپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىدى.

تاڭ سەنزاڭنىڭ باغرى يۇمشاق بولغاچقا، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى، ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ قالدى. «شاگىرتلىرىم!» دەپ توۋلىدى ئۇ. جۇ باجىي بىلەن شا ۋۇجىڭلار ئورماندا مېۋە ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇستازىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ جۇ باجىي:

— شاسېڭ، ئۇستازىنىڭ بۇ يەردە بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئاغا، چاقچاق قىلماڭ، شۇنچە ۋاقىت مېڭىپ بىرمۇ ئادەم ئۇچراتمىغان تۇرساق، كۆڭلى چۈشكۈدەك ئايال قەيەردە بارئىكەن؟ — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولمىسا ئۇستاز يىغلارمىدى؟ بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، — دېدى جۇ باجىي.

شاسېڭ بۇرۇنقى جايغا قايتىپ بېرىپ ئاتنى يېتىلەپ، يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئۇستاز، نېمە بولدىلا؟ — دېدى.

— جۇ باجىي، مۇنۇ خېنىمنى يېشىۋەت، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ دەرەخنى كۆرسىتىپ.

جۇ باجيېمۇ ياخشى ـ ياماننى ئايرىپ ئولتۇرماي ئىشقا كىرىشتى .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ ھاۋادا قويۇق قارا بۇسنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ خاسىيەتلىك نۇرنى يېپىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ : «چاتاق بولدى ! چاتاق بولدى ! قارا بۇسنىڭ خاسىيەتلىك نۇرنى يېپىۋېلىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا ، ئالۋاستى ئۇستازغا قەست قىلماقچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ ! تاماقنىڭ كارى چاغلىق ، بېرىپ ئۇستازىمنىڭ يېنىدا بولاي» دېدى ـ دە ، ئارقىسىغا يېنىپ ئورمانغا چۈشتى . جۇ باجيې ئارغامچىنى يېشىۋاتاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئېتىلىپ بارغانچە ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تۇتتى ـ دە ، بىر پۇتلاپ يەرگە يىقىتتى . جۇ باجيې ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ئۇستاز مېنى بۇ ئايالنى قۇتۇلدۇر دەۋاتسا ، نېمىشقا مېنى چاپۇتلايسىز ! — دېدى .

— ئىنىم ، ئۇنى يەشمە . ئۇ جىن ، بىزنى ئالداۋاتىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— ئەسكى مايمۇن ، يەنە بىلجىرلىغىلى تۇردۇڭمۇ ! مۇشۇنداق بىر ئايالنى جىن دېگىنىڭ نېمىسى ! — دەپ توۋلىدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، سىلى بىلمەيدىلا ، بۇ ئىشلارنىڭ جىمىسىنى پېقىر قىلىپ كۆرگەن ، بۇ ئادەم گۆشى يېيىشتىكى بىر چارە . سىلى ئۇنى قانداق تونۇيدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇستاز ، سىلى بۇ مىراخورنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە ! بۇ ئايال مۇشۇ يەرلىك ئايال تۇرسا ، ئۇنىڭ جىن دېيىشكە نېمە ئاساسى بار ! — دېدى جۇ باجيې تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .

— ھوي نىجىس ! ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ! پېقىر غەربكە يولغا چىققاندىن بۇيان قانداق يامانلىق قىپتىمەن ؟ سەندەك مۇناپىقلار ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بوپتۇ ، بوپتۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — جۇ باجيې ، ئاغاڭمۇ ھەمىشە توغرا باھا بېرىدۇ . ئۇ بۇنداق دەۋاتقاندىكىن ، بۇ

ئايال بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، يولىمىزغا ماڭايلى.

— بارىكاللا! ئۇستاز ئامان قالدى! قېنى ئاتقا مىنسىلە، ئورماندىن چىقساق ئادەم بار يەرگە بارارمىز. تاماقنى شۇ چاغدا يەيلى، — دېدى شۇندىلا ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ. تۆتەيلەن ئالۋاستىنى تاشلاپ يولغا كېتىۋەردى.

ئەلقىسسە، دەرەخكە باغلاقلىق جىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ مۇنداق دېدى: «نەچچە يىلدىن بېرى باشقىلاردىن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قالتىس كارامىتى بار، دەپ ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتىم، بۈگۈن ئۇنى كۆرۈپ بۇ گەپلەرنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى بىلدىم. تاڭ سېڭ كىچىككىدىنلا تەرىقەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئۇنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ ئەۋلىيا بولاي، دەپ تۇرسام، سۇن ۋۇكۇڭ ھىيلەمنى بىلىپ قېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئەگەر ئۇ ئارغامچىنى يەشتۇرۇپ مېنى قويۇۋەتكەن بولسا، تۇتۇپلىۋالسام ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى ئادەم بولماسمىدى؟ مانا ھازىر ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى، مېنىڭ ئەجرىم بىكار بولدىغۇ؟ مەن ئۇنى يەنە تۇۋلاپ باقاي، قانداق بولاركىن.» جىن ئارغامچىغا تەگمەي، شېرىن — شېكەر گەپلەرنى شامال ئارقىلىق تاڭ سەنزاڭنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى. ئۇ نېمىلەرنى دېدى، بىلەمسىلەر؟ ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇستاز، سىز ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرماي كېتىۋاتىسىز، مۇشۇ ھالدا بۇددانى تاۋاپ قىلسىڭىز راۋا بولارمۇ، بۇددا نومىنى ئالالارسىزمۇ؟»

تاڭ سەنزاڭ ئاتتا ئولتۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاققىدە ئاتنى توختاتتى ـ دە:

— سۇن ۋۇكۇڭ، بېرىپ ئۇ ئايالنى قويۇۋەتكىن، — دېدى.

— ئۇستاز، ئۇ ئايال يەنە قانداقلارچە خىياللىرىغا كىرىپ قالدى؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇ بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— جۇ باجىي، سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— قۇلىقىم يوغان بولغاچ تۆشۈكىنى يېپىۋاپتۇ، ئاڭلىمىدىم، — دېدى جۇ باجيې.
— شاسېڭ، سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
— مەن يۇك - تاقنى كۆتۈرۈپ مېڭىش بىلەنلا بولۇپ زەن قويماپتىمەن، — دېدى شاسېڭ.
— مەنمۇ ئاڭلىمىدىم. ئۇستاز، ئۇ نېمىدەپ چاقىرىۋاتىدۇ؟ ئەجەب سىلىلا ئاڭلاپتىلىغۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
— ئۇنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، ئۇ: «ئادەمنىڭ هاياتىنى قۇتقۇلدۇرماي كېتىۋاتىسىز، مۇشۇ هالدا بۇددانى تاۋاپ قىلىشقا راۋا بولارمۇ، بۇددا نومىنى ئالالارسىزمۇ؟» دەۋاتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇش يەتتە قەۋەتلىك بۇددانى تاۋاپ قىلغانغا تەڭ بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. بېرىپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرساق، بۇددا نومىنى ئالغاندەكلا ساۋاب ئىش بولىدۇ.
— ساۋابلىق ئىش قىلغۇلىرى كەلسە، هېچقانداق گەپ قۇلاقلىرىغا كىرمەيدۇ - هە، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — ئويلاپ باقسىلا، شەرقىي دىياردىن ئايرىلغاندىن بېرى يول بويى ئۇرغۇنلىغان تاغ - داۋانلاردىن ئۆتتۇق، نۇرغۇنلىغان ئالۋاستى، يالماۋۇزغا ئۇچرىدۇق. ئۇلار سىلىنى غارغا ئەكىرىۋالدى، مەن سىلىنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقتىم. بۇ جەرياندا مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان جىن - ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلدى. هالا بۇگۈنگە كەلگەندە بىر ئالۋاستىنىڭ جېنىغا قىيماي ئۇنى قۇتقۇلدۇرماقچى بولۇۋاتامدىلا؟
تاڭ سەنزاڭ مۇنداق دېدى:
— ۋاي شاگىرتىم، «ئاز ئىكەن دەپ ساۋابلىقتىن قاچما، كىچىك دەپ رەزىللىككە يول قويما» دېگەن گەپ بار. هەرهالدا ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالايلى.
— ئۇستاز مۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا بوپتۇ، ئەمما بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇشقا نىيەت

قىلغانىكەنلا ، مەنمۇ نەسىھەت قىلىپ ئۆزۈمنى ئۇپراتمايمەن . چۈنكى نەسىھەت قىلسام يەنە ئاچچىقلىرى كېلىدۇ . ئۇنداق بولسا ، ئۆزلىرى قۇتۇلدۇرسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مايمۇن پادىشاھ ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىل ! سەن ئولتۇرۇپ تۇر ، مەن جۇ باجيې بىلەن بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالاي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

تاڭ سەنزاڭ ئورمانغا قايتىپ بېرىپ جۇ باجيېغا ئارغامچىنى يېشىشنى ، تىرنا بىلەن كولاپ ، ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنىنى توپىدىن چىقىرىشنى ئېيتتى . جىن دەلدەڭشىپ ، كىيىملىرىنى تۈزىدى ، خۇش بولۇپ تاڭ سەنزاڭ بىلەن ئورماندىن چىقتى . ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ، سۇن ۋۇكۇڭ ھە دەپ سوغۇق ھىجايدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنى تىللىۋەتتى :

— جۇۋاينىمەك مايمۇن ! نېمىگە كۈلىسەن ؟

— سىلىگە كۈلۈۋاتىمەن ، ئامەت كەلگەندە دوستقا ، ئامەت قاچقاندا ئادەمنىڭ ئېسىلىگە ئۇچرايدۇ ، دېگەن شۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەسكى مايمۇن ! بىلجىرلىما ! مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپلا شەيخ بولغانمەن . مەن تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇددانىغا تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . بۇ ئىشتا ئەۋلادىمنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتقىنىم يوق . شۇنداق تۇرسا ، مەندە تەلەي ، ئامەت دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سىلى كىچىكلىرىدىن تارتىپلا شەيخ بولغانلىرى بىلەن ، كالامنى ئوقۇش ئارقىلىقلا بۇددىنى ياد ئېتىدىلا ، ئەمما دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپ ، قانۇن - نىزاملىرىنى بىلمەيدىلا . بۇ ئايال ناھايىتى ياش ۋە چىرايلىق ئىكەن . سىلى بىلەن بىز سەپەردىكى ئادەملەر ، ئۇنىڭ بىلەن مېڭىپ يامان ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالساق ، ئۇلار بىزنى مەھكىمىگە سۆرەيدۇ . بۇددا نومىنى ئالغىلى ، بۇددىنى تاۋاپ قىلغىلى بارىمىز ، دېگەنلىرىمىزنىڭ جىمىسىگە قۇلاق سالماي ، ئۇنىڭغا چېقىلدىڭلار ،

دەيدۇ ، بۇ گۇناھنى بىزگە ئارتالمىغان تەقدىردىمۇ ، بىزنى ئادەمنى ئالداپ ئېلىپ ماڭغان ، دەپ قارايدۇ . بۇنىڭغا دەلىل - ئىسپات تېپىپ سىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ، جۇ باجىيېنى سۈرگۈن قىلىشى ، شاسېڭنىمۇ تۇتۇپ قېلىشى مۇمكىن ، پېقىرمۇ ساق قالمايمەن . گەپدانلىق قىلىپ ھەرقانچە ئۆزۈمنى ئاقلىسامىمۇ ئۇنىماسلىقى مۇمكىن .

— جۆيلۇمە ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى تاڭ سەنزاڭ ، — ئۇنى قۇتۇلدۇرغىنىمنى نېمانچە دەستەك قىلىسەن ! ئۇنى ئېلىپ ماڭغىن ، قانداق ئىش بولسا مەن ئىگە .

— ئۇستاز ، «قانداق ئىش بولسا مەن ئىگە» دېگەنلىرى بىلەن ، سىلى ئۇنى قۇتۇلدۇرماقتا يوق ، تېخى بالاغا تىقىدىغانلىقلىرىنى ئۇقمايۋاتىدىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ، ئورماندىن ئېلىپ چىقتىم ، ئۇنى نېمىشقا بالاغا تىققۇدەكمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇ ئورماندا باغلاقلىق تۇرۇۋەرگەن بولسا ، ئۈچ كۈن ، بەش كۈن ، ئون كۈن ، يېرىم ئاي تاماق يېمەي ئاچتىن ئۆلگەن بولسا ، پۈتۈن پېتى ئۇ دۇنياغا كېتەتتى . ھازىر ئۇنى ئورماندىن ئېلىپ چىقتىلا ، ئۆزلىرى ئاتقا مىنىپ شامالدەك ماڭدىلا ، بىز ئامالنىڭ يوقىدىن سىلى بىلەن تەڭ ماڭىمىز . بۇ ئايالنىڭ پۇتى كىچىك ئىكەن ، مېڭىشتا بەك قىينىلىدىكەن . شۇ ھالدا قانداقمۇ يېتىشىپ ماڭالايدۇ ! بىرەر مەھەل مېڭىپ تاشلاپ كەتسەك ، ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولامدۇ . مانا بۇ ئۇنى بالاغا تىققانلىق ئەمەسمۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— توغرا ، مانا بۇ ئىشنى يادىمغا سېلىپ ئوبدان قىلدىڭ ، قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇنى ئالدىلىرىغا ئېلىپ ئاتلىق ماڭسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

تاڭ سەنزاڭ غودۇڭشىدى :

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاتقا مىنسەم قانداق بولىدۇ …

— ئەمسە قانداق قىلىمىز ؟
— جۇ باجيې ئۇنى يۇدۇپ ماڭسۇن .
— بەللى ، جۇ باجيېنىڭ تەلىيى كەلدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ .
— «يول يىراق بولسا ، يۇكمۇ يەڭگىل بولمايدۇ» دەپتىكەن . بىر ئادەمنى يۇدۇپ ماڭ دەۋاتسا ، ماڭا كەلگەن قانداق تەلەي ئىكەن ئۇ؟ مەن يۇدۇپ ماڭالمايمەن ! — دېدى جۇ باجيې .
— بوپتۇ ، بوپتۇ ، مەنمۇ ماڭاي ، ئاتتىن چۈشۈپ سىلەر بىلەن بىللە ئاستا ماڭاي ، جۇ باجيې ئاتنى يېتىلەپ ماڭسۇن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— ھاڭۋاقتى ، ئۇستاز ساڭا كۆيۈنۈپ ئاتنى يېتىلەپ ماڭ دەۋاتىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ قاقاقلاپ كۇلۇپ .
— بۇ مايمۇن يەنە بىلجىرلىغىلى تۇردى ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — كونىلار : «تۇلپار مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرگەن يەردە ، ئادەممۇ قاراپ ئولتۇرمايدۇ» دەپتىكەن . ئەگەر مەن يولدا ئاستا ماڭسام ، مېنى تاشلىۋېتىپ كېتەمسىلەر نېمە؟ مەن ئاستا ماڭسام ، سىلەرمۇ ئاستا ماڭىسىلەر . بۇ خېنىمنى ئېلىپ ھەممىمىز بىرلىكتە تاغدىن چۈشەيلى ، ئىبادەتخانا ياكى ئادەم بار جايغا بارغاندا خېنىمنى قالدۇرۇپ قويۇپ ماڭساق ، ئۇنى يەنىلا قۇتقۇزغان بولىمىز .
— ئۇستاز ، ئوبدان گەپ قىلدىلا ، قېنى تېزرەك ماڭايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
تاڭ سەنزاڭ ئالدىدا قول سېلىپ ماڭدى . شاسېڭ يۇك - تاقنى كۆتۈرۈپ ، جۇ باجيې ئاتنى يېتىلەپ ، ئايالنى باشلاپ ، سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتەكنى تۇتۇپ يولغا چۈشتى . يىگىرمە - ئوتتۇز چاقىرىم ماڭار - ماڭماستىنلا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . يىراقتىن بىر ئىمارەتنىڭ پېشايۋان ، روجەكلىرى كۆرۈندى .
— شاگىرتلىرىم ، ئالدىمىزدىكى چوقۇم بۇتخانا . بىز شۇ يەردە قونۇپ ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز توغرا ئېيتتى . تېزرەك مېڭىڭلار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ يەرگە يېتىپمۇ بېرىشتى .

— سىلەر يىراقتىراق تۇرۇپ تۇرۇڭلار . ئاۋۋال مەن كىرىپ قونالغۇ سوراپ باقاي . ئىش ئوڭ كەلسە سىلەرنى چاقىراي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شۇئان ھەممەيلەن بىر سۆگەتنىڭ سايىسىدە تۇردى . سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى تۇتۇپ ھېلقى ئايالغا كۆز ـ قۇلاق بولدى .

تاڭ سەنزاڭ ئاستا بېرىپ قارىسا ، دەرۋازا قىڭغىر ـ قىيسىق ، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەنىدى . ئىتتىرىپ ئىچىگە كىرىپ ئىختىيارسىز تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى : ئۇزۇن دالان تىمتاس ، سۇرلۇك ، ھەممە ياقنى موخ ۋە شىۋاق باسقان ، پارقىراق قوڭغۇز ئۇچۇپ يۈرەتتى ، پاقىلار كۇركىرىشاتتى . بۇنى كۆرۈپ بىردىن ئۇنى يىغا تۇتتى . ئۇ يۈرىكىنى توم قىلىپ ئىككىنچى ئىشكتىن كىردى . بۇ يەردە پەشتىقى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر مىس قوڭغۇراق يەرگە سانجىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۇستى پارقىراق، ئاستى تەرىپى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ئەسلىدە ئۇزاق ۋاقىت مۇشۇنداق تۇرغاچقا ، ئۇستى تەرەپنى يامغۇر يالاپ ئاقارتىۋەتكەن ، ئاستى توپىدا تۇرغاچقا ، كۆكىرىپ كەتكەنىدى . تاڭ سەنزاڭ قوڭغۇراقنى سىلاپ ھەسرەتلەندى :

*ئاھ قوڭغۇراق ،*
*ئېسىلدىڭ بىر چاغلار ئېگىز مۇنارغا ،*
*تىترەتتى ھەريانىنى سەن بەرگەن سادا .*
*تۇننى سەن ئۇزىتىپ بېرەتتىڭ خەۋەر ،*
*چىللىسا خورازلار تاڭدىن ۋاقتىدا .*
*قەيەرگە كەتكەندۇ مىس تاۋلار دەرۋىش ،*
*كەتتىمكىن ئۇ ئىزسىز باقىي دۇنياغا ،*
*تۇرۇپسەن سەن يەنە ، لېكىن ساداسىز ،*
*ئېسىلىپ يەنە شۇ ئېگىز مۇنارغا .*

تاڭ سەنزاڭنىڭ ئاۋازلىق خىتاب قىلىشى بۇتخانىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇتخانىدا كۈجە كۆيدۈرۈۋاتقان بىر دەرۋىش بار ئىدى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بىر پۇچۇق خىشنى ئېلىپ قوڭغۇراقىا ئاتتى. قوڭغۇراقتىن چىققان قاتتىق ئاۋازدىن قورقۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىغا، يىلتىزلارغا پۇتلىشىپ يەنە يىقىلدى. ئۇ يېتىپ تۇرۇپ قوڭغۇراققا قاراپ خىتاب قىلدى:

*سېنى دەپ ئاھ ئۇردۇم ئەي قوڭغۇراق،*
*بەردىڭغۇ ئەجەبمۇ بىمەھەل سادا.*
*كەلگىنى يوق ئىدى بىركىم غەرىبتىن،*
*ئايلاندىڭ شەيتانغا، يوق گۇمان بۇندا.*

دەرۋىش كېلىپ ئۇنى يۆلەپ:

— بېگىم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. قوڭغۇراق جىنغا ئايلانغىنى يوق، بۇ قوڭغۇراق مەن ئاتقان خىش تېگىپ جاراڭلاپ كەتتى، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئۇنىڭ قاپقارا، سەت بەشىرىسىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— سىز ئالۋاستى ئەمەستۇرسىز ـ ھە! مەن ئاددىي ئاۋام ئەمەس، مەن بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلدىم، قول ئاستىمدا جىمى نېمىنى ئەل قىلىپ يوقىتالايدىغان شاگىرتلىرىم بار. ئەگەر ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگكۈدەك بولسىڭىز ئامان قالمايسىز!

— بېگىم، قورقماڭ، — دېدى دەرۋىش تىزلىنىپ، — مەن ئالۋاستى ئەمەس، مۇشۇ بۇتخانىدا شام كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلىدىغان دەرۋىش. بايا سىزنىڭ ئاقىلانە سۆزلەر بىلەن ئوقۇغان مەدھىيىڭىزنى ئاڭلاپ ئالدىڭىزغا چىقماقچى بولغانىدىم، بىراق يەنە يامان نېمە بولۇپ قالمىسۇن، دەپ، پۇچۇق خىشتا قوڭغۇراقنى ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىپ ئاندىن چىقتىم. بېگىم، ئورنىڭىزدىن

تۇرۇك .

تاڭ سەنزاڭنىڭ يۈركى شۇندىلا جايىغا چۈشتى .

— دەرۋىش ، قورقۇتۇپ جىنىمنى ئالغىلى قىل قالدىڭىز ، قېنى مېنى ئىچكىرىگە باشلاڭ ، — دېدى ئۇ .

دەرۋىش تاڭ سەنزاڭنى ئىچكىرىگە باشلىدى . تاڭ سەنزاڭ ئۈچىنچى ئىشىكتىن كىرىپلا تاشقىرىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان مەنزىرىنى كۆردى :

*ئۆگزىسى يېپىلغان ئىسىل كاھىشتا ،*
*تاملىرى قوپۇرۇلغان كۆپكۆك خىش بىلەن ،*
*بىرلىگەن ھەيكەلگە ساپ ئالتۇندىن ھەل ،*
*پەلەمپەي ياسالغان قاشتېشى بىلەن .*
*كۆكۈچ نۇر چاچىدۇ داشيۇڭ قەسرى ،*
*تارقىتار خۇش پۇراق بىلو راۋىقى .*
*ۋېنجۇنى ئايلىنار رەڭدار بۇلۇتلار ،*
*لىق سۈرەت لۇنزاڭنىڭ باشتىن - ئايىغى .*
*ۋۇفۇنىڭ تاملىرى نەقىشلىك تامام ،*
*ئۆگزىسى شىپشىدەك ئۈچلۈق ھەم يانا ،*
*بامبۇكزار ئىچىدە ئاسما كارىۋات ،*
*قارىغاي ئارىسى ئىبادەتخانا .*
*ئالتۇن نۇر چاچىدۇ بىيون ئوردىسى ،*
*زىتۇۇدىن چېچىلار ئىللىق خۇش پۇراق .*
*تاڭ بىلەن قاپلايدۇ ئەتراپنى خۇش ھىد ،*
*گۇگۇمدا تاغلاردىن ياڭرايدۇ دۇمباق .*

بۇنى كۆرۈپ تاڭ سەنزاڭ كىرىشكە پېتىنالمىدى .

— دەرۋىش ، ئالدى تەرەپ شۇنداق رەسۋاچىلىق ، مەينەتچىلىك ، كەينى تەرەپ ئاجايىپ پاكىز ، چىرايلىق ئىكەن ، بۇ نېمە ئىش ؟

— بېگىم ، — دېدى دەرۋىش ، — بۇ تاغدا جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن قاراقچىلار جىق . تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئۇلار تاغدا بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بولسا مۇشۇ ئىبادەتخانىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ ، بۇتلارنى ئۆرۈپ ئورۇندۇق قىلىدۇ ، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ ئوت قالايدۇ . ئىبادەتخانىمىزدىكى راھىبلار ئاجىز ، بوش بولغاچقا ، ئۇلارغا گەپ ـ سۆز قىلالمىدى ، شۇڭا ئالدى تەرەپتىكى ئەسكى ئۆي ـ هۇجرىلارنى ئۇ ئەسكىلەرگە تاشلاپ بېرىپ ، ئارقا تەرەپكە يېڭىدىن ئىبادەتخانا سېلىۋالدى . پاكىزلىك بىلەن مەينەتچىلىكنىڭ بىرگە بولۇشى غەربتە بار ئىش .

— ھە ، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزى دەرۋازىدىكى جېنخەي شەنلىن ئىبادەتخانىسى (دېڭىزدەك ئورمان ئىبادەتخانىسى ) دېگەن خەتكە چۈشتى . ئىچكىرىگە قەدەم قويۇشىغا ، بىر شەيخ چىقىپ كەلدى . قارىسا ، ئۇ غەرب يولىدىكى لاما ئىكەن . لاما تاشقىرىغا چىقىپلا ، قاش ـ كۆزى جايىدا ، پېشانىسى كەڭ ، تۈز ، قۇلىقى مۈرىسىگىچە يەتكەن ، قولى تىزىدىن ئاشىدىغان ، بەئەينى زېمىنغا چۈشكەن ئارخاتقا ئوخشايدىغان ، ئىنتايىن كېلىشكەن ، نازۇك تاڭ سەنزاڭنى كۆردى ـ دە ، ئالدىغا كېلىپ خۇش خۇي كۈلۈپ ، ئۇنىڭ قولىنى ، پۇتىنى چىمداپ قويدى ، بۇرنىنى سىلاپ ، قۇلىقىنى تارتىپ يېقىنچىلىق بىلدۈردى ، سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن سورىدى :

— ئۇستاز ، قەيەردىن كەلدىڭىز ؟

— كەمىنىڭىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربتىكى ھىندىستاننىڭ چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . مۇبارەك جايىڭلارغا كەلگەندە كەچ كىرىپ قالدى . شۇڭا ، بىر كېچە قونۇپ ئەتە سەھەر يولغا چىقايلىمىكىن ، دەپ كېلىۋىدىم . ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ قويالارسىلەرمىكىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى ! بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى ! بىز ئۆيدىن بىكار ئايرىلمىدۇق . ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى تۇغقان بىلەن ، قول ئىلكىدە بولمىغانلىقتىن جېنىمىزنى باقالمىدى . شۇڭا ، ئۆيدىن چىقىپ بۇددا مۇخلىسى بولدۇق . سىز ئۇنداق قۇرۇق گەپ قىلماڭ ، — دېدى شەيخ كۈلۈپ .

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك ؟ يولدا تاغ ، تاغدا غار ، غاردا جىن ـ ئالۋاستىلار بار . سىز بويتاق ئوخشايسىز ، قەددى ـ قامىتىڭىز ، چىرايىڭىزمۇ بەك قاملاشقانىكەن . سىز بۇددا نومىنى ئالغىلى ماڭغان ئادەمگە پەقەت ئوخشىمايسىز ! — دېدى ھېلىقى شەيخ .

— سىزمۇ ئاجايىپ گەپ قىلىدىكەنسىز ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — مەن بىر ئادەم بۇ يەرگە قانداقمۇ كېلەلەيمەن ؟ مېنىڭ ئۈچ شاگىرتىم بار . ئۇلار تاغ ئۇچرىسا يول ئاچىدۇ ، سۇ ئۇچرىسا كۆۋرۈك سالىدۇ . شاگىرتلىرىم مۇشۇنداق قوغدىغاچقا ، مەن مۇشۇ يەرگە كېلەلىدىم .

— پەزىلەتلىك ئۈچ شاگىرتىڭىز قېنى ؟ — دېدى شەيخ .

— تاشقىرىدا قالدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شەيخ ۋەھىمىگە چۈشۈپ مۇنداق دېدى :

— ئۇستاز ، سىز بىلمەيسىز ، بۇ يەردە يىرتقۇچ ھايۋانلار ، ئالۋاستى ئوغرىلار ، دېۋە ـ پەرىلەر بار ، ئادەمگە قەست قىلىدۇ . شۇڭا ، كۈندۈزى يىراققا بارمايمىز ، قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى چىڭ تاقايمىز . ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى سىرتتا يۈرمەيمىز ! شاگىرتلار ، دەرھال ئۇلارنى چاقىرىپ كىرىڭلار .

ئىككى بالا لاما يۈگۈرۈپ تاشقىرىغا چىقتى . ئۇلار سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ قورققىنىدىن يىقىلىپ چۈشتى ؛ جۇ باجيېنى كۆرۈپ يەنە بىر يىقىلدى . ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇچقاندەك قېچىپ كىرىپ مۇنداق دېدى :

— تۆرەم ! تەلىيىڭىز كاچ ئىكەن ! شاگىرتلىرىڭىز

كۆرۈنمەيدۇ ، ئىشىك ئالدىدا پەقەت ئۈچ ـ تۆت ئالۋاستى تۇرىدۇ .

— ئۇلارنىڭ تۇرقى قانداق ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— بىرىنىڭ تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن ، بىرى ئۇزۇن تۇمشۇق ، بىرى كۆك يۈز ، ھىڭگاڭ چىش ئىكەن . ئۇلارنىڭ يېنىدا پەردازنى بولۇشىغا قىلغان بىر ئايال تۇرىدۇ ، — دېدى بالا شەيخ .

— سىز تونۇماپسىز ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ كۈلۈپ ، — بەشىرىسى سەت ئۈچى مېنىڭ شاگىرتلىرىم ، ئايالنى بىز ئورماندا كۆرۈپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان .

— ۋاي تۆرەم ، ئۇستازى مۇنداق كېلىشكەن ، شاگىرتلىرى نېمانچىۋالا بەتبەشىرىدۇ ؟ — دېدى لاما .

— ئۇلار سەت بولغان بىلەن ، قالتىس كېرەكلىك ئادەملەر ، چاپسان چاقىرىپ كىرىڭلار ، ۋاقتىدا چاقىرىۋالمىساڭلار ، ھېلىقى تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغىنى ئىش تېرىپ بىسىپ كىرمىسۇن يەنە . چۈنكى ئۇ ئادەمزاتتىن بولغان ئەمەس ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

بالا شەيخلەر تاشقىرىغا چىقىپ لاغىلداپ تىترەپ تەزىم قىلىپ :

— غوجىلىرىم ، تاڭ بېگىم ھەرقايسىلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— ئاغا ، ئۇلار بىزنى چاقىرسىلا ئىش تۈگىمەمدۇ . نېمانداق لاغىلداپ تىترەپ كېتىدىغاندۇ ، بۇ نېمە گەپ ؟ — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

— ئۇ بىزنىڭ سەت بەشىرىمىزدىن قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— تازا گەپ بولدى ! بىز مۇشۇنداق تۇغۇلۇپ قاپتىمىز . كىمنىڭ سەت بولغۇسى بار ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ئەپت ـ بەشىرەڭنى سەل تۈزەشتۈرگىن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې تۇمشۇقىنى قوينىغا تىقتى ـ دە ، يەرگە قارىغان پېتى ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى ، شاسېك يوك ـ تاقلارنى كۆتۈردى . سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى تۇتۇپ ھېلىقى ئايالغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ كەينىدە ماڭدى . ئۇلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن دالاندىن ئۆتۈپ ئۇچىنچى ئىشىكتىن كىردى . ئاتنى باغلاپ ، يوك ـ تاقلارنى قويدى . ئاندىن سارايغا كىرىپ لامالار بىلەن كۆرۈشۈپ جاي ئېلىپ ئولتۇردى . بالا شەيخ ئىچكىرىگە كىرىپ يەتمىش ـ سەكسەن بالا لامانى باشلاپ چىقتى . كۆرۈشۈش تۈگىگەندىن كېيىن پەرھىز تائام تەييارلاپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن قاچان ئايرىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## سەكسەن بىرىنچى باب

### سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جىنخەي شەنلىن ئىبادەتخانىسىدا ئالۋاستىنى بىلىۋالغانلىقى
### ئۈچ شاگىرتنىڭ قارىغايلىقتا ئۇستازىنى ئىزدىگەنلىكى

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ شاگىرتلىرى بىلەن جىنخەي شەنلىن ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ راھىبلار بىلەن كۆرۈشتى، پەرھىز تائام يېيىشتى. تۆتەيلەن غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن ئايالغىمۇ بەردى. ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ، خاناكالانغا چىراغ يېقىلدى. راھىبلار بىر ياقتىن تاڭ سېڭنىڭ بۇددا نومىنى ئەكېلىش سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتلىرىنى سورىدى، بىر ياقتىن ھېلىقى ئايالغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ چىراغ تۈۋىدە قاتار ئولتۇرۇشتى. تاڭ سەنزاڭ دەسلەپتە كۆرگەن لامادىن:

— پىرىم، بۇ تاغدىن ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەن ئايرىلماقچىمىز، غەرب يوللىرى قانداقراقتۇ؟ — دەپ سورىدى.

لاما پالاق ـ پۇلۇق تىزلانغاندى، قورقۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇنى يۆلىدى:

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن يولنى سوراۋاتسام، نېمىشقا ماڭا تەزىم قىلىسىز؟

— ئۇستاز، ئەتە يولغا چىقساڭلار، يوللار تىنچ، خاتىرجەم بولساڭلار بولىدۇ. ھازىر بىر ئىشتىن خىجىل بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇنى كىرگەندىلا دېمەكچى بولدۇمىيۇ، ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويىمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم. مانا غىزامۇ يېيىلىپ بولدى. ئەمدى دادىللىق بىلەن بۇ گەپنى قىلمىسام بولمىدى. ھەرقايسىڭلار

شەرقتىن كەپسلەر ، جىق رىيازەت چېكىپسلەر ، ھەممىڭلار بالا شەيخلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە ياتساڭلار بولىدۇ . شۇغىنىسى ، بۇخېنىمنىڭ ئىشى بېشىمىزنى قاتۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇنى قەيەردە ياتقۇزۇشىمىزنى بىلمەيۋاتىمىز ، — دېدى لاما .

— تەقسىر ، بىزدە يامان نىيەت بارمىكىن ، دەپ گۇمان قىلىپ قالماڭ . ئەتىگەن قويۇق قارىغايلىقتىن ئۆتكۈچە قارىساق ، بۇ ئايال دەرەخكە باغلاقلىق تۇرۇپتۇ . شاگىرتىم سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇنىمىدى ، مەن ساۋاب تاپاي ، دەپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم . قەيەرنى خالىسىڭىز ، ئۇنى شۇ يەرگە ياتقۇزسىڭىز بولىۋېرىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— كۆڭلى - كۆكسىڭىز بەك كەڭ ئىكەن ، — دېدى لاما مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ ، — ئۇ پەلەك شاھ سارىيىدىكى پەلەك شاھ مەبۇدىنىڭ كەينىدىكى پاخال تۆشەكتە ياتسۇن .

— بولىدۇ ، ناھايىتى ياخشى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . بالا شەيخلەر ئايالنى سارايغا باشلاپ چىقىپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ ھەممەيلەننى چىقىپ يېتىشقا دەۋەت قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭغىمۇ :

— بەك جاپا تارتتىڭ ، بالدۇرراق ئۇخلا ، — دېدى . ھەممەيلەن ئۇخلاشقا ماڭدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازنى قوغداش ئۇچۇن قېپقالدى .

كېچە گەپ - سۆزسىز تىنچ ئۆتتى . تاڭ ئاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ جۇ باجىي ، شاسېڭنى يۈك - تاق ، ئاتلارنى تەخلەشكە بۇيرۇپ ، ئۆزى ئۇستازنى چاقىرىشقا ماڭدى . ئۇستاز تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇ يېقىن بېرىپ : «ئۇستاز» دەپ توۋلىدى . ئۇستاز بېشىنى كۆتۈرىدىيۇ ، جاۋاب بېرەلمىدى .

— ئۇستاز ، نېمە بولدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— نېمە بولغاندىمەن ، بېشىم قېيىپ ، كۆزۈم چىڭقىلىپ ، پۈتۈن ئۇستىخانلىرىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇغۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ .

بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجىي ئۇنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ باققانىدى ،

قىزىقراق بىلىندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈلۈپ :
— مەن بىلدىم ! ئاخشام بىكارلىق تاماقنى كۆرۈپ جىقراق يەپ ياتقاچقا ، مەيدىلىرى بۇزۇلۇپتۇ ، — دېدى .
— كاپىشما ! زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ كۆرەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— كېچىدە ھاجەتكە چىققان ، بېشىمغا تەلپەك كىيمەپتىمەن ، شامالداپ قالغان ئوخشايمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— بۇمۇ بار گەپ ، بۇگۈن يول ماڭالامدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ھازىر ئولتۇرغۇدەكمۇ ئەھۋالىم يوق ، ئاتقا قانداق مىنەلەيمەن ؟ يولغا چىقالمايدىغان بولدۇق - دە ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— ھېچ ۋەقەسى يوق ! مىجەزلىرى يوق تۇرسا قانداقمۇ يولغا چىقالايمىز ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ماڭساقمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
ئاكا - ئۇكىلار ئۇستازغا بويسۇندى . ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى تاڭ سەنزاڭ كىرىلىپ تۇرۇپ :
— ۋۇكۇڭ ، ئىككى كۈندىن بېرى مىجەزىم يوق بولغاچ سورىماپتىمەن . ھېلىقى خېنىمغا تاماق بېرىشكەندىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىلىرى ، ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى تارتسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— توغرا ، توغرا ، مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قەغەز ، قەلەم ، سىياھ كەلتۈرگىن ، ئىبادەتخانىنىڭ سىياھدىنىنى سوراپ كەل ، ئىشلىتىپ تۇرايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— نېمە قىلىدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— بىر پارچە خەت يازاي ، ئۇ خەت بىلەن يولخېتىنى چاڭئەنگە ئاپىرىپ پادىشاھىمىز تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— بۇ ئاسان ئىشقۇ. قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمىگەن بىلەن، خەت ئاپىرىشتا ماڭا تەڭ كېلىدىغىنى يوق. سىلى خەتنى يېزىپ تەييار قىلسىلا، مەن بىر موللاق ئېتىپ چاڭئەنگە بارىمەن - دە، خەتنى تاڭ پادىشاھىغا بېرىمەن، يەنە بىر موللاق ئېتىپ قايتىپ كېلىمەن. ئۇنىڭغىچە موي قەلەمنىڭ سىياھىمۇ قۇرۇمايدۇ، ئەمما، سىلى ئەۋەتىدىغان قانداق خەت ئۇ؟ ماڭا دەپ بەرسىلە، دەپ بېرىپ بولۇپ يازسىلىمۇ كېچىكمەيدىلا، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سەنزاڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

*ياشىسۇن دەپ خان ئالىيلىرى،*
*باش قويدۇممەن مانا ئۈچ نۆۋەت.*
*قەلەم - ئەلەم تۇتقان نامدارلار،*
*ئىككى ياندا تۇرۇپتۇ رەت - رەت.*
*پەرمان بىلەن چىقتىم مەن يولغا،*
*ئالماق ئۈچۈن قۇتلۇق كىتابنى.*
*توسۇدى مېنى خېيىم - خەتەرلەر،*
*توختاتتى ئاپەت مەندەك بىتاپنى.*
*قىينار ئېغىر كېسەل ئازابى،*
*ئازابلار ئالدىمغا مېڭىش مېنى،*
*بۇددا يولى ئۇزۇن ۋە مۇشكۇل،*
*ئەۋەتسىلىكەن باشقا بىرىنى.*

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇستاز، بەكمۇ بوش ئىكەنلا. ئەرزىمەسلا كېسەلگە مۇشۇنچىۋالا ئويلاپ كېتىپتىلا. ناۋادا ئېغىر كېسەل بولۇپ قالسىلا، شۇندا كۆرىدىلا. مېنىڭ مۇنداق كارامىتىم بار: تەھتىسارىغا كىرگۈدەك بولسام، ئۇن ئەزرائىلنى تۇتۇپ ھەممىسىنىڭ پېيىنى سۇغۇرۇۋالىمەن، بىرىگىمۇ رەھىم قىلمايمەن!

— شاگىرتىم ، كېسىلىم ئېغىر بولمىسا بۇ گەپنى قىلمايتتىم . بۇگۈنكى ئەھۋالىم تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشمايدۇ ، گېلىم بەكمۇ قۇرۇپ تۇرىدۇ . سەن ماڭا مۇزدەك سۇ ئەكېلىپ بەرگىن ، ئىچىپ باقاي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— بەللى ! سۇ ئىچكۈلىرى كەلدىمۇ ، دېمەك ، ساقىيىپ قاپتىلا . مەن بېرىپ سۇ ئەكېلەي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ قاچا ئالدى ، ئىبادەتخانىنىڭ كەينىدىكى ئاشخانىغا سۇ ئالغىلى كېتىۋېتىپ ، تۇساتتىن يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ ، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغان شەيخلەرگە كۆزى چۈشتى .

— بەكمۇ ئىچىڭلار تار ئىكەن ! بىز نەچچە كۈن تۇرغان بولساق ، كېتىدىغان چاغدا سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمىز ، كېتەرلىك خىراجەتنى تولۇق تۆلەيمىز . بۇنىڭغا نېمانچە قىلىپ كېتىسىلەر ؟

— يوقسۇ ، ئۇنداق ئىش يوق ، — دېدى ئۇلار ئالمان - تالمان تەزىم قىلىپ .

— نېمىشقا ئۇنداق ئىش يوق دەيسىلەر ؟ ئۆزۈن تۇمشۇق شەيخىمىنىڭ قارنى يامانراق ، سىلەرنىڭ بار - يوقۇڭلارنى يەپ تۈگەتتىمۇيا ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— غوجام ، بۇ قاقاس تاغدا چوڭ - كىچىك يۈزدەك شەيخ بار . ھەربىرىمىز سىلەرنى بىر كۈندىن باقساقمۇ يۈز كۈن بەخۇدۇك بېقىپ كېتەلەيمىز . شۇنداق تۇرسا ، يىگەن - ئىچكەنگە نېمىشقا غىڭشىيمىز ؟ — دېدى شەيخلەر .

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا يىغلايسىلەر ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— غوجام ، بۇ ئىبادەتخانىغا ئالۋاستى قەيەرلەردىن كېلىدىكىن بىلمىدۇق . ھەر كۈنى كېچىسى ئىككىدىن بالا شەيخ چىقىپ قوڭغۇراق ، دۇمباق چالاتتى ، قوڭغۇراق ، دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ، بىراق شەيخلەر قايتىپ كەلمىدى . ئەتىسى قارىساق ، ئىككى بالا شەيخنىڭ تەلپىكى بىلەن ئايىغى ، ئۇستىخانلىرى ئارقا

ھويلىغا تاشلاقلىق تۇردۇ . سىلەر قونغان ئۆچ كۈندىن بۇيان ئالتە شەيخىمىز يوقىلىپ كەتتى . شۇڭا ، قورقۇپ غەمگە چۆشۈپ قالدۇق . ئۇستازىڭىزنىڭ تاۋى يوق بولغاچقا ، بۇ ھەقتە ئىغىز ئاچالماي يىغلاپ يۈردۇق .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى :

— دىمەك ، ئالۋاستى ئادەملەرگە زىيان سالغىلى تۇرۇپتۇ . مەن ئۇنى يوقىتاي ئەمىسە ، — دىدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— غوجام ، جىن - ئالۋاستىلار بەك يامان كىلىدۇ ، يا بۇلۇتقا چىقىپ قاچىدۇ ، يا كۆھىقاپقا كىرىۋالىدۇ . ئۇنى تۇتۇپ ، بۇ تاغدىن بالا - قازانىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتسىڭىزغۇ بەختىمىز ، ناۋادا تۇتالماي قالسىڭىز تازا ئوبدان بولمايدۇ ، — دىدى راھىبلار .

— تازا ئوبدان بولمايدۇ ، دىگىنىڭلار نىمە گەپ ؟ — دىدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— غوجام ، ئۆزىڭىزدىن يوشۇرمايمىز ، بۇ تاغدا يۈزدەك شەيخ بولسىقمۇ ، ھەممىمىز ئۆيدىن كىچىك ئايرىلغاچقا ، يولۋاس ، ئەجدىھا تۇتالمايمىز ، جىن - ئالۋاستىلارنىمۇ تونۇمايمىز . ئەگەر سىز ئۇ ئالۋاستىنىڭ چىشىغا تىگىپ قويسىڭىز ، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ بىر ۋاقلىق غىزاسى بولىمىز ، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن ، ھەممىمىز جىنىمىزدىن جۇدا بولىمىز ؛ ئىككىنچىدىن ، بۇ ئورمانىدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلاردىن نام - نىشان قالمايدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، تاتھاگاتو كىلىپ قالسىمۇ ، نۇر چاقنىماي قالىدۇ . مانا بۇ تازا ئوبدان بولمايدۇ دىگىنىمىز .

سۈن ۋۇكۇڭ شەيخلەرنىڭ بۇ گىپىنى ئاڭلاپ ۋىژژىدە ئاچچىقى كەلدى - دە ، ئۈنلۈك قىلىپ :

— سىلەرمۇ ئۈچىغا چىققان ئەخمەق ئىكەنسىلەر ! ئالۋاستىنىغۇ بىلىدىكەنسىلەر ، مىنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمنى بىلمەمسىلەر ؟ — دىدى .

— راستىلا بىلمەيدىكەنمىز ، — دىدى شەيخلەر بوشقىنا .

— مەن ئازراق دەپ بىرەي ، ئوبدان قۇلاق سىلىڭلار :

*بويسۇندۇردۇم ئەجدىھانى، يولۋاسنى،*
*قىلدىم تەڭرى ئوردىسىنى مالىمان.*
*يېدىم ئۇچ تال ھوببى ناياپ ئاچلىقتا،*
*ئىچتىم تەڭرى شارابىدىن يەتتە جام.*
*بىر چەكچەيتسەم ئاشۇ جادۇ كۆزۈمنى،*
*چىقسام ئېلىپ خاسىيەتلىك گۇرزەمنى،*
*جاي تاپالماي مۆكۈشكە جىن - شەيتانلار،*
*تىترىشەر كۆرۈپ قالسا گەر مېنى.*
*تۇتۇپ كېلىپ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ،*
*كۆيدۈرىمەن ھەمدە يانجىپ تاشلايمەن.*
*دەريا يېرىپ ئۆتكەن سەككىز ئەۋلىيادەك،*
*كارامەتلەر كۆرسىتىشكە باشلايمەن.*
*ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلىپ كۆرسىتەي،*
*قانداقلىقىم مەن سىلەرگە بىلدۈرەي.*

شەيخلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى: «بۇ ئوغرى تازىنىڭ گەپنى يوغان قىلغىنىدىن قارىغاندا بىرگەپ بار ئوخشىمامدۇ؟» ھەممەيلەن قول قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. بىرلا ھېلىقى لاما:

— توختاڭ! ئۇستازىڭىز ھازىر بىتاپ. ئالۋاستىنى تۇتۇشقا بەك ئالدىراپ كەتمىسىڭىزمۇ بولار. ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشمەن، دەپ، ئۇستازىڭىزغا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويمىغايسىز، — دېدى.

— بۇمۇ بولىدۇ! ياخشى گەپ بۇ! مەن ئۇستازىمغا سۇ ئاپىرىپ بېرىپ كېلەي ئەمىسە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. ئۇ قاچىسىغا سوغۇق سۇ ئېلىپ ئاشخانىدىن چىقتى - دە، ھۇجرىغا بېرىپ:

— ئۇستاز، قېنى سۇ ئىچىڭ، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ راسا ئۇسسىغانىدى، سۇنى ئېلىپلا ئىچتى. بۇ خۇددى «ئۇسسىغاندا ئىچكەن سۇ زەمزەم تېتىيدۇ، جايىدا يېيىلگەن

دورا كېسەلگە شىپا بولىدۇ» دېگەنىنىڭ ئۆزى بولدى. سوْن ۋۇكوْڭ ئۇستازىنىڭ ئاستا ــ ئاستا جانلىنىۋاتقانلىقىنى، چىرايى ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئۇستاز، سوْيوْق ــ سەلەڭ بىرنەرسە ئىچەمدىلا؟

— بۇ سۇ خاسىيەتلىك دورىدەك ماڭا خېلى شىپا بولدى، ئەمدى سوْيوْق ــ سەلەڭ بىرنەرسە ئىچىپ باقاي، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

سوْن ۋۇكوْڭ كەينى ــ كەينىدىن:

— ئۇستازىم ساقايدى، سوْيوْق ــ سەلەڭ تاماق يېگۈدەك بولدى، — دېدى ئۇنلۇك قىلىپ ھەممە شەيخلەرگە دەرھال تاماق ئېتىشنى ئېيتتى. گۈرۈچ يۇيۇلدى، تاماق پىشۇرۇلدى، خېمىر يۇغۇرۇلدى، قاتلىما سېلىندى، موما پىشۇرۇلدى، پىنتوزا شورپىسى قىلىندى، تۆت ــ بەش شىرە راسلاندى. تاڭ سەنزاڭ ئاران يېرىم چىنە گۈرۈچ سۇيى ئىچتى. سوْن ۋۇكوْڭ بىلەن شاسېڭ بىر شىرە غىزا بىلەن چەكلەندى. قالغىنىنى پۈتۈنلەي جۇ باجىي موك سوقتى. تاماقتىن كېيىن چىراغ يېقىلدى، شەيخلەر ھۇجرىلىرىغا چىقىپ كەتتى.

— بىز بۇ يەردە نەچچە كۈن تۇردۇق؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۈچ كۈن تۇردۇق. ئەتە تاڭ ئاتسا تۆت كۈن بولىدۇ، — دېدى سوْن ۋۇكوْڭ.

— ئۈچ كۈندىن بېرى بىرمۇنچە يولدىن قاپتۇق، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، ھېچقانچە يولمۇ ماڭالماستۇق، ھەرھالدا ئەتە يولغا چىقايلى، — دېدى سوْن ۋۇكوْڭ.

— شۇنداق، كېسەل بولغاچ ئىلاجىسىز بولۇپ قالدۇق ــ دە! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئەتە ماڭىدىغان بولساق، بۈگۈن ئاخشام ئالۋاستىنى تۇتاي ئەمىسە، — دېدى سوْن ۋۇكوْڭ.

— قايسى ئالۋاستىنى تۇتىسەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ چۆچۈپ

كېتىپ .

— ئىبادەتخانىدا بىر ئالۋاستى بار ئىكەن . شۇنى تۇتاي دەيمەن .

— ھەي شاگىرتىم ، مەن تېخى ساقايمىغان تۇرسام ، سەن نېمىشقا بۇنداق ئىشقا قىزىقىپ قالغانسەن ؟ كونىلار : «ئۆزۈڭنى بىل ، ئۆزگىنى قوي ، كۆتۈڭنى قىس ، يولۇڭغا ماڭ» دەپتىكەن ، ئۆز ئىشىڭنى قىلغىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ ئالۋاستىنى تۇتىمەن دېمە ، دەپ جوراپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى :

— ئۇستاز ، سىلىگە راستىنى ئېيتاي . ئۇ ئالۋاستى بۇ يەردە ئادەم يەۋېتىپتۇ .

— كىمنى يەپتۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ كېتىپ .

— بىز تۇرغان بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ ئىبادەتخانىدىكى ئالتە شەيخنى يەپ كېتىپتۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— «توشقاننىڭ ئۆلگىنى تۈلكىگە ياراشتى ، ئۆلۈكىنى ئىتلار تالاشتى» دېگەندەك ئىش بوپتۇ . ئالۋاستى ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنى يېگەن بولسا ، مەنمۇ بىر راھىب ، شۇڭا سېنى ئىختىيارىڭغا قويۇۋېتەي ، لېكىن بەك ئېھتىيات قىلغىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— چاتاق يوق . مەن چوقۇم ئۇنى يوقىتىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

ئۇ جۇ باجيې بىلەن شاسېڭلارغا ئۇستازىغا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ قويۇپ ، خۇشال ھالدا تالىپلار ھوجرىسىدىن چىقىپ خانىقاغا كەلدى . ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى ، ئاي تېخى چىقمىغاچقا ، خانىقا قاپقاراڭغۇ ئىدى . ئۇ كۆجىلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ساپال سىرنى① ياقتى ، كۈنچىقىشقا بېرىپ دۇمباقنى ، كۈنپېتىشقا بېرىپ قوڭغۇراقنى چالدى . ئاندىن بىر دومىلاپلا يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە

① ساپال سىر — ساپال قاچىلارغا بېرىلىدىغان سىر ، كۆيىدۇ .

ئۈچ ياشلاردىكى شەيخكە ئۆزگەردى، ئۈچىسىدا سېرىق ماتا كۆڭلەك، ئاق تون بار ئىدى. ئۇ تاق - تاقنى تاقىلدىتىپ سورە ئوقۇپ يۈردى. بىرىنچى جىسەك مەھەلدە ھېچبىر تىۋىشى بولمىدى، ئىككىنچى جىسەك مەھەلدە ئورغاقتەك ئاي كۆتۈرۈلۈپ، غۇرقىراپ شامال چىقتى. شامال ئۆتۈپ كېتىشىگە، گۈپپىدە خۇش پۇراق ئەتىر، يۇزماي ھىدى كەلدى ۋە بىلەزۈكلەرنىڭ جىرىڭلىشى ئاڭلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. پاھ! ئاجايىپ گۈزەل بىر ساھىبجامال خانىقاغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ دەرھال غىڭشىپ سورە ئوقۇش بىلەن بولدى. ساھىبجامال يېقىن كېلىپلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى:

— بالا دەرۋىش، نېمە سورە ئوقۇۋاتىسىز؟

— ئىجازەت قىلىنغاننى، — دېدى سوپى ۋۇكۇك.

— جىمى ئادەم ئۇخلاۋاتسا، سىز نېمىشقا سورە ئوقۇيسىز؟ — دېدى ساھىبجامال.

— ئىجازەت قىلىنغان تۇرسا نېمىشقا ئوقۇمايمەن، — دېدى سوپى ۋۇكۇك.

ساھىبجامال ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئارقا ھويلىغا چىقىپ كۆڭۈل ئېچىپ كىرىڭ، — دېدى.

سوپى ۋۇكۇك بۇنى ئاڭلاپ ئىچىدە: «ھېلىقى قاپاق كاللا راھىبلار شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ جىنىنى سېلىپ بەرگەنىكەن - دە. ئەمدى بۇ مېنى قىلتاققا چۈشۈرمەن، دەپ كەپتۇ. بوپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن باراي، قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىر كۆرەي» دېدى.

ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ خانىقادىن ئارقا ھويلىغا چىقتى. ئالۋاستى سوپى ۋۇكۇكنى پۇتلاپلا يىقىتىپ گېلىدىن سىقتى. سوپى ۋۇكۇك ئىچىدە: «توۋا قىلدىم، بۇ مېنى يەيدىغان بولدى» دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، لىككىدە ئولتۇردى، ئاندىن بىر ئۆرۈلۈپلا ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى. مۇشۇ تاپتا قول سالماي قاچانغىچە ساقلايمەن! ئاۋۋال قول سالغان ئۇستۇنلۇكنى ئالىدۇ،

كېيىن قول سالغىنى بالاغا قالدۇ، دېگەن شۇ ، دەپ ئويلىدى سۇن ۋۇكۇڭ ھەمدە ئۇنى گېلىدىن سىقىپ تۇرۇپ ئىككى سىلكىنىپلا ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى، ئاندىن تۆمۈر كالتىكىنى ئېلىپ ئالۋاستىنىڭ بېشىغا تازا سالدى . ئالۋاستى چۆچۈپ : «بۇ شەيخ ئەجەب يامان ئىكەنا !» دەپ كۆزىنى ئېچىپ قارىدى . ۋاي ، بۇ تاڭ سېڭنىڭ سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن شاگىرتى ئىكەنغۇ ! ئۇ قورقماستىن كارامىتىنى كۆرسىتىپ ، قوش بىسلىق شەمشەرنى قولىغا ئالدى - دە ، قىر - چاپقا چۈشتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بولسىمۇ يېڭەلمىدى . ئەتراپتا سوغۇق شامال چىقىپ ، ئاينىڭ نۇرى خىرەلەشتى . ئىككىيلەن ئارقا ھويلىدا راسا تۇتۇشتى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ - غەيرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى ، ئۇرغان كالتىكى بىكار كەتمەيتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئالۋاستى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ شاققىدە قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئەقىل تاپتى - دە ، قاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ : «ھوي مۇناپىق ، قەيەرگە قاچىسەن ! تېز ئەل بول !» دەپ توۋلىدى ، ئەمما ئالۋاستى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي چېكىنىۋەردى . سۇن ۋۇكۇڭ يېتىشىۋالغاندا ، بىر پاي گۈللۈك كەشىنى سېلىپ بىر پۇۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرى پەيدا بولۇپ ، قوش بىسلىق شەمشەر بىلەن جەڭگە ئاتلاندى ، ئۆزى بولسا بىر سىلكىنىپلا سالقىن شامالغا ئايلىنىپ تىكىۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن تاڭ سەنزاڭغا ئاپەت يۈزلەندى . ئالۋاستى تالىپلار ھۇجرىسىغا كىردى - دە ، تاڭ سەنزاڭنى ئۇچۇرۇپ بۇلۇتقا ئېلىپ چىقىپ ، ھەش - پەش دېگۈچە شيەنكۇڭ تېغىدىكى تۇۋى يوق غارغا ئېلىپ كەلدى ، ئاندىن مۇلازىملارنى زىياپەت تەييارلاشقا بۇيرۇدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . سۇن ۋۇكۇڭ تاقىتى - تاق بولغان ھالدا كالتىكى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ ئالۋاستىنى يىقىتتى . قارىسا ، ئۇ بىر پاي گۈللۈك كەش ئىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ دامىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ ھاپىلا - شاپىلا

ئۇستازىنى ئىزدىدى . ئۇستاز قەيەردە بولسۇن؟ جۇ باجيې بىلەن شاسىڭ ئىككىسىلا بىرنىمىلەر دېيىشىپ ئولتۇراتتى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن ئاچچىقى كەلدى ـ دە ، ھېچنېمىگە قارىماي ئىككىسىنى ئۇرۇپ كەتتى:

— سەنلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! سەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

جۇ باجيې تەمتىرەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى . شاسېڭ ھەرھالدا خىسلەتدار تاغدا سەركەردە بولغان ، كۆپ ئىش كۆرگەندى . شۇڭا دەررۇ تىز چۆكۈپ :

— ئاغا ، مەن بىلدىم . سىز ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئۇستازنىمۇ قۇتۇلدۇرماستىن ، ئۆيىڭىزگە كەتمەكچى بولۇۋېتىپسىز ، — دېدى .

— ئىككىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئۇستازنى ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ قۇتۇلدۇرىمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— نېمە دەۋاتىسىز ، ئاغا! — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ ، — ئىككىمىز بولمىساق ، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس ، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك بولمامدۇ . ئاغا ، يۇك ـ تاق ، ئاتلارغا كىم قارايدۇ؟ «ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى ، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى» دەپتىكەن . بىزنى ئۇرماڭ . ئەتە ئەتىگەندە سىز بىلەن بىر نىيەتتە بولۇپ ئۇستازنى ئىزدەيلى .

سۇن ۋۇكۇڭ ماھارىتى قالتىس بولغاندىن سىرت ، زېھنى ئۆتكۈر ، غەرەز ئۇقمىغانلاردىن ئىدى . شاسېڭنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرغىنىنى كۆرۈپ نىيىتىدىن ياندى :

— جۇ باجيې ، شاسېڭ ، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار . ئەتە ئۇستازنى ئىزدەشتە راسا كۈچ چىقىرىڭلار .

جۇ باجيې ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي كەتتى .

— ئاغا ، بۇ ئىشنى ماڭىلا قويۇپ بېرىڭ ، — دېدى ئۇ .

ئۇچەيلەن باش قاتۇرۇپ ئويلاپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى

قاچتى ، كۈننى قولىقىدىن تارتىپ چىقارغۇسى ، بىر پۈۋلەپلا يۈلتۇزلارنى تارقىتىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى .

ئۈچەيلەن تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپ ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى . راھىبلار كېلىپ ئىشىكنى توسۇپ سورىدى :

— تەقسىرلىرىم ، قەيەرگە بارىسىلەر ؟

— سەت ئىش بولدى ! تۈنۈگۈن سىلەرگە ئالۋاستىنى تۇتىمەن ، دەپ يوغان گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن . ئەمدى ئالۋاستىنى تۇتماقتا يوق ، ئۇستازىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق . شۇڭا ، ئۇستازىمىزنى ئىزدىمەكچى بولۇۋاتىمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— تەقسىر ، ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن ئۇستازغا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويۇپسىز . ئۇنى قەيەردىن تاپىسىلەر ، — دېدى راھىبلار قورقۇپ .

— تاپىدىغان جاينى بىلىمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنداق بولسا ناشتا قىلىۋېلىپ مېڭىڭلار ، — دېدى راھىبلار ۋە دەرھال ئىككى ئۈچ - ئاپقۇر سۇيۇقئاش كەلتۈردى . جۇ باجيې قورسىقىنى راسا تويدۇرۇپ :

— ئوبدان شەيخلىرىم ! ئۇستازنى تېپىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئارام ئالىمىز ، — دېدى .

— مۇشۇ يەردە ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزىمىز ! قېنى پەلەك شاھ سارىيىغا بېرىپ ھېلىقى ئايال بارمۇ ، يوق ؟ قاراپ كېلىڭلار ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— تەقسىر ، يوق ، يوق . كەلگەن كۈنى بىر كېچە قوندى ، ئەتىسىدىن باشلاپ يوقىلىپ كەتتى ، — دېدى راھىبلار .

سۈن ۋۇكۇڭ راھىبلار بىلەن خۇشال - خۇرام خوشلاشتى ، جۇ باجيې ، شاسېڭلارغا ئاتنى يېتىلىتىپ ، يۈك - تاقنى كۆتۈرگۈزۈپ شەرققە قاراپ يول ئالدى .

— ئاغا ، بولمىدى . نېمىشقا شەرققە ماڭىمىز ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— سەن نېمىنى بىلىسەن ! ئاشۇ كۆنى قويۇق قارىغايزارلىقتا باغلاقلىق ئايالنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالسام ، سىلەر ئۇنى ياخشى ئادەم ، دەپ تۇرۇۋالدىڭلار . شەيخلەرنى يېگەنمۇ ، ئۇستازنى ئەپقاچقانمۇ شۇ ! مانا سىلەر قۇتۇلدۇرغان پەرىزات ! ئۇ ئۇستازنى ئەپقاچقان بولغاندىكىن ، ئۇنى كەلگەن يولىمىزدىن ئىزدىسەك بولمايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بەللى ، بەللى ، بەللى ! ئاجايىپ پاراسەتلىك ئىكەنسىز ! شۇ يەرگە بارايلى ، بارايلى ! — دېدى ئىككىيلەن ئۇنىڭغا قول قويۇپ .

ئۈچەيلەن جىددىيلەپ يول يۈرۈپ ئورمانغا كەلدى ، ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ ، تۇمان لەيلەپ يۈرەتتى ، تاغدىكى تاشلار قەۋەت - قەۋەت بولۇپ ، لاي يوللار يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتاتتى ، توشقان قوغلىغان تۈلكە ئىزلىرى كۆرۈنەتتى ، يولۋاس ، قاپلان ، چىلبۆرىلەر چېپىشىپ يۈرەتتى . ئالۋاستىنىڭ بولسا سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى ، ئۇستازنى قەيەرگە ئەكەتكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى . سۇن ۋۇكۇڭ تىت - تىت بولۇپ ئالتۇن ئۆمۈتىنى ئالدى ، بىر دومىلاپلا ئەرشنى مالىمان قىلغان چاغدىكىدەك ئۈچ باش ، ئالتە قوللۇق بولدى - دە ، ئۈچ كالتەكنى تۇتۇپ ئورمانلارنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇشقا باشلىدى .

— شاسېڭ ، ئاغامنىڭ ئاچچىقى راسا كەپتۇ ، ئۇستازنى تاپالماي ساراڭ بولغىلىۋاتىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

سۇن ۋۇكۇڭ ئەسلىي ئىككى بوۋاينى — تاغ مۇئەككىلى بىلەن يەر مۇئەككىلىنى چاقىرغانىدى . ئۇلار ھازىر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى :

— تەقسىر ، تاغ مۇئەككىلى ، يەر مۇئەككىلى خىزمىتىڭىزگە تەييار !

— سىلەر نېمانچە ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتتىڭلار ! قاراقچىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇستازىمنى ئەپقاچتىڭلار ! ئۇنى قەيەرگە يوشۇردۇڭلار ؟ تاياق يېمەيلى دېسەڭلار دەرھال ئېيتىڭلار ، — دېدى

سۇن ۋۇكۇڭ .
— بىزنى خاتا ئەيىبلەۋاتىسىز . ئالۋاستى بۇ تاغدا ، بۇ جايدا ئەمەس . ئەمما ، بىز كىچىدە شامالنى تىڭشاپ ئاز - تولا شەپىنى ئۇقتۇق ، — دېدى ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ .
— بىلگىنىڭلارنى تولۇق ئېيتىڭلار ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئالۋاستى ئۇستازىڭىزنى جەنۇبتىكى مىڭ چاقىرىم يىراق جايغا ئېلىپ كەتتى . ئۇ يەردە شيەنكۇڭ ناملىق تاغ بار ، تاغدا بولسا تۈۋى يوق غار بار . شۇ تاغدىكى ئالۋاستى ئۇستازىڭىزنى ئەپقاچتى ، — دېدى يەر مۇئەككىلى .
سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ، تاغ مۇئەككىلى بىلەن يەر مۇئەككىلىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ئۆز قىياپىتىگە قايتتى - دە ، جۇ باجيې بىلەن شاسېڭغا :
— ئۇستازنى يىراققا ئەپقېچىپتۇ ، — دېدى .
— ئۇنداق بولسا تېز قوغلايلى ، — دېدى جۇ باجيې .
جۇ باجيې شامال چىقىرىپ ئالدى بىلەن قوزغالدى ، ئارقىدىن شاسېڭمۇ ماڭدى . ئات ئەسلىي ئەجدىھا بولغاچقا ، يۈك - تاقلارنى ئۇستىگە ئېلىپ بۇلۇتقا چىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ جەنۇب تامان يول ئالدى . ئۇزاققا قالماي ، ئېگىز بىر تاغ بۇلۇتنى توسۇدى ، ئۇچەيلەن ئاتنى توختىتىپ بۇلۇتتىن چۈشتى . بۇ تاغ ھەيۋەت ئېگىز بولۇپ ، چوققىسى كۆككە تاقاشقان ، ئەتراپى دەل - دەرەخ ، ئوت - چۆپ بىلەن تولغانىدى ، ئۇچار - قاناتلار ۋىچىرلىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى ، يىرتقۇچ ھايۋانلار توپ - توپ بولۇپ ماڭاتتى ، بۇغا - ماراللار چېپىشاتتى . ئەگرى - بۈگرى چوققىلار ، تىك قىيالار كۆك بىلەن بوي تالىشىپ ، جىرانى ئوراپ تۇراتتى ، بۈك - باراقسان قارىياغاچلار ، ئاجايىپ - غارايىپ قورام تاشلار ئادەمنىڭ تېنىنى ئەيمەندۈرەتتى . ئەمما ، ئادەمزاتتىن نام - نىشان يوق ئىدى .
— ئاغا ، بۇ تاغدا ئاجايىپ خەتەرلىك چوققىلار بار ئىكەن ، چوقۇم ئالۋاستى ماكانى بۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— ناتايىن . «ئېگىز تاغدا ئالۋاستى بولىدۇ ، چوققىلاردا جىن يوق» دەيدۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . — شا ۋۇجىڭ ، ئىككىمىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى ، جۇ باجيې ئويمانغا چۈشۈپ قايسى يول ياخشىراق ، قەيەردە غار بار ، ئىشىكى قانداق ، ھەممىنى تەپسىلىي ئۇقۇپ كەلسۇن . ئاندىن ھەممىمىز بىرلىكتە چۈشۈپ ئۇستازنى ئىزدەيلى .

— مېنى راسا نەس باستى ! باش داڭزىسىغا مېنى چىقىرىشتى ، — دېدى جۇ باجيې .

— ئاخشام سەن ھەممىنى ماڭا قويۇۋېتىڭلار ، دەۋاتاتتىڭغۇ ، ئەمدى ئەجەب نەس باستى دەيسەنا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بولدى قاقشىماڭلار ، بارسامىلا بولىدۇغۇ ، — دېدى جۇ باجيې . ئۇ تىرنىسنى قويۇپ كىيىمىنى تۈزەشتۈردى ـ دە ، قۇرۇق قول تاغدىن چۈشۈپ يول ئىزدەپ ماڭدى . شۇ مېڭىشىدا ئۇنىڭ قانداق ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# سەكسەن ئىككىنچى باب

## *پەرىزاتنىڭ ئەرگە تەشنا بولغانلىقى*
## *تەخرىلەرنىڭ تەرىقەتنى قوغدىغانلىقى*

ئەلقىسسە، جۇ باجيې بىر چىغىر يولنى بويلاپ بەش ـ ئالتە چاقىرىم ماڭغاندا، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋاتقان ئايال قىياپىتىدىكى ئىككى ئالۋاستىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئالۋاستىلىقىنى جۇ باجيې ئىككى ـ ئۈچ سۇڭ ئېگىز قىلىپ تورمەكلىۋالغان، مودىدىن قالغان چېچىدىن بىلىۋالدى. شۇڭا يېقىن بېرىپ «هوي ئالۋاستى» دەپ چاقىردى. بۇنى ئاڭلاپلا ئالۋاستىلارنىڭ ئەرۋاهى ئۇچتى، ئىككىسى تەڭلا:

— ماۋۇ داپ يۈز شەيخ نېمە دەۋاتىدۇ! بىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىساق، ئادەتتە ئارىلىشىپ، چاقچاقلىشىپ يۈرمىسەك، بىزنى نېمىدەپ ئالۋاستى دەيدۇ! — دېدى ـ دە، ئەپكەشلىرى بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ كەتتى.

جۇ باجيې قولىدا قورال بولمىغاچقا چىدىماي بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى قاچتى. تاغقا كېلىپ:

— ئاغا، كېتەيلى، ئالۋاستى بەك يامان ئىكەن! — دېدى.

— قانداق يامان ئىكەن؟ — سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئويماندىكى بىر قۇدۇقتىن ئىككى ئالۋاستى سۇ ئېلىۋاتقانىكەن، مەن ئۇلارنى توۋلىشىمغا، ئەپكەش بىلەن ئۇرۇپ كەتتى، — دېدى جۇ باجيې.

ن ۋۇكۇڭ.

— مەن ئۇلارنى «ئالۋاستى» دەپ توۋلىغان.

— تېخى ئاز ئۇرۇپتۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— ھەممىتىڭىزگە رەھمەت ! بىشىم ئىششىپ كەتكەن تۇرسا تېخى ئاز ئۇرۇپتۇ دەيسىز !

— بارغانچە بىرىپ «ئالۋاستى» دېسەڭ ، ئۇلار سېنى ئۇرماي ، كېلىپ مېنى ئۇرامتى ئەمىسە؟ «ئاۋۋال سالام ، ئاندىن كالام» ئەمەسمۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنداق قىلماپتىمەن ! — دېدى جۇ باجيې .

— يەنە بىرىپ سوراپ كەلگىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەمدى بارسام تونۇۋالىدۇ .

— باشقىچە قىياپەتكە كىرىپ بارمامسەن .

— ئاغا ، ئۆزگىرىپقۇ بارارمەن ، ئەمما قانداق سورايمەن؟

— سەن ئۆزگىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارسەن ، سالام بەرگەندىن كېيىن ياش - قۇرامىغا قارايسەن . ئەگەر بىز دېمەتلىك بولسا ، «خېنىم» دەپ چاقىرسەن ، بىزدىن چوڭراق بولسا ، «ئاغىچا» دەپ چاقىرسەن .

— تازا گەپ بولدى ! بۇ چەت - ياقا جايدا ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ نېمە كەپتۇ ! — دېدى جۇ باجيې كۇلۇپ .

— تونۇشىدىغان گەپ يوق ، ئۇلاردىن گەپ ئالىدىغان ئىش . ئەگەر ئۇستازنى شۇلار تۇتۇپ كەتكەن بولسا ، ئىش ئاسان؛ ئەگەر ئەپقاچقانلار ئۇلار بولمىسا ، باشقا جايغا بېرىشىمىزغا دەخلى يەتمەمدۇ؟

— بۇ گەپمۇ ئورۇنلۇق . ئەمىسە باراي .

جۇ باجيې تىرنىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ تاغدىن چۈشتى . بىر يۇمىلاپلا قاپقارا ، سېمىز شەيخكە ئايلاندى ، ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئالۋاستىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردى ۋە :

— ئاغىچا ، پېقىر راھىبقا قاراپ قويىڭىزلار ، — دېدى .

— ئەجەب بەلەن شەيخ ئىكەنغۇ بۇ ، سالام بېرىشنى ۋە چىرايلىق ئاتاشنى بىلىدىكەن ، — دېدى ئالۋاستىلار ۋە سورىدى ، — دەرۋىش ، قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— قەيەردىن كەلدىم؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دېدى ئالۋاستى كولۇپ.
— ئىسمىم نېمە؟ — دېدى جۇ باجيې.
— ئوبدانغىنا شەيخ ئىكەن، بىراق قەيەردىن كەلگىنى ئېنىق ئەمەس، گەپلىرى بەك قىزىق ئىكەن، — دېدى ئالۋاستىلار.
— ئاغىچىلار، بۇ سۇنى نېمە قىلىسىلەر؟
— شەيخ، سىز بىلمەيسىز، خان ئاغىچىمىز بۈگۈن كېچە تاڭ سېڭنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى ئوبدان كۈتۈڭلار، دېدى. غاردا پاكىز سۇ يوق بولغاچقا، ئىككىمىزنى سۇغا ئەۋەتتى. بۇنىڭدا قورۇما-تاماق قىلىپ تاڭ سېڭغا يېگۈزمەكچى، ئاخشاملىقتا ئۇنىڭغا ياتلىق بولماقچى، — دېدى ئالۋاستىلار.
جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپلا كەينىگە قارىماي چېپىپ تاغقا كېلىپ توۋلىدى:
— شاسېڭ، يۈك-تاقلارنى ئېلىپ كەلگىن، بۆلۈشەيلى!
— ئاغا، بۆلۈشۈپ نېمە قىلىمىز؟ — دېدى شاسېڭ.
— بۆلۈشۈپ بولۇپ سەن ليۇشاخې دەرياسىغا بېرىپ ئادەم يەپ جان باقىسەن، مەن گاۋ جەمەتى قورۇقىغا بېرىپ تۇغقانلىرىمنى يوقلايمەن، ئاغام گۈلشەن تاغقا كېتىپ ئەۋلىيالىقنى قىلىدۇ، ئات دېڭىزغا قايتىپ ئەجدىھا بولىدۇ!
— ماۋۇ ھاڭۋاقتى يەنە بىلجىرلىغىلى تۇردى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— سېنىڭ بالاڭ بىلجىرلاۋاتقاندۇ! سۇ ئېلىۋاتقان ئالۋاستىلار، گۆشىنى تاماق قىلىپ تاڭ سېڭغا يېگۈزىمىز، ئاندىن توينى قىلىمىز، دەۋاتىدۇ! — دېدى جۇ باجيې.
— ئالۋاستى ئۇستازنى باغلاپ غارغا سولىۋالسا، ئۇستاز بىزنىڭ قۇتۇلدۇرۇشىمىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتسا، سەن مۇشۇنداق گەپ قىلامسەن!
— قانداق قۇتۇلدۇرىمىز؟ — دېدى جۇ باجيې.
— ئىككىڭلار ئاتنى يېتىلەپ، يۈك-تاقلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار. بىز ئىككى ئالۋاستىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا

بارغاندا تەڭلا قول سالايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې بۇنىڭغا نائىلاج بويسۇندى . ئۇلار قارا كۆرە مېڭىپ تاغ ئىچىگە كىردى . ئون ـ يىگىرمە چاقىرىم ماڭغاندا تۇيۇقسىز ئالۋاستىلار غايىب بولغاندى ، جۇ باجيې ھەيران بولۇپ توۋلىۋەتتى :

— ئۇستازنى ئېزىتقۇ ئەپقېچىپتۇ !

— كۆزۈڭ ئەجەب ئىتتىك ئىكەن ـ ھە ! ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى قانداق كۆرۈۋالدىڭ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئىككى ئالۋاستى سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتى . ئېزىتقۇ بولماي نېمە ئۇلار ؟

— غارغا كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . مەن قاراپ باقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ جادۇ كۆزى بىلەن خېلى ئۇزاقلارغا نەزەر سالغانىدى ، دەرۋەقە ، ھېچ نەرسىنى چېلىقتۇرمىدى . پەقەت تىك قىيا ئالدىدا ئاجايىپ نەپىس ، رەڭدار ۋە چىرايلىق زىننەت دەرۋازىسىنى كۆردى . ئۇ جۇ باجيې ، شاسېڭلار بىلەن يېقىن بېرىپ قارىسا ، ئۇنىڭغا «شيەنكۇڭ تېغىدىكى تۇۋى يوق غار» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى .

— ئىنىلىرىم ، ئالۋاستىنىڭ ماكانى مۇشۇ يەر ئىكەن . بۇنىڭ ئىشىكى قەيەردىدۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— يېقىندا ، يېقىنلا يەردە ! تاپماق ئاسان ! — دېدى شاسېڭ .

ئۇلار بۇرۇلۇپ قارىسا ، زىننەت دەرۋازىسى ئاستىدا ئون كۇب مېتىر كەلگۈدەك يوغان بىر تاش تۇراتتى ، تاشنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك ، بەكمۇ سىلىقلىشىپ كەتكەن بىر تۆشۈك بار ئىدى .

— ئاغا ، ئالۋاستىلار مانا مۇشۇ يەردىن كىرىپ ـ چىقىدىكەن ، — دېدى جۇ باجيې .

— توۋا قىلدىم ! سىلەردىن يوشۇرمايمەن ، تاڭ سېڭنى قوغداپ كېلىۋاتقاندىن بېرى خېلى كۆپ ئالۋاستىلارنى تۇتتۇم ،

بۇنىڭدەك غارنى كۆرگىنىم يوق ئىدى. جۇ باجىي، سەن ئاۋۋال كىرىپ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ چىققىن، ئاندىن مەن كىرىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقاي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ھەي، بۇ تەس! قىيىن گەپ جۇمۇ! مەن بەك ئېغىر، تېيىلىپ كېتىپ چۈشۈپ كەتسەم ئۇنىڭ تۈۋىگە ئىككى - ئۈچ يىلدىمۇ بېرىپ بولالماسمەن، — دېدى جۇ باجىي بېشىنى چايقاپ.

— شۇنچىۋالا چوڭقۇرمىدۇ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— قاراپ بېقىڭا قېنى! — دېدى جۇ باجىي.

سۈن ۋۇكۇڭ غارنىڭ ئاغزىدا يېتىپ سىنچىلاپ قارىغانىدى، تېگى كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ ئەتراپى ئۈچ يۈز چاقىرىمدەك كېلەتتى.

— ئىنىم، دەرۋەقە بەك چوڭقۇر ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— قايتىپ كېتىڭ، ئۇستازنى قۇتۇلدۇرالمايسىز! — دېدى جۇ باجىي.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ «ھورۇننى ئىشقا بۇيرۇساڭ، ساڭا ئەقىل ئۆگىتەر» دېگەندەك ئىش قىلما. يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈپ، ئاتنى زىننەت دەرۋازىسىغا باغلاڭلار. سەن تىرنىنى تۇتۇپ، شاشىڭ ھاسىنى تۇتۇپ غار ئاغزىدا تۇرۇڭلار. مەن كىرىپ تىڭ تىڭلاپ باقاي، ناۋادا ئۇستاز بۇنىڭ ئىچىدە بولسا، مەن ئالۋاستىنى سوۋر - توقاي قىلغىنىمچە ئىشككە ئېلىپ كېلەي، ئىككىڭلار سىرتتا ئۇنى توسۇڭلار. مانا بۇ ئىچى - سىرتىدىن تەڭ ماسلاشقانلىق بولىدۇ. ئالۋاستىنى ئۆلتۈرسەك، ئاندىن ئۇستازنى قۇتۇلدۇرالايمىز.

ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى.

سۈن ۋۇكۇڭ بىر سەكرەپ غارغا كىردى - دە، خاسىيەتلىك بۇلۇتقا چىقىۋالدى، ئۇنى قاتمۇقات ھاۋا ئوراپ مۇھاپىزەت قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يەتتى. بۇ يەر يوپيورۇق بولۇپ، ئادەتتىكىدەكلا كۈن، شامال، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بار ئىدى. سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى: «ئاجايىپ پەيزى يەرغۇ بۇ! ماڭا تۇغۇلسام سۇ پەردىلىك

غار بەخشەندە بولغاندەك ، بۇ جايمۇ كارامەت ئېسىل ئىكەن !» ئۇ ئەتراپقا نەزەر سېلىۋىدى ، قارىياغاچ ، بامبۇكلاردىن ياسالغان بىر دەۋازا ، ئىچىدىن نۇرغۇن ئۆيلەر كۆرۈندى . ئۇ مۇنداق ئويلىدى : «بۇ چوقۇم ئالۋاستىلار ياتىدىغان جاي ئوخشايدۇ . مەن ئىچىگە كىرىپ تىنىڭ تىڭشاپ باقاي . ھەي توختا ! مۇشۇ پېتىم بارسام ، ئۇ مېنى تونۇۋالىدۇ . مەن ئۆزگىرىپ ئاندىن كىرەي .» ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ چىۋىنغا ئايلاندى ـ دە ، ئاستا ئۇچۇپ ئىشىككە قونۇپ ئىچكىرىگە قارىدى . ئالۋاستى ئېگىز شىپاڭدا ئولتۇراتتى . ئۇ ئورماندا قۇتۇلدۇرۇۋالغان ، ئىبادەتخانىدا ئۇرۇشقان چاغدىكىدىنمۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سالدى . بىرپەستىن كېيىن ئۇ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا :

— مۇلازىملار ، گۆشىسىز غىزانى تېز كەلتۈرۈڭلار ، مەن تاڭ سېڭ ئاكام بىلەن تاماقتىن كېيىنلا توي قىلىمەن ، — دېدى .

سۈن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ : «بۇ بار گەپ ئىكەن ـ دە ! مەن تېخى جۇ باجىينى بىلجىرلىدىك دەپتىمەن ! ئۇستاز قەيەردىكىن ، كىرىپ ئۇنى تاپاي ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بار ، بىلىپ باقاي . ناۋادا ئۇ تەۋرىنىپ قالغان بولسا ، مۇشۇ يەردە قېلىۋەرسۇن» دېدى ـ دە ، قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كىردى . قارىسا ، تاڭ سېڭ غەربتىكى دەھلىزنىڭ ئايغىدىكى ئۇستى يورۇق ، ئاستى قاراڭغۇ ، قىزىل قەغەز چاپلانغان روجەك ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ .

سۈن ۋۇكۇڭ قەغەزنى تېشىپ كىرىپ تاڭ سېڭنىڭ بېشىغا قونۇپ : «ئۇستاز !» دەپ توۋلىدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ :

— شاگىرتىم ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن ! — دېدى .

— ئۇستاز ، ئالدىرىمىسىلا ! ئالۋاستى زىياپەت تەييارلاۋاتىدۇ . ئۇنى يەپ بولۇپ سىلى بىلەن توي قىلماقچى ، ئۇ بىرەر ئوغۇل ياكى قىز تۇغۇپ بەرسە ، سىلىدىن ئەۋلاد قالار ، نېمىدىن

قايغۇرىدىلا؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ مۇنداق دېدى:
— شاگىرتىم، مەن چاڭئەندىن چىقىپ پاسىل تاغدىن سېنى ئالغىنىمدىن بۇيان قاچان گۆشلۈك غىزاغا ئېغىز تەگدىم؟ قايسى چاغدا بولمىغۇر ئوي - خىياللاردا بولدۇم؟ ھازىر بۇ ئالۋاستىغا تۇتۇلدۇم. ئۇ ئەر بولۇشنى تەلەپ قىلسا، مەن ماقۇل بولسام، ئىلاھىم تېنىم چىرىپ كەتسۇن، دوزىخى بولۇپ كېتەي!
— قەسەم قىلمىسىلا. غەربكە بېرىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىش نىيەتلىرىلا بولسا، مەن سىلىنى ئەكېتەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.
— كىرگەن يولۇمنى ئۇنتۇپ قالدىم.
— ئۇنداق دېمىسىلە. بۇ مۇنداقلا كىرىدىغان، چىقىدىغان غار ئەمەس ئىكەن. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە شۇڭغۇيدىغان گەپ ئىكەن. ھازىر سىلىنى قۇتۇلدۇرسام تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆرلەيمەن. تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا، غارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋالىمىز، تەلىيىمىز كاج كېلىپ قالسا، ئۆرلەپ چىقىپ كېتەلمەي كۆرىدىغىنىمىزنى كۆرىمىز.
— بۇنداق قىيىن ئىش بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ يۇم - يۇم يىغلاپ.
— چاتاق يوق! ئالۋاستى سىلىنى مېھمان قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. باشقا ئامال بولمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەر قەدەھ ئىچىشسىلە، ئۇنىڭغا مەي قۇيغاندا ئىتتىكرەك قۇيۇپ، كۆپۈك چىقارسىلا. مەن شاخچى قۇشقاچ بولۇپ مەي ئىچىگە چۇشۇۋالاي، شۇندىلا ئۇ مېنى ئىچىۋېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ، ئۈچەي - قارنىنى ئۈزۈپ، چۇۋۇپ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرىمەن. سىلى شۇندىلا ئەركىنلىككە چىقىدىلا.
— شاگىرتىم، بۇ گېپىڭ ئادەمگەرچىلىك قىلىپىدىن چىقىپ كەتتى.

— رەھمەتلىك قىلسىلا، جانلىرىدىن ئايرىلىدىلا. ئالۋاستىنىڭ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان مىجەزى ئۆزگەرمەيدۇ، سىلى ئۇنى ئاياپ نېمە قىلىدىلا؟

— بوپتۇ. مەن بىلەن بىللە بولساڭلا بولدى.

ئىككىيلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولۇشىغا، ئالۋاستىلارنىڭ زىياپىتىمۇ تەييار بولدى. ئالۋاستى شەرقىي دەھلىزگە كېلىپ قولۇپنى ئېچىپ: «ھەزرەت» دەپ توۋلىدى. تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يەنە توۋلىغانىدى، يەنە جاۋاب قىلمىدى. ئالۋاستى ئىشىكنى ئېچىپ كىردى ـ دە، تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلىدى، قولىقىغا نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى، ئاجايىپ نازۇ ـ كەرەشمىلەر بىلەن جىلۋە قىلدى. تاڭ سەنزاڭنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى، چىرايى ئېچىلمىدى.

ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ شىپاڭغا باشلاپ كېلىپ:

— ھەزرەت، زىياپەت تەييارلاتتىم، ئېغىز تېگىڭ، — دېدى.

— خېنىم، كەمىنىڭىز گۆشلۈك غىزا يېمەيمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— سىزنىڭ گۆشلۈك غىزا يېمەيدىغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىم بار. غاردىكى سۇ پاكىز بولمىغاچ، ئالايتەن تاغ بېشىدىكى سۈزۈك سۇدىن ئەكەلدۈرۈپ گۆشسىز غىزا ۋە مېۋە ـ چېۋە تەييارلاتتىم، — دېدى ئالۋاستى.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ بىلەن كىرىپ كۆردىكى، ئەييۇھەنناس! شىرەلەر ئاجايىپ ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان، قىممەت باھالىق پەتنۇس، تەخسىلەرگە تۈرلۈك ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر سېلىنغانىدى. مانا، قۇمىئالما، زەيتۇن، نېلۇپەر، ئۈزۈم، تورريىيا گراندىس[①]، ئورمان ياڭىقى، قارىياغاچ پوستى، لىجى[②]، لۇڭيەن، كاشتان، بانان، چىلان، ئەبنۇس، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئاپېلسىن، پورتۇقال قاتارلىق مېۋىلەر مول تىزىلغانىدى؛

---

① تورريىيا گراندىس — بۇ خەلقئارالىق نامى بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ جېجياڭ، ئەنخۇي، جياڭشى، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ، مېۋىسى ياڭاققا ئوخشايدۇ، يېگىلى بولىدۇ.

② لىجى — بىر خىل مېۋە.

قۇرۇملار تېخىمۇ جىق ، يېڭى ـ يېڭى ئىدى : پۇرچاق ئۇيۇتمىسى ، خېمىر تىرپى ، موئېر ، يېڭى بامبۇك نوتىسى ، موگۇ ، خۇش پۇراق موگۇ ، پېچەكگۇل ، قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل ، تاشچېچەك ، سېرىق چېچەك قاتارلىق كۆكتاتلار سۇ مېيىدا قورۇلغان ؛ دۇجۇر ، جاڭدۇلار جاڭيۇدا قورۇلغانىدى . كۆك كاۋا ، تەرخەمەك كاۋا ، بەيگو مېۋىسى ، ئاش چامغۇر ھەم بار ئىدى . بۆدۆنە كاۋىپى ، كاۋىدا قىلىنغان تۇرلۇك قورۇملار تىزىلغانىدى . بەرەڭگىلەر شېكەرگە مىلەپ پىشۇرۇلغان ، ئاق تۇرۇپ چۇچۇمەل قىلىنغان ، مۇچ ـ ئاچچىقسۇ ، دورا ـ دەرمەكلىرى ئاجايىپ ئوبدان تەڭشىلىپ ، مەززىلىك تەم كىرگۈزگەنىدى .

ئالۋاستى نازۇك ، مەرمەردەك سۇزۇك قولىغا ئالتۇن قەدەھنى ئېلىپ لىق مەي قۇيۇپ ئاڭ سېڭغا تۇتتى ۋە :

— ئاكا ، بىر قەدەھ شادلىق شارابى ئىچىڭ ، — دېدى .

ئاڭ سەنزاڭ ئۇيالغان ھالدا قەدەھنى ئالدى ۋە ئاسمانغا قاراپ تەڭرىگە سېغىندى : «تەڭرىلەر ، مالائىكىلەر ، پەرىشتىلەر ، مۇخلىسلار شۇەن زاڭ شەرقىي دىياردىن چىققاندىن بۇيان ئاۋالوكتىسۋارا بۇدساتۋا ئەۋەتكەن ھەرقايسىڭلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددانىڭ جامالىنى كۆرۈپ ، بۇددا نومىنى ئېلىشقا تەقەززار بولۇۋاتاتتىم . بۈگۈن بۇ يەردە ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم . ئۇ مېنى ئەر بولۇشقا قىستاپ بۇ قەدەھنى تۇتتى . مەينىڭ قورۇما ـ تائاملىرى گۆشسىز ئىكەن ، نائىلاج يەپ ـ ئىچىۋاتىمەن . ئىلاھىم ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بۇددانىڭ جامالىنى كۆرەرمەن . ناۋادا گۆشلۈك قورۇما ـ تائاملار بىلەن مەي ئىچىپ پەرھىزىمنى بۇزسام ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا قارا يۈز بولۇپ كېتەي !»

سۇن ۋۇكۇڭ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىگە جايلىشىۋالغانىدى . ئۇنىڭ گېپىنى باشقىلار ئاڭلىيالمايتتى ، سۇن ۋۇكۇڭلا ئاڭلايتتى . ئۇ ئادەتتە ئۇستازىنىڭ ئۆزۈمدىن ئىشلەنگەن مەيلەرنىلا ئىچىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئۇنى

بىرەر قەدەھ ئىچىشكە دەۋەت قىلدى . ئۇستاز ھېچ ئامال قىلالماي ئىچىۋەتتى ، ئاندىن كوركىرىتىپ بىر قەدەھ قۇيۇپ ئالۋاستىغا تۇتتى . ئۇنىڭدا كۆپۈك پەيدا بولۇۋىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ شاخچى قۇشقاچقا ئايلىنىپ مەيگە چۇشۇۋالدى . ئالۋاستى قەدەھنى ئېلىپلا ئىچمىدى ، قەدەھنى قويۇپ تاڭ سېڭغا ئىككى قېتىم تەزىم قىلدى ، ناز ـ جىلىۋە بىلەن شېرىن ـ شېكەر گەپلەرنى قىلىپ بىردەم كاسىلدىدى . ئۇ قەدەھنى قولىغا ئالغاندا كۆپۈك تۇگەپ شاخچى قۇشقاچ كۆرۈنۈپ قالدى . ئالۋاستى ئۇنىڭ سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقماي ، قۇرت ئوخشايدۇ دەپ قاراپ ، چىمچىلىقىدا ئېلىپ تاشلىۋەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى بىلىپ ، ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ، دەرھال ئاچ ، قىزىل بۈركۈتكە ئايلاندى ـ دە ، پالاق ـ پۇلۇق قانات قېقىپ زىياپەت شىرەسىنى ئۆرۈپ ، مېۋە ـ چېۋە ، قورۇما ـ تائاملارنى تۆكۈپ ، پەتنۇس ، تەخسىلەرنى چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى ـ دە ، ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى . قورقۇپ كەتكىنىدىن ئالۋاستىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى ، تاڭ سېڭنىڭمۇ جېنى ئازلا قالدى . ئالۋاستى لاغىلداپ تىترەپ تاڭ سېڭنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— ئاكا ، بۇ بىرنېمە قەيەردىن كەلدى ؟ — دېدى .

— بىلمىدىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— مەن مىڭبىر مۇشەققەتتە بۇ پەرھىز تائامنى تەييارلاپ سىزبىلەن كۆكۈل ئاچاي دېۋىدىم ، قىرشقاندەك بۇ يۇگۈلۇق مەخلۇق كىرىپ جىمى نەرسىنى چېقىۋەتتى ! — دېدى ئالۋاستى .

— خان ئاغىچا ، چېقىۋەتسىغۇ مەيلىدى ، ئەمما تائاملار يەرگە تۆكۈلۈپ رەسۋا بوپتۇ ، بۇنى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى جىنلار .

تاڭ سەنزاڭ بۇ سۇن ۋۇكۇڭ قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىيۇ ، ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى .

— نۆكەرلەر ، مەن بىلدىم . ئاسمان ۋە زېمىن مېنىڭ تاڭ سېڭنى باغلىشىمنى راۋا كۆرمەي بۇ مەخلۇقنى ئەۋەتىپتۇ . سىلەر

سۇنغان نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىپ ، باشقىدىن گۆشلۇك ، گۆشسىز ، دەپ ئايرىماستىن زىياپەت تەييارلاڭلار . ئەمدى ئاسماننى ئەلچى ، زېمىننى گۇۋاھچى قىلىپ تاڭ سېلىڭ بىلەن توي قىلىمەن ، — دېدى ئالۋاستى ، ئاندىن تاڭ سېڭنى غەربىي دەھلىزدىكى ھۇجرىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن ئۆز قىياپىتىگە قايتىپ غار ئاغزىغا كېلىپ ۋارقىرىدى :

— ئىشىكنى ئېچىڭلار !

— شاسېڭ ، ئاغام چىقتى ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ . ئىككىيلەن قورالىنى يىغىشتۇردى . سۇن ۋۇكۇڭ تاشقىرىغا چىقىشىغا ، جۇ باجيې ئالدىغا بېرىپ :

— ئالۋاستى بارمىكەن ؟ ئۇستاز بارمىكەن ؟ — دېدى .

— بار ! بار ! بار ئىكەن !

— ئۇستازنى قىيناپتۇمۇ ، باغلاپتۇمۇ ؟ ھورداپ يەمدىكەن ، پىشۇرۇپمۇ ؟ — دەپ سورىدى جۇ باجيې .

— بۇنداق ئىشلار يوق . ئالۋاستى گۆشسىز غىزالار بىلەن مېھمان قىلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا تەگمەكچى بولۇۋېتىپتۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئامىتىڭىز بار ئىكەن ! ئامىتىڭىز بار ئىكەن ! ئۇستاز بىلەن ئولتۇرۇپ زىياپەتكە داخىل بولغانسىز ـ ھە !

— ۋاي ھاڭۋاقتى ، ئۇستازنىڭ ھاياتى قىل ئۇستىدە تۇرغاندا زىياپەتكە داخىل بولىدىغان ئىش قەيەردە ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سىز نېمىشقا كەلدىڭىز ئەمىسە ؟ — دېدى جۇ باجيې .

سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ئىنىلىرىم ، بولمىغۇر خىياللاردا بولماڭلار . ئۇستاز مۇشۇ يەردىكەن . بۇ قېتىم بېرىپ ئۇنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇپ كېلىمەن .

سۇن ۋۇكۇڭ قايتىدىن غارغا كىردى . يەنە چىۋىنغا ئايلىنىپ

ئىشىككە قونۇپ گەپ تىڭشىدى. ئالۋاستى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ مۈنۈلارنى تاپىلاۋاتاتتى:

— نۆكەرلەر، گۆشلۈك، گۆشسىز غىزانىڭ جىمىسىنى كەلتۈرۈڭلار، قەغەز كۆيدۈرۈڭلار. مەن ئاسمان ۋە زېمىننى ئەلچى ۋە گۇۋاھچى قىلىپ ئۇنىڭغا تېگىمەن.

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلدى: «نومۇس، ھايانى بىلمەيدىغان ئالۋاستى ئىكەنغۇ بۇ! كۇپكۇندۇزدە شەيخنى ئۆيگە سولىۋېلىپ قىلىۋاتقان گېپىنى كۆرۈڭ. ئالدىرىماي تۇراي، ئاۋۋال كىرىپ ئۇستازنى كۆرۈپ باقاي.» ئۇ ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ شەرقىي دەھلىزگە باردى. ئۇستاز ھۇجرىدا ئولتۇراتتى، ياش ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ: «ئۇستاز!» دەپ توۋلىدى. ئۇ سۈن ۋۇكۇڭنى ئاۋازىدىن تونۇپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ مۇنداق دېدى:

— ھوي مايمۇن! باشقىلارنىڭ يۈرىكى مۇشتتەك بولسا، سېنىڭ يۈرىكىڭ قاپتەك ئىكەن! سەن كارامىتىمنى كۆرسىتىمەن دەپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى چېقىۋەتتىڭ، نېمە پايدىسى بولدى ئۇنىڭ؟ ئالۋاستىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ گۆشلۈك، گۆشسىز دەپ ئايرىماستىن غىزا تەييارلاپ ماڭا تەگمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىدىغان ئىش؟

سۈن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلدى، ئاغزىدا بولسا:

— ئۇستاز، خاپا بولماي تۇرسىلا، سىلىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسى بار، — دېدى.

— قانداق قۇتۇلدۇرىسەن مېنى؟

— بايا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ كەينى تەرەپتە باغ بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. سىلى ئۇنى ئالداپ باغقا ئېلىپ چىقسىلا، مەن قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن.

— باغدا قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالىسەن؟

— سىلى ئۇنى باغقا ئېلىپ چىقىدىلا، شاپتۇل دەرىخى تۈۋىگە

بارغاندا توختايدىلا . مەن شاپتۇل شېخىغا چىقىپ قىزىل شاپتۇلغا ئايلانغاندا سىلى شاپتۇل يەي ، دەپ قىزىلىنى (مېنى ) ئۈزۈۋالدىلا . ئۇمۇ بىرنى ئۈزۈپ يېمەكچى بولدۇ . سىلى قوللىرىدىكىنى ئۇنىڭغا بېرىدىلا . ناۋادا ئۇ يېسە ، مەن ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىمەن ـ دە ، ئىچ ـ باغرىنى تارتىپ ، ئۈزۈپ ، چۇۋۇپ ئۆلتۈرىمەن . سىلى قۇتۇلىدىلا .

— كارامىتىڭ بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشساڭلا بولمىدىمۇ ، ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ نېمە قىلىسەن ؟

— ئۇستاز ، تازىمۇ بىغەرەز ئىكەنلا . بۇ غارغا كىرىپ ـ چىقىش ئوڭاي بولغان بولسا ، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاتتىم . كىرىپ ـ چىقىش بەكمۇ تەس ئىكەن . ئەگەر مەن تېگىش قىلسام ، بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك جىن ـ ئالۋاستىلار مېنىمۇ تۇتۇۋالسا قانداق قىلىمىز ؟ ئىشنى مۇشۇنداق قىلساق ، ئاندىن پايدا ئالىمىز .

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ھەمدە :

— مەن بىلەن ماڭ ئەمىسە ، — دېدى .

— ئۇقتۇم ، مەن باشلىرىدا ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

ئىككىيلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ : «ئاغىچا ، ئاغىچا !» دەپ توۋلىدى .

ئالۋاستى ئاڭلاپلا كۈلگەن پېتى يېقىن كېلىپ :

— ئاكا ، نېمە دەيسىز ؟ — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ مۇنداق دېدى :

— ئاغىچا ، مەن چاڭئەندىن غەربكە قاراپ يولغا چىققاندىن بۇيان تاغ كېزىپ ، سۇ كېچىپ ماڭدىم . تۈنۈگۈن جېنخەي ئىبادەتخانىسىدا قونغاندا شامال تەگكۈزۈۋېلىپ خېلى ئېغىر تۇمۇقاپ قاپتىكەنمەن ، بۈگۈن تەرلەپ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدىم . ھىممىتىڭىز بىلەن قەسرىڭىزگە كېلىپ بىر كۈن ئولتۇرۇپ بەكمۇ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى . مېنى سەيلە قىلدۇرۇپ كۆڭلۈمنى ئازراق

كۆتۈرۈپ قويسىڭىز قانداق؟

— ئاكامنىڭ كۆڭلى سەيلىگە تارتىپتۇ ـ دە. ماقۇل، سىزنى باغقا باشلاپ چىقىپ ئوينىتىپ كىرەي، — دېدى ئالۋاستى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ھەمدە بۇيرۇدى، — مۇلازىملار، باغنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كېلىڭلار، يولنى پاكىز تازىلاڭلار.

جىن ـ شاياتۇنلار باغنى ئېچىپ تازىلاشقا چىقىپ كەتتى.

ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ ئېلىپ چىقتى. پەردازنى بولۇشىغا قىلىپ، گۈلدەك چىرايلىق كىيىنىۋالغان جىنلار غۇژژىدە كېلىپ تاڭ سەنزاڭ بىلەن باغقا ماڭدى. بۇ گۈزەل نازىنىنلار قوشۇنىدا ئۇ گاس ـ گاچا بولۇۋېلىپ ماڭدى. ئەگەر ئۇ بۇددانى زىيارەت قىلىشقا قاتتىق بەل باغلىمىغان بولسا، يەنە بىر قېتىم تۆرەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇددا ھۇزۇرىغا بېرىپ بۇددا نومىنى ئېلىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. باغنىڭ يېنىغا كەلگەندە:

— ئاكا، بۇنىڭ ئىچىدە سەيلە قىلسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى ئالۋاستى.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ بىلەن قولتۇقلاشقان ھالدا تەڭلا باغقا كىردى. قارىسا، ھەقىقەتەن ئاجايىپ پەيزى باغ ئىكەن. ئۇ ئالۋاستى بىلەن قولتۇقلىشىپ مېڭىپ باغنى تاماشا قىلدى، ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەرنى كۆردى، نۇرغۇن شىپاڭلاردىن ئۆتتى. بۇ يەردە جىمى نېمە كۆزنى قاماشتۇراتتى. تاڭ سەنزاڭ بىردىن شاپتۇللۇققا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بېشىنى چىمدىپ قويۇۋىدى، ئۇ دەررۇ چۈشەندى.

سۇن ۋۇكۇڭ شاخقا ئۇچۇپ چىقىپ قىپقىزىل شاپتۇلغا ئايلاندى. تاڭ سەنزاڭ ئالۋاستىغا:

— ئاغىچا، بېغىڭىزدا گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ. گۈل ئېچىلغاندا ھەرىلەر ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، مېۋە پىشقاندا قۇشلار نەغمىگە. ئەجەب بۇ شاپتۇللارنىڭ بەزىسى قىزىل، بەزىسى كۆك تۇرىدۇغۇ، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى.

— ئاسماندا ئاي بىلەن كۈن بولمىسا، كېچە بىلەن كۈندۈز

بولمايدۇ؛ يەردە قوياش بىلەن ئاي بولمىسا گۈل ـ گىياھ ئۆسمەيدۇ. كۈن نۇرى چۈشمىگەن جايدىكىسى پىشمىغان بولغاچقا كۆك بولىدۇ؛ كۈنگە قارىغان جايدىكىسى كۈن نۇرىغا تويۇنۇپ بالدۇر پىشىدۇ، شۇڭا قىزىل بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇ، — دېدى ئالۋاستى.

— رەھمەت سىزگە، بۇنى پەقەت ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ۋە قىزىل شاپتۇلنى ئۈزۈۋالدى. ئالۋاستى كۆك شاپتۇلدىن بىرنى ئۈزدى. تاڭ سەنزاڭ تەزىم بىلەن قىزىل شاپتۇلنى ئالۋاستىغا سۇنۇپ:

— ئاغىچا، سىز قىزىلىغا ئامراق بولسىڭىز كېرەك، بۇنى سىز يەڭ. كۆكىنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى.

ئالۋاستى ماقۇل دەپ ئالماشتۇردى ۋە خۇشال بولۇپ ئىچىدە: «ئەجەب بەلەن شەيخ ئىكەن بۇ! راستلا ئېسىل ئادەم ئىكەن! رەسمىي ئەر ـ خوتۇن بولماي تۇرۇپلا ماڭا شۇنچە كۆيۈنۈۋاتىدۇ» دېدى ۋە خۇشلۇقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا تاڭ سېڭنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ كەتتى. تاڭ سېڭ كۆك شاپتۇلنى يېگەندى، ئالۋاستىمۇ خۇش بولۇپ قىزىل شاپتۇلنى ئاغزىغا ئاپاردى. سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىراپ كەتكەچكە، ئۇ كالپۇكىنى ئېچىپ تېخى ئۇنى چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چاينىماستىنلا بىر موللاق ئېتىپ ئۇنىڭ گېلىغا باردى ـ دە، غۇر قىلىپ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئالۋاستى قورقۇپ كېتىپ تاڭ سەنزاڭغا:

— تەقسىر، بۇ ئەجەب يامان مېۋە ئىكەن. چاينىماستىنلا گېلىمدىن ئۆتۈپ كەتتى دېسە، — دېدى.

— ئاغىچا، دەسلەپ پىشقان مېۋە گالغا كىرسەمكەن دەيدۇ، شۇڭا تېز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇرۇقچىسىنى ئايرىپ چىقىرىۋەتكۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاغىچا، كەيپىڭىز چاغ بولغاچقا، ئۇرۇقچىسىنى تۈكۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئوخشايسىز.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قورسىقىدا ئەسلىگە قايتىپ تولىدى.

— ئۇستاز ، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيلا قويسىلا ، مەن مەقسىتىمگە يەتتىم .

— شاگىرتىم ، ئوڭايراق بىر ئىش قىلارسەن ، — دېدى تاك سەنزاك .

— سىز كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسىز ، — دېدى ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ .

— شاگىرتىم سۈن ۋۇكۇڭغا گەپ قىلىۋاتىمەن .

— سۈن ۋۇكۇڭ قەيەردە ؟

— سىزنىڭ قورسىقىڭىزدا . بايا يەۋەتكەن قىزىل شاپتۇل شۇ ئەمەسمۇ ؟

ئالۋاستى ساراسىمىگە چۈشتى :

— ئەستاغپىرۇللا ! بۇ مايمۇن ئىچىمگە كىرىۋالغان بولسا ، ئەمدى مەن ئۆلۈپتىمەن ! سۈن دەرۋىش ، ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن ئىچىمگە كىرىۋېلىپ نېمە قىلماقچىسەن ؟

— ھېچ نېمە قىلمايمەن ! ئىچ ـ باغرىڭنى يەيمەن ، يۈرىكىڭنى ئۆتمۈشۈك قىلىۋېتىمەن ، ھەممىنى يەپ تۈگىتىپ بولۇپ تاكتاكچى جىن بولىمەن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ھەمدە پۇتىنى ، قولىنى كېرىپ ، ئۇنى تازا پۇۋلەپ كۆپتۈرۈلگەن شاردەك قىلىۋەتتى . ئالۋاستى ئاغرىققا چىدىماي يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇزاققىچە زۇۋان سۈرمىدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئۆلگەن چېغى دەپ قولىنى سەل بوشاتقانىدى ، ئۇنىڭغا جان كىردى .

— مۇلازىملار ، قەيەردە سىلەر ! — دەپ توۋلىدى ئالۋاستى . ئەسلىي جىنلار باغقا كىرىپلا گۈل يىغىش ، ئويناش بىلەن بولۇپ ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەنىدى ، توۋلىغاننى ئاڭلاپ جىنلار دەررۇ يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئالۋاستىنىڭ يەردە ياتقانلىقى ، چىرايى تاتىرىپ ، ئىڭراپ ئورنىدىن تۇرالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، ئارىغا ئېلىپ سورىدى :

— خان ئاغىچا ، نېمە بولدىڭىز ، يۈرىكىڭىز ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ نېمە ؟

— ياق ! ياق ! سورىمايلا قويۇڭلار . قورسىقىمغا ئادەم كىرىۋالدى ! دەرھال شەيخنى چىقىرىۋېتىپ جېنىمنى ئامان قويۇڭلار ، — دېدى ئالۋاستى .

ئالۋاستىلار شۇئان ئۇنى كۆتۈرگەندى ، سۇن ۋۇكۇڭ توۋلاپ كەتتى :

— كۆتۈرۈشكە قايسىڭنىڭ ھەددى ! ئۇستازىمنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىرىپ قويساڭ ، ئاندىن بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن !

ئالۋاستى ئامالسىز ئۆز جېنىنىڭ غېمىدىلا قالدى . ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، تاڭ سېڭنى يۇدۇپ تاشقىرىغا ماڭدى . جىنلار :

— خان ئاغىچا ، قەيەرگە بارسىز ؟ — دەپ تەڭ ماڭدى .

— «جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن . بۇ بىرنىمىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ ، باشقا بىرىنى تاپاي دەيمەن ! — دېدى ئالۋاستى .

ئالۋاستى خاسىيەتلىك بۇلۇتقا چىقىپ غارنىڭ ئاغزىغا باردى . نەيزە - قىلىچلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭىنى ئاڭلاپ ، تاڭ سەنزاڭ :

— شاگىرتىم ، سىرتتىن قورالنىڭ ئاۋازى كېلىدۇغۇ ؟ — دېدى .

— جۇ باجىي تىرنا ئوينىتىۋاتىدۇ . ئۇنى توۋلىسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . تاڭ سەنزاڭ : «جۇ باجىي !» دەپ توۋلىدى .

— شاسېڭ ، ئۇستاز چىقىپتۇ ! — دېدى جۇ باجىي . ئىككىيلەن دەررۇ قورالىنى قويدى . ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى چىقىرىپ بەردى . ئالۋاستى ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# سەكسەن ئۈچىنچى باب

## *سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بەلگىنى تونۇۋالغانلىقى*
## *پەرىزاتنىڭ ئەسلىگە يانغانلىقى*

ئەلقىسسە، ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى غارنىڭ ئىچىگە چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن، شاسېڭ يېقىن كېلىپ سورىدى:

— ئۇستاز، سىلى چىقىپتىلا، ئاغىمىز قېنى؟

— ئاغامنىڭ پەمى بار، ئۇ چوقۇم ئۇستازغا چاپلىشىپ چىقىۋالدى، — دېدى جۇ باجيې.

— ئاغاڭلار ئۇنىڭ قورسىقىدا، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالۋاستىنى كۆرسىتىپ.

— ئىپلاس قاتىل! قورساقتا نېمە قىلىسەن؟ چىق بۇ ياققا! — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ.

— ئاغزىڭنى ئاچ، مەن چىقاي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىغا.

ئالۋاستى ئاغزىنى ئاچتى. سۈن ۋۇكۇڭ ناھايىتى كىچىك بولۇپ بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ گېلىغا كەلدى. چىقىشقا ئالدىرىدىيۇ، ئۇ چىشلىۋالمىسۇن يەنە، دەپ، تۆمۈر كالتىكىنى ئېلىپ بىر پۈۋلەپ مىخقا ئايلاندۇردى، ئۇنىڭدا ئالۋاستىنىڭ تامىقىنى تىرەپ قويۇپ، لىككىدە سەكرەپ تاشقىرىغا چىقىۋېلىپ كالتىكىنى ئېلىۋالدى. ئۇ ئېگىلىپلا ئۆز ئەسلىگە كېلىپ ئالۋاستىنى كالتەكلەشكە باشلىدى، ئالۋاستىمۇ قوش بىسلىق شەمشىرىنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككىيلەن تاغ بېشىدا كالتەك، شەمشەر بىلەن بىر قەپەس ئېلىشتى. دەل ـ دەرەخلەر ئۆرۈلۈپ، يەر ـ زېمىن، تاغۇتاشلار لەرزىگە كەلدى.

ئۇلارنىڭ ئېلىشىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرغان جۇ باجىينىڭ سۇن ۋۇكۇڭغا ئاچچىقى كەلدى . ئۇ بۇرۇلۇپ شاسېڭغا مۇنداق دېدى :

— ئىنىم ، ئاغام ئۇنىڭ بىلەن بىكارلا ئېلىشىۋاتىدۇ ! بايا ئاغام ئالۋاستىنىڭ قورسىقىدا تۇرغاندا مۇشت بىلەن راسا قويۇپ قورسىقىنى يېرىۋېتىپ ، ئاغامنى چىقىرىۋالساق ئىش تۈگىمەسمىدى ؟ ئاغام نېمىشقا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقتى ؟ مانا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىۋىدى ، ئالۋاستى ناھايىتى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ !

— شۇنداق ، — دېدى شاسېڭ ، — ئۇستاز ئولتۇرۇپ تۇرسۇن . ئىككىمىز ئاغامغا ھە - ھۇ دېيىشىپ ئالۋاستىنى يوقىتايلى .

— ياق ، ياق ، ياق ! ئۇنىڭ كارامىتى بار ، بىز ئاجىز ، — دېدى جۇ باجيې قول سىلكىپ .

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز ! بۇ كۆپچىلىككە پايدىلىق ئىش . بىز ئاجىز بولساقمۇ ، ھەرھالدا تېرە تاراقشىتىپ بەرسەكمۇ ھېساب ، — دېدى شاسېڭ .

جۇ باجيې قىزىپ قالدى - دە ، تىرنىسىنى ئېلىپ : «يۈرۈڭ ئەمىسە !» دېدى . ئىككىيلەن ئۇستازغىمۇ قارىماستىن ئاسمانغا چىقىپ ھۇجۇم قىلدى . ئالۋاستى بىر سۇن ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمەي تۇرغاندا ، يەنە ئىككىسى كەلسە تەڭ كېلەلىسۇنمۇ ؟ ئۇ شاققىدە بۇرۇلۇپ قاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ : « قوغلايلى !» دەپ توۋلىدى . ئالۋاستى ئۇلارنىڭ جېدەللەپ قوغلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىر پاي كەشىنى سېلىپلا ئەپسۇن ئوقۇپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئالۋاستى پەيدا بولۇپ قوش بىسلىق شەمشەر بىلەن ئېلىشتى ، ئۆزى بولسا سالقىن شامالغا ئايلىنىپ كەينىگە ياندى . بالا - قازا تاڭ سەنزاڭدىن تېخى نېرى كەتمىگەنىدى . ئالۋاستى غار ئاغزىدىكى زىنىنەت دەرۋازىسىغا كەلگەندە ، تاڭ سېڭنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كاپ قىلىپ ئالدى ، يۈك - تاقلارنى ، ئارغامچىنى چىشلەپ ئۈزۈپ ، ئاتنى

بىراقلا ئۇچۇرۇپ غارغا ئەكىرىپ كەتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن باشلايلى . جۇ باجيې تىرنا بىلەن بىرنى قويۇپ ئالۋاستىنى ئۇرۇپ چۈشۈردى . قارىسا ، ئۇ بىر پاي گۈللۈك كەش ئىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپلا :

— هوي هاڭۋاقتىلار ! سىلەرنى ئۇستازغا قارايدىغانغا قويغانغۇ ، كىم چاقىردى سەنلەرنى ! — دېدى .

— شاسېڭ ، قانداق بولدى ! مەن كەلمەيلى دېگەنىدىم . بۇ مايمۇنمۇ ئىچى تار بىرنېمە ، بىز ئالۋاستىنى يوقىتىشىپ بەرسەك ، مىننەتدار بولماقتا يوق ، بىزنى ئەيىبلەۋاتامدۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ئالۋاستىنى قەيەردە يوقاتتىڭلار ؟ تۈنۈگۈن مەن ئۇ ئالۋاستى بىلەن ئېلىشقاندا ئۇ مېنى قۇرۇق كەش بىلەن دامغا چۈشۈرگەن . سىلەر بۇ ياققا كەلگەندىن كېيىن ئۇستازنىڭ هالى نېمە بولغاندۇ ؟ دەررۇ بېرىپ قاراپ باقايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئۇچەيلەن شاپاشلاپ يېنىپ كەلسە ، دېگەندەك ئۇستاز يوق ئىدى ، يۈك ـ تاق ، ئاتمۇ تەڭ غايىب بولغانىدى . جۇ باجيې ئالاقزادە بولۇپ ئۇيان ـ بۇياننى ئىزدىدى ، شاسېڭمۇ ئالدى ـ ئارقىنى ئىزدىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى . شۇ ئارىلىقتا ئۇلار ئۈزۈلگەن ئارغامچىنى كۆرۈپ قالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئېلىپلا ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى ، ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ هەسرەت چەكتى : «ئاھ ئۇستاز ! مەن كەتكەندە سىلىمۇ ، ئاتمۇ بىر ئوبدان قالغان . كەلسەم ئارغامچىلا تۇرىدۇ !» بۇ «ئېگەرنى كۆرۈپ ئېتىنى ئەسلەش ، يىغلاپ تۇرۇپ قېرىندىشىنى سېغىنىش»نىڭ دەل ئۆزى بولدى . جۇ باجيې ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— هوي پەسەندە ! مىجەزىڭ يەنە قوداڭشىۋاتامدۇ ؟ — دەپ

تىللىدى سوُن ۋوُكوُك .

— ۋاي ئاغا ، ئوُنداق گەپ يوق ! ئوُستازىمنى ھېلىقى ئالۋاستى غارغا ئەكىرىپ كەتتى . «سەۋەب قىلساڭ سىۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار . سىز غارغا ئىككى قېتىم كىردىڭىز ، يەنە بىر كىرىپ ئوُستازنى قوُتقۇلدۇرۇپ چىقىڭ ، — دېدى جۇ باجىې .

— بوپتۇ ، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى ، باشقا ئامال يوق ، غارغا كىرەي . ئىككىڭلار غېمىنى يەيدىغان يوُك ـ تاق ، ئات بولمىغاندىكىن ، غارنىڭ ئاغزىنى ئوبدان ساقلاڭلار ، — دېدى سوُن ۋوُكوُك .

سوُن ۋوُكوُك غارغا كىرىدى ـ دە ، ئۆزگىرىپمۇ يوُرمەستىن ئۆز قىياپىتى بىلەن ئالۋاستىنىڭ توُرار جايىغا باردى . ئىشىكتە بىرمۇنچە جىن توُرغىنىنى كۆرۈپ ، توُمۇر كالتىكىدە ئوُرۇپ سوُر ـ توقاي قىلىپ يول ئېچىپ ئىچكىرى كىردى . ئىچكىرى جىمجىت ، ئىنس ـ جىن يوق ئىدى . شەرقىي دەھلىزدىكى ئۆيدە تاڭ سىڭ كۆرۈنمەيتتى ، شىپاڭدا شىرە ، كوُرسا ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ يوق ئىدى . ئەسلى بۇ غار ئۈچ يۈز چاقىرىم ئەتراپىدا بولۇپ ، ئالۋاستى توُرىدىغان ئۇۋىلارمۇ بەك جىق ئىدى . ئىلگىرى تاڭ سەنزاڭنى موُشۇ يەردە قويغاندا سوُن ۋوُكوُك ئىزدەپ كېلىپ تېپىۋالغانىدى . شوُڭا ، ئالۋاستى بۇ قېتىم سوُن ۋوُكوُكنىڭ يەنە ئىزدەپ تېپىۋېلىشىدىن تەشۋىش قىلىپ كۆچۈپ قەيەرگىدۇ كەتكەنىدى . سوُن ۋوُكوُكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى . ئۇ مەيدىسىگە موُشتلاپ بار ئاۋازى بىلەن : «ئاھ ئوُستاز ! سىلى تازىمۇ نەس باسقان ئادەم ئىكەنلا ، بالا ـ قازادىن نېرى بولمايدىغان راھىب ئىكەنلا ! ئەمدى نەگىمۇ يوقالغانلا ؟ مەن سىلىنى قەيەردىن تاپىمەن !» دېدى . شۇ ئارىلىقتا شامال بىلەن خۇش ھىد بۇرنىغا ئوُرۇلدى . ئۇ ئۆزىگە كېلىپ : «بۇ خۇش ھىد كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ . بەلكى ئوُستاز كەينى تەرەپتە بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ، چوڭ ـ چوڭ چامداپ ، كالتىكىنى توُتوُپ ئىچكىرىگە كىردى . بۇ يەردىمۇ ھېچبىر تىۋش يوق بولۇپ ، ئۈچ ئورۇندۇق ،

تام تۆۋىدە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئەجدىھا نەقىشلەنگەن، سىرلانغان نەزىر - چىراغ شىرەسى بار ئىدى. شىرەدىكى يوغان ئالتۇن كۈجىداندا خۇشبۇي كۈجە تۈتەپ كۆيۈۋاتاتتى. نەزىر - چىراغ شىرەسىدە نەزىر قىلغۇچىنىڭ ھەل بىلەن خەت يېزىلغان تاختىسى بولۇپ، تاختىغا: «ھۆرمەتلىك ئاتىمىز لى پەلەك شاھنىڭ ئورنى»، تۆۋەنرەكىگە «ھۆرمەتلىك ئىنىمىز، ئۈچىنچى شاھزادە ناجانىڭ ئورنى» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنى كۆرۈپ سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ كەتتى، ئالۋاستىنى، تاڭ سەنزاڭنى ئىزدىمەيلا قويدى، كالتىكىنى ئۇۋىلاپ يىڭنىچىلىك قىلىپ قۇلىقىغا سېلىۋالدى - دە، بوشىغان قولىغا تاختا بىلەن كۈجىداننى ئېلىپ بۇلۇت بىلەن غاردىن چىقتى. تاشقىرىغا چىقىپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. غارنىڭ ئاغزىنى ساقلاۋاتقان جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— ئاغا، بۇنچە خۇشلۇقىڭىزدىن قارىغاندا ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئۇنى بىز قۇتۇلدۇرمايمىز. مانا بۇ تاختىدىن سورىساقلا ئىش پۈتىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئاغا، بۇ تاختا ئالۋاستى بولمىسا ياكى گەپ قىلالمىسا، ئۇنىڭدىن قانداق سورىغىلى بولىدۇ؟ — دېدى جۇ باجيې.

— قاراڭلار! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى يەرگە قويۇپ. شا ۋۇجىڭ يېقىن كېلىپ قاراپ، ئۇنىڭدىكى «ھۆرمەتلىك ئاتىمىز لى پەلەك شاھنىڭ ئورنى»، «ھۆرمەتلىك ئىنىمىز، ئۈچىنچى شاھزادە ناجانىڭ ئورنى» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ:

— بۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى ئالۋاستىنىڭ ئۆيىدىن تاپتىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم ھېچقانداق ئادەم ۋە نەرسە يوق، مۇشۇ تاختىلا تۇرىدۇ. بۇ چوقۇم لى پەلەك شاھنىڭ قىزى، ئۈچىنچى شاھزادىنىڭ سىڭلىسى. ئۇ زېمىنغا چۈشۈپ ئالۋاستى بولۇۋېلىپ ئۇستازنى ئەپقاچقان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇستازنى

بۇلاردىن سورىماي كىمدىن سورايمىز؟ ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن بۇ تاختىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ يۇرۇن سۇلتانغا ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭدىن لى پەلەك شاھى ئاتا ـ بالىدىن ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلاي.

— ئاغا، ئەرز قىلغاندا پاكىت بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئاقمايدۇ. يېنىكلىك بىلەن ئەرز قىلىشقا بولامدۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭا، ئەرزنى قانداق قىلىسىز؟ — دېدى جۇ باجىي.

— مەندە ئاساس بار. مەن بۇ تاختا بىلەن كۇجىدانىنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىمەن ۋە ئەرزنامە يېزىپ تەييارلايمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئەرزنى قانداق يازىسىز؟ قېنى دەپ بېقىڭا، — دېدى جۇ باجىي. سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى.

*مەنكى ئەرز قىلغۇچى سۇن ۋۇكۇڭ. مېنىڭ تۇغۇلغان يىلىم ۋە يېشىم پۈتۈككە پۈتۈلگەن. مەن شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ شاھى غەربتىن بۇددا نومىنى ئېلىپ كېلىشكە تەيىنلىگەن تاڭ سېڭنىڭ مۇخلىسى بولىمەن. شۇل ۋەجدىن ئەرز قىلىمەنكى، پەلەك شاھ توتالى بىلەن شاھزادە ناجا ئۆيدىكىلىرىنى چىڭ باشقۇرمىغانلىقى ئۈچۈن پەلەك شاھنىڭ قىزى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، پانىي ئالەمنىڭ شيەنكۇڭ تېغىدىكى تۆۋى يوق غاردا ئالۋاستى بولۇپ، سانسىزلىغان ئادەملەرنى نابۇت قىلغان، ئەمدى ئۇستازىمنى تۇتۇپ كېتىپ خۇپىيانە يەرگە يوشۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلەلمەي يۈرىمەن. ئەرز قىلماي دېسەم، پەلەك شاھ ۋە شاھزادىسى قاچۇرۇپ قويغان بۇ ئالۋاستى قىزنىڭ ئاۋامغا قىلغان زىيانكەشلىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەرزىمنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇنى تۇتۇپ، جىنايىتىنى بىر ـ بىرلەپ ئايان قىلىپ، ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەمر قىلغايلا. شاپائەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۇر بىلدۈرگەيمەن.*

بۇنى ئاڭلاپ شاسېنىڭ بىلەن جۇ باجىي خۇش بولۇپ كەتتى:

— ئاغا، ئەرزىڭىز يوللۇق، چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك. ھەرھالدا تېز بېرىپ، تېز كېلىڭ. ھايال بولۇپ قالسىڭىز ئالۋاستى ئۇستازنىڭ جېنىغا زامىن بولمىسۇن يەنە.

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ تاختىنى، كۇجىداننى ئېلىپ بىر موللاق ئېتىپلا خاسىيەتلىك بۇلۇتقا چىقىپ ئۇدۇل ئەرشىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا باردى. بەزىدە ئەرش دەرۋازىسىغا قارايدىغان پەلەك شاھلاردىن دالى بىلەن گوتيەن ئۇنى كۆرۈپلا تەزىم قىلدى، توسۇشقا پېتىنالماي دەررۇ كىرگۈزۈۋەتتى. نۇرانە قەسىر تۇۋىگە كەلگەندە، جاڭ داۋلىڭ، گې شيەنۋېڭ، سۇي جىڭياڭ، چيۇ گۇڭجى قاتارلىق تۆت پەلەك مۇرەببىسى چىقىپ قىلىپ سالام بېرىپ سورىدى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، نېمىگە كەلدىڭىز؟

— ئىككى ئادەم ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئۇلار چۆچۈپ كېتىپ، ئىچىدە: «بۇ ھارامزادە كىمنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىدىغاندۇ؟» دېيىشتى، نائىلاج خىسلەتدار قەسىرگە باشلاپ كىرىپ خەۋەر قىلدى. ئىجازەت بىلەن ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن، سۇن ۋۇكۇڭ تاختا بىلەن كۇجىداننى يەرگە قويۇپ تەزىم قىلدى، ئاندىن ئەرزنى سۇندى. ئەرزنى گې شيەنۋېڭ ئېلىپ شىرەگە يايدى. يۇرۇن سۇلتان ئۇنى باشتىن ـ ئاياغ كۆرۈپ چىقىپ تەستىق ئەمر ـ پەرماننى يازدى، ئاندىن غەربتىكى زۆھرە يۇلتۇزغا بۇنى بۇلۇت ئوردىسىدىكى پەلەك شاھ توتالىغا كۆرسىتىشكە ئەمر بەردى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— سۇلتانىم، يېنىكرەك جازا بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، بولمىسا جېدەل تېرىلىپ قالمىسۇن، — دېدى.

— دەۋاگەرمۇ بارسۇن، — دەپ تاپىلىدى يۇرۇن سۇلتان.

— يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن سىز زۆھرە يۇلتۇز

بىلەن بىللە بېرىپ كېلىڭ، — دېدى تۆت پەلەك مۇرەببىسى.
سۇن ۋۇكۇڭ زۆھرە يۇلتۇز بىلەن بۇلۇت ئوردىسىغا كەلدى. پەلەك شاھ تۇرىدىغان جاي بۇلۇت ئوردىسى دەپ ئاتىلاتتى. زۆھرە يۇلتۇز ئوردا ئىشىكىدە تۇرغان بىر بالا مۇلازىمنى كۆردى. بالىمۇ زۆھرە يۇلتۇزنى تونۇيتتى، شۇڭا ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر قىلدى:
— زۆھرە يۇلتۇز بوۋام كەپتۇ.
پەلەك شاھ دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، زۆھرە يۇلتۇزنىڭ قولىدىكى يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئەمرى يېزىلغان ئەرزنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز سورىدى:
— تەقسىر، نېمە ئەمر كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىسىز؟
— سۇن ۋۇكۇڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىپ كەپتۇ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز.
پەلەك شاھ «ئەرز قىلىپ كەپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا چېچىلىپ كەتتى:
— ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن نېمىدەپ ئەرز قىلىپ كەپتۇ؟
— سىزنى ئالۋاستى بولۇپ ئادەملەرگە قەست قىلدى، دەپ ئەرز قىلىۋاتىدۇ، سىز كۆجە يېقىپ ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز.
پەلەك شاھ زەردىسى قاينىغان ھالدا كۆجە شىرەسى تەييارلىدى، ئاسمانغا قاراپ يۇرۇن سۇلتانغا شۈكۈر سانا ئېيتتى. ئاندىن يارلىقنى ئېچىپ «مۇنداق گەپ، مۇنداق ئىش» دېگەنلەرنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ كۆجە شىرەسىگە ئۇرۇپ:
— پەسەندە مايمۇن! مېنى خاتا ئەيىبلەپتۇ، — دېدى.
— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. بۇنىڭغا تاختا، كۆجىدانىنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ سىزنىڭ قىزىڭىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز.
— مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم، بىرلا قىزىم بار، — دېدى پەلەك شاھ، — چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئىسمى جىجا، ئۇ تاتھاگاتونىڭ خىزمىتىدە، يەنى بۇددىنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن بولۇۋاتىدۇ؛

ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ ئىسمى مۇچا ، ئۇ جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاۋالوكتسۋارا بۇدساتۋانىڭ ئالدىدا ؛ ئۈچىنچى ئوغلۇمنىڭ ئىسمى ناجا مېنىڭ قېشىمدا ، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتىدۇ ؛ قىزىم تېخى ئەمدى يەتتە ياشقا كىردى ، ئىسمى جىنىيىڭ ، تېخى تۇزۇك ئەقىل كىرمىدى ، ئۇ قانداقمۇ ئالۋاستى بولالىسۇن ! ئىشەنمىسەڭلار ئاچىقىپ سىلەرگە كۆرسىتەي . تازىمۇ غەرەز ئۇقمايدىغان مايمۇنىكەن ئۇ ! ھېلىمۇ مەن ئەرشتە كاتتا خىزمەت كۆرسىتىپ ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە كاتتا مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئادەم ئىكەنمەن ، ئاددىي پۇقراغىمۇ تۆھمەت قىلىشقا بولمايدۇ . قائىدە بويىچە تۆھمەتخورنى قاتتىق جازالاش كېرەك ، — ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى :

— زەنجىر ئەكېلىپ بۇ مايمۇننى باغلاڭلار !

سارايدا قاتار ئولتۇرغان ئەرۋاھلار پىرى ، پۇۋەكچە سەركەردە ، ياۋچا سەردارلار شۇ زامات كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى باغلىدى .

— پەلەك شاھ ، ئىش تېرىماڭ ! مەن ئۇنىڭ بىلەن يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىنى سىزگە يەتكۈزگىلى كېلىۋىدىم . ئۇنى باغلاپ بەكمۇ شەپقەتسىزلىك قىلدىڭىز ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

— تەقسىر ، ئۇ ماڭا مۇشۇنچىۋالا تۆھمەت قىلىۋاتسا قانداق چىداپ تۇرىمەن ! ئولتۇرۇڭ ، بۇ مايمۇننىڭ كاللىسىنى ئالغىنىمدىن كېيىن سىز بىلەن تەڭرىتائالانىڭ يېنىغا بارىمەن ، — دېدى پەلەك شاھ .

زۆھرە يۇلتۇز ئۇنىڭ قىلىچ ئالغىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ، سۇن ۋۇكۇڭغا :

— سىز ئىشنى چالا قىلىدىكەنسىز ، ئەرز دېگەننى كەلسە ـ كەلمەس قىلغىلى بولامدۇ ؟ سىز تولۇق پاكىت قويالماي بۇ مالىمانچىلىقنى پەيدا قىلدىڭىز ، ئەمدى جېنىڭىزغا زامىن بولسىڭىز قانداق بولدى ؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ قىلچە قورقماستىن كۈلۈپ تۇرۇپ :

— تۆرەم ، غەم قىلماڭ ، ھېچ ئىش بولمايدۇ . پېقىر مۇشۇنداق سودا قىلىمەن . جەزمەن باشتا يېڭىلىپ ، ئايىغىدا يېڭىپ چىقىمەن ، — دېدى .

شۇ ئەسنادا پەلەك شاھ قىلىچنى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا چاپقانىدى ، ئۇچىنچى شاھزادە ئۇنىڭ قىلىچىنى شەمشىرى بىلەن توسۇۋالدى ۋە :

— ئاتا ، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ ، — دېدى .

پەلەك شاھنىڭ ئۆڭى ئۆچتى . توۋا ! بالىسى شەمشەر بىلەن قىلىچنى توسۇغاندا ، ئاتا كەينىگە يان ، دەپ توۋلىماي ، نېمىشقا قورقۇپ ئۆڭى ئۆچىدۇ ؟ ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى : بۇ بالىسى تۇغۇلغاندا ، بالىنىڭ سول ئالىقىنىدا «نا» ، ئوڭ ئالقىنىدا «جا» دېگەن خەت بولغانلىقتىن مۇشۇ ئىسىم قويۇلغانىدى . شاھزادە ئۈچ ياشقا كىرەر - كىرمەستىنلا دېڭىزغا چۈشۈپ بالا تېرىدى ، يەنى خرۇستال ئوردىنى ئۆرۈۋەتتى ، ئەجدىھا شاھنىڭ پېيىنى ئېلىپ چاپىنىغا جىيەك قىلماقچى بولدى . پەلەك شاھ بۇنى ئۇقۇپ ، كېيىن بۇ بالا بىر ئاپەت بولمىسۇن ، دەپ ئەنسىرەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى . بۇنى ئۇققان ناجا دەرغەزەپكە كېلىپ قولىغا قىلىچ ئالدى - دە ، گۆشىنى كېسىپ ئانىسىغا ، ئۇستىخىنىنى ئېلىپ ئاتىسىغا قايتۇرۇپ بەردى ، مەنىنى ئاتىسىغا ، قانىنى ئانىسىغا بېرىۋېتىپ ئەرۋاھى بىلەنلا غەربىتىكى پاراغەت قەسرىدە تۇرىدىغان بۇددىغا ئەرز قىلغىلى باردى . ئۇ چاغدا بۇددا بۇدساتۋالارغا بۇددا تەلىماتىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى . بىرى مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ كىرىپ : «داد ، جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ! » دەپ توۋلىدى . بۇددا ئەقىل كۆزى بىلەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ ناجانىڭ ئەرۋاھى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنىڭغا نىلۇپەر يوپۇرمىقىدىن كىيىم كىيگۈزدى ، ئۆلگەننى تىرىلدۈرىدىغان ئەپسۇننى ئوقۇپ ئۇنى تىرىلدۈردى . ئۇ ئىلاھىي كۈچكە تولۇپ توقسەن ئالتە غاردىكى دىۋە - پەرىنى يوقىتىپ ، ئاجايىپ كارامەت كۆرسىتىدىغان بولۇپ كەتتى . كېيىن ئۇ پەلەك شاھنى ئۆلتۈرۈپ

ئۆچ ئالماقچى بولدى . پەلەك شاھ ھېچ ئامال قىلالماي بۇددانىڭ قىشىغا يىغلاپ باردى . تاتھاگاتو ئۇنىڭغا سارىرا سىلىنغان ، ئىنتايىن نەپىس ئىشلىنىپ سىرلانغان خاسىيەتلىك ئالتۇن مۇنار بەخشەندە قىلغان (مۇنارنىڭ ھەربىر قەۋىتىدە بۇت بولۇپ ، ئاجايىپ رەڭدا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ ) ۋە ناجانى چاقىرىپ ئاتىسىنى ئۇستاز ۋە مەبۇد تونۇپ ، ئۆچمەنلىكنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشنى ئېيتقان . شۇڭلاشقا بۇ پەلەك شاھ توتالى (مۇنار تۇتار ) دەپ نام ئالغان . بۇگۈن ئۇ ئۆيدە بىكار بولۇپ ، مۇنارنى تۇتۇپ تۇرمىغاچقا ، ناجا ئۆچ ئالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ قورقۇپ كەتكەنىدى . ئۇ دەررۇ تەختىگە چىقىپ ، ئالتۇن مۇنارنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئوغلۇم ، نېمىشقا قىلىچىمنى خەنجەر بىلەن توسۇيسىز ، نېمە گېپىڭىز بار ؟

ناجا شەمشىرىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا باش قويۇپ :

— ئاتا ، بىر قىزىڭىز زېمىندا ، — دېدى .

— ئوغلۇم ، مېنىڭ بالىلىرىم ، سىلەر تۆتىڭلار تۇرساڭلار ، يەنە قەيەردە قىزىم بولىدۇ ؟ — دېدى پەلەك شاھ .

— ئاتا ، ئۇنتۇپ قاپسىز ، — دېدى ناجا ، — ئۇ قىزىڭىز ئالۋاستى . ئۈچ يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئالۋاستىلار خىسلەتدار تاغدا تاتھاگاتونىڭ ئېسىل گۈل ۋە كۈجىلىرىنى ئوغرىلىقچە يەۋالدى ، تاتھاگاتو بىزنى ئەرش لەشكەرلىرى بىلەن ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى . تۇتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ ، تاتھاگاتو : «ئىلغىدا گۆش بولسا بىر كۈن مېھمانغا ياراپتۇ» دەپتىكەن ، دەپ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى . بۇ شەپقەتكە جاۋاب قىلىش ئۈچۈن ئۇ سىزنى ئاتا ، مېنى ئاكا تۇتتى ، زېمىندا بىزگە تاختا تىكلەپ ، ئورۇن بەلگىلەپ كۈجە كۆيدۈرۈپ تۇردى . ئەپسۇسكى ، ئۇ يەنە ئالۋاستى بولۇپ تاڭ سېڭغا قەست قىپتۇ . سۈن ۋۇكۇڭ ئىزدەپ ئۇنىڭ جايىغا كىرگەندە تاختىنى كۆرۈپتۇ ـ دە ، ئۇنى ئېلىپ ئەرز قىلىپ كەپتۇ . شۇڭا ئۇ سىزنىڭ قول بېرىشكەن قىزىڭىز ، مېنىڭ بىر

قورساقتىن چىقمىغان سىڭلىم بولىدۇ .
پەلەك شاھ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ :
— ئوغلۇم ، مەن راستتىنلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ئىدى ؟ — دېدى .
— ئۇنىڭ ئۈچ ئىسمى بار ، — دېدى شاھزادە ، — ئۇنى تۇغۇلغان جايىدا سېرىق تۇمشۇق ، ئاق تۇكلۇك قېرى چاشقان دەيدۇ ؛ ئىپسىل گۈل ۋە خاسىيەتلىك كۆجىنى ئوغرىلىقچە يەۋالغاندىن كېيىن قويغان ئىسمى يېرىم گۆەنىيىن ؛ ھازىر زېمىنغا چۈشۈپ ئىسمىنى يەنە دىيۇڭ خېنىم دەپ ئۆزگەرتىۋالدى .
پەلەك شاھ شۇندىلا ئەھۋالنى چۈشەندى . مۇنارنى قويۇپ ، سۇن ۋۇكۇڭنى يەشمەكچى بولۇۋىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ كۆكەرمىلىك قىلدى :
— يېشىپ بېقىڭا قېنى ! مېنى مۇشۇ پېتى يۇرۇن سۇلتاننىڭ قېشىغا ئاپىرىسىز . مەن شۇندىلا تولۇق ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولىمەن .
پەلەك شاھ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى ، پۇت - قولىدىمۇ جان قالمىدى . شاھزادە گەپ - سۆز قىلمىدى . كۆپچىلىك ئەيمىنىپ كەينىگە ياندى .
سۇن ۋۇكۇڭ يەردە دومىلاپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ ، يۇرۇن سۇلتاننىڭ يېنىغا بارىمىز ، دەپ تۇرۇۋالدى . پەلەك شاھ ئامالسىز قېلىپ زۆھرە يۇلتۇزدىن ئارىغا چۈشۈشنى ئۆتۈندى . زۆھرە يۇلتۇز مۇنداق دېدى :
— «ھەرقانداق ئىشتا كەڭ قورساق بولغان ياخشى» دېگەن گەپ بار . سىز بەكمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئۇنى باغلاتتىڭىز ، تېخى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدىڭىز . بۇ مايمۇن كۆكەرمىلىكتە داڭق چىقارغان تۇرسا ، مېنى نىمە قىل دەيسىز ؟ بايا ئوغلىڭىز ئېيتقاندەك ئىش بولسا ، ئۇ سىزنىڭ ئۆز قىزىڭىز ئەمەس ، شەپقەت قىلىپ بېقىۋالغان قىزىڭىز ئىكەن . شۇنداقتىمۇ ئەلۋەتتە مېھىر - مۇھەببەت بولىدۇ ، بۇنىڭدىن ھەرگىز تانالمايسىز ، شۇنىڭ ئۈچۈن

سىزدىمۇ گۇناھ بولىدۇ .

— تەقسىر ، سىز ئۇبدانراق گەپ قىلىپ قويسىڭىز مەن گۇناھكار بولمايتتىم ، — دېدى پەلەك شاھ .

— مەنمۇ سىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويماي دەيمەن . بىراق ، نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

— سىز ئۇنىڭغا مېنىڭ نام ـ ئەمەل ئېلىپ بەرگەنلىكىمنى دەپ بېرىڭ ، — دېدى پەلەك شاھ .

زۆھرە يۇلتۇز سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قېشىغا بېرىپ سالاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— تەقسىر ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ يۈرۈن سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئارغامچىنى يېشىۋېتىپ چىقىڭ .

— بېگىم ، يەشمىسىمۇ بولىدۇ . مەن يۇمىلاپ ـ يۇمىلاپ بېرىۋېرىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان مايمۇنسىز . ئۆز ۋاقتىدا مەن سىزگە جىق شاپائەت قىلغانىدىم ، مۇشۇ بىر ئىشتا بولسىمۇ ماڭا يول قويمامسىز ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

— سىز ماڭا قانداق شاپائەت قىلغانىدىڭىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سىز ئۆز ۋاقتىدا گۇلشەن تاغدا ئەۋلىيالىق قىلدىڭىز ، يولۋاس ، ئەجدىھانى يوقاتتىڭىز ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى توپلاپ ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز . شۇ چاغدا يۈرۈن سۇلتان سىزنى تۇتماقچى بولدى . مەن سىزنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدىم ، سىزنى ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ «مىراخور» قىلىپ قويدۇم . سىز يۈرۈن سۇلتاننىڭ خاسىيەتلىك شارابىنى ئىچىۋالغاندا ، يەنە مەن سىزنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ ، «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» قىلىپ قويغانمەن . سىز بۇلارغا شۈكۈر قىلماي يەنە ئوغرىلىقچە خاسىيەتلىك شاپتۇلنى يەپ ، شارابلارنى ئىچىۋالدىڭىز ، خاسىيەتلىك دورىلارنى ئوغرىلاپ يەۋالدىڭىز ، قىلمىغان ئەسكىلىكىڭىز قالمىغاندا ، ئاندىن يا يوقالمايدىغان ، يا ياشىيالمايدىغان جازاغا

دۇچار بولدىڭىز . ئەگەر مەن بولمىغان بولسام ، سىزگە قەيەردە بۇگۈنكى كۈن بولاتتى ؟

— ماقۇل ، ماقۇل ، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ ئۆزۈمنى يەشتۇرەي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

پەلەك شاھ شۇئان يېقىن كېلىپ ئۇنى يەشتى ، ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلدى ، ھەممەيلەن بىرمۇبىر ئۇنىڭغا سالام بەردى .

— تۆرەم ، قانداق ؟ مەن باشتا يېڭىلىپ ، كېيىن يېڭىپ چىقىمەن ، مېنىڭ سودام مۇشۇنداق بولىدۇ ، دېمىگەنمىدىم . پەلەك شاھنى يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرىتىڭ ، ئۇستازىمنىڭ قېشىغا بارىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ زۆھرە يۇلتۇزغا قاراپ .

— ئالدىرىماڭ ، بىرمۇنچە ھايالشىدۇق ، چاي - پاي ئىچىپ يانايلى ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

— سىز ئۇنىڭ چېيىنى ئىچىپ ، كۆڭلىنى ئېلىپ ، جىنايەتچىنى قويۇپ بېرىپ ، ئەمر - پەرمانغا سۇس قارىسىڭىز قانداق گۇناھقا پاتارسىز ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ماقۇل ، چاي ئىچمەيلى ! مېنىمۇ گۇناھكار قىلىدىغان ئوخشايسىز ! پەلەك شاھ ، بولۇڭ ! تېز ماڭايلى ! — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

پەلەك شاھ بېرىشقا پېتىنالمىدى . تۈرلۈك باھانە كۆرسىتىپ ئۇنى - بۇنى دەپ باقتى ، ئۇششۇقلۇق قىلدى ، ئۆزىنى ئاقلىدى ، لېكىن ھېچبىرىنى ئاقتۇرالماي ، نائىلاج يەنە زۆھرە يۇلتۇزدىن ياردەم سورىدى :

— مېنىڭ بىر گېپىم بار ، شۇ بويىچە قىلامسىلەر ؟ — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

— باغلاش ۋە قىلىچ بىلەن چېپىش ۋاقتىدىمۇ سىزنىڭ رايىڭىزغا باقتىم . يەنە نېمە گېپىڭىز بار ؟ دەڭ ! دەۋېرىڭ ! ياخشى گەپ بولسا دېگىنىڭىزنى قىلىمەن ؛ يامان گەپ بولسىمۇ سىزنى ئەيىبلىمەيمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— «بېگىڭگە يەتكۈچە بىلىڭ سۈنار» دەپتىكەن، — دېدى زۆھرە يۈلتۈز، — سىز ھېلىقى ئالۋاستىنى پەلەك شاھنىڭ قىزى، دەپ ئەرز قىلدىڭىز. پەلەك شاھ «ئەمەس» دېدى، ئىككىڭلار بىر-بىرىڭلاردىن قالماي تالاشتىڭلار. ئەرشنىڭ بىر كۈنى زېمىننىڭ بىر يىلغا تەڭ. بۇ بىر يىل ئىچىدە ئالۋاستى ئۈستازىڭىزنى غارغا سولىۋېلىپ توي قىلغاندىن سىرت، بالا شەيختىن بىرنى تۇغۇپ بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مانا بۇ چوڭ ئىشقا دەخلى يەتكەنلىك بولماي نېمە؟

— شۇنداق! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — مەن بۇ ياققا ماڭغاندا جۇ باجىي بىلەن شاسېڭغا كۆپ بولسا بىر ئاش پىشىمدا، ئاز بولغاندا بىر چاي قاينامدا قايتىپ كېلىمەن، دېگەنىدىم. ھازىر بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كېچىكتىممۇ قانداق؟ بېگىم، سىزنىڭچە بۇ پەرماننى قانداق قايتۇرۇپ بەرسەك بولار؟

— پەلەك شاھ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ سىز بىلەن زېمىنغا چۈشۈپ ئالۋاستىنى تۇتسۇن. مەن قايتىپ پەرماننىڭ جاۋابىنى بېرەي، — دېدى زۆھرە يۈلتۈز.

— جاۋابنى قانداق بېرىسىز؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— دەۋاگەر قېچىپ كەتتى، جاۋابكار گۇناھتىن ساقىت بولدى، دەيمەن، — دېدى زۆھرە يۈلتۈز.

— بەللى! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلسام، سىز قويۇپ مېنى قاچقۇنغا چىقارماقچىمۇ! پەلەك شاھ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جەنۇبىي دەرۋازا تېشىدا مېنى ساقلاپ تۇرسۇن. مەن سىز بىلەن بىللە بېرىپ پەرماننى تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلەي.

— ئۇ بېرىپ بايا بولغان ئىشنى دەپ قويسا، مەن يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلغان بولمامدىمەن، — دېدى پەلەك شاھ قورقۇپ.

— سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ مەن دېگەن ئوغۇل بالا!

توكۇرگەن توكۇرۇكنى ئىچىزغا ئالغىلى بولمايدۇ. سىزنى نېمىشقا چىشلەپ تارتقۇدەكمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

پەلەك شاھ سۇن ۋۇكۇڭغا تەشەككۇر ئېيتتى ھەمدە قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئەرشىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى تېشىدا تۇرۇپ تۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ زۆھرە يۇلتۇز بىلەن بېرىپ يۇرۇن سۇلتانغا مۇنۇ جاۋابنى يەتكۇزدى:

— تاڭ سېڭغا قەست قىلغۇچى سېرىق بۇرۇن، ئاق توكلۇك قېرى چاشقاندىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستى ئىكەن، ئۇ يالغاندىن پەلەك شاھ ئاتا - بالىنىڭ نامىنى سېتىپ تاختا تۇرغۇزغانىكەن. پەلەك شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇنى تۇتۇشقا ئاتلاندى. ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

يۇرۇن سۇلتان بۇنى ئاڭلاپ پەلەك شاھقا شاپائەت قىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ خاسىيەتلىك بۇلۇت بىلەن جەنۇبىي دەرۋازىغا كەلدى. ئۇ يەردە پەلەك شاھ، شاھزادە، ۋە ئەرش لەشكەرلىرى تەخ بولۇپ تۇرغانىدى. پاھ! سەردارلار بوران كەبى بۇلۇتلارنى سۇر - توقاي قىلىپ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە پەسكە چۈشۈپ، بىردەمدىلا شيەنكۇڭ تېغىغا يېتىپ كەلدى.

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، سۇن ۋۇكۇڭ ئەرش لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. جۇ باجيې ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ پەلەك شاھقا سالام بەردى:

— ھارمىغايسىز! ھارمىغايسىز!

— سەردار، كىچىكىپ قالدۇق، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز. شيەنكۇڭ تېغى مۇشۇمۇ؟ غارنىڭ ئاغزى قەيەردىدۇ؟ — دېدى پەلەك شاھ.

— بۇ يولنى مەن پىششىق بىلىمەن. غارنى توۋى يوق غار دەيدۇ، ئەتراپى ئۈچ يۈز چاقىرىم كېلىدۇ. ئالۋاستىنىڭ ئۇۋىسى بەك چىق ئىكەن. دەسلەپ ئۇستاز ئىككى تىمىم سۇ چۈشكەن ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇرغانىدى، ھازىر ئۇ يەر تىمتاس، ئىنس - جىن

يوق . قەيەرلەرگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

پەلەك شاھ مۇنداق دېدى :

— ئۇ ھەرقانچە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتسۇن ، بەربىر تورغا چۈشمەي قالمايدۇ . غارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ ئاندىن بىرنېمە دەيلى .

كۆپچىلىك يولغا چۈشتى . ئالاھازەل ئون چاقىرىم يۈرۈپ يوغان تاشنىڭ يېنىغا كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك جاينى كۆرسىتىپ :

— ئاغزى مانا مۇشۇ ، — دېدى .

— «ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاسنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغىلى بولمايدۇ» . كىم ئالدىدا كىرىدۇ ؟ — دېدى پەلەك شاھ .

— مەن ئالدىدا كىرىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن ئالۋاستىنى تۇتقىلى كەلدىم ، شۇڭا مەن ئاۋۋال كىرەي ، — دېدى ناجا شاھزادە .

جۇ باجيېمۇ قاتاردىن قالماي دەپ ۋارقىرىدى :

— مانا مەن ئالدىدا كىرىمەن !

— چۇقان سالماي مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىڭلار ، — دېدى پەلەك شاھ ، — سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاھزادە لەشكەرلەرنى ئېلىپ غارغا كىرىدۇ . بىز ئۈچىمىز غارنىڭ ئاغزىنى توسۇپ ، ئىچ - تېشىدىن تەڭ ماسلىشىپ ، ئالۋاستىنى ئاسمانغا چىقسا تاپىنىدىن ، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تۇتىمىز ، ئاز - تولا كارامىتىمىزنى كۆرسىتىمىز .

ھەممە «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاھزادە لەشكەرلەرنى ئېلىپ غارغا كىردى ، بۇلۇتتا بىرپەس تۈرۈۋېلىپ ئۇدۇل ئالۋاستىنىڭ كونا جايىغا باردى . ئۆيمۇئۆيمۇ ئاختۇردى ، ۋارقىرىدى ، ئۈچ يۈز چاقىرىم جاينىڭ ھەممە يېرىنى بىرمۇبىر قىدىرىپ چىقتى ، ئالۋاستى بىلەن تاڭ سەنزاڭنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى .

— بۇ مۇتتەھەم بۇ غاردىن چىقىپ ، باشقا يىراق بىر جايغا

كەتكەن ئوخشايدۇ ، — دېدى ھەممەيلەن .
ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبتىكى بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدىكى غارغا كىرىۋالغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن . غارنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە ئىشىكى بار بىر پاكار ئۆي بولۇپ ، ئەتراپىغا بىرنەچچە خىل گۈل تېرىلغانىدى ، يەنە بىرنەچچە تال قومۇش بولۇپ ، ئاجايىپ قاراڭغۇ ، سۈرلۈك بىر جاي ئىدى . ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىۋېلىپ توي قىلىشقا قىستاپ ھالىنى قويمايۋاتاتتى ۋە سۇن ۋۇكۇڭ ئەمدى ھەرگىز تاپالمايدۇ ، دېگەنىدى . كىم بىلسۇن ، بۇ ئالۋاستىنىڭ پەيمانى توشقانىكەن . جىنلار بۇنىڭ ئىچىدە چۇقان سېلىپ ، قىستىلىشىپ ، ئىتتىرىشىپ تۇراتتى . يۈرەكلىك بىرى تاشقىرىغا قاراپ باقاي ، دەپ بوينىنى سوزۇپ قارىشىغا ، ئەرش لەشكەرلىرىگە ئۇچراپ قالدى . «ماۋۇ يەردىكەن !» دېدى لەشكەرلەر . سۇن ۋۇكۇڭ غەزەپ بىلەن كالتەكنى ئېلىپ ئىچكىرىگە بېسىپ كىردى . كىچىككىنە جايغا بىرمۇنچە جىن ـ ئالۋاستىلار تىقىلىۋالغانىدى . شاھزادىمۇ ئەرش لەشكەرلىرىنى ئېلىپ تەڭلا كىردى . بۇ نېمىلەر قەيەرگىمۇ قاچالىسۇن ؟
سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى ، ئات ۋە يۈك ـ تاقلارنى ئىزدىدى . ئالۋاستى كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي كەتتى ، شاھزادىنى كۆرۈپ نائىلاج باش قويۇپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى . شاھزادە :
— مەن سۇلتانىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن سېنى تۇتقىلى كەلدىم . تولا خام خىيال قىلما ، — دېدى ۋە «ھىم» دەپ قويۇپ تۆۋلىدى ، — لەشكەرلەر ، ئارغامچا بىلەن بۇ جىن ـ ئالۋاستىنىڭ جىمىسىنى باغلاڭلار !
قېرى ئالۋاستىمۇ بۇ «نېسىۋە»دىن چەتتە قالمىدى . ھەممەيلەن خاسىيەتلىك بۇلۇت بىلەن غاردىن چىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . پەلەك شاھ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سۇن ۋۇكۇڭنى چىقىرىپ تۇرۇپ :
— ئەمدىغۇ ئۇستازىڭىزنى كۆرگەنسىز ، — دېدى .

— تەشەككۇر ! تەشەككۇر ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە تاڭ سەنزاڭنى پەلەك شاھ، شاھزادىگە تەزىم قىلدۇردى. شاسېڭ بىلەن جۇ باجيې ئالۋاستىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، پەلەك شاھ:

— ئۇنى بىز يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن تۇتتۇق، چېقىلغىلى بولمايدۇ، قايتىپ تېخى جاۋابىنى بېرىمىز، — دېدى.

بىر ياقتىن پەلەك شاھ، شاھزادە ئەرش لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئالۋاستىنى يالاپ ئەرشكە يول ئالدى، بىر ياقتىن سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى ئېلىپ، شاسېڭ يۈك - تاقلارنى يىغشتۇرۇپ، جۇ باجيې ئاتنى يېتىلەپ يولغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ سەپىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## سەكسەن تۆتىنچى باب

### بۇدساتۋانىڭ راھىبلارنى يوقىتىدىغان ئەلدىن بىشارەت بەرگەنلىكى
### راھىبلارنى يوقىتىدىغان شاھنىڭ تاقىر باش بولۇپ قالغانلىقى

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار غەربكە قاراپ ئۇزاق يول يۈردى، ياز كەلگەنىمۇ تۇيمايلا قالدى. غۇر - غۇر شامال چىقىپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇلار قاتتىق ئىسسىققا چىداپ كېتىۋاتقاندا، بىردىن ئىككى قاسىنىقى ئېگىز سۆگەتلىك بىر يولدا بالا يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر مومايغا كۆزى چۈشتى. موماي بۇلارغا قاراپ توۋلىدى:

— ھەي شەيخ، ئېتىڭىزنى كەينىگە قايتۇرۇڭ، ئۇ ياققا ماڭالمايسىز.

تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ كېتىپ، ئاتتىن چۈشۈپ مومايغا سالام بەرگەندىن كېيىن سورىدى:

— چوڭ ئانا، كونىلار: «ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا - دېڭىز، ماڭغىلى بولمايدىغان يول يوق» دەيدىكەن. غەربكە نېمىشقا يول يوق؟

موماي غەربنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردىن بەش - ئالتە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىزنىڭ دىنىنى يوقىتىدىغان دۆلىتىمىز بار. پادىشاھىمىز ئېيتقۇسىز گۇناھقا پاتتى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا پادىشاھ ئون مىڭ شەيخنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن، بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئارقا - ئارقىدىن نام - نىشانى يوق شەيختىن توققۇز مىڭ توققۇز

يۈز توقسان ئالتىنى ئۆلتۈردى . يەنە تۆتنىلا ئۆلتۈرسە ، ئون مىڭ توشۇپ قەسەمى ئىشقا ئاشىدۇ . سىلەر بارساڭلار ئۆزۈڭلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسىلەر !

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ تىترەپ كەتتى .

— چوڭ ئانا ، شەپقىتىڭىزگە مىڭ تەشەككۈر ! شەھەرگە كىرمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاسانراق يول بولسا دەپ بەرسىڭىز ، ئايلىنىپ ماڭساق ، — دېدى ئۇ .

— ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ ، پەقەت بولمايدۇ . ئۇچۇپ ئۆتسە بولارمىكىنتاڭ ، — دېدى موماي كۈلۈپ .

— ئانا ، ئادەمنى قورقۇتماڭ . بىز ئۇچالايمىز ، — دېدى جۇ باجيې ئېغىز غېرىچلاپ .

سۈن ۋۇكۇڭ جادۇ كۆزى بىلەن بۇلارنىڭ ئاۋالوكتىسۋارا بودساتۋا بىلەن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل مۇلازىمى ئىكەنلىكلىنى تونۇپ هاپىلا ـ شاپىلا تەزىم قىلىپ :

— بۇدساتۋا ، ئەپۇ قىلىڭ ! ئەپۇ قىلىڭ ! — دېدى . تاڭ سەنزاڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلار قورقۇپ تىز چۆكۈپ ئاسمانغا قاراپ باش ئۇردى . هايال ئۆتمەي خاسىيەتلىك بۇلۇت جەنۇبىي دېڭىز تەرەپكە كېتىپ قالدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستازىنى يۆلەپ :

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا ، بۇدساتۋا گۆھەر تاغقا قايتتى ، — دېدى .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، بۇدساتۋانى تونۇغاندىن كېيىن نېمىشقا بالدۇراق گەپ قىلمىدىڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ .

— گەپنى سىلى سورىدىلا ، مەن تەزىم قىلىشىمغا ئۇ كېتىپ قالغان تۇرسا ، قانداق بالدۇر دەيمەن ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ سۈن ۋۇكۇڭغا :

— بۇدساتۋانىڭ كۆرسەتمە بەرگىنىگە رەھمەت . ئالدىمىزدا دىنىي يوقىتىدىغان دۆلەت بار ئىكەن ، ئۇلار شەيخلەرنى

ئۆلتۈردىغان بولسا، بىز قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ — دېدى.
— قورقما، ھاڭۋاقتى! بىز نى - نى يامان يالماۋۇز، دېۋە، ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ، ھەر ئەسكى غار - ئۆڭكۈرلەرگە كىرىپمۇ ھېچنېمە بولمىدۇق. بۇ ئادەمزات دۆلىتى ئىكەن، نېمە قورقۇش؟ بىرلا يېرى، بۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدىكەن. ئۇستازنى ئېلىپ چوڭ يول بويىدىن بىرەر پاناھ جاي تاپايلى - دە، ئوبدان مەسلىھەتلىشۋالايلى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
بۇ گەپ بىلەن ئۇلار يولدىن چىقىپ بىر ئازگال جاينى تېپىپ ئولتۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى:
— ئىنىلىرىم، ئىككىڭلار ئۇستازغا ئوبدان قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆزگىرىپ بېرىپ شەھەرنى كۆرۈپ كېلەي، بىرەر خالىي يول تاپسام كېچىلەپ ئۆتۈپ كېتەيلى.
— شاگىرتىم، بەكمۇ پەخەس بولغىن، دىنغا خىلاپ ئىش قىلما، بەكمۇ ئېھتىيات قىلغىن، — دەپ تاپىلىدى تاڭ سەنزاڭ.
— خاتىرجەم بولسىلا، خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا! مەن گەپ ئاڭلايمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
سۇن ۋۇكۇڭ گەپنى تۈگىتىپلا بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقتى، بۇلۇتنىڭ ئۈچىدا تۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر سالدى. شەھەر قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن، ھېچبىر يامانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىچىدە: «ئاجايىپ ئېسىل جاي ئىكەنغۇ، ئۇلار نېمىشقا دىننى يوقىتىدىغاندۇ؟» دېدى. بىرپەستىن كېيىن ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇ: «مەن پەسكە چۈشۈپ كوچىلارنى ئوبدان كۆرۈپ باقاي. ئەمما، بۇ ئەپتىمنى كىشىلەر كۆرسە مېنى چوقۇم شەيخ ئىكەن، دەيدۇ، شۇڭا ئۆزگىرىپ ئاندىن كىرەي» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر سىلكىنىپلا پەرۋانىگە ئايلاندى - دە، ئۇچۇپ شەھەرگە كىردى، ئۆيلەرنىڭ پېشايۋانلىرى ۋە بۇلۇڭلاردىن كېتىۋېتىپ، توساتتىن باشقا بىر بۇرجەكتىكى ئۆيلەرگە كۆزى چۈشتى. بۇ تەرەپتىكى ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىگە پانۇس ئېسىقلىق تۇراتتى. «كىشىلەر پانۇس بايرىمى

ئۆتكۈزۈۋاتقان ئوخشىمامدۇ ، ئەجەب قاتار پانۇس ئېسىۋاپتۇغۇ ؟»
دەپ ئويلاپ ئۇچۇپ يېقىن بېرىپ قارىدى . قاپ ئوتتۇرىدىكى بىر
ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى پانۇسقا : «خېرىدارلارنى قارشى ئالىمىز»
دېگەن خەت ، تۆۋىنىگە بولسا : «ۋاڭ شياۋئېرنىڭ دۇكىنى» دېگەن
خەت يېزىلغانىدى . بۇنىڭدىن سۇن ۋۇكۇڭ بۇنىڭ ئاشپۇزۇل
ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئىچىگە قارىسا ، سەككىز ـ توققۇز ئادەم
كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ، كىيىملىرىنى سېلىپ ،
پۇت ـ قوللىرىنى يۇيۇپ يېتىشقانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ
كېتىپ : «ئۇستاز ئۆتەلىگۇدەك» دېدى . ئۇنىڭ ئۆتۈپ
كېتەلەيدىغانلىقلىرىنى قانداق بىلگەنلىكىنى ئۇقامسىز ؟ ئۇنىڭدا بۇ
كىشىلەر ئۇخلاپ قالغاندا ، ئۇلارنىڭ چاپان ـ چارىسىنى ئوغرىلاپ
كېتىپ ، ئاددىي پۇقرا بولۇپ ياسىنىپ شەھەرگە كىرىشتەك يامان
ئوي پەيدا بولغانىدى .

توۋا ، دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ ئويغا
چۆكۈپ تۇرغاندا ، ۋاڭ شياۋئېر كېلىپ :

— بەگلىرىم ، ئېھتىيات قىلىڭلار . بۇ يەردىكى ئادەملەر
ئوخشاشمايدۇ ، ھەركىم ئۆز نەرسىسىگە پەخەس بولغىنى
ياخشى ، — دەپ تاپىلىدى .

سىرتقا چىقىپ سودا ـ سېتىق قىلىدىغانلار پەخەس بولمايدۇ
دەمسىز ؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلار بەكرەك سەگەكلەشتى ،
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ :

— خوجايىن توغرا ئېيتىدۇ . بىز سەپەردە تازا چارچىدۇق ،
ئۇخلاپلا قالساق ، غەپلەت بېسىپ ئويغىنالماي نەرسىلىرىمىزدىن
ئايرىلىپ قالساق قانداق قىلىمىز ؟ خوجايىن ، كىيىم ـ كېچەك ،
ياغلىق ، خۇرجۇن ـ قاچىلىرىمىزنى سىز يىغىۋېلىڭ ، ئەتە تاڭ
ئاتقاندا بىزگە بېرىڭ ، — دېيىشتى .

ۋاڭ شياۋئېر كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىپ
ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ تېرىكىپ ئىچكىرىگە ئۇچۇپ
كىرىپ بىر باش ياغلىقىغا قوندى . ۋاڭ شياۋئېر ئىشىك

بېشىدىكى پانۇسنى ئېلىپ ئىشىك پەردىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى، ئىشىك ـ دېرىزىنى چىڭ تاقاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ياتتى. ۋاڭ شياۋئېرنىڭ خوتۇنى، ئىككى بالىسى بولۇپ، بالىلىرى غەلۋە قىلغاچقا، ئۇ دەرمەھەل ئۇخلىيالمىدى. خوتۇنى بولسا يىرتىلغان كىيىملەرنى ئېلىپ ياماشقا چۈشتى. ئۇمۇ ھازىرلاردىن ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ: «بۇ خوتۇن ئۇخلىغاندا قول سالىمەن دېسەم، ئۇستازىم بەك ساقلاپ كەتمەمدۇ؟» دەپ ئويلىدى، بەك كەچ قالسا شەھەر دەرۋازىسى ئېتىلىپ قېلىشتىن ھەم ئەنسىرىدى ـ دە، ئۆپكىسىنى باسالماي ئۇچۇپ بېرىپ چىراغقا ئۆزىنى ئاتقانىدى، چىراغ ئۆچتى. «ئوتقا ئېتىپ پەرۋانە، خاراب قىلدى ئۆزىنى» دېگەننىڭ ئۆزى بولدى. ئاندىن ئۇ بىر دومىلاپ چاشقانغا ئايلىنىپ ۋىچ ـ ۋىچ قىلىپ قويۇپ يەرگە چۈشتى ـ دە، كىيىم، باش ياغلىقى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشقىرىغا ماڭدى. ۋاڭ شياۋئېرنىڭ خوتۇنى:

— ھوي ئادەم! چاتاق بولدى. چاشقان جىن بولۇپ قالدى، — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ بىر ھىيلە ئىشلەتتى، يەنى ئىشىكنىڭ ئۇ يېقىدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ۋاڭ شياۋئېر، خوتۇنۇڭنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا قۇلاق سالما. مەن چاشقاندىن ئۆزگەرگەن جىن ئەمەس. ئاقىللار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىش قىلىدۇ، مەن زېمىنغا چۈشۈپ تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە كېتىۋاتقان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن. دۆلىتىڭلاردا دىن يوق ئىكەن، شۇڭا ئۇستازىمنى باشقىچە كىيىندۇرۇش ئۈچۈن ئالايتەن كىيىم ـ كېچەك ئۆتنە ئالغىلى كېلىۋىدىم. شەھەردىن ئۆتۈۋېلىپلا ئەكېلىپ بېرىمەن.

ۋاڭ شياۋئېر بۇنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇردى، قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ، ئالدىراشلىقتا ئىشتاننى كۆڭلەك دەپ ئويلاپ ئالدى، بىراق زادىلا كىيەلمىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ نەرسىلەرنى ئېلىپ بولۇپتۇ چىقتى، ئاندىن بىر موللاق ئېتىپ يول بويىدىكى ئورەكنىڭ يېنىغا كەلدى. تاڭ سەنزاڭ ئـايدىڭدا ئورەكتىن بىلگىچە كۆتۈرۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كەلگەندە سورىدى:

— شـاگـىرتـىم، دىـنىنى يوقىتىدىغان دۆلەتتىن ئۆتكىلى بولامدىكەن؟

— ئۇسـتـاز، بـۇ دۆلەتتىن ئۆتۈش ئۈچۈن شەيخ بولساق بولمايدىكەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كىيىم ـ كېچەكلەرنى يەرگە تاشلاپ.

— ئاغا، نېمە دەۋاتىسىز؟ شەيخ بولماسلىقمۇ ئاسان ئىشقۇ، يېرىم يىل چېچىمىزنى چۈشۈرمىسەك چاچ چىقىدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— نېمىشقا يېرىم يىل ساقلايمىز! هازىرلا پۇقرا بولمىساق بولمايدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— نېمانداق داڭقان پۈتى گەپ قىلىسىز. بىز هازىر شەيخ. ئاددىي پۇقرا بولساق ياغلىقنى قانداق چىگىمىز؟ چۆرىسىنى بىرنېمە قىـلـسـاقمۇ، ياغلىقنى قەيەرگە چىگىمىز؟ — دېدى جۇ باجيې ئالاقزادە بولۇپ.

— قىزىقچىلىق قىلماي بۇ ئىشقا جىددىي قارىغىن! قانداق ئەھۋال ئۇقۇپ كەلدىڭ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — بۇ شەھەرنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۇمانىسىز پادىشاھ راھىبلارنى ئۆلتۈرسىمۇ، خېلى تۈزۈك ئوخـشايدۇ، شەھەر قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۈمگەنىكەن. كوچا ـ بـازارلـىـرىـنـى تـولـۇق بـىـلـىـۋالـدىم، پۇقرالارنىڭ تىلىنىمۇ ئۇقىدىكەنمەن. بايا بىر ئاشپۈزۈلدىن كىيىم ـ كېچەك ئۆتنە ئېلىپ كـەلـدىم. بىز مۇشۇلارنى كىيىپ شەھەرگە كىرىمىز. تۆتىنچى جـېـسـەك ۋاقـتـىـدا ئـورنـىـمـىـزدىـن تۇرۇپ سارايۋەنگە غىزا تەييارلىتىمىز؛ بەشىنچى جېسەك بولغاندا شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ مـاڭـىـمىـز. كـوچـىـدا ئـۇچـراپ تـوسقۇچىلارغا باشقا ئەلدىن

كەلگەنلەرمىز ، دەيمىز ، ئۇلار توسۇماي قويۇۋېتىدۇ .

— ئاغام ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلىدۇ ، ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلايلى ، — دېدى شاسېڭ .

تاڭ سەنزاڭ ھېچ ئىلاج بولمىغاچقا تونىنى سېلىپ ، تەلپىكىنى ئېلىپ پۇقراچە كىيىندى . شاسېڭمۇ كىيىم ئالماشتۇردى ، جۇ باجىيېنىڭ بېشى يوغان بولغاچقا ياغلىق تۇغرا كەلمىگەندى ، سۈن ۋۇكۇڭ ئىككى ياغلىقنى بىر قىلىپ تىكىپ ئۇنىڭ بېشىغا چىگىپ قويدى . كىيىمنىڭ ئەڭ كەڭىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزدى . ئاندىن ئۆزىمۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ :

— ئەمدى «ئۇستاز ، شاگىرت» دېگەن گەپلەرنى ھەرگىز قىلمايمىز ، — دېدى .

— بۇ گەپنى قىلمىساق ، بىر - بىرىمىزنى قانداق ئاتايمىز ؟ — دېدى جۇ باجيې .

سۈن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :

— ئاكا - ئۇكا دېيىشىمىز . ئۇستازنى تاڭ چوڭ ئاكا دەيمىز ، سېنى جۇسەن ، شاسېڭنى شاسى دەيمىز . مەن سۈن ئېر بولىمەن . سارايغا بارغاندا سىلەر پەقەت گەپ قىلمايسىلەر ، مەنلا گەپ قىلىمەن . ئۇلار نېمە سودا قىلىسىلەر ، دەپ سورىسا ، ئاق ئاتنى كۆرسىتىپ ئات سودىگىرى بولىمىز ، بىز ئون قېرىنداش ئىدۇق ، ھازىر تۆتىمىز كەلدۇق ، دەيمىز . سارايۋەن بىزنى راسا مېھمان قىلىدۇ ، بىزمۇ تارتىنمايمىز ، كېتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا بىرنەچچە تەڭگە تاشلاپ بېرىپ ماڭىمىز .

تاڭ سەنزاڭ نائىلاج بۇنىڭغا قوشۇلدى .

تۆتەيلەن ئاتنى يېتىلەپ ، يۇك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ يولغا چۈشتى . گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ ، تېخى شەھەر دەرۋازىسى ئېتىلمىگەندى . ئۇلار كىرگەنچە ئۇدۇل ۋاڭ شياۋئېرنىڭ ئاشپۇزۇلىغا باردى . ئىچكىرىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلىناتتى : «مېنىڭ باش ياغلىقىم كۆرۈنمەيدۇ !» «مېنىڭ چاپان - چارام يوق !» سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى بىلمەسكە سېلىپ ، ئۇلارنى بۇنىڭ

قارشىسىدىكى بىر سارايغا باشلىدى. سارايۋەن تېخى پانۇسنى ئالمىغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن بېرىپ سورىدى:

— سارايۋەن، بوش ئۆي بارمۇ؟

— بار، بار، قېنى مەرھەمەت، — ئىچكىرىدىن بىر ئايال جاۋاب بەردى. شۇ ئارىلىقتا بىر ئەر كىشى چىقىپ ئاتنى ئالماقچى بولدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇستازنى باشلاپ يۇقىرىغا چىقتى. بالىخانىدا شىرە، ئورۇندۇق بار ئىدى. ئۇلار دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ئايدىڭدا ئولتۇردى. بىرى چىراغ كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى، سۇن ۋۇكۇڭ پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ:

— ئايدىڭ بەك بەلەن ئىكەن، چىراغ ياقمىساقمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئادەم چۈشۈپ كېتىشىگە، بىر كىشى بىر پەتنۇستا تۆت پىيالە چاي ئېلىپ چىقتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئەللىك يەتتە - ئەللىك سەككىز ياشلاردا بار بىر ئايال چىقتى.

— مېھمانلار، قەيەردىن كەلدىڭلار؟ قانداق مېلىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى ئايال.

— بىز شىمال تەرەپتىن كەلدۇق، ئات ساتىمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئىسىم - شەرىپىڭلار نېمىكىن؟

— بۇ ياق تاڭ چوڭ ئاكىمىز، بۇ ياق جۇسەن، بۇ ياق شاسى، مەن سۇن ئېر بولىمەن.

— بىر جەمەت ئەمەسكەنسىلەر - دە، — دېدى ئايال كۈلۈپ.

— جەمەت نامىمىز ئوخشاشمىغان بىلەن، بىز بىر ئۇرۇق، بىز جەمئىي ئون ئىدۇق، تۆتىمىز ئالدىدا كەلدۇق، ئالتەيلەن سىرتتا دەم ئېلىپ قالدى، قولىمىزدا بىر توپ ئات بولغاچقا ھەم كەچ بولۇپ كەتكەچكە شەھەرگە كىرمىدى. بىز ياتىدىغان جاينى تېپىپ جايلاشقاندىن كېيىن ئەتە ئۇلارنى باشلاپ كىرىمىز. ئاتلارنى سېتىپ بولۇپ ئاندىن قايتىمىز.

— قانچىلىك ئېتىڭلار بار؟

— چوڭ - كىچىك بولۇپ بىرەر يۈز ئات بار، ھەممىسى مېنىڭ ئېتىمغا ئوخشايدۇ، بىرلا يېرى، رەڭگى ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ.

— سىز بەك سەمىمىي مېھمان ئىكەنسىز، — دېدى ئايال كۈلۈپ، — بۇ يەرگە كەلمىگەن بولساڭلار، باشقا سارايلار سىلەرنى قوندۇرالمىغان بولاتتى. مېنىڭ سارىيىم كەڭ، ئات - ئۇلاغلار تەل، ئوت - چۆپمۇ بار، نەچچە يۈز ئېتىڭىز بولسىمۇ بېقىپ كېتەلەيمەن. بىرلا ئىش، مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى سارايى ئېچىپ كەلگەچكە، ئاز - تولا نامىم بار. ئاۋۋالقى ئېرىم جاۋ جەمەتىدىن ئىدى، ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزاق بولدى. مېنى كىشىلەر «جاۋ تۇل خوتۇن» دەيدۇ. مەن مېھمانلارنى ئۈچ خىلغا بۆلۈپ كۈتىمەن، مەيلى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن، مەيلى خان - پادشاھ بولسۇن، ئۆيىنىڭ نەرقىنى ئاۋۋال دېيىشىۋالىمەن. كېيىن ھېساب - كىتاب قىلماق ئاسان بولىدۇ.

— ئوبدان گەپ ئىكەن. مېھمانلارنى قانداق ئۈچ خىلغا بۆلۈپ كۈتىسىز؟ قېنى بىر ئاڭلاپ باقاي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئالىي، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ ئۈچ خىلغا بۆلىمەن. ئالىي مېھمانلارغا بەش خىل مېۋە، بەش خىل قورۇما بېرىلىدۇ. ئىككى ئادەم بىر شىرەدە ئولتۇرىدۇ، ھەربىر ئادەم بەش تەڭگە تۆلەيدۇ، ئۆي ئىجارىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە؛ ئوتتۇرا ھال مېھمانلارغا مېۋە - چېۋە، ئىسسىق ھاراق بېرىلىدۇ، قالغىنىغا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنى يەيدۇ، ئۇلار ئىككى سەر كۈمۈش تۆلەيدۇ؛ تۆۋەن دەرىجىدىكى مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە مەخسۇس ئادەم بولمايدۇ. ئۇلار قازاندىكى ئادەتتىكى تاماقتىن تويغۇچە يەيدۇ، ئوت - چۆپ ئالىدۇ، ئەپلىك جاي تېپىپ ئۇخلايدۇ، كۆڭۈللىرى تاماق پۇلى تۆلىسىلا بولىدۇ، تالاشماي بەرگىنىنى ئالىمىز.

— بەللى! مېنىڭ كۆڭلۈم تۇغۇپتۇ - دە، مەن قازاندىكى تاماقنى تويغۇچە يەپ، ئوچاق ئالدىدىلا ياتسام بولىۋېرىدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— ئىنىم، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرسىز! بىز يۈرتمۇيۇرت يۈرۈپ پۇل تاپمىدۇقمۇ! ئەڭ ئالىي غىزا كەلتۈرسۇن بىزگە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئايال ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپ:

— چاي ئىچىپ تۇرۇڭلار، تامىقىمىزمۇ ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى ۋە ئىتتىك پەسكە چۈشۈپ ئالدىراپ بۇيرۇشقا باشلىدى، — توخۇ - ئۆردەك ئۆلتۈرۈپ، پىشۇرۇپ تەييار قىلىڭلار، چوشقا، قوي ئۆلتۈرۈڭلار، بۈگۈن ئىشلەتمىسەك ئەتە ئىشلىتىمىز. ھاراقنىڭ ئېسىلىنى ئېلىپ كېلىڭلار، گۈرۈچ دۆملەپ، ئاق ئۇندىن ھورنان پىشۇرۇڭلار.»

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— سۇن ئېر، قانداق قىلىمىز! بىز پەرھىز تائام يەيدىغان تۇرساق، ئۇلار توخۇ، ئۆردەك، چوشقا، قوي ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئېلىپ كەلسە قانداق يېيەلەيمىز؟

— مېنىڭ بىر چارەم بار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە بالىخانىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ يەرنى تېپىپ تۇرۇپ، — چوڭ ئانا، بۇ ياققا چىقىڭ، — دەپ چاقىردى.

— نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ — دېدى ئايال چىقىپ.

— بۈگۈن بىز پەرھىز تۇتتۇق، توخۇ - ئۆردەك ئۆلتۈرمەڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— سىلەر داۋاملىق پەرھىز تۇتامسىلەر ياكى ئايلاپ پەرھىز تۇتامسىلەر؟ — دېدى ئايال ھەيران بولۇپ.

— ياق، بىز ئۇنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمايمىز. بۈگۈن تۇنەك كۈنى بولغاچقىلا، بىر كۈن پەرھىز تۇتتۇق. ئۈچىنچى جېسەكتىن كېيىن پەرھىزنى بۇزىمىز. شۇڭا ئۆلتۈرىدىغانلارنى ئەتە ئۆلتۈرۈڭ. بۈگۈن گۆشسىز غىزا تەييارلاپ بېرىڭ، پۇلنى ئالىي دەرىجىلىك زىياپەت ھېسابىدا تۆلەيمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئايال خۇش بولۇپ كېتىپ پەسكە چۈشتى ۋە:

— ئۆلتۈرمەڭلار! ئۆلتۈرمەڭلار! مۇئېر، بامبۇك نوتىسى،

پۇرچاق ئۇيۇتمىسى ، خىمىر تىرپى تەييارلاڭلار ، باغدىن كەرەپشە يۇلۇپ كېلىپ كۆكتات شورپىسى قىلىڭلار ، يۇتازا پىشۇرۇڭلار ، گۇرۇچ دۇملەڭلار ، قېنىق قىلىپ چاي دەملەڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى . ئاشخانىدىكىلەر بۇنداق ئىشلارنى تولا قىلىپ ئۇستا بولۇپ كەتكەچكە ، ھەش - پەش دېگۇچە ھەممە تەخ قىلىنىپ بالىخانىغا ئېلىپ چىقىلدى ، قەنت - گېزەك ، مېۋە - چېۋە ھەم تارتىلدى .

— مەيگە زۇقۇڭلار قانداق ؟ — دېدى ئايال .

— تاڭ چوڭ ئاكىمىز ئىچمەيدۇ ، بىز ئازراق قېقىۋالايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئايال بىر چەينەك مەي ئېلىپ چىقتى . يەپ - ئىچىپ بولۇپ ، نەرسىلەر يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھەممە جاي - جايىغا تارقالدى .

— قەيەردە ياتىمىز ؟ — دەپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى تاڭ سەنزاڭ .

— بالىخانىدا ياتىمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— تازا ئوبدان بولماسمىكىن . بىز بەك چارچىدۇق ، يېتىپ تۇرۇشىمىزغا يەنە بىرەرى كېلىپ قالسا ، ئۇيقۇلۇقتا ياغلىقلىرىمىز چۇشۇپ قېلىپ تاقىر بېشىمىز ئېچىلىپ قالسا ، بىزنىڭ شەيخ ئىكەنلىكىمىزنى تونۇۋېلىپ داۋراڭ سالسا قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— توغرا دېدىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە ئايالنى توۋلىدى .

— تەقسىر ، يەنە نېمە خىزمەت بار ئىكىن ؟ — دېدى ئايال .

— بىز قەيەردە ياتىمىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بالىخانىدا ياتساڭلار ياخشى . بۇ يەردە پاشا يوق ، سالقىن ، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ راھەتلىنىپ ئۇخلايسىلەر ، — دېدى ئايال .

— ياق ، جوسەننىڭ رېماتىزم كېسىلى بار ، شاسىڭنىڭمۇ غولىغا يەل تۇرۇپ قالغان . تاڭ ئاكىمىز قاراڭغۇ بولمىسا ئۇخلىيالمايدۇ ، مەنمۇ يورۇقلۇقنى خالاپ كەتمەيمەن . شۇڭا بۇ يەردە ياتالمايمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئـايـال چۈشۈپ كېتىپ ئىشكاپقا يۆلەنگىنىچە ئاھ ئۇردى. ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىز بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ئانا، نېمىگە ئاھ ئۇرىسىز؟ — دېدى.

— بالام، ئاخشام سارايىنى تاقاي دەپ تۇرسام ئات سودىگىرىدىن تۆتـى كەپتۇ. ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك كۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلاردىن نەچچە تەڭگە ئۇندۇرۇۋالاي، دەپ تۇرسام، ئۇلار پەرھىز تائام يەيمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پۇلمۇ ئۇندۇرەلمىدىم. شۇنىڭغا ئاھ ئۇرۇۋاتىمەن.

— ئـۇلار تـامـاقـنـى يـېـگەندىكىن، باشقا سارايغا چىقىپ كـېـتـىشتىنمۇ ئىزا تارتار. ئەتە ئەتىگەندە گۆشلۈك غىزا بىلەن كۇتسىڭىز، نېمىشقا پۇل ئۇندۇرگىلى بولمايدىكەن؟ — دېدى قىز.

— ئـۇلارنـىـڭ كېسىلى بار ئىكەن، شامالدىن، يورۇقتىن قـاچىدىكەن، شۇڭا قاراڭغۇ جايدا ئۇخلايتتۇق دەۋاتىدۇ. ئويلاپ باققىنا، سارىيىمىزدا بار ـ يوق مۇشۇ نەچچە ئېغىزلا ئۆي تۇرسا، قاراڭغۇ جاينى قەيەردىن تاپىمىز؟ تاماق بەرمىگەن بولسام، ئۇلارنى قەيەرگە بارساڭلار بېرىڭلار، دەيتتىم، — دېدى ئايال.

— ئانا، مېنىڭ ئۆيۈمدە قاراڭغۇ، شامال يوق، بەك بەلەن بىر جاي بار، — دېدى قىز.

— قەيەر؟

— دادام بـۇرۇن يـاسىغان تۆت چى كەڭلىكتە، يەتتە چى ئۇزۇنلۇقتا بىر يوغان ئىشكاپ بارغۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتە ـ يەتتە ئـادەم بـەخۇدۇك يـاتالايـدۇ. ئـۇلار شۇنـىڭ ئىچىـدە ياتسۇن بولمىسا، — دېدى قىز.

— قانداق بولار، مەن ئاۋۋال سوراپ باقاي، — دېدى ئايال ۋە چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭغا دېدى، — تەقسىر، خانىمىزدا قاراڭغۇ ئۆي يوق. شامالمۇ، يورۇقمۇ كىرمەيدىغان يوغان بىر ئىشكاپىمىز بار. شۇنىڭ ئىچىدە ئۇخلامسىلەر قانداق؟

— بەللى! بولىدۇ! بولىدۇ!

بــىر قانچەيلەن ئىشكاپنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى، ئاندىن

ئۇلارنى پەسكە چاقىردى. سوْن ۋوْكوْك ئوْستازنى باشلاپ ماڭدى، شاسىك يوْك ـ تاقلارنى كۆتۈردى. ئۇلار چىراغنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئىشكاپ قېشىغا كەلدى. جوْ باجيې ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كىرىپلا كەتتى. شاسىڭ يوْك ـ تاقلارنى كىرگۈزۈپ ئاندىن ئۆزى كىردى، سوْن ۋوْكوْك تاك سەنزاڭنى يۆلەپ كىردى، ئاندىن سورىدى:

— مېنىڭ ئېتىم قەيەردە؟

— ئارقا هويلىدا ئوت يەۋاتىدۇ، — دېدى بىر خىزمەتكار.

— ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئوْقوْرنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، ئاتنى ئىشكاپقا يېقىن جايغا باغلاپ قويۇڭلار، — دېدى سوْن ۋوْكوْك، — چوك ئانا، ئىشكاپنى چىڭ يېپىڭ، قولۇپ سېلىڭ، قەيەردىن يورۇق كىرىدۇ، قاراپ بېقىپ چاپلىۋېتىڭ. ئەتە ئەتىگەنرەك كېلىپ ئېچىۋېتىڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئايال. ئاندىن هەممە ئىشىكلەرنى ئېتىپ يېتىپ قالدى. بۇ گەپ موْشۇ يەردە قالسوْن.

ئەمدىكى گەپنى ئىشكاپتىكى تۆتەيلەندىن ئاڭلاڭ. ۋاي بىچارىلەر، بىرىنچىدىن، بېشىدا ياغلىق؛ ئىككىنچىدىن، هاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، شوْنىڭدەك ئىشكاپ ئىچى تولىمۇ تىنچىق، شامال ئۆتۈشمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ياغلىقلىرىنى ئېلىۋەتتى، كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى، يەلپۈگۈچنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرىنى تەلپەكلىرى بىلەن يەلپۈدى. بىر ـ بىرىنى قىستاپ، ئۈچىنچى ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئاران كۆزلىرىنى ئىلىشتى. بىرلا ئىش تېرىغۇسى كېلىۋاتقان سوْن ۋوْكوْك ئۇخلىمىدى. ئۇ جوْ باجيېنىڭ پۇتىنى چىمدىغانىدى، جوْ باجيې پۇتىنى تارتىۋېلىپ غىڭشىدى:

— ئۇخلاڭلا! هېرىپ كەتكەندە ئادەمنى چىمداپ چاقچاق قىلىشقا قانداق كۆڭلىڭىز بېرىۋاتىدۇ.

— ئەسلىي دەسمايىمىز بەش مىڭ سەر كۈمۈش ئىدى. ئۆتكەندە ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈشكە ئات ساتتۇق. هازىر

خۇرجۇنىمىزدا نەق تۆت مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە بار . بۇ ئاتلارنى يەنە ئۈچ مىڭ تەڭگىگە ساتساق ، دەسمايىسى بىلەن پايدىسى تەڭ بولىدۇ . ۋاھ ! ۋاھ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستاتلىق قىلىپ .

كىم بىلسۇن ، بۇ سارايدا يوگور - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار ، سۇ توشۇيدىغانلار ، ئوت قالايدىغانلارنىڭ جىمىسى قاراقچىلار ، ئوغرىلار شايكىسىدىكىلەر ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭلارنىڭ نۇرغۇن پۇلى بارلىقىنى ئاڭلاپ بىر قانچىسى غىپپىدە چىقىپ كەتتى ، يىگىرمە نەچچە ئوغرىنى باشلاپ مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئات سودىگەرلىرىنى تۇتماقچى بولدى . ئانا - بالا ئىككىيلەن قورقۇپ كېتىپ ، ئۇلار تاشقىرىدا نېمە ئىش قىلسا قىلسۇن دەپ ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ ئېتىۋالدى . ئوغرىلار سارايدىكى نەرسىلەرنى ئەمەس ، مېھمانلارنى ئىزدەپ كەلگەنىدى . بالىخانىدىن ئۇلارنى تاپالمىغاندىن كېيىن مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ تۆت ئەتراپنى ئىزدىدى . قارىسا ، يوغان بىر ئىشكاپ ، ئىشكاپنىڭ تۆۋىدە بىر ئات باغلاقلىق تۇراتتى . ئىشكاپنىڭ ئاغزى چىڭ قۇلۇپلانغان ، قايرىپ ئاچقىلى بولمايتتى . ئوغرىلار مۇنداق دېيىشتى :

— جاھانكەزدىلەر ناھايىتى تادان بولىدۇ . ئىشكاپنىڭ ئېغىرلىقىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسى بۇنىڭ ئىچىدە . بىز ئاتنى ئوغرىلاپ ، ئىشكاپنى كۆتۈرۈپ شەھەردىن چىقايلى ، ئاندىن ئېچىپ ئىچىدىكىنى بۆلۈشۈۋالايلى .

ئۇلار ئارغامچا تېپىپ كېلىپ ئىشكاپنى ئۇ ياق - بۇ ياق چايقاپ كۆتۈرۈپ ماڭدى . جۇ باجيې ئويغىنىپ :

— ئاغا ، ئۇخلىمىدىڭمۇ ، نېمىشقا چايقىلىدۇ بۇ ئىشكاپ ؟ — دېدى .

— ئاۋاز چىقارما ، ھېچكىم چايقىغىنى يوق ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تۇيۇقسىز تاڭ سەنزاڭ بىلەن شاسېڭمۇ ئويغىنىپ كەتتى ۋە سورىدى :

— بىزنى بىرلىرى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟
— گەپ قىلماڭلار! ئۇن چىقارماڭلار! ئۇلار كۆتۈرۈپ كېتىۋەرسۇن، ئەگەر غەربكە ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسا يولىمىز يېقىنلىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇلارنى غەربكە ئەمەس، شەرققە ئېلىپ ماڭدى، دەرۋازا باققۇچىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شەھەردىن چىقىپ كەتتى. شۇئان پۈتۈن شەھەر خەلقى چۇچۇپ ئويغاندى. ھەرقايسى دۇكان ـ سارايدىكىلەر شەھەر كۆزەتچىلىكىگە مەسئۇل قورۇبېشى ۋە شەھەرنىڭ كۈنچىقىشىدىكى ئەمىر ـ لەشكەرلەرگە خەۋەر قىلدى. قورۇبېشى بىلەن ئەمىر ـ لەشكەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ ئۇيغۇرلارنى قوغلىدى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ كۈچ ـ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ تاقابىل تۇرۇشقا پېتىنالماي، ئېشكاپ بىلەن ئاق ئاتنى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە قاچتى. لەشكەرلەر قاراقچىلارنى تۇتالمىغان بىلەن، ئېشكاپ ۋە ئاتنى ئولجا ئېلىپ ئۇتۇق بىلەن قايتتى. قورۇبېشى ئاق ئاتنى مىنىۋالدى. ھەممەيلەن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئېشكاپنى مەھكىمە ئالدىغا توختاتتى، ئېشىكنى پېچەتلەپ، كۆزەتچىلەرگە، ئوبدان ساقلاڭلار، ئەتە تاڭ ئاتقاندا خەۋەر قىلىپ يولىيورۇق ئالىمىز، دەپ تاپىلىدى. لەشكەرلەر قايتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ ئېشكاپنىڭ ئىچىدە سۇن ۋۇكۇڭدىن ئاغرىندى:
— سەن ئۆلگۈر مايمۇن بىزنىڭ بېشىمىزنى يېمەكچى بولغان ئوخشايسەن ـ ھە! ناۋادا تاشقىرىدا بولغان بولساق، ئۇلار بىزنى تۇتۇۋېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسىمۇ، بىرنېمىلەر دەپ ئۆزىمىزنى ئاقلايتتۇق. ئېشكاپنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قېلىۋىدۇق، باشتا قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى، كېيىن لەشكەرلەر تارتىۋالدى. ئەتە پادىشاھقا كۆرسەتسە، بىزنى ئەجەب بەلەن ئىش بولدى، دەپ

ئۆلۈمگە بۇيرۇسا ، پادىشاھ ۋەدە قىلغان سانىنى توشقۇزۇۋالامدۇ ؟

— سەۋر قىلسىلا ، ئەتە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە ھەممىگە مەن جاۋاب قىلىمەن . سىلىگە پەقەت خەۋپ يەتمەيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئۇچىنچى جېسەك ۋاقتى بولاي دېگەندە ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستاتلىق قىلىپ تۈمۈر كالتىكىنى ئالدى . بىر پۇۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ئۇچ ئۇچى بار بىر بۇرغا پەيدا بولدى . ئۇنىڭدا ئىشكاپنىڭ تېگىنى تەشتى ، ئاندىن بىر سىلكىنىپلا موزايىبېشىغا ئايلىنىپ سىرتقا چىقتى ، دەررۇ ئەسلىگە كېلىپ بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل شاھ سارىيىغا باردى . پادىشاھ قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى . ئۇ «تېنىنى پارچىلاپ كارامەت كۆرسىتىش» ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، سول قولىنىڭ جىمى تۈكىنى يۇلۇۋېلىپ بىر پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ھەممىسى مايمۇنچاقلارغا ئايلاندى . ئۇ يەنە ئوڭ قولىنىڭمۇ جىمى تۈكىنى يۇلۇۋېلىپ پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ھەممىسى ئۇخلىتىدىغان قۇرتقا ئايلاندى . ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ يەر مۇئەككىلىنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا قول ئاستىدىكىلەرنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە ، بەش مەھكىمە ، ئالتە بارگاھ ۋە ھەرقايسى يامۇلنىڭ چوڭ - كىچىك ئامباللىرى تۇرىدىغان ئۆيلەرگە بېرىپ ، تېخى ياتمىغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ئۇخلىتىدىغان قۇرت تارقىتىشنى تاپشۇرۇپ : «ھەممە ئادەم قاتتىق ئۇخلاپ كەتسۇن ، ئويان - بۇيانغىمۇ ئۆرۈلمىسۇن» دېدى . ئاندىن ئالتۇن توقىنى ئېلىپ دەسسەپ كۆردى ، سىلكىپ تۇرۇپ : «ئەڭگۈشتىرىم ، ئۆزگەر !» دېدى ، شۇئان سانسىز ئۇستىرا پەيدا بولدى . ئۇ مايمۇنچاقلارغا بىردىن ئۇستىرا ئېلىپ ھەرەمگە ، مەھكىمە ۋە بارگاھلارغا ، ھەرقايسى يامۇللارغا كىرىپ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشنى تاپشۇردى . بۇ ئىش تۈن يېرىمىدا ئورۇندىلىپ بولدى . ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ يەر مۇئەككىلىنى قايتۇرۇۋەتتى ، بىر يۇمىلاپلا تۈكلىرىنى تېنىگە ياندۇرۇۋالدى .

ئۈستىرىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ پىلدىرلاتقانىدى، ئالتۇن توقا ئەسلىگە كەلدى، ئۇنى قولىقىغا تىقىۋالدى. ئاندىن يەنە موزايىپىشىغا ئايلىنىپ، ئىشكاپقا كىرىپ ئۆز ئەسلىگە كەلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، خانىش ۋە كېنىزەكلەر تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ باش - كۆزىنى تارايلى دەپ قارىسا، چاچلىرى يوق ئىدى. ھەرەمگە قارايدىغان چوڭ - كىچىك ھەرەمئاغلىرىنىڭمۇ چېچى يوق تۇراتتى. ھەممەيلەن تەڭلا تالاغا چىقىپ بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاقتى، ئەمما ئاۋاز چىقىرالمىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۈچ ھەرەمدىكى خانىشلار ئويغىنىپ چاچلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشتى. ئۇلار دەررۇ چىراغنى شاھانە كارىۋاتقا تۇتۇپ قارىسا، ماموق ئورۇن - كۆرپىلەردە بىر راھىب ياتاتتى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز سۆزلەپ تاشلاپ پادىشاھنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى. پادىشاھ ئىتتىك كۆزىنى ئېچىپ خانىشنىڭ تاقىر بېشىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىشىم، نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

— شاھىم، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ قاپتۇلا، — دېدى خانىش.

پادىشاھ بېشىنى سىلاپ بېقىپلا قورقىنىدىن ئەزايى - بەدىنىدە جان قالمىدى پادىشاھ: «مەن نېمانداق بولۇپ قالدىم!» دەپ ئالاقزادە بولۇپ تۇرغاندا، چوڭ - كىچىك خانىشلار، كېنىزەكلەر، چوڭ - كىچىك ھەرەمئاغىلىرى تاقىرباش ھالدا كېلىپ باش قويۇپ:

— شاھىم، بىز راھىب بولۇپ قالدۇق! — دېدى.

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى:

— بۇ راھىبلارنى جىق ئۆلتۈرگۈزگىنىمنىڭ جازاسى ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ، — بىز ھازىرچە چېچىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئاغزىمىزدىن چىقارمايلى. بەلكىم قەلەمدار - ئەلەمدار بەگ -

سىپاھلار دۆلەتتە يامان ئىشلارنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ھەممىمىز ئوردىغا بارايلى.

ئەلقىسسە، بەش مەھكىمە، ئالتە بارگاھ ۋە ھەرقايسى يامۇلدىكى چوڭ - كىچىك بەگلەر تاڭ يورۇماستىنلا ئوردىغا بېرىپ شاھقا سالام بېرەتتى. بۈگۈن تەڭ كېچىدە چېچىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى بايان قىلىپ نامە يوللىدى، يەنى ئۈچ قېتىم قامچا ئاۋازى چىققاندا پادىشاھ جامالىنى كۆرۈشكە بارىدىغانلار بۈگۈن چېچى يوقلۇقىنى ۋەج - سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. قۇربېشىنىڭ ئىشكاپىدىكى «ھارام مال»نى قانداق قىلغانلىقىنى، تاڭ سېڭ قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ ھاياتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## سەكسەن بەشىنچى باب

### *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جۇ باجيېنى ئەخمەق قىلغانلىقى يالماۋۇزنىڭ پەنت بىلەن تاڭ سېڭنى تۇتقانلىقى*

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئەتىگەندە قوبۇلخانىغا چىققاندا، قەلەمدار - ئەلەمدار، ۋەزىر - ۋۇزرالار نامىلەرنى تۇتۇپ شاھقا سالام بېرىپ:

— پادىشاھىم، قۇللىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسىلا، — دېيىشتى.

— ھەممە قائىدە - يوسۇن ئادەتتىكىدەكلا بولىدىغۇ، قانداق ئەدەپسىزلىك يۈز بەردى؟ — دېدى پادىشاھ.

— پادىشاھئالەم، نېمە بولغانلىقىنى ھېچ بىلمىدۇق، بىر كېچىدىلا ھەممىمىزنىڭ چېچى يوق بولدى.

پادىشاھ چېچى يوقلۇقى مەلۇم قىلىنغان نامىلەرنى قولىغا ئېلىپ تەختتىن چۈشتى - دە، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا:

— دەرۋەقە سەۋەبىنى ئۇقالمىدۇق. ئوردا ۋە ھەرەمدىكى چوڭ - كىچىك جىمى ئەمەلدار ۋە باشقىلارنىڭمۇ بىر كېچىدىلا چېچى يوق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار ياش تۆكۈپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن راھىبلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيلى، — دېيىشتى. پادىشاھ تەختكە ئولتۇردى، كۆپچىلىك جاي - جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. پادىشاھ يەنە:

— بىرەر ئىش بولسا خەۋەر قىلىڭلار، بولمىسا تارقىلىڭلار، — دېدى.

شۇ ئارىلىقتا ئەمەلدار - بەگلەر ئىچىدىن شەھەرنى كۆزەت قىلىشقا چىققان قورۇبېشى بىلەن شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئەمىر -

لەشكەر پەلەمپەي ئالدىغا كېلىپ باش قويۇپ:

— ئەمىرلىرىگە بىنائەن شەھەرنى كۆزەت قىلىشقا چىققان قۇللىرى كېچە ئوغرىلارنىڭ قولىدىن بىر ئىشكاپنى، بىر ئاتنى تارتىۋالدۇق. ئۆز ئالدىمىزغا بىر تەرەپ قىلىشقا پېتىنالماي ئەمىرلىرىنى ئالغىلى كەلدۇق، — دېدى.

— ئىشكاپنى دەرھال كەلتۈرۈڭلار، — دېدى پادىشاھ خۇش بولۇپ.

ئىككىيلەن ئوردىدىن چىقتى، لەشكەرلىرىنى رەتكە سېلىپ ئىشكاپنى كۆتۈرگۈزدى. تاڭ سەنزاڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— شاگىرتلىرىم، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا نېمە دەيمىز؟ — دېدى.

— ئاۋاز چىقارمىسىلا. مەن ھەممە ئىشنى جۆندەپ قويدۇم. ئۇلار ئىشكاپنى ئېچىپلا بىزگە توققۇز تەزىم قىلىدۇ. جۇ باجىيېنىڭ ئاغزىنى يىغساقلا بولدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— ئۆلمىسەكلا بەختىمىز. مەن ئۇلارغا نېمىمۇ دەرمەن! — دېدى جۇ باجيې. شۇ ئارىلىقتا لەشكەرلەر ئۇلارنى كۆتۈرۈپ قوبۇلخانا ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ئىككى بەگ پادىشاھنى ئىشكاپنى ئېچىشقا تەكلىپ قىلدى. پادىشاھ بولسا ئىشكاپنى ئېچىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. ئىشكاپنىڭ ئاغزى ئەمدى ئېچىلىشىغا، جۇ باجيې ئالدىراپ كېتىپ بىر سەكرەپلا پەسكە چۈشكەنىدى، ھەممەيلەن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ گەپ ـ سۆز قىلالمىدى، ئارقىدىن سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى يۆلەپ، شاسېڭ يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ ئىشكاپتىن چىقتى. جۇ باجيې قۇربېشىنىڭ قولىدىكى ئاتنى كۆرۈپلا:

— بۇ ئات مېنىڭ! ئەكەل ئۇنى! — دەپ ۋارقىرىدى. قورقۇپ كەتكەن بەگ مۆدۈرۈپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ تۆتەيلەن پەلەمپەي يېنىدا قاتار تۇردى. پادىشاھ تۆت راھىبنى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان تەختتىن چۈشتى، ھەرەمدىكى خانىشلارنى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە ھەرەمدىكى جىمى ئادەمنى چاقىرتىپ ئۇلار

بىلەن تەڭلا بۇلارغا تەزىم قىلىپ سورىدى:
— تەقسىر، قەيەردىن كېلىشتىلە؟
— بىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ شاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستاندىكى چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا بۇددانى زىيارەت قىلىش ۋە بۇددا نومىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلارمىز، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— ئۇستاز، يىراقتىن كېلىشىپلا، نېمىشقا ئىشكاپ ئىچىدە ئارام ئېلىشتىلا؟ — دېدى پادىشاھ.
— كەمىنىڭىز ئۆزلىرىنىڭ راھىبلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، دۆلىتىڭلارغا شۇنداقلا كىرىشكە پېتىنالمىدۇق. پۇقراچە كىيىنىپ بىر سارايغا چۈشتۇق. بىزنى تونۇپ قېلىشىڭلاردىن خاۋاتىرلىنىپ ئىشكاپ ئىچىدە ئارام ئالغاندۇق. ئوغرىلار بىزنى ئېلىپ قاچتى، قورىبېشى بولسا بىزنى ئۇلاردىن تارتىۋالدى. مانا مۇشۇ سۇرەتتە ئالدىلىرىغا كەلدۇق. پادىشاھئالەم، بىزنى قويۇۋەتسەڭلار بوپتىكەن! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
پادىشاھ مۇنداق دېدى:
— ئۇستاز، كاتتا دۆلەتنىڭ كامالەتكە يەتكەن راھىبى ئىكەنلا. ئالدىلىرىغا چىقالماي قاپتىمەن. ئىلگىرى راھىب - شەيخلەر ماڭا تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھدە قىلغان، نەچچە يىلدىن بېرى ئۆلتۈرۈپ كەلگەندىم. ئون مىڭنى ئۆلتۈرسەم ئەھدەم ئىشقا ئاشاتتى. كۈتمىگەندە بۈگۈن ئۆزۈم راھىب بولۇپ قالدىم. بۈگۈن جىمى ۋەزىرلىرىم، خانىش - كېنىزەكلىرىم تاقىرباش بولۇپ قالدى. ئۇستازنىڭ ئالىيجانابلىق قىلىپ بىزنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيې قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— مۇرىت بولىدىغان بولساڭلار قانداق سوۋغا تەييارلىدىڭلار؟
— ئەگەر تەلىپىمىزگە ماقۇل بولساڭلار، دۆلىتىمىزدىكى خەزىنىنى سىلەرگە تۇتىمىز، — دېدى پادىشاھ.

— مال ـ دۇنيانىڭ گېپىنى قويۇڭ . بىز راھىبلار تەرىقەتتىن بۆلەككە كۆڭۈل بۆلمەيمىز . يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرۇپ بېرىپ بىزنى شەھەردىن چىقىرىپ قويسىڭىزلا ، شاھلىقىڭىز مۇستەھكەم ، مەڭگۈلۈك ، ئۆمرىڭىز ئۇزاق بولىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ داستىخانچىغا دەرھال زىياپەت تەييارلاشنى بۇيرۇدى . ھەممە ۋەزىرلەر ، بەگلەر تەڭلا تەزىم قىلدى . پادىشاھ يولخېتىنى دەرھال ئالماشتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇستازنى دۆلەتنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى ، سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھئالىم ، «دىندار دۆلەت» دېگەن نام بەك قاملاشاتتى ، ئەمما «دىننى يوقىتىدىغان» دېگەن گەپ بولماي قاپتۇ . مېنىڭچە بولغاندا ، دۆلىتىڭلارنىڭ نامىنى «دىنغا ھۆرمەت قىلىدىغان دۆلەت» ، دېسە تازا ئوبدان بولغۇدەك . شۇندىلا سىز مەڭگۈ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد پاك بولىسىز ، ھېچقانداق خېيىمخەتەر ، ئەنسىزلىك كۆرمەيسىلەر .

پادىشاھ بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى . جىمى ئوردا ئەھلى ئاتلىنىپ تۆتەيلەننى شەھەردىن ئۇزىتىپ چىقتى . ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ جىمىسى ئىنساپقا كېلىپ مۇرىت بولدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ «دىنغا ھۆرمەت قىلىدىغان دۆلەت» پادىشاھى بىلەن خوشلىشىپ ئاتقا مىندى ۋە خۇشاللىق بىلەن :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، بىر ياخشى ئىش قىلىپ زور خىزمەت كۆرسەتتىڭ ، — دېدى .

— ئاغا ، شۇنچە نۇرغۇن ساتىراشنى قەيەردىن تېپىپ بىر كېچىدە شۇنچە جىق ئادەمنىڭ چېچىنى قانداق چۈشۈرتۈپ بولغانسىز ؟ — دېدى شاسېڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ كارامىتىنى قانداق كۆرسەتكەنلىكىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرگەندى ، ئۇستاز ، شاگىرتلارنىڭ تولا كۈلۈپ ئاغزى

يۇمۇلماي قالدى .

ئۇلار شۇنداق خۇشال كېتىۋاتقاندا ، ئۇشتۇمتۇت ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇدى . تاڭ سەنزاڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ :

— شاگىرتلىرىم ، ئالدىمىزدىكى ھەيۋەتلىك تاغقا قاراڭلار ، ئېنچىكىرەك كۆزىتىڭلار ، — دېدى .

— خاتىرجەم بولسىلا ، غەم قىلمىسىلا ! سىلىگە ھېچ ئىش بولمايدۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— بۇ گېپىڭنى قوي . تاغ چوققىسى بەك تىك ئىكەن ، يىراقتىنلا شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ . بۇلۇتلار ھە دەپ سۈرۈلۈۋاتىدۇ . ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىپ ، پۇت - قوللىرىم مۇزلاپ ، بىئارام بولۇۋاتىمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— مۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا ، بۇنداق قورقۇپ تىترەپ ، بىئارام بولۇپ تۇرسىلا ، ئىش قانداق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ؟ يوق گۇمانلاردا بولماي مېنىڭ بىلەن ماڭسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئۇستاز ۋە شاگىرتلار يۈرەكزادە بولۇپ كېتىۋاتقاندا ، گۈركىرەپ بوران ئاۋازى كەلدى . سەنزاڭ قورقۇپ : «بوران چىقتى !» دېدى ۋە تۇمان كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، ئەجەب شامال پەسەيمەستىنلا تۇمان كۆتۈرۈلدىغۇ ؟ — دېدى .

— ھولۇقمىسىلا ، ئاتتىن چۈشۈپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا . ئىنىلىرىم ، سىلەر ئىككىڭلار ئۇستازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار ، مەن بېرىپ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ شاقىقىدە ئاسمانغا چىقتى ، قولىنى قېشى ئۈستىگە قويۇپ ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ تۆۋەنگە قارىدى ، دەرۋەقە تىك قىيا يېنىدا بىر يالماۋۇز ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئوتتۇز - قىرىقچە جىن قاتار تۇرۇپ ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن

تۇمان پۈركەمەكتە ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلدى: «ئۇستازنىڭ گېپى توغرا چىقتى. ئۇ شامالنى تەبىئىي شامال ئەمەس، دېيدى، دېگەندەك، بۇ جىن ـ ئالۋاستىلار بۇ يەردە ھۈنەر ئىشلىتىۋېتىپتۇ. مۇشۇ تاپتا ئەگەر چۇشۇپلا كالتەكلىسەم، ئۇلارنى ئۆلتۈرسەم نامىم بۇلغىنىدۇ.» سۇن ۋۇكۇڭ ئەزەلدىن مەرد ـ مەردانە بولۇپ، يوشۇرۇنچە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئۇقمايتتى. شۇڭا، ئۇ مۇنداق دەپ ئويلىدى: «مەن قايتىپ بېرىپ جۇ باجىينى ئەۋەتەي. ئۇ كېلىپ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشسۇن. ئۇنىڭ ماھارىتى كارغا كېلىپ يالماۋۇزنى يوقىتالىسا، تەلىيىمىز كەلگىنى؛ ئەگەر قولىدىن ئىش كەلمەي تۇتۇلۇپ قالسا، مەن بېرىپ قۇتۇلدۇراي. شۇندىلا راۋۇرۇس نامىم چىقىدۇ.»

ئۇ شۇئان بۇلۇتتىن چۇشۇپ تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا باردى.

— سۇن ۋۇكۇڭ، ئەھۋال قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، مەن دائىم ياخشى ـ ياماننى ئوبدان بىلەتتىم، بۇ نۆۋەت خاتالىشىپتىمەن. مەن تۇمان ئىچىدە ئالۋاستى بولۇشى مۇمكىن، دېسەم، ئۇنداق چىقماي قالدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئىكەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئالدىمىزدا بىر يېزا بار ئىكەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — يېزىدىكىلەر بەك ساخاۋەتلىك ئىكەن. ئۇلار راھىبلارغا ئاتاپ ئاپئاق گۈرۈچلەرنى دۈملەپ، ئاق ئۇندا ھورنانلارنى پىشۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ تۇمان قاسقانلاردىن چىقىۋاتقان ھور ئوخشايدۇ.

جۇ باجىي بۇنى راست ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، سۇن ۋۇكۇڭنى تارتىپ پىچىرلىدى:

— ئاغا، ئۇ تاماقلارنى يەپ كەلدىڭىزمۇ؟

— جىق يېمىدىم. قورۇمىسى تۇزلۇقراق بولۇپ قاپتىكەن، كۆپ يېيەلمىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— تۇفى! مەن ھەرقانچە تۇزلۇق بولسىمۇ راسا يەپ

قورسىقىمنى تويغۇزاتتىم ! بەك ئۇسساپ كەتسەم ، يېنىپ كېلىپ سۇ ئىچەتتىم ، — دېدى جۇ باجىي .

— سەن يەمسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ھـەئە . قورسىقىم ئىچىپ تۇرىدۇ . ئاۋۋال ئازراق يەپ باقاي ، قانداق بولار ؟ — دېدى جۇ باجىي .

— بۇ گېپىڭنى قوي . ئۇستاز تۇرسا ، ئاۋۋال بىرىشقا كىمنىڭ ھەددى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سىز دەپ قويمىسىڭىزلا ، مەن بارمەن .

— مەنغۇ دېمەيمەن ، قېنى بىرىپ باققىن ، بىر كۆرەي .

بۇ ھاڭۋاقتى قورساققا كەلگەندە ئۆزىنى زادىلا تۇتالمايتتى .

ئۇ ئۇستازنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىلتىجا قىلدى :

— ئۇستاز ، ئاغام ئالدىمىزدىكى بىر يېزىدا ئادەم بار ئىكەن ، دەۋاتىدۇ . قاراڭ ، ئاتنىڭ يېمى تۈگىدى . بەختىمىزگە بۈگۈن ھاۋا ئاجايىپ ياخشى . سىلى ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن بىرىپ يۇمران ئوت - چۆپ تېپىپ كېلەي . ئاۋۋال ئاتنى تويغۇزايلى ، ئاندىن ئۇ يەرگە بىرىپ ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلايلى .

— بەللى ! بۈگۈن ئەجەب ئىشچان بولۇپ كېتىپسەنغۇ ؟ تېز بىرىپ ، تېز كەلگىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ .

جـۇ بـاجـىي ئىچىدە كۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلگەندى ، سۇن ۋۇكۇڭ تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېدى :

— ئىـنـىـم ، ئـۇ يەردىكى راھىبلار غىزانى چىرايلىقلارغا بېرىدىكەن ، سەتلەرگە بەرمەيدىكەن .

— بۇ گەپچە ئۆزگىرىپ بارىدىغان ئىش ئىكەن - دە .

— ھەئە . سەن ئۆزگىرىپ ئاندىن بارغىن .

جۇ باجىيمۇ ئوتتۇز ئالتە خىل نەرسىگە ئۆزگىرەلەيتتى . شۇڭا ئۇ تـاغ قاپتىلىغا بارغاندا ئەپسۇن ئوقۇپ بىر دوملاپلا ئاۋاق ، ۋىـجىك راھىبقا ئايلاندى . بىر تاقتاقنى قولىغا ئېلىپ غىڭشىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ماڭدى .

ئەلقىسسە ، يالماۋۇز شامال ۋە تۇمان چىقىرىشنى توختىتىپ ، جىنلارنى يول بويىغا چىقىپ مۇھاسىرە ياساپ يولۇچىلارنى توسۇشقا بۇيرۇدى . شور پېشانە جۇ باجيې كېلىپ بۇ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى . جىنلار ئۇيان تارت ، بۇيان تارت قىلىپ تەڭلا قول سالدى .

— مېنى تارتىۋەرمەڭلار ، مەن بىرىڭلارنىڭكىنى تۇگىتىپ ، يەنە بىرىڭلارنىڭكىگە بېرىپ يەي ، — دېدى جۇ باجيې .

— شەيخ ، نېمە يەيسەن ؟ — دېدى جىنلار .

— سىلەر پەرھىز تائام قىلىپ راھىبلارغا بېرىدىكەنسىلەرغۇ . مەن شۇنى يېگىلى كەلدىم .

— سەن بىزنىڭ مەخسۇس راھىبلارنى يەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەي ، تېخى پەرھىز تائام يەيمەن ، دەپ كەپسەن ـ دە؟ بىز مۇشۇ يەردە تۇرىدىغان پەرىزاتلار ، مەخسۇس راھىبلارنى تۇتۇپ ئاپىرىپ قاسقاندا پىشۇرۇپ يەيمىز . سەن تېخى پەرھىز تائام يەيمەن ، دەپ كەلدىڭمۇ !

جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە ئىچىدە سۇن ۋۇكۇڭنى تىللاپ كەتتى : «ماۋۇ مىراخورنىڭ قۇۋلۇقىنى كۆرۈڭ ! ئۇ مېنى بۇ يېزىدا راھىبلارغا غىزا بېرىدىكەن ، دەپ ئالداپتۇ . بۇ يەردە نەدىمۇ يېزا بولسۇن؟ نەدىمۇ راھىبلارغا غىزا بېرىدىغان ئىش بولسۇن؟ بۇلار پۈتۈنلەي جىنلار ئىكەن ئەمەسمۇ !» جۇ باجيې قورساق كۆپۈكىدە دەررۇ ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ بېلىدىن تىرنىسىنى ئالدى ـ دە ، ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇشقا باشلىدى .

جىنلار دەرھال بېرىپ يالماۋۇزغا خەۋەر يەتكۈزدى .

— بېگىم ، ئىش چاتاق !

— نېمە ئىش چاتاق بولدى ؟ — سورىدى يالماۋۇز .

چىراي ـ شەكلى تۈزۈككىنە بىر راھىب كەلگەنىدى ، مەن ئۇنى تۇتۇپ يەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم . كۈتمىگەندە ئۇ ئۆزگىرىپ بۆلەك سىياققا كىردى ، — دېدى جىن .

— قانداق سىياققا كىردى ؟

— ئادەم سىياقىغا كىرەتتىمۇ ! ئۇزۇن تۇمشۇق ، سالپاڭ

قۇلاق ، دۇمبىسىدە تۈكى بار بىرنېمە بولدى . بىر تىرنىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئۇدۇل كەلگىنىمىزنى ئۇرۇپ سۇر ـ توقاي قىلدى ، قورقۇپ جېنىمىز چىققىلى تاسلا قالدى . شۇڭا ، سىلىگە خەۋەر قىلغىلى كەلدۇق ، — دېدى جىن .

— قورقماڭلار ، مەن بېرىپ كۆرۈپ باقاي ، — دېدى يالماۋۇز . ئۇ تۆمۈر بادرىنى ئېلىپ بېرىپ قارىسا ، راست دېگەندەك جۇ باجىينىڭ بەشىرىسى ئىنتايىن سەت ئىدى . يالماۋۇز ئەتەي يۇرەكلىك قىياپەتتە توۋلىدى :

— قەيەردىن كەلگەن نېمىسەن ؟ ئىسمىڭ نېمە ؟ تېز دېگىن ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن !

— هوي بالام ، چوشقا بوۋاڭنى تونۇمايۋاتامسەن ! بىرى كېلىپ قۇلاق سال ، دەپ بېرەي ، مەن يۇرۇن سۇلتان تەيىنلىگەن ئەرش سەردارى بولىمەن . هازىر تاڭ سېڭنى مۇهاپىزەت قىلىپ غەربكە بۇددا نومىنى ئېلىپ كەلگىلى كېتىۋاتىمەن . دىنىي ئىسمىم جۇ باجيې ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

يالماۋۇز بۇنى ئاڭلاپ گۇركىرىدى :

— هە ، سەن تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتى ئىكەنسەن ـ دە ! مەن ئۇزاقتىن بېرى تاڭ سېڭنىڭ گۆشى بەك مەززىلىك ، دەپ ئاڭلاپ سېنى تۇتاي ، دەپ يۇرەتتىم . بىر ئوبدان ئۆزۈڭ كېلىپ قاپسەن ، سېنى نېمىشقا قويۇۋېتىمەن ؟ قاچما ! بادرامغا قارا .

— مۇناپىق ! سەن ئەسلىي بوياقچى ئىكەنسەن ـ دە ! — دېدى جۇ باجيې .

— مەن قەيەردە بوياقچى بولىمەن ! — دېدى يالماۋۇز .

— بوياقچى بولمىساڭ نېمىشقا بادرا كۆتۈرۈپ يۇرىسەن ! — دېدى جۇ باجيې .

يالماۋۇز گەپ ـ سۆز قىلماستىن هۇجۇمغا ئۆتتى . ئىككىيلەن تىرنا ۋە بادرا بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ كارامىتىنى راسا كۆرسەتتى . ئۇلارنىڭ نەرە تارتىشلىرى تاغۇتاشلارنى لەرزىگە كەلتۈردى ، هەممىنى تىترەتتى . ئىككىلىسى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ، بىر ـ

بىرنگە قىلچە يول قويمىدى . يالماۋۇزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىنلار ئۇلىشىپ كېلىپ جۇ باجيېنى قورشىۋالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنىڭ كەينىدە تۇرۇپ سۇغۇق كۈلدى .

— ئاغا ، سۇغۇق كۈلىسىزغۇ ، نېمە ئىش بولدى ؟ — دېدى شاسېڭ .

— جۇ باجيې راستتىنلا ئەخمەق ئىكەن ! راھىبلارغا تاماق بېرىدىكەن ، دەپ ئالداپ قويسام كېتىپ قالدى . مانا ھازىرغىچە يېنىپ كەلمەيۋاتىدۇ . ناۋادا ئۇ يالماۋۇزنى يېڭىۋالىسا ، ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىسەن ۋە خىزمەت كۆرسەتتىم ، دەپ ماختانغانلىقىنى ئاڭلايسەن ؛ مۇبادا ئالۋاستىنى يېڭەلمەي ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ، مېنى نەس باسقىنى شۇ . ئۇ مېنى مىراخوردىن مىراخورغا سېلىپ تازا تىللايدۇ ! شاسېڭ ، سەن گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇپ تۇرغىن ، مەن بېرىپ باقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ھەمدە تاڭ سېڭغا ئۇقتۇرماستىن گەدىنىدىن بىر تال موينى ئېلىپ پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ئۆزگە ئوپئوخشاش بىر سۇن ۋۇكۇڭ پەيدا بولدى . ئۇنى شاسېڭ بىلەن بىللە تاڭ سېڭغا قارىتىپ قويدى - دە ، ئۆزى ئاسمانغا چىقىپ قارىدى . جۇ باجيې قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ ، تىرنىسىنى ھە دەپ ئىشقا سېلىۋاتاتتى ، ئەمما ھالىدىن كېتىۋاتاتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ تاقەت قىلىپ تۇرالماي بۇلۇتتىن چۈشۈپ قاتتىق توۋلىدى :

— جۇ باجيې ، ھودۇقما ، مانا مەن كەلدىم !

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جۇ باجيېغا جان كىردى . ئۇ بار غەيرىتى بىلەن تېخىمۇ كۈچەپ جەڭ قىلغانىدى ، يالماۋۇز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي : «بۇ شەيخ بايا ھالىدىن كېتىۋاتاتتى ، ھازىر ئەجەب كۈچەپ كېتىۋاتىدۇغۇ !» دېدى ئۆز - ئۆزىگە .

— ھوي بالام ، مېنى ئەمدى بوزەك قىلالمايسەن ! مېنىڭ ئادىمىم كەلدى ! — دېدى جۇ باجيې ۋە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچەپ ئېلىشتى . يالماۋۇز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي جىنلىرىنى ئېلىپ قاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ يالماۋۇزنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ ، بۇلارنىڭ قېشىغا بارماي ، كەينىگە يېنىپ ئەسلىي جايىغا كەلدى ، مويىنى جايىغا سىلىغۋالدى . كۆزى ئوچۇق قارىغۇ تاڭ سېڭ بۇنى پەقەت سەزمىدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، جۇ باجيې زەپەر قۇچۇپ يېنىپ كەلدى . ئۇ ھېرىپ ھالى قالمىغان ، پوتلىسى چۇۋۇلغان ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناغان ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا كېلىپ «ئۇستاز ! » دەپ توۋلىدى .

تاڭ سېڭ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى :

— جۇ باجيې ، سەن ئوت ـ چۆپ ئېلىشقا كەتكەنىدىڭ ، ئەمدى بۇنداق پەرىشان ھالەتتە يېنىپ كەپسەنغۇ ؟ تاغدىكىلەر ئوت ـ چۆپ ئالغىلى قويمىغان ئوخشايدۇ ـ ھە ؟

جۇ باجيې تىرنىسىنى تاشلاپ زەردە بىلەن :

— ئۇستاز ، سورىمايلا قويسىلا ! ئاغام مېنى كولدۇرلىتىپتۇ ! ئۇ ھېلىقى بوران بىلەن تۇماننى ئالۋاستى ئەمەس ئىكەن ، ئالدىمىزدىكى يېزىدا كىشىلەر پەرھىز تائام قىلىپ راھىبلارغا بېرىدىكەن ، دېگەنىدى ، مەن ئىشىنىپ قېلىپ ، ئاۋۋال بېرىپ ئازراق يەۋالاي ، دەپ ئويلاپ ، يالغاندىن ئوت ـ چۆپ ئەكېلەي ، دەپ بارغانىدىم . كىم بىلسۇن ، يالماۋۇز جىنلىرى بىلەن مېنى قورشىۋالدى . ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدىم . مۇبادا ئاغام ھە ـ ھۇ دېيىشمىگەن بولسا ، مەن قۇتۇلۇپ كېلەلمەيتتىم ! — دېدى .

بىر چەتتە تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ دېدى :

— بۇ ھاڭۋاقتى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ ! جۇ باجيې ، ئەگەر سەن ئوغرىلىق قىلغان بولساڭ ، گۇناھنى باشقا ئادەمگە دۆڭگەپ قويغۇدەكسەن . مەن ئۇستازنىڭ يېنىدىن نېرى بولمىغان تۇرسام ،

قانداقمۇ قېشىڭغا بارغان بولاي؟

— ئۇستاز! سىلى بىلمەيدىلا! ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا مايمۇنلىرىنى قويىدۇ! — دېدى جۇ باجيې چىچاڭشىپ.

— سۇن ۋۇكۇڭ، راست يالماۋۇز بارمىكەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

سۇن ۋۇكۇڭ يوشۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، تەزىم بىلەن كۇلۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— جېنىدى يوق بىر جىن بار ئىكەن، بىزگە چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ. جۇ باجيې، سەن يول ئاچقۇچى سەركە بولۇپ ئالدىمىزدا يول ئېچىپ ماڭغىن. يالماۋۇز كەلمىسە تېخى ياخشى، كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغىن. يالماۋۇزنى يوقىتالىساڭ تۆھپە سېنىڭ بولىدۇ.

جۇ باجيې يالماۋۇزنىڭ ھۈنەر - ماھارەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ دېگۇدەك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ:

— بوپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلسەممۇ، ئالدىدا يول باشلاپ ماڭاي، — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ، دەررۇ ئاتنى تەييارلاپ تاڭ سېڭنى مىندۇردى. شاسېڭ يۈك - تاقلارنى ئېلىپ جۇ باجيېنىڭ كەينىدىن يولغا چۈشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، يالماۋۇز يېڭىلگەن جىنلىرىنى ئېلىپ غارىغا يېنىپ كەلدى، ئېگىز تاش قىيادا ئولتۇرۇپ جىمىپلا كەتتى. غاردا يەنە بىرمۇنچە جىنلار قالغانىدى. ئۇلار يېقىن كېلىپ سورىدى:

— بېگىم، ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا خۇشال - خۇرام قايتىپ كېلەتتىلە، بۈگۈن پەرىشان كۆرۈنىدىلىغۇ؟

— بۇرادەرلەر، مەن ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا مەيلى ئادەم ياكى ھايۋانات بولسۇن، نەچچىنى تۇتۇپ كېلىپ ھەرقايسىڭلارنى باقاتتىم. بۈگۈن تەلىيىم ئوڭ كەلمەي رەقىبىمگە ئۇچراپ قالدىم، — دېدى يالماۋۇز.

— قايسى رەقىبلىرىگە؟ — سورىدى جىنلار .
— ئۇ بىر راھىب . شەرقىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئېلىپ كەلگىلى كېتىۋاتقان تاڭ سېڭىنىڭ جۇ باجيې ئىسىملىك شاگىرتى . ئۇنىڭ بىر تىرنىسى بار ئىكەن ، ھەممىمىزنى سۇر - توقاي قىلدى . ھەي ! مەن كىشىلەردىن تاڭ سېڭ ئون ئەۋلادىدىن تارتىپ تەرىقەت بىلەن شۇغۇللانغان ئارخات ، ئۇنىڭ گۆشىنى يېسە ئۆمرى ئۇزاق بولىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . كىم بىلسۇن ، ئۇنىڭ بەكمۇ قابىل شاگىرتلىرى بار ئىكەن !
تازا باش قېتىپ تۇرغاندا ، بىر جىن كېلىپ :
— بېگىم ، غەم قىلمىسىلا ، قورقمىسىلا . كونىلار : «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دەپتىكەن . تاڭ سېڭنى يېمەكچى بولسىلىرى ، مەندە ئۇنى تۇتىدىغان پەنت بار ، — دېدى .
— سېنىڭ قانداق پەنتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى يالماۋۇز .
— مېنىڭ «گۈلجىنەسىنىڭ بەرگىنى پارچىلاش پەنتىم» بار ، — دېدى جىن .
— «گۈلجىنەسىنىڭ بەرگىنى پارچىلاش پەنتى» دېگىنىڭ قانداق گەپ ئۆزى؟ — دېدى يالماۋۇز .
— غاردىكى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ بارىنى يىغىپ ، — دېدى جىن ، — مىڭنىڭ ئىچىدىن يۈزنى ، يۈزنىڭ ئىچىدىن ئوننى ، ئوننىڭ ئىچىدىن ئۈچىنىلا تاللىۋالىمىز . بۇ ئۈچى ئىنتايىن قابىل ، ئۆزگىرەلەيدىغان بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ، ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوپئوخشاش قالقان ، ساۋۇت كىيىپ ، تۆمۈر بادرا تۇتۇپ ئۈچ جايغا مۆكىدۇ . بىرىنچىسى ، جۇ باجيې بىلەن ئېلىشىدۇ ؛ ئىككىنچىسى ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئۇرۇشىدۇ ؛ ئۈچىنچىسى شاسېڭ بىلەن ئېلىشىدۇ . دېمەك ، ئۈچ ئادىمىمىز ئۈچ ئاكا - ئۇكىنى يىراق قىلىدۇ . ئۆزلىرى ئاسماندىن چۈشۈپلا تاڭ سېڭنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىدىلا . بۇ بەئەينى «خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك» ، «بېلىق قاچىسىدىن چۈۋىن ئالغاندەك»لا ئىش ، نەرى قىيىن بولسۇن !

يالماۋۇز بۇنى ئاڭلاپ خۇشلۇقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى .

— كارامەت قالتىس پەنت ئىكەن بۇ ! قالتىس ئىكەن ! بۇ سەپىرىمىزدە تاك سىڭنى تۇتالمىساق مەيلى ، ئەگەر تۇتۇۋالساقلا ، سىنى نائۇمىد قويمايمەن ، ئالدىنقى قىسىم باش چاپاۋۇلى قىلىمەن ، — دېدى يالماۋۇز .

جىن باش قويۇپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ، ئاندىن جىنلارنىڭ بارىنى يىغدى . غاردىكى چوڭ ـ كىچىك جىنلار ئىچىدىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان جىندىن ئۈچى تاللىنىۋېلىندى . ئۇلار يالماۋۇزنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ، بىردىن تۆمۈر بادرىنى تۇتۇپ ، تاك سىڭنى ساقلاپ مۆكۈنۈپ يېتىشتى . بۇگەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، تاك سىڭ غەمسىز ھالدا جۇ باجىينىڭ كەينىدىن يولغا چۈشتى . خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن پالاق ـ پۇلۇق ئاۋاز بىلەن تەڭ ، يول بويىدىن بىر جىن چىقىپ تاك سىڭنى تۇتماق بولۇپ يۈگۈردى .

— جۇ باجيې ! يالماۋۇز كەلدى ! نېمىشقا قاراپ تۇرسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ھاڭۋاقتى راست ـ يالغاننى پەرق ئېتەلمەستىن تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ ئېتىلدى . يالماۋۇزمۇ تۆمۈر بادرىسىنى ئىشقا سالدى . ئىككىيلەن تاغ باغرىدا راسا ئېلىشىۋاتقاندا ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن بىر ئاۋاز چىقىپ بىر يالماۋۇز پەيدا بولدى ـ دە ، تاك سىڭغا ئېتىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ :

— ئۇستاز ! يامان بولدى ! جۇ باجيې يالماۋۇزنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ ، ئۇ سىلىنى تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ . مەن بېرىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەي ، — دېدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋارقىرىدى ، — قەيەرگە قاچىسەن كالتەككە قارا !

يالماۋۇز گەپ ـ سۆز قىلماستىن ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئىككىيلەن چۆپلۈكتە قاتتىق ئېلىشتى . شۇ ئارىلىقتا تاغنىڭ كەينىدىن كەلگەن

شامال ئاۋازى بىلەن تەك بىر يالماۋۇز پەيدا بولۇپ، ئۇدۇل تاك سىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن شاسىك:

— ئۇستاز، چوك ئاغام بىلەن ئوتتۇرانچى ئاغام يالماۋۇزنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ سىلىنى تۇتقىلى كەلدى! سىلى ئاتتىن چۈشمەي تۇرسىلا، مەن بىرىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بىرەي، — دىدى ـ دە، ھىچنىمىگە قارىماي يالماۋۇزنىڭ ئالدىنى تۇسۇپ قانلىق جەك قىلدى. چۇقان ـ سۈرەن، قىر ـ چاپ ئاۋازى بارا ـ بارا يىراقلاشتى، قىرى يالماۋۇز ئاسمانغا چىقىپ قاراپ تاك سىڭنىڭ يالغۇز ئولتۇرغىنىنى كۆردى ـ دە، بەش چىشلىق پولات ئىلمەك بىلەن تاك سىڭنى ئىلىپلا كۆتۈرگەنىدى، تاك سىڭنىڭ ئۆزى ئاتتىن، پۇتى ئۇزەڭگىدىن ئاجراپ كەتتى. يالماۋۇز ئۇنى شامال بىلەن ئۇچۇرۇپ ئىلىپ ماڭدى.

يالماۋۇز پەسكە چۈشۈپ تاك سىڭنى غارغا ئىلىپ كىرىپ توۋلىدى:

— باش چاپاۋۇل!

پەنت تاپقان جىن يۈگۈرۈپ كىلىپ باش قويۇپ:

— قۇللۇق! قۇللۇق! — دىدى.

— نىمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ — دىدى يالماۋۇز، — يىگىت سۆزىدىن قايتماس، دەپتىكەن. مەن ساڭا تاك سىڭنى تۇتالمىساق مەيلى، تۇتالىساق سىنى ئالدىنقى قىسمىنىڭ باش چاپاۋۇلى قىلىمەن دىگەنىدىم. بۈگۈن پەنتىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ساڭا ئىشەنمىسەم بولاتتىمۇ! تاك سىڭنى ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇر، ئاندىن جىنلارغا قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇپ، ئوت يىقىپ تاك سىڭنى پىشۇرۇشنى تاپشۇرغىن. ئۇنىڭ گۆشىنى ئىككىمىز يەيلى، ئۆمرىمىز ئۇزارسۇن.

— بىگىم، ئۇنى يىگىلى بولمايدۇ، — دىدى باش چاپاۋۇل.

— ئۇنى تۇتقاندىن كىيىن نىمىدەپ يىمەيمىز؟

— بىگىم، ئۇنى يىسىلىرىڭغۇ ھىچ گەپ بولمايدۇ. چۈنكى جۇ باجىيىمۇ، شاسىڭمۇ ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدۇ، سۈن ۋۇكۇڭلا

ناھايىتى زەھەرخەندە نېمە . ئەگەر ئۇ بىزنىڭ تاڭ سېغىنى يېگىنىمىزنى بىلىپ قالسا ، ئالتۇن توقىسى بىلەن تاغنى تالقان قىلىپ ، غارىمىزنىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ ! بىز ماكانسىز قالىمىز .

— باش چاپاۋۇل ، قانداق ياخشى چارەڭ بار ؟

— مېنىڭچە بولغاندا ، تاڭ سېغىنى ئارقا ھويلىدىكى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئۇچ كۈن تاماق بەرمەيلى . بىرىنچىدىن ، ئۇنىڭ ئىچى تازىلىنىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇچەيلەن ئىزدەپ كېلەمدۇ ، يوق ، قاراپ باقايلى . ئۇلارنىڭ كەتكىنىنى ئۇققاندىن كېيىن ، ئۇنى پىشۇرۇپ بەھۇزۇر يېسەك ئوبدان بولمامدۇ ؟

— شۇنداق ! شۇنداق ! گېپىڭ ئورۇنلۇق !

بىر بۇيرۇق بىلەن تاڭ سېڭ ئارقا ھويلىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەرەخكە باغلاندى . جىنلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سارايغا چىقىپ بۇيرۇق كۈتتى . تاڭ سېڭ باغلاقتا تولغىنىپ ، قار ـ يامغۇردەك يىغلاپ نالە قىلدى : «ئاھ ، شاگىرتلىرىم ! بەتنىيەت يالماۋۇز مېنى تۇتۇۋالدى . مەن بۇ يەردە ئازاب چېكىۋاتىمەن . سىلەر بىلەن قاچانمۇ دىدار كۆرۈشەرمەن ؟ ئاغرىق دەستىدىن ئۆلىدىغان بولدۇم .»

تاڭ سەنزاڭ شۇنداق يىغلاپ ـ قاقشاپ تۇرۇپ تۇرسۇن . گەپنى بۇ ياقتىن باشلايلى . سۇن ۋۇكۇڭ چۆپلۈك تۆپىدە جىنلارنى چېكىندۇرۇپ ئالدىراپ ـ تېنەپ كەيىنگە يېنىپ كېلىپ قارىسا ، ئۇستاز ئاقتىمۇ ، كۆكتىمۇ يوق ، ئات بىلەن يۈك ـ تاقلارلا جايىدا تۇراتتى . ئۇ خاۋاتىرلىنىپ يۈك ـ تاقنى كۆتۈرۈپ ، ئاتنى يېتىلەپ ئۇستازنى ئىزدەپ ماڭدى . بۇ بەئەينى بالا كەلسە قوش كەپتۇ ، قورققانغا قوش كۆرۈنەر ، دېگەندەك بىر ئىش بولدى . ئۇستازنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# سەكسەن ئالتىنچى باب

## جۇ باجىيىنىڭ يالماۋۇزنى يىڭىشتە كۈچ چىقارغانلىقى
## سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سىيھىر بىلەن يالماۋۇزنى يوقاتقانلىقى

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ ئاتنى يېتىلەپ، يۈك ـ تاقنى كۆتۈرۈپ «ئۇستاز!» دەپ توۋلىغىنىچە تاغنى نەچچە ئايلىنىپ چىقتى. بىر چاغدا جۇ باجيې ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ:

— ئاغا، نېمە توۋلاپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇستاز يوق تۇرىدۇ. سەن كۆردىڭمۇ؟

— ئۇستازغا شاسېڭ ئىككىڭلار قاراپ قالغان تۇرساڭلار مەندىن سورايسىزغۇ؟ — دېدى جۇ باجيې.

— ئىنىم، گۇناھ سەندە ئەمەس. شۇغىنىسى، ئالۋاستىنى قاچۇرۇپ قويغانىكەنسەن، ئۇ كېلىپ ئۇستازنى تۇتماقچى بولدى. مەن شاسېڭغا ئۇستازغا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ قويۇپ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشقىلى كەتكەنىدىم. كەلسەم ئۇستازمۇ، شاسېڭمۇ يوق، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— شاسېڭ ئۇستازنى ئېلىپ ھاجەتكە كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ.

شۇ ئارىلىقتا شاسېڭ يېتىپ كەلدى. سۈن ۋۇكۇڭ:

— شاسېڭ، ئۇستاز قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككىڭلار يالماۋۇزنى قاچۇرۇپ قويۇپتىكەنسىلەر، ئۇ كېلىپ ئۇستازنى تۇتماقچى بولدى، مەن يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ كەتتىم، ئۇستاز ئات ئۈستىدە قالغان، — دېدى شاسېڭ.

سۈن ۋۇكۇڭنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى:

— قىلتاقىقا چوشوپتۇق ! ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چوشوپتۇق !
— قانداق قىلتاقىقا چوشوپتۇق ؟ — دېدى شاسىڭ .
— ئۇلار «گۈلجىنەسنىڭ بەرگىنى پارچىلاش پەنتى» بىلەن بىزنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىپ ئۇستازنى ئەپقېچىپتۇ . ئاھ خۇدا ! ۋاي تــوۋا ! ئــاھ دەردىم ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە قار - يامغۇر يىغلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى .
— يــىــغــلــىماڭ ، يىغلاش لامزەللىنىڭ ئىشى ! ئۇ يىراققا كەتمىدى ، مۇشۇ تاغدا بار . بىز ئۇبدان ئىزدەپ باقايلى ، — دېدى جۇ باجيې .
ئۇچەيلەن باشقا چارە تاپالماي تاغ ئىچىنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئــالاھەل يىگىرمە چاقىرىم يول يۈرگەندە قىيا توۋىدە بىر غار كــۆرۈنــدى . بۇنى كۆرۈپلا سۇن ۋۇكۇڭ ئىككى سەكرەپ يېقىن بېرىپ قارىدى ، تاش ئىشىك مەھكەم يېپىقلىق تۇراتتى ، ئىشىك ئــۈســتىدە بىر تاش توغرىسىغا ياتقۇزۇلغان ، ئۇنىڭغا «تۇمانلىق تاغنىڭ زەنجىرسىمان غارى» دەپ يېزىلغانىدى .
— جــۇ بــاجــيــې ، قــېــنى كېلىڭلار ! مانا بۇ يالماۋۇزنىڭ تۇرالغۇسى ئىكەن ، ئۇستاز چوقۇم مۇشۇ يەردە ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
جۇ باجيې غەزەپ بىلەن تىرنىسىدا تاشنى كۈچەپ قومۇرۇپ يوغان كامار ئېچىپ ۋارقىرىدى :
— هــوي يــالــماۋۇز ! چاپسان ئۇستازىمنى چىقىرىپ بەر . بــولــمــىــســا ئــىــشــىكىڭنى قومۇرۇپ ، ئۆي - ماكانىڭنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن !
ئىشىك ساقلاۋاتقان جىنلار يۈگۈرۈپ بېرىپ خەۋەر قىلدى :
— بېگىم ، بالا - قازا كەلدى !
— نېمە بالا - قازا ؟
— بىرى ئىشىكنى بۇزۇپ ، ئۇستازنى چىقىرىپ بەر ، دەپ توۋلاۋاتىدۇ ! — دېدى جىنلار .
— كىم كەلگەندۇ ئەمدى ؟ — دېدى يالماۋۇز چۆچۈپ كېتىپ .

— قورقمىسلا ! مەن چىقىپ قاراپ باقاي ، — دېدى باش چاپاۋۇل .

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تاشنىڭ كامىرىدىن ماراپ ، ئۆزۈن تۇمشۇق بىلەن سالپاڭ قۇلاقلارنى كۆرۈپ :

— بېگىم ، قورقمىسلا ! كەلگىنى جۇ باجىيې ئىكەن ، ئۇنىڭ ھېچقانچە كارامىتى يوق ، ھەممىدىن يامىنى يۇڭلۇق ، چاقماق ھەزرەتىنىڭكىدەك تۇمشۇقى بار راھىب ، — دېدى .

بۇ گەپنى تاشقىرىدا تۇرغان جۇ باجىيې ئاڭلاپ قېلىپ :

— ئاغا ، ئۇلار مەندىن قورقماي ، سىزدىنلا قورقىدىكەن . ئۇستاز چوقۇم مۇشۇ يەردە ، سىز بېرى كېلىڭ ، — دېدى . شۇئان سۈن ۋۇكۇڭ تىل سالدى :

— هوي مۇناپىق ! سۈن بوۋاڭ مانا مۇشۇ يەردە ! ئۇستازنى چىقىرىپ بەرسەڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن !

— بېگىم ، ئىش چاتاق ، سۈن ۋۇكۇڭ كەپتۇ ، — دېدى باش چاپاۋۇل .

يالماۋۇز ئۇنىڭغا كايىپ كەتتى :

— ھەممە بالا سېنىڭ ئاشۇ «گۈلجىنەسنىڭ بەرگىنى پارچىلاش پەنتىڭ» دىن كەلدى ! ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

— بېگىم ، خاتىرجەم بولۇڭ ، ماڭا كايىماڭ . سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كارامىتى قالتىس بولغىنى بىلەن ، ماختاپ قويسا بەك ئۇچىدۇ . بىز يالغان باشتىن بىرنى كۆرسىتىپ ئۇنى ئالدايلى ، ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن ماختاپ ئۇچۇرايلى ۋە ئۇنىڭغا ئۇستازىڭنى يەۋەتتۇق ، دەيلى . ئەگەر بۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ قالسا تېخى ياخشى ، ئۇستاز بىزگە قالىدۇ ؛ ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنمىسە ، ئۇ چاغدا باشقىچە ئىش تۇتارمىز ، — دېدى باش چاپاۋۇل .

— يالغان باشنى قەيەردىن تاپىمىز ؟

— مەن سىزگە كۆرسىتەي .

بۇ جىنمۇ يامان . ئۇ ئۆتمەس پالتا بىلەن سۆگەتنىڭ كۆتىكىدىن بىر باش ياسىدى ، ئۇنىڭغا ئادەم قېنى پۈركۈپ

ئـانـچه ـ مۇنچه ئادەم سىياقىغا كىرگۈزدى . ئاندىن بىر جىننى سىرلانغان پەتنۇس تۇتۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشقا بۇيرۇپ ، ئۆزى :

— ئـەۋلىيا ئەزەم ، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە ، — دەپ ۋارقىرىدى .

دەرۋەقە ، سۇن ۋۇكۇڭ ماختاشقا خۇشتار ئىدى . ئۇ «ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ جۇ باجىينى توختاتتى :

— توختاپ تۇرغىن ، ئۇ نېمە دەيدۇ ، ئاڭلاپ باقايلى .

پەتنۇس تۇتقان جىن مۇنداق دېدى :

— ئۇستازىڭىزنى بېگىم غارغا ئەكىرىشكە ، غاردىكى جىنلار ئەسكىلىك قىلىپ ئۇيان تارتىپ ، بۇيان چىشلەپ ، بىرى تاتىلاپ ، بىرى غاجىلاپ يەپ قويدى ، پەقەت بېشىلا قېپقالدى .

— يېگەن بولساڭلار بوپتۇ . بېشىنى چىقىرىڭلار ، راستمۇ ـ يالغانمۇ ، كۆرۈپ باقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جىنلار باشنى چۆرۈپ بەردى . ئۇنى كۆرۈپلا جۇ باجيې يىغلاپ كەتتى :

— ۋاي رەھمەتلىك ! بىر ئوبدان كىرىپ كەتكەن ئۇستاز بۇ هالدا چىقىپتۇ !

— هوي هاڭۋاقتى ، بۇ باش يالغان ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— يالغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— راسـت بـاش تاشلىسا ئاۋاز چىقارمايدۇ ، يالغان باشنى تـاشـلـىسا تاراڭلاپ ئاۋاز چىقىدۇ . ئىشەنمىسەڭلار تاشلاپ ئاۋاز چىقىرىپ بېرەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، ئاندىن باشنى ئېلىپ تاشقا بىر ئۇرغانىدى ، تاراڭلاپ ئاۋاز چىقتى .

— ئاغا ، راست تاراڭلاۋاتىدۇ ، — دېدى شاسېڭ .

— دېمەك ، ئۇ يالغان باش . ئەمدى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەي ، قاراپ تۇرۇڭلار ، — سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىسىنى ئېلىپ باشنى بىر قويۇپ پارچىلىۋەتتى . جۇ باجيې قارىسا ، ئۇ سۆگەتنىڭ كۆتىكى ئىكەن . بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن جۇ باجيې تىللاپ كەتتى :

— هۇ تـوڭـرىـلـىقلار ! ئۇستازنى غارغا تىقىپ قويۇپ ،

سۆگەتنىڭ كۆتىكى بىلەن بوۋاڭنى كولدۇرلاتماقچىمۇ ! ئۇستازىمنى سۆگەت ئالۋاستىسىغا ئايلاندۇرىمەن دەپ خىيال ئەيلەشمە !

پەتنۇس تۇتقان جىن ئالاقزادە بولۇپ پالاقلاپ كېلىپ لاغىلداپ تىترەپ :

— تەس ، تەس ، تەس بولدى ! — دېدى .

— نېمانچە جىق تەس بۇ ! — دېدى يالماۋۇز .

— جـۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئىشەنگەنىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ دېگـەنـى ياغدا پىشقان مونەك باش ئىكەن ، بۇ باشنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى . ئەمدى ئۇنىڭغا راست باشنى كۆرسەتسەك ، بەلكىم ئۇ كېتىشى مۇمكىن ، — دېدى جىن .

— راست باشنى قانداق تاپىمىز ؟ بىز يەپ بولالمىغان ئادەم باشلىرىدىن بىرنى ئەكېلىڭلار بولمىسا ، — دېدى يالماۋۇز .

جىـنـلار بـاشنىڭ ئەڭ يېڭىسىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدى . تېرىسىنى پاكىز غاجىلىشىپ ، ئايپاڭ قىلىپ پەتنۇسقا سالدى ـ دە ، بېرىپ ۋارقىرىدى :

— سۇن ھەزرەت ، بايىقىسى راستىنلا يالغان باش ئىدى . مانا بـۇ تـاڭ سـېڭـنىڭ بېشى ، بۇنى بىگىمىز ئېلىپ قويۇپتىكەن ، ئالايتەن ئېلىپ چىقتۇق .

ئۇلار قان تەپچىپ تۇرغان باشنى چۆرۈپ بەردى .

سـۇن ۋۇكـۇڭ بـۇنـىڭ ئادەم بېشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى . جۇ باجيې بىلەن شاسېڭمۇ ئۇن سېلىپ يىغلىدى .

— ئـاغـا ، يىغلىماڭ . ھازىر ھاۋا ئىسسىق ، ۋاقىت ئۆتسە سېسىپ كەتمىسۇن يەنە . ئاۋۋال كۆمۈۋېتىپ ، ئاندىن يىغلايلى ، — دېدى جۇ باجيې يىشىنى سۈرتۈپ .

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې پاسكىنا دېمەستىن باشنى قۇچاقلاپ دالدىراق بىر جايىنى تاپتى ـ دە ، تىرنىسىدا ئورەك كولاپ باشنى كۆمدى ، يەنە توپا يۆلەپ قەبرە قىلدى . ئاندىن شاسېڭغا :

— سلەر يىغلاپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ قەبرىگە قادايدىغان بىرنەرسە تېپىپ كېلەي ، — دېدى . ئۇ جىراغا بېرىپ بىرنەچچە تال سۆگەت شېخى ، نەچچە تال تاش تېپىپ كېلىپ ، سۆگەت شېخىنى قەبرىنىڭ ئىككى يېنىغا سانجىپ قويدى ، تاشنى قەبرە ئالدىغا قويدى .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— شاخلار قارىغاي ، تېرەك ئورنىدا ئۇستازنىڭ قەبرىسىگە سايە چۈشۈرىدۇ ، بۇ تاش ئۇستازنىڭ قەبرىسىنى باقىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— يارىماس ! ئادەم ئۆلگەن تۇرسا ، تاش ئۇنى باقامدۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كايىپ .

— ئادەمگەرچىلىكىمىز ۋە دىنىمىزغا سادىق ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسى بۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— بىلجىرلىما ! شاسېڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ، بىرىنچىدىن ، ئات ، يۈك - تاقلارنى ساقلىسۇن ؛ ئىككىنچىدىن ، قەبرىگە قارىسۇن . ئىككىمىز بېرىپ غارنى ۋەيران قىلىپ ، يالماۋۇزنى تۇتۇپ قىيما - چىيما قىلىپ ، ئۇستازنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شاسېڭ يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئاغام ئوبدان گەپ قىلدى . ئىككىڭلار بېرىڭلار ، مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي ، — دېدى .

جۇ باجيې تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن يولغا چىقتى . ئىككىيلەن بېرىپ تاش ئىشىكنى ۋەيران قىلدى ، ئاندىن پەلەككە يەتكەن ئاۋاز بىلەن توۋلىدى :

— تىرىك تاڭ سېڭنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار !

غاردىكى چوڭ - كىچىك جىنلار بىر يەرگە يىغىلىپ ، ئەرۋاھى ئۇچقان هالدا باش چاپاۋۇلدىن ئاغرىنىشقا باشلىدى . يالماۋۇز باش چاپاۋۇلدىن سورىدى :

— بۇ شەيخلەر كىرسە قانداق قىلىمىز ؟

— كونلار : «تاز بولساڭ گەدەنگچە بول» دەپتىكەن ، بۇ ئىشنى باشلىمىساق بىر گەپ ئىدى ، باشلىغاندىكىن ئاخىرغا چىقىرايلى . ھەممە سەردار ، لەشكەرلەر راھىبلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلانسۇن ، — دېدى باش چاپاۋۇل .

يالماۋۇز ئامالسىز بۇيرۇق بەردى :

— لەشكەرلەر ، ھەممىڭلار يەكدىل بولۇپ ، قورال - يارىغىڭلارنى ئېلىپ مەن بىلەن جەڭگە ئاتلىنىڭلار .

دېگەندەك ، جىمى جىن - ئالۋاستىلار چۇقان - سۈرەن بىلەن غاردىن چىقتى . يالماۋۇز تۆمۈر بادرىسىنى تۇتۇپ غەزەپ بىلەن :

— پەسەندە راھىبلار ، مېنى تونۇشامسەن ؟ مەن جەنۇبىي تاغنىڭ سۇلتانى ، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان بۇ يەردە يايراپ يۈرىمەن . تاڭ سېڭنى يەپ بولدۇم ، قېنى مېنى نېمە قىلالايسەن ؟

— ۋاي يۈزسىز مۇناپىق ! جەنۇبىي تاغنىڭ سۇلتانىمەن دەيدىغانغا قانداق ئاغزىڭ بېرىۋاتىدۇ ! قاچما ! بوۋاڭنىڭ كالتىكىنى تېتىپ كۆر ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يالماۋۇزنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى ھەم ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى . شۇنداقتىمۇ چىشىنى چىشلەپ سەكرەپ كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى بادرا بىلەن سالدى . سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكى بىلەن كۈچىمەستىنلا ئۇنى توسۇدى ، ئىككىسى ئېلىشىپ كەتتى . جۇ باجيې ئۆزىنى باسالماستىن چاپاۋۇلغا ھۇجۇم قىلدى . چاپاۋۇل ۋە جىنلار تەڭلا قىر - چاپقا چۈشتى . تاغ ئىچىدىكى تۈزلەڭلىكتە جەڭ قىزىپ كەتتى ، توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ جىمى جاھاننى قاپلىدى . ئۇ ياقتا جىنلار چۇقان - سۈرەن بىلەن نەيزە ، قىلىچ ئوينىتاتتى ، بۇ ياقتا راھىبلار تىرنا ۋە تۆمۈر كالتەكلەر بىلەن قىر - چاپ قىلاتتى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق قانلىق جەڭ قىلىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ جىنلارنىڭ چېكىنمەستىن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى پارچىلاش ئۇسۇلىنى ئىشقا سالدى ، يەنى بىر تۇتام

مويىنى يۇلۇپ يۇۋلەپ : «ئۆزگەر !» دېگەندى ، ئۆزىگە ئوپئوخشاش سۇن ۋۇكۇڭلار پەيدا بولۇپ ، بىردىن تۆمۈر كالتەكنى تۇتۇپ تۇپئىچىگە كىرىپلا كەتتى . يۈز - ئىككى يۈز جىن ئالدى - كەينى ، ئوڭ - سولدىن بولۇۋاتقان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي جىنىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ غارغا قېچىپ كىرىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې سەپنىڭ ئىچىدىن تېشىغا قاراپ ھۇجۇم قىلدى . بىچارە جىنلار ئۆزلىرىنى جايلىيالماي تىرنا يەپ ئاغزى - بۇرنى قان بولدى ، كالتەكتىن ئۆزىنى قاچۇرالماي تەنلىرى تىتما - تالاڭ بولدى ! جەنۇبىي تاغ سۇلتانى بولغان يالماۋۇزنىڭمۇ قورقىنىدىن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ ، بوران چىقىرىپ ، تۇمان پەيدا قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى . چاپاۋۇل ئۆزگىرەلمەي قېلىپ ، سۇن ۋۇكۇڭدىن كالتەك يەپ يىقىلىپ ئەسلى قىياپىتىگە قايتتى . ئۇ دۈمبىسى كۆك چىلبۆرە ئىدى . جۇ باجيې يېقىن كېلىپ ئۇنى پۇتىدا ئۆرۈپ :

— بۇ بىرنېمە قانچىلىغان چوشقا كۈچۈكلىرى بىلەن قوزىچاقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغاندۇ - ھە ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىر سىلكىنىپ مويلىرىنى تېنىگە قايتۇرۇۋېلىپ :

— جۇ باجيې ! بوشلۇق قىلما ! دەرھال يالماۋۇزنى قوغلاپ ئۇستازنىڭ ئەتىنى ئالايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې بۇرۇلۇپ قارىسا مايمۇنچاقلار كۆرۈنمىدى . شۇڭا ئۇ :

— ئاغا ، مايمۇنچاقلىرىڭىز قوغلاپ كېتىپتۇ ، — دېدى .

— ئۇلارنى يىغىۋالدىم ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— قالتىس ! قالتىس جۇمۇ ! — دېدى جۇ باجيې ، ئىككىيلەن زەپەر قۇچۇپ ياندى .

ئەلقىسسە ، يالماۋۇز غارغا قېچىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن جىنلارنى تاش ، توپا ئەكېلىپ ئالدى ئىشىكنى ئېتىۋېتىشكە

بۇيرۇدى . جىنى ئامان قالغان جىنلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئىشكنى ئەتتى ۋە باش چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيې بىلەن كېلىپ توۋلاپ باققانىدى ، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى . جۇ باجيې تىرنا بىلەن تاشنى قومۇرماقچى بولۇپ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، مىدىر - سىدىر قىلالمىدى .

— ئىنىم ، كۇچۇڭنى زايە قىلما . بۇلار ئىشكنى ئېتىۋېتىپتۇ .

— ئېتىۋەتكەن بولسا ئۇستازنىڭ ئەتىنى قانداق ئالىمىز ؟

— قەبرە يېنىغا قايتىپ شاسېڭ بىلەن كۆرۈشەيلى .

ئىككىيلەن كەلگەن يېرىگە بارسا ، شاسېڭ تېخىچە يىغلاۋاتاتتى . بۇنى كۆرۈپ جۇ باجيېنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى . ئۇ تىرنىنى تاشلىۋېتىپ ئۆزىنى قەبرىگە ئېتىپ ، توپىلارنى تاتىلاپ نالە قىلىپ يىغلىدى :

— ۋاي شور پېشانە ئۇستاز ! مۇساپىر ئۇستاز ! ئەمدى سىلىنى نەدىمۇ كۆرەرمەن !

— ئىنىم ، قايغۇرما ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — جىنلار ئالدى ئىشكنى ئېتىۋېتىپتۇ ، چوقۇم ئارقا ئىشكتىن كىرىپ چىقىدۇ . ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ يەنە بىر ئىزدەپ باقاي .

— ئاغا ، بەك پەخەس بولۇڭ ! — دېدى جۇ باجيې يىغلاپ تۇرۇپ ، — سىزمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز ، بىز يىغلاپ تۈگىشىپ كېتىمىز .

— چاتاق يوق ! ئامالىم بار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى جايىغا قويىدى ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى . ئۇ يوغان - يوغان چامداپ تاغ باغرىدىن ئۆتكەندە ، بىردىن سۇنىڭ شارقىرىشىنى ئاڭلىدى . بۇرۇلۇپ قارىسا ، بۇ جىرا سۈيى بولۇپ ، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە ئېقىۋاتاتتى . جىرانىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئىشىك ، ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدە سۇ چىقىدىغان قاراڭغۇ خەندەك تۇراتتى . «گەپ يوق ! ئارقا ئىشىكى مۇشۇ . مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن كىرسەم جىنلار تونۇۋېلىشى مۇمكىن .

ياخشىسى سۇ يىلىنى بولۇپ كىرەي... توختا ! سۇ يىلىنى بولۇپ كىرسەم ئۇستازىنىڭ ئەرۋاھى بىلىپ قالسا ، مېنى راھىب تورۇپ يىلانغا ئۆزگىرىپتۇ ، دەپ خاپا بولۇپ قالمىسۇن... قىسقۇچپاقا بولۇپ كىرەي... بۇمۇ بولمىغۇدەك . ئۇستاز مېنى راھىب تورۇپ جىق پۇتلۇق بولۇۋاپتۇ ، دەپ قالمىسۇن . » ئۇ ئاخىر سۇ چاشقىنى بولۇپ «پولدۇڭ» قىلىپ سۇغا چۈشتى ، سۇ چىقىۋاتقان خەندەك بىلەن ئىچىدىكى قۇدۇققا كىردى . بېشىنى چىقىرىپ قارىسا ، يورۇق جايدا بىرقانچە جىن ئادەم گۆشلىرىنى پارچىلاپ ئاپتاپقا قاق سېلىۋاتاتتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزىگە : «ۋاي خۇدايىم ! بۇ ئۇستازىنىڭ گۆشى بولسا كېرەك . ئۇلار يەپ بولالماي قۇرۇتۇپ ئېلىۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ . مەن ئۆز ئەسلىمگە كېلىپ ئۇلارنى بىر كالتەك بىلەنلا ئۆلتۈرۈۋەتسەمغۇ باتۇرلۇقۇم نامايان بولىدۇ ، بىراق ئۆزگىرىپ كىرىپ ئالۋاستىنى ئىزدەپ باقاي ، نېمە قىلىۋاتىدىكىن» دېدى . ئۇ خەندەكتىن چىقىپ بىر دوملاپلا قاناتلىق چۈمۈلىگە ئايلىنىپ ئىچكىرىگە ئۇچۇپ كىردى . قارىسا ، يالماۋۇز پەرىشان ھالدا ئولتۇراتتى . بىر ئالۋاستى كەينى تەرەپتىن چېپىپ كېلىپ خەۋەر قىلدى :

— بېگىم ، قۇتلۇق بولسۇن !

— نېمىگە قۇتلۇق بولسۇن دەيسەن ، — سورىدى يالماۋۇز .

— بايا ئارقا ئىشىكتىكى جىرادىن بېشىمنى چىقىرىپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم . ئۆمىلەپ تاغ چوققىسىغا چىقىپ قارىسام ، جۇ باجيې ، شاسېڭ ، سۈن ۋۇكۇڭ ئۈچىسى قەبرە بېشىدا ئۇن سېلىپ يىغلاۋېتىپتۇ . ئۇلار ھېلىقى ئادەمنىڭ بېشىنى تاڭ سېڭنىڭ بېشى ، دەپ ئويلاپ كۆمۈپ ، ئۇنىڭ قەبرە بېشىدا يىغلاۋاتقان ئوخشايدۇ ، — دېدى جىن .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى : «بۇ گەپچە ئۇستازىم تاڭ سېڭ مۇشۇ يەردە ئىكەن ـ دە . تېخى يېمەپتۇ بۇلار . مەن ئۇنى تېپىپ ئۆلۈك ـ تىرىكىنى ئۇقاي ۋە گەپلىشەي . »

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ يۈرۈپ ئەتراپنى ئىزدىدى . يان تەرەپتە

بىر ئىشىك بولۇپ ، چىڭ يېپىقلىق تۇراتتى ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كىرىپ قارىسا ، بۇنىڭ ئىچى يوغان باغ ، يىغا ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىناتتى . ئۇ ئىچكىرىرەك كىرىپ قارىدى ، تاڭ سېڭ يوغان بىر دەرەخكە باغلاقلىق تۇراتتى . ئۇنى كۆرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ، ئۆزىنى باسالماستىن ئۆز ئەسلىگە يېنىپ «ئۇستاز !» دەپ توۋلىدى . تاڭ سېڭ ئۇنى تونۇپ يىغلاپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، كەلدىڭمۇ ؟ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن ! — دېدى .

— ئۇستاز ، غەم قىلمىسىلا ، يەنە بىرئاز چىداپ تۇرسىلا . مەن يالماۋۇزنى يوقىتىپ كېلىپ ، ئاندىن سىلىنى قۇتۇلدۇراي .

سۇن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ يەنە چۈمۈلىگە ئۆزگىرىپ قايتىدىن سارايغا كىرىپ خا ئۇستىگە چىقتى . جېنى ئامان قالغان جىنلار بىر يەرگە يىغىلىپ ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ، تاڭ سېڭنى قانداق يېيىش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى . خا ئۈستىدە تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى . «ئۇنى يەيدىغاننىڭ كويىغا چۈشكىنىنى تېخى ، ئۇستاز سەنلەرگە نېمە يامانلىق قىلغان شۇنچە !» ئۇ مويلىرىنى يۇلۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇخلىتىدىغان قۇرتقا ئايلاندۇردى - دە ، ئۇلارنى جىنلارنىڭ يۈزىگە چاچتى . ئۇلار بىر - بىرلەپ جىنلارنىڭ بۇرنىغا كىردى . ئۇزاققا قالماي ھەممىسى مەلەخ - سەلەخ ئۇخلاپ كەتتى . يالماۋۇز قاتتىق ئۇخلىيالماي ، ھېلى چۈش كۆرۈپ ، ھېلى بۇرنىنى مىجىيتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ : «ئايلا ، ئۇ بىلىپ قالدىمۇ نېمە ؟ ئۇخلىتىدىغان قۇرتتىن يەنە ئىككىنى قوشاي !» دېدى - دە ، موينى يۇلۇپ ، ئاۋۋالقىدەك قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىپ بۇرنىغا كىرگۈزۈۋەتتى . ئىككى قۇرتنىڭ بىرى بۇرنىنىڭ سول تۆشۈكىدىن ، يەنە بىرى ئوڭ تۆشۈكىدىن كىرگەندى ، يالماۋۇز ئەسنەپ ، كېرىلىپ - سوزۇلۇپ خورەكنى دۈك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ پەسكە چۈشتى ، ئۆز ئەسلىگە قايتىپ قۇلىقىنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن توقىنى ئالدى ، سىلكىپ -

سلكىپ تۇخۇمدەك توملۇقتا قىلىپ بىر ئۇرۇپلا ياندىكى ئىشكنى چىقىپ ئاچتى ـ دە ، ئارقا ھويلىغا چىقىپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ «ئۇستاز !» دەپ توۋلىدى .

— شاگىرتىم ، تېز بولغىن ، مېنى يېشىۋەتكىن ، بەك قىينىلىپ كەتتىم ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، ئالدىرىماي تۇرسىلا ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېلىپ سىلىنى يېشەي ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ سارايغا كىردى . كالتەكنى شۇنداق كۆتۈرۈپ يەنە توختىۋالدى : «چاتاق ئىش قىپتىمەن ! ئاۋۋال ئۇستازنى يېشىۋېتىپ ، ئاندىن بۇ نېمىلەرنى يوقىتاي .» ئۇ يەنە ھويلىغا چىقىپ ئارغامچىنى يېشىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇردى ، يۆلەپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە ، ئۇدۇلدىكى دەرەخكە باغلانغان بىر ئادەم توۋلىدى :

— غوجام ، رەھىم قىلىپ مېنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا !

— سۇن ۋۇكۇڭ ، ئۇ ئادەمنىمۇ يېشىۋەتكىن ، — دېدى ئۇستاز توختاپ .

— ئۇ كىم ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇ ئوتۇنچى ئىكەن ، مەندىن بىر كۈن ئاۋۋال تۇتۇپ كەپتىكەن . قېرى ئانام بار ، دەيدۇ . ئۇنىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

بۇ گەپ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ ئادەمنىمۇ يېشىۋەتتى . ئۇلار ئارقا ئىشىكتىن قىياغا چىقىپ جىرادىن ئۆتتى .

— سادىق شاگىرتىم ، بەختىمگە سەن بولۇپ قاپسەن ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ ! جۇ ۋۇنېڭ ، شا ۋۇجىڭلار قەيەردە ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇلار سىلىگە يىغلاۋاتىدۇ ، ئۇلارنى ئۆزلىرى چاقىرسىلا جۇمۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— جۇ باجىي ! جۇ باجىي ! — دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى تاڭ سەنزاڭ .

تولا يغلاپ بىشى قاپاق بولۇپ كەتكەن جۇ باجيې يېشىنى ۋە پوتلىسنى سۇرتۇۋېتىپ :

— شاسېڭ ، ئۇستازنىڭ ئەرۋاھى قايتىپ كەپتۇ ! بىزنى توۋلاۋاتامدۇ نېمە ؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن بېرىپ ۋارقىرىدى :

— يارىماس دۆت ! ئۇستاز ئۆزى كەلدى !

شاسېڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قاراپ ئالمان ـ تالمان يېقىن كېلىپ تىزلاندى :

— ئۇستاز ، جىق جاپا چەكتىڭلا ! ئاغام سىلىنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى ؟

سۇن ۋۇكۇڭ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .

جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلدى ، ئۆزىنى باسالماستىن تىرنا بىلەن قەبرىنى چۇۋۇپ ھېلىقى باشنى ئېلىپ ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى . تاڭ سېڭ سورىدى :

— ئۇنى نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن ؟

— ئۇستاز ، بۇنىڭ قانداق ئادەمنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ ؟ مەن بىكاردىن ئۇنىڭغا يىغلاپ كېتىپتىمەن !

— بەختىمگە بۇ باش مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . سىلەر كېلىپ مېنى تەلەپ قىلغاندا بەلكىم مۇشۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كۆرۈسەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇنداق بولمىغاندا مېنى ئۆلتۈرەتتى . شۇڭا ئۆزىمىز ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇنى كۆمۈپ قويايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

جۇ باجيې ئۇستازىنىڭ گېپى بىلەن مىجىقى چىقىپ كەتكەن باشنى قايتىدىن كۆمۈپ قەبرە قىلىپ قويدى .

— ئۇستاز ، بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا . مەن ئالۋاستى ئۇۋىسىنى يوق قىلىۋېتىپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كولۇپ . ئاندىن بىر سەكرەپ قىيادىن چۈشۈپ غارغا كىردى ، تاڭ سېڭ بىلەن ئوتۇنچى باغلانغان ئارغامچىنى ئېلىپ سارايغا كىردى . يالماۋۇز ئۇخلاۋاتاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ

ئالتۇن توقسىغا ئىلدى ـ دە ، مۇرىسىگە ئارتىپ ئارقا ئىشىكتىن چىقتى . جۇ باجىي ئۇنى كۆرۈپ يىراقتىنلا توۋلىدى :

— ئاغا ، نېمە قىلىپ يۈرىسىز ! بۇنداق ئىشلارنى باشقا چاغدا قىلسىڭىز بولماسمىدى ؟

سۇن ۋۇكۇڭ گەپ قىلماي يېقىن كېلىپ يالماۋۇزنى يەرگە تاشلىغانىدى ، جۇ باجىي دەررۇ تىرىنسىنى كۆتۈردى .

— توختا ! غاردا يەنە بىرمۇنچە جىن ـ ئالۋاستىلار بار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئاغا ، ئۇنداق بولسا مېنىمۇ ئەكىرىڭ ، بىللە يوقىتايلى ، — دېدى جۇ باجىي .

— يوقىتىمىز دېسەك ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ئوتۇن تېپىپ كېلىپ ئوت قويۇۋەتسەك ، ئۇلارنىڭ نەسلى ـ ۋەسلى ، ئۇۋىسى قۇرۇيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . ئوتۇنچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇ باجىينى تاغ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ قۇرۇپ قالغان بامبۇك ، قارىغاي ، ئىچى كاۋاك سۆگەت ، سۇنغان چىڭگىلىك ، سارغىيىپ قالغان شىۋاق ، قومۇش ، قۇرۇپ قالغان ئۈجمە شاخلىرىنى كېسىپ كېلىپ ئارقا ئىشىكتىن كىرگۈزدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئوت ياقتى ، جۇ باجىي ئىككى قولىقىدا يەلپۈدى . سۇن ۋۇكۇڭ سەكرەپ ، سىلكىنىپ ئۇخلاتقۇچى قۇرت قىلغان مويلىرىنى يىغىۋالدى . جىنلار ئويغانغاندا ئوت ، ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قالغانىدى . ۋاي بىچارىلەر ! ئامان قالىمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار . ئۇلار غار ۋە جىن ـ ئالۋاستىلار كۆيۈپ تۈگىگۈچە تۇرۇپ ، ئاندىن ئۇستاز يېنىغا قايتتى . بۇ چاغدا يالماۋۇز ئويغاندى ، ئۇستاز توۋلىدى :

— شاگىرتلار ، يالماۋۇز ئويغاندى .

جۇ باجىي يۈگۈرۈپ بېرىپ تىرىنسىدا ئالۋاستىنى ئۆلتۈرگەندى ، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارلاندى . بۇ ئەسلى چار يىلپىزدىن ئۆزگەرگەن جىن ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭ :

— چار يىلپىز يولۋاس يەيدۇ . ئۇ تېخى ئادەمگە

ئۆزگەرگەنىكەن . ئۆلۈپ تۈگىگىنى ئوبدان بولدى ، — دېدى .
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپ ئاتقا مىنمەكچى بولدى . ئوتۇنچى :
— غوجام ، غەربىي جەنۇبقا ئازراقلا ماڭساق ئۆيۈمگە بارىمىز . مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ قېرى ئانام بىلەن دىدارلاشساڭلار . ھەرقايسىڭلارنىڭ ھىممىتىگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويسام ، — دېدى .
تاڭ سېڭ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ، ئاتقا مىنمەستىن ئوتۇنچى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن بىللە ماڭدى . غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارغا بىر تاياقچا تايىنىپ ، ئوغلۇم دېسە ئوغلۇم دەپ يىغلاپ نالە قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەزلۇم ئۇچرىدى . ئوتۇنچى بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، تاڭ سېڭلارنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تىزلىنىپ :
— ئانا ! مانا مەن كەلدىم ! — دېدى .
موماي ئۇنى قۇچاقلاپ مۇنداق دېدى :
— ئوغلۇم ، بۇ نەچچە كۈندىن بېرى كەلمىگىنىڭگە قاراپ ، تاغدىكى ئالۋاستىلار ئەكېتىپ جېنىڭغا زامىن بولغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ يۈرىكىم پارە - پارە بولدى . سالپاق ئىكەنسەن ، نېمىشقا مۇنچە يوقاپ كەتتىڭ ؟ ئارغامچا ، ئەپكەش ، پالتىلىرىڭ قېنى ؟
— ئانا ، — دېدى ئوتۇنچى باش قويۇپ تۇرۇپ ، — مېنى تاغدىكى ئالۋاستىلار تۇتۇۋېلىپ دەرەخكە باغلاپ قويدى ، قۇتۇلمىقىم تەس ئىدى . بەختىمگە بۇ غوجاملار قۇتۇلدۇرۇۋالدى . بۇ غوجام شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتىدىن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان ئارخات ئىكەن . ئۇنىمۇ تۇتۇپ دەرەخكە باغلىدى . غوجامنىڭ قالتىس كارامەتلىك ئۈچ شاگىرتى بار ئىكەن . شۇلار ئالۋاستىنى ئۆلتۈردى . ئۇ چار يىلپىزدىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستى ئىكەن . قالغان جىنلارنى ئوت قويۇپ ، جەسىتىنىمۇ قويماي كۆيدۈرۈپ ، بۇ غوجامنى ۋە مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە رەھمەت ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ ! بۇلار بولمىغان

بولسا، مەن گەپ يوق ئۆلۈپ كېتەتتىم. ئەمدى تاغ تىنچىدى، كېچىسى ماڭساممۇ ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ دىڭگوسلاپ مېڭىپ كېلىپ تۆتەيلەنگە تەزىم قىلدى، ئۆيگە باشلاپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەشەككۇر ئېيتتى، پۇت ـ قولىغا تەگمەي پالاقشىپ چاي راسلىدى ۋە غىزاغا تۇتۇش قىلدى. جۇ باجيې:

— ئوتۇنچى ئاكا، ئۆيىڭىزنىڭ باياشات ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. بەك كايىپ كەتمەي، بىزگە بار نەرسىڭىزنىلا قويۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

— ھەرقايسىلىرىدىن يوشۇرمايمەن، — دېدى ئوتۇنچى، — تاغ ئىچىدە ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن باي ئەمەسمىز. خۇش پۇراق گۈمبە، بېھى، چۈەنشۇ، دالىياۋ قاتارلىق نەرسىلىرىمىز يوق، ئانچە ـ مۇنچە ياۋا كۆكتاتلىرىمىز بار، شۇنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ يېيىشەرلا.

— بولدى، گەپنى ئاز قىلىپ چاققانراق بولۇڭ، قورساقلىرىمىز ئېچىپ كەتتى، — دېدى جۇ باجيې.

— مانا ھازىر! ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى ئوتۇنچى.

دەرۋەقە بىردەمدىلا شىرەلەر قويۇلۇپ، سۇرتۇلۇپ قورۇما، تائاملار تىزىلدى. خىلمۇخىل قورۇمىلار مانا مۇنداق ئىدى:

*يۇمران سېرىق چېچەك، ئاچچىق ـ چۈچۈك بەيگۈدىن تالقىنى، سېمىز ئوت، چۇپۇرشاڭ بىلەن قورۇلغان ياۋا غاز گۆشى، قالىغاچ شورپىسى، چۈرۈك ئۇندۇرمىلەر، يۇمشاق پىشۇرۇلغان كۆك بوغۇم، ئىت پاقالچىقى، مۇشۇك قۇلىقى قاتارلىقلارنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى تولۇق تەڭشەلگەن. قۇلۇلە تالقىنى، گورۇچ تالقىنى، ئاجايىپ لەززەتلىك ئىدى. مايدا قوۋۇرلغان نياۋيىڭخۇا، لىڭكى ناھايىتى تەملىك، مەززىلىك ئىدى. ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان يۇگىن، جياۋئېر*

*قورۇملىرى ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتاتتى. سۇپا ئەتراپىدا پەمدۇر بىدىشلىرى بولۇپ، قۇشقاچلار ئايلىنىپ پەرۋاز قىلاتتى، ئىتسىمان مايمۇنلارنىڭ ئىزى كۆزگە چۈشەتتى. قورۇما تائاملار ئىشتىھانى قوزغايتتى، ئەمەن ھىندى ئەتراپىنى قاپلىغان، پەرۋانىلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەنىدى.*

ئوتۇنچى چىن كۆڭلىدىن مېھمان قىلىۋاتاتتى.

ئۇلار قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئوتۇنچى تۇتۇپ قېلىشقا پېتىنالماي ئانىسىنى چاقىرىپ چىقتى، ئىككىيلەن ناھايىتى كۆپ تەشەككۈر ئېيتتى. ئوتۇنچى جىگدە تايىقىغا قىزىل كۆڭلەكنى چىگىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقتى. شاسېڭ ئاتنى يېتىلەپ، جۇ باجيې يۈك - تاقنى كۆتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە ماڭدى. تاڭ سەنزاڭ ئات ئۈستىدە قول پۇلاڭلىتىپ:

— ئوتۇنچى ئاكا، مالال كۆرمىسىڭىز بىزنى چوڭ يولغا چىقىرىپ قويسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن جىرانى ئايلىنىپ ماڭدى.

— ئوتۇنچى ئاكا! كەمىنىڭىزنىڭ غەربكە يولغا چىققىنىغا خېلى يىللار بولدى، ھىندىستانغا قاچانلاردا يېتىپ بارارمىز كىنتاڭ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— غوجام، غەم قىلمىسىلا، مۇشۇ يول بىلەن بىرمىڭ توققۇز چاقىرىمچە ماڭسىلا ھىندىستانغا، پاراغەت ماكانىغا بېرىشىدىلا، — دېدى ئوتۇنچى.

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ سەكرەپ ئاتتىن چۈشۈپ مۇنداق دېدى:

— جىق مالاللىق كەلتۈرۈپ قويدۇق. بىز چوڭ يولغا چىقىۋالدۇق، ئەمدى قايتىپ كېتىڭ. ۋالىدەڭىزگە تەشەككۈرىمىزنى يەتكۈزۈڭ، ئۇ ياق بىزنى بەكمۇ ئوبدان مېھمان

قىلدى ، ئۇنىڭ لايىقىدا بىز ھېچنېمە قىلالمىدۇق . ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئىبادىتىمىزدە ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيمىز .

ئوتتۇنچى ئۇلاردىن تەسلىكتە ئايرىلىپ كەلگەن يولىغا قايتتى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار غەرب تامان يول ئالدى . ئۇلارنىڭ مۇشۇ مېڭىشىدا قانچە كۈنلەر يول يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىپ بارغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## سەكسەن يەتتىنچى باب

### تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قىڭشىيەن ئايمىقىدا قۇرغاقچىلىق بولغانلىقى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بۇ ئايماقتىكىلەرنى ساۋابلىققا ئۈندىگەنلىكى

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار ئوتتۇنچى بىلەن خوشلىشىپ تۇمانلىق تاغدىن چوڭ يولغا چىقىپ ماڭدى. بىرقانچە ۋاقىت يول يۈرگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر شەھەرگە كېلىپ قالدى.

— سۇن ۋۇكۇڭ، ئالدىمىزدىكى شەھەرنى كۆردىڭمۇ، ھىندىستان شۇمىدۇ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

— ياق، ئەمەس! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — تاتھاگاتونىڭ جايى جەننەت دەپ ئاتالغىنى بىلەن، شەھەر ئەمەس، يوغان بىر تاغ. تاغ ئىچىدە قەۋەتلىك قەسىر بار، ئۇنى خىسلەتدار تاغدىكى چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسى دەيدۇ. ھىندىستانغا بارساقلا تېخى تاتھاگاتونىڭ قېشىغا بارغان بولمايمىز. ھىندىستاندىن خىسلەتدار تاغقا خېلى ماڭىمىز. بۇ شەھەر ھىندىستاننىڭ قوشنىلىرىنىڭ شەھىرى بولۇشى مۇمكىن، يېقىن بارساق ئېنىق ئۇقىمىز.

ئۇلار ئۇزاققا قالماي شەھەرگە يېتىپ كەلدى. تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئۈچ قەۋەت دەرۋازىدىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى. ئادەملەرنىڭ كىيىم - كېچەك، رەڭگىرويى ئوسال، بازارلار چۆل ئىدى. تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قارىسا، كۆك كىيىملىك نۇرغۇن ئادەم ئىككى تەرەپكە قاتار تىزىلغان، ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن بىرقانچە ئادەم ئۆينىڭ لەمپىسى ئاستىدا تۇراتتى. ئۇلار كىشلەر توپى ئىچىدە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ مېڭىۋەردى. جۇ

باجىينىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇمشۇقى بىلەن كىشلەرنى تۇرتۇپ :
— پوش ! پوش ! — دېدى .
كىشلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپلا قورقىنىدىن پۇت - قولىدىن جان قاچتى . ئۇلار مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ قېچىپ : «ئالۋاستى كەلدى ! ئالۋاستى كەلدى !» دېدى . لەمپە ئاستىدىكى ساۋۇت - دۇبۇلغىلىقلارمۇ قورقۇپ غال - غال تىترەپ سورىدى :
— قەيەردىن كەلگەن ئادەمسىلەر ؟
تاڭ سەنزاڭ بۇلار ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن يەنە دەپ ، ئىتتىك ئالدىغا ئۆتۈپ مۇنداق دېدى :
— كەمىنە راھىبلار شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستاندىكى چوڭ گۈھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرىدىغان بۇددا ئاتىمىزنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلارمىز . مۇبارەك ھۇزۇرۇڭلارغا كەلگەندە ، بىرىنچىدىن ، بۇ جاينىڭ نامىنى بىلمەي ؛ ئىككىنچىدىن ، قونالغۇ جاي تاپالماي شەھىرىڭلارغا پاناھلىق ئىزدەپ كىردۇق . ئەپۇ قىلىشىڭلارنى سورايمىز .
ھېلىقى بەگ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى :
— بىز ھىندىستاننىڭ قوشنىسى . بۇ جاينىڭ نامى فېڭشيەن ئايمىقى بولىدۇ . بىرقانچە يىلدىن بۇيان بىزدە قۇرغاقچىلىق بولغىنى ئۈچۈن ، بىز بۇ يەردە ئېلان چىقىرىپ ، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان ئەۋلىيانىڭ كېلىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ ئاۋامنى قۇتۇلدۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز .
سۇن ۋۇكوڭ بۇنى ئاڭلاپ سورىدى :
— سىلەرنىڭ ئېلانىڭلار قەيەردە ؟
— ئېلان مانا ماۋۇ يەردە . بۇ لەمپە ئاستىنى تېخى ئەمدى سۈپۈرۈپ تازىلىدۇق ، تېخى ئېلاننى چاپلاشقا ئۈلگۈرمىدۇق ، — دېدى بەگلەر .

— قېنى مەن بىر كۆرەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
بەگلەر ئېلاننى ئېچىپ لەمپىگە ئاستى. سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلار كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلغانىكەن:

*بۈيۈك ھىندىستان دۆلىتى فېڭشيەن ئايمىقىنىڭ بېگى جۇنخۇ شاڭگۇەن دانىشمەن ـ ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ شۇل توغرۇلۇق ئېلان چىقىرىمەنكى، ئايمىقىمىزنىڭ يېرى كەڭ، مۇنبەت، لەشكەر ۋە ئاۋام دۆلەتمەن ئىدى. لېكىن، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تەۋەيىمىزدە قەھەتچىلىك بولۇپ، ئاۋامنىڭ ئېتىزلىرى قاغجىراپ، لەشكەرلەر تېرىيدىغان يەرلەر ھوسۇل بەرمەيدىغان بولۇپ كەتتى. دەريا، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر قۇرۇپ كەتتى، قۇدۇق، بۇلاقلارنىڭ سۈيىمۇ تارتىلدى. بايلار ئاران كۈن كۆرەلەيدىغان، كەمبەغەللەر جان باقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىر كورە ئاشلىق يۈز سەر ئالتۇنغا چىقتى. ئون نەچچە ياشلىق قىزلار ئاران ئۈچ كورە ئاشلىققا تېگىشىلىدىغان بولدى. بەش ياشلىق ئوغۇل باللار خالىغان باھادا ئېلىپ كېتىلدى. شەھەردىكىلەر مال ـ مۈلۈكىنى گۆرۈگە قويۇش بىلەن جان باقسا، يېزىدىكىلەر بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم يېيىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئېلاننى چىقاردىم، ھەر يەر ـ ھەر يەردىكى دانىشمەن، ئۆلىمالارنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇپ خەلقنى قۇتۇلدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىمەن، شەيئىتىڭلارغا مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. قىلغان ۋەدەمدىن ھەرگىز يانمايمەن.*

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ بولۇپ بەگلەردىن:
— جۇنخۇ شاڭگۇەن دېگەن نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى.
— شاڭگۇەن دېگەن ئۇنىڭ فامىلىسى، جۇنخۇ دېگەن ئايماق بېگى دېگەنلىك بولىدۇ، — دېدى بەگلەر.

— بۇنداق جەمەت نامى ئاز ئۇچرايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— ئاغا ، سىز كىتاب ئوقۇمىغاچ بىلمەيسىز . فامىلىلەر دەستۇرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «شاڭگۇەن ئوۋياڭ» دېگەن گەپ بار ، — دېدى جۇ باجيې .

— شاگىرتلىرىم ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭلار ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — قايسىڭلارنىڭ قولىدىن يامغۇر تىلەش كەلسە ، خەيرلىك يامغۇر تىلەپ ئاۋامنى غەمدىن خالاس قىلايلى ، بۇ ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش بولىدۇ . ئەگەر بۇ ئىش قولۇڭلاردىن كەلمىسە ، يولىمىزغا ماڭايلى ، بۇ يەردە ۋاقىت ئۆتمىسۇن .

— يامغۇر ياغدۇرۇش قانچىلىك تەس ئىش ئىدى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — پېقىر دەريا - دېڭىزلارنى ئوڭدا - دۈمدە قىلىۋېتىمەن ، يۇلتۇزلارنى چاپتۇرىمەن ، قۇدۇقلارنى بىر تېپىپ جايىدىن قوزغىۋېتىمەن ، تۇمان پۈركۈپ بۇلۇت پەيدا قىلالايمەن ، تاغنى كۆتۈرۈپ ئاينى قوغلايمەن ، بوران - يامغۇر چاقىرالايمەن . بۇ مەن كىچىك چېغىمدا ئويناپ قىلغان ئىشلار ! قانچىلىك ئاجايىپ - غارايىپ ئىش بولماقچى بۇ !

بەگلەردىن ئىككىسى بۇنى ئاڭلاپ ئايماق بېگىنىڭ يېنىغا چاپتى :

— بېگىم ، قۇتلۇق بولسۇن !

غەم - قايغۇدا شاڭ كۆيدۈرۈپ تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغان ئايماق بېگى «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ سورىدى :

— نېمە قۇتلۇق بولسۇن ؟

ھېلىقى بەگ مۇنداق دېدى :

— بۈگۈن ئېلانى ئاچقىلى تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا ئاسقاندۇق . شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستاندىكى چوڭ گۈھەرنىشىن تېغىدا تۇرىدىغان بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى ماڭغانلارمىز ، دەپ تۆت راھىب پەيدا بولدى . ئۇلار ئېلاننى كۆرۈپلا يامغۇر ياغدۇرالايمىز ،

دېدى . بۇنى ئاڭلاپلا ئۆزلىرىگە يەتكۈزگىلى كەلدىم .

ئايىماق بېگى كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇلارنى ئەدەپ ـ قائىدە بويىچە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن تۆت كوچا ئاغزىغا باردى ، تاڭ سېڭنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بەتبەشىرە شاگىرتلىرىدىن قورقىدى ، كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى :

— كەمىنە فېڭشىيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى شاڭگۇەن بولىمەن . ھەرقايسىلىرىدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ خەلقىمنى قۇتقۇلدۇرۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن ، ھەرقايسىلىرى ھىممەت ياغدۇرۇپ ، تەڭرىلەرنى ئىشقا سېلىپ بىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ قويۇشقايلا !

تاڭ سەنزاڭ ئەدەپ بىلەن تەزىم ياندۇرۇپ :

— بۇ پاراڭلىشىدىغان جاي ئەمەس ، ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئاندىن سۆزلىشەيلى ، — دېدى .

— تەقسىر مەھكىمەمگە مەرھەمەت قىلىشقايلا ، ئۇ يەر پاكىز ، ئازادە ، — دېدى ئايماق بېگى .

شاگىرت ۋە ئۇستاز ئاتنى يېتىلەپ ، يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ مەھكىمىگە كېلىپ قايتىدىن ئالاھىدە كۆرۈشتى . ئايماق بېگى چاي ۋە پەرھىز تائام بۇيرۇدى . تاماقتىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ كۇتۇۋالغىنى ئۈچۈن ئايماق بېگىگە رەھمەت ئېيتىپ بولۇپ سورىدى :

— بېگىم ، بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق بولغىلى قانچە زامان بولدى ؟

— مانا ئۈچ يىلدىن بېرى بىر تېمىم يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتىدۇ . ئوت ـ چۆپ ئۇنمىدى ، زىرائەت قۇرۇپ كەتتى . پۇقرالىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى بۆلىكى ئۆلۈپ تۈگىدى ، قالغانلىرىمۇ كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ . ئەگەر ھەرقايسىلىرى يامغۇر ياغدۇرۇپ پۇقرالىرىمنى قۇتقۇلدۇرۇشسىلا ، خەزىنەمدىكى جىمى ئالتۇننى تۇتاتتىم ، — دېدى ئايماق بېگى .

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كەتتى :

— بۇنداق دېمەڭ ! بۇنداق دېمەڭ ! ئالتۇن بېرىمىز دەيدىكەنسىلەر ، بىر تامچىمۇ يامغۇر كۆرەلمەيسىلەر . تۆھپە - ئەجىرىمىزنى دېسەڭلار ، ئۇ چاغدا پېقىر سىلەرگە راسا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىمەن .

ئايماق بېگى ئەسلىي ئىنتايىن ئىنساپلىق ، ئادىل ، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ ، پۇقرالىرىنى جاندىن ئەزىز بىلەتتى . شۇڭا ، سۇن ۋۇكۇڭنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ باش قويۇپ تەزىم قىلدى :

— تەقسىر ، شاپائەت قىلسىلا ، پېقىر ئەجىر - تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىمەسكە ھەددىم ئەمەس .

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، مالال كۆرمەي ئۇستازىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ . مەن ئىش باشلاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئاغا ، ئىشنى قانداق باشلايسىز ؟ — دېدى شاسېڭ .

— ئىككىڭلار بۇ ياققا كېلىڭلار ، بۇ سارايدا ماڭا قانات بولۇپ بېرىڭلار ، مەن ئەجدىھا چاقىرىپ يامغۇر ياغدۇراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ماقۇل بولدى . ئۈچەيلەن سارايغا كەلدى . ئايماق بېگى كوچە كۆيدۇرۇپ ئىبادەت قىلدى ، تاڭ سەنزاڭ قىرائەت قىلدى .

سەن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ ھۇرگەندى ، شەرقىي ئۇپۇقتا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئاستا - ئاستا ساراي تەرەپكە كەلدى . ئۇ شەرقىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھ ئاۋگۇاڭ ئىدى . ئۇ بۇلۇتنى توختاتتى ، ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، مېنى چاقىرتىپسىز ، بېجىرىدىغان نېمە ئىش بار ؟ — دېدى .

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن ، ئىش بولمىسا سىزنى يىراقتىن چاقىرىپ ئاۋارە قىلمايتتىم . بۇ يەر فېڭشيەن ئايمىقى ئىكەن . ئۈچ يىلدىن بېرى قۇرغاقچىلىق بولۇۋېتىپتۇ . سىز نېمىشقا يامغۇر ياغدۇرمىدىڭىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— تەقسىر ، سىزگە مەلۇم بولسۇنكى ، يامغۇر ياغدۇرۇش قولۇمدىن كەلگىنى بىلەن ، بىرىنچىدىن ، يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىنى ئالمىدىم ؛ ئىككىنچىدىن ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئىلاھلارنى ئالماي كەلدىم . ئۇ ھالدا قانداق يامغۇر ياغدۇرالايمەن ؟ ناۋادا سىزنىڭ بۇلارغا شاپائەت قىلىش نىيىتىڭىز بولسا ، رۇخسەت قىلسىڭىز ، مەن بىر-بىر دېڭىزدىكى لەشكەرلىرىمنى يىغاي ، ئاڭغىچە سىز ئەرشكە چىقىپ يۇرۇن سۇلتاننىڭ يامغۇر ياغدۇرۇش پەرمانىنى ئېلىپ كەلسىڭىز ، شۇندىلا مەن سىزگە خالىغانچە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەلەيمەن .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نائىلاج ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپ سارايدىن چىقتى - دە ، تاڭ سېڭغا بولغان گەپ - سۆزلەرنى دەپ بەردى .

— ئۇنداق بولسا بارغىن . ھەرگىز شور تۇمشۇقلۇق قىلما ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجىي ، شاسېڭلارغا :

— ئۇستازنى ئوبدان قوغداڭلار ، ئەمىسە مەن كەتتىم ! — دېدى - دە ، كۆزدىن غايىب بولدى . ئايماق بېگى يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا :

— سۇن غوجام قەيەرگە كەتتى ؟ — دېدى .

— بۇلۇتقا مىنىپ ئەرشكە چىقىپ كەتتى ، — دېدى جۇ باجىي . ئايماق بېگى زور ئېھتىرام بىلدۈردى . بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىغا تارالدى ، ھەممە ئادەم ئەجدىھا شاھىنىڭ روھىغا كۆجە كۆيدۈرۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدى ، ئاسمانغا قاراپ تەزىم قىلدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇت بىلەن ئاسمانغا چىقىپ ئوتتۇرا ئەرشنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا باردى .

ئەرشنى قوغدىغۇچى گۇ پەلەك شاھ ئەرش لەشكەرلىرى ۋە

پالۋانلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى :
— ئەۋلىيا ئەزەم ، بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئىش تامام بولدىمۇ ؟
— ھەرھالدا ئاز قالدى . ھازىر ھىندىستاننىڭ چېگرىسىغا بېرىپ قالدۇق . ئۇلارنىڭ فېڭشيەن ئايمىقى دەيدىغان بىر قوشنىسى بار ئىكەن . ئۇ يەردە ئۈچ يىلدىن بۇيان يامغۇر ياغماي خەلق تولىمۇ ئازابلىنىۋېتىپتۇ . پېقىر شۇلار ئۈچۈن يامغۇر تىلەش ئۈيى بىلەن ئەجدىھا شاھنى چاقىرتسام ، ئۇ يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرى بولمىسا ئۆز ئالدىمغا يامغۇر ياغدۇرالمايمەن ، دېدى . شۇڭا ئالاھىدە يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىنى ئالاي ، دەپ كېلىشىم .
— يۇرۇن سۇلتان ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇشقا ئۇنىماسلىقى مۇمكىن . ئۆتكەندە ئاڭلىسام ، ئۇ ئايماقنىڭ بېگى يۇرۇن سۇلتاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قاپتۇ . سۇلتانىمىز ئۇنى جازالاش مەقسىتىدە گۇرۇچ تاغ ، ئادەم يۇزلۇك ئۇن تاغ ۋە يوغان بىر ئالتۇن قۇلۇپ پەيدا قىلدى . شۇ ئىككى تاغ ۋە ئالتۇن قۇلۇپ ئىشى بىر ياقلىق بولسا ، ئاندىن سۇلتانىمىز ئۇ ئايماققا يامغۇر ياغدۇرغۇدەك ئىمىش .
سۇن ۋۇكۇڭ بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي ، يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى . پەلەك شاھ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشقا پېتىنالماي قويۇۋەتتى . نۇرانە قەسىر يېنىدا ئۇنى يۈ خۇڭجى ، جاڭ داۋلىڭ ، گې شيەنۋېڭ ، شۈي جىڭياڭ قاتارلىق تۆت پەرسا كۇتۇۋالدى ۋە خىسلەتدار قەسىرگە باشلاپ كىرىپ يۇرۇن سۇلتانغا ئىلتىجا قىلدى .
— سۇلتانىم ، سۇن ۋۇكۇڭ ھىندىستاننىڭ قوشنىسى بولغان فېڭشيەن ئايمىقىدىن ئۆتكەنىكەن ، ئۇلارغا يامغۇر تىلەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىنى ئالغىلى كەپتۇ .
يۇرۇن سۇلتان مۇنداق دېدى :
— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ، مەن جاھاننى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىپ ئۈچ ئالەمنى ئايلىنىپ

چىقتىم، ئۇنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈۋاتقىنىمدا قارىسام، شاڭگۇەن ئىخلاسمەنلىك بىلەن بەندىچىلىك قىلماستىن، پەرھىز تائامنى ئىتقا تۆكۈپ بەردى ۋە ئېغىزىغا ئالغۇسىز سەت گەپلەرنى قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزدى. شۇڭا، مەن پىشىياڭ سارىيىغا ئۈچ ئىشنى پەيدا قىلدىم. سىلەر سۈن ۋۇكۇڭنى باشلاپ بېرىپ قاراپ بېقىڭلار. ناۋادا ئۇ ئۈچ ئىش بىر باشقا چىققان بولسا ئەمىر بېرىمەن، بولمىسا، يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاشمايلا قويۇڭلار.

تۆت پارسا سۈن ۋۇكۇڭنى باشلاپ پىشىياڭ سارىيىغا بېرىپ قارىسا، ئۇن جاڭچە كەلگۈدەك بىر گۈرۈچ تاغ، يىگىرمە جاڭچە كەلگۈدەك ئادەم يۇزلۇك ئۇن تاغ تۇرۇپتۇ. گۈرۈچ تاغنىڭ يېنىدا مۇشتۇمچىلىك بىر چۈجە چوقۇلاپ گۈرۈچ يەۋېتىپتۇ. ئۇن تاغ ئالدىدا مويلىرى ئالتۇندىن بولغان بىر پىستە كۈچۈك تاغنىڭ يۈزىنى يالاۋېتىپتۇ. سول تەرەپتىكى تۆمۈر جازىغا بىر چى ئۈچ سۇڭ ئۇزۇنلۇقتا، بارماقچىلىك توملۇقتا بىر ئالتۇن قۇلۇپ ئېسىلغان بولۇپ، ئاستىدا بىر چىراغ قۇلۇپنى تاۋلاۋېتىپتۇ. سۈن ۋۇكۇڭ بۇنىڭغا چۈشىنەلمەي، يېنىدىكى پارسالاردىن سورىدى:

— بۇ نېمە ئىش؟

— ئۇ بەندە سۇلتانىمىزنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن سۇلتانىمىز بۇ ئۈچ ئىشنى پەيدا قىلدى. چۈجە گۈرۈچنى يەپ تاغنى تۈگەتكەن، پىستە ئادەم يۇزلۇك ئۇن تاغنى يالاپ تۈگەتكەن، چىراغ قۇلۇپنى ئېرىتىپ تۈگەتكەندە ئاندىن ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرىدۇ، — دېدى پارسالار.

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆڭى ئۆچتى، قايتا تەلەپ قويۇشقا پېتىنالمىدى، سارايدىن چىققاندا چىرايىنى غەم باستى. پارسالار كۈلۈپ:

— ئەۋلىيا ئەزەم، غەم قىلماڭ، بۇ ئىش ساۋابلىق ئىش قىلىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇ بەندە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ساۋابلىق ئىش قىلىپ يۇرۇن سۇلتاننى تەسىرلەندۇرسە، گۈرۈچ تاغ، ئادەم يۇزلۇك ئۇن تاغ شۇئان يىقىلىدۇ، ئالتۇن قۇلۇپمۇ

ئۇزۇلىدۇ . سىز بىرىپ ئۇ بەندىنى ساۋابلىق ئىش قىلىشقا ئۈندەڭ ، شۇندىلا ئۇنىڭغا بەخت يار بولىدۇ ، — دېدى .

سون ۋۇكۇڭ بۇ گەپ بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ زېمىنغا چۈشتى .

ئايماق بېگى ، تاڭ سەنزاڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلار چوڭ - كىچىك بەگلەر بىللە بىلەن كۇتۇپ ئولتۇراتتى . ئۇلار سون ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا تۇش - تۇشتىن سوراپ كەتتى . سون ۋۇكۇڭ ئايماق بېگىگە قەھرى بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سىز يۇرۇن سولتاننىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ ، خەلقىڭىزنى قىيىنچىلىققا قويۇپسىز ، شۇڭا هازىر يۇرۇن سولتان يامغۇر بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ !

ئايماق بېگى ئالاقزادە بولۇپ تېز چۆكتى :

— تەقسىر ، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشنى قانداق ئۇقتىلا ؟

— سىز شۇ چاغدا پەرھىز تائامنى نېمىشقا ئىتقا تۆكۈپ بەردىڭىز ؟ راستىنىڭىزنى ئېيتىڭ ! — دېدى سون ۋۇكۇڭ .

ئايماق بېگى يوشۇرۇپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ راستىنى ئېيتتى .

— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پەرھىز تائامى تەييارلاندى . شۇ چاغدا ئايالىم ۋاپاسىزلىق قىلغىنى ئۈچۈن قاتتىق سوقۇشۇپ قېلىپ ئاچچىقىمدا شىرەنى ئىتتىرىپ تائامنى يەرگە چېچىۋەتتىم ، ئاندىن تائاملارنى ئىتقا يېگۈزدۇم . مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى بۇ ئىش يادىمغا چۈشسە بەكمۇ كۆڭلۈم غەش بولۇپ ، پىكرىم چېچىلىپ كېتىدۇ . بۇنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالدىم . يۇرۇن سولتاننىڭ بۇنى گۇناھ ھېسابلاپ يۇقىرىلىرىمغا ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىنى پەقەت ئۇقماپتىمەن . بەختىمگە تەقسىر بۇ سىرنى ئاچتىلا ، ئەمدى ماڭا يول كۆرسەتسىلە ، ئەرشئەلادىكىلەر بۇنى نېمىشقا شۇنچە كۆڭلىگە ئاپتۇ ؟

— ئۇ كۈنى يۇرۇن سولتان زېمىنغا چۈشكەنىكەن ، سىزنىڭ

پەرھىز تائامنى ئىتقا تۆكۈپ بەرگىنىڭىزنى ۋە ئىغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئىش بىلەن بۇنى خاتىرىلەپ قويۇپتۇ.

— قايسى ئۈچ ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ باجيې.

سۇن ۋۇكۇڭ چۇجىنىڭ گۈرۈچ تاغنى چوقۇلاپ يەۋاتقانلىقى، پىستىنىڭ ئادەم يۈزلۈك ئۇن تاغنى يالاۋاتقانلىقى، چىراغنىڭ ئالتۇن قۇلۇپنى ئىرىتىۋاتقانلىقىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. جۇ باجيې كۈلۈپ:

— كىرەك يوق! كىرەك يوق! ئاغا، مىنى شۇ يەرگە ئاپىرىڭ، مەن ئۆزگىرىپ بىر ۋاقلىق غىزا ئورنىدا ھىلىقى گۈرۈچ، ئۇن تاغنى يەۋىتەي، قۇلۇپنى ئۈزۈۋىتەي ـ دە، يامغۇر ئەكىلەي، — دىدى.

— ھوي ھاڭۋاقتى، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈمە! بۇ دىگەن يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئىلكىدىكى ئىش تۇرسا، سەن نىمە قىلالايسەن؟ — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دىدى تاڭ سەنزاڭ.

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان! بۇنىڭ ئىشى ئاسان! مەن ياندىغان چاغدا پەرسالار ماڭا، ساۋابلىق ئىش قىلسا بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئىيتتى، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئايماق بىگى باش ئۇرۇپ يىلىندى:

— تەقسىر، قانداق كۆرسەتمىلىرى بولسا ئىيتسىلا، بىرمۇبىر بەجا كەلتۈرىمەن.

— سىز ھەقىقەتەن توۋا قىلىپ ياخشىلىققا يۈزلەنمەكچى بولسىڭىز، كۈجە كۆيدۈرۈپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىڭ. مەنمۇ سىزنىڭ يولىڭىزغا ماڭىمەن؛ ئەگەر ئۆزگەرمەي بۇرۇنقى قىلىپتا يۈرۈۋىرىمەن دەيدىغان بولسىڭىز، مەن سىز ئۈچۈن گەپ ـ سۆز قىلمايمەن، ئۇزاققا قالماي قارغىش تىگىپ جىنىڭىزنىمۇ ساقلاپ قالالماسلىقىڭىز مۇمكىن، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئايماق بىگى چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت

قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم ئىچتى ، شۇئان تەۋەيىدىكى راھىبلارنى چاقىرتىپ كېلىپ سورۇن تۈزدى ، ھەركىم نامە ، نەزمىلەر يېزىپ ئۈچ كۈن ئىبادەت قىلدى . ئايماق بېگى كۆپچىلىكنى باشلاپ كۈجە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلدى ، تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ گۇناھىنى تىلىدى . تاڭ سەنزاڭمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تىلاۋەت قىلدى . ئايماق بېگى يەنە شەھەرنىڭ ئىچى - تېشىدىكى جىمى ئادەمنى — مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن ، كۈجە كۆيدۈرۈپ تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى . بىر چاغدا سۈن ۋۇكۇڭغا غايىبتىن يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ خۇشال بولۇپ جۇ باجيې بىلەن شاسېڭغا :

— ئىككىڭلار ئۇستازغا ئوبدان قاراپ تۇرۇڭلار ، مەن يەنە بىر بېرىپ كېلەي ، — دېدى .

— ئاغا ، يەنە قەيەرگە بارىسىز ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ئايماق بېگى مېنىڭ گېپىم بىلەن ئىستىغپار ئېيتىپ ، شاپائەتچىمىزگە ھۆرمەت بىلدۈردى ، ئىخلاس بىلەن دۇئا - تىلاۋەت قىلدى . مەن بۇنى يۇرۇن سۇلتانغا يەتكۈزۈپ يامغۇر ئەكېلەي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

ياشاپ كەت ، سۈن ۋۇكۇڭ ! ئۇ بۇلۇت بىلەن ئۇدۇل ئەرشكە بارغاندى ، ئەرشنى قوغدايدىغان پەلەك شاھقا ئۇچرىدى .

— يەنە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى پەلەك شاھ .

— ئايماق بېگى تۇۋا قىلدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

پەلەك شاھ خۇرسەن بولدى . ئىككىيلەن گەپلىشىپ تۇراتتى ، پۇتۇكچى بىر ئالاقىنى — راھىبلارنىڭ بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ ئەرش دەرۋازىسىغا كەلدى . ئۇ سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ سالام بېرىپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئۇلارنى ساۋابقا ئۈندەپ كاتتا خىزمەت كۆرسەتتىڭىز ، — دېدى .

— بۇ ئالاقىنى قەيەرگە ئاپىرىسىز ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— نۇرانە قەسىرگە ئاپىرىپ ، پەلەك مۇرەببىلىرى ئارقىلىق

ئەرشىنىڭ قۇدرىتى ۋە پەلەكنىڭ ئىززىتى يۇرۇن سۇلتانغا
سۇنىمەن، — دېدى پۇتۇكچى.
— ئۇنداق بولسا سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، مەن ئارقىڭىزدىنلا
بارىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. پەرمانچى كىرىپ كەتتى.
ئەرشنى قوغدىغۇچى پەلەك شاھ مۇنداق دېدى:
— ئەۋلىيا ئەزەم، سىز يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەن
دېمەي، ئاسماننىڭ قەھرىدىكى يىگىيۇەن مەھكىمىسىگە بېرىپ
چاقماق تەڭرىسىنى ئارىيەتكە ئېلىڭ، ئۇ بىر چاقماق بىلەنلا يامغۇر
ياغدۇرۇۋېتىدۇ.
سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپكە ئاساسەن خىسلەتدار قەسىرگە بېرىپ
يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىنى ئالماستىن، ئۇدۇل ئاسمان قەھرىدىكى
يىگىيۇەن مەھكىمىسىگە باردى. ئەلچى لېيمىن، مەرىكىچى جيۇلۇ،
ليەنفاڭلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بىلەن سورىدى:
— ئەۋلىيا ئەزەم، قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇغۇ بۇ ياققا؟
— بىر ئىش بىلەن ئەرش ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشەي دەپ
كېلىۋىدىم.
ئۈچ ئەلچى تەڭلا بۇنى ئىچكىرىگە مەلۇم قىلدى.
ئەرش ئاقساقىلى شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن تەختىدىن چۈشۈپ،
كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۆز ئارا
سالام ـ سەھەتتىن كېيىن:
— بىر ئىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئالايىتەن ئىزدەپ
كېلىۋىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— نېمە ئىش؟ — دېدى ئەرش ئاقساقىلى.
— مەن تاڭ سېڭنى قوغداپ مېڭىپ فېڭشيەن ئايمىقىغا
بارغاندا، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى كۆرۈپ،
ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدىم. شۇڭا،
ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئەۋەتىپ ھەمدەمدە بولۇشلىرىنى
سوراپ كەلگەنىدىم.
— بىلىشىمچە، ئايماق بېگى يۇرۇن سۇلتانغا بىھۆرمەتلىك

قىپتىكەن ، شۇڭا يۇرۇن سۇلتان ئۈچ ئىشنى بەرپا قىپتىكەن . ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسەك قانداق بولار ؟ — دېدى ئەرش ئاقساقىلى .

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ مۇنداق دېدى :

— تۈنۈگۈن ئەمىر سوراپ يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈم . يۇرۇن سۇلتان پەرسالارغا مېنى باشلاپ ئاپىرىپ پىشياڭ سارىيىدىكى ئۈچ ئىشنى كۆرۈپ كېلىشنى بۇيرۇدى . پەرسالار ماڭا ئايماق بېگى ۋە ئايماقتىكىلەرنى دۇئا ـ تىلاۋەتكە دەۋەت قىلىسىڭىز ، ئۇلار يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ ئىستىغپار ئېيتسا ئاپەتتىن قۇتۇلىدۇ ، دېدى . بۈگۈن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىۋاتسام ، قۇلىقىمغا غايىبانە يېقىملىق ئاۋاز كىردى . بايا پۈتۈكچى پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئىستىغپار ئېيتىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . شۇڭا مەن دەررۇ بۇ يەرگە چاقماق تەڭرىدىن بىرقانچىنى ئارىيەتكە ئالغىلى كەلدىم .

— ئۇنداق بولسا دېڭ ، شىن ، جاڭ ، تاۋ سەركەردىلەر چاقماق قىزلارنى ئېلىپ سىز بىلەن بىللە فېڭشيەن ئايمىقىغا بېرىپ چاقماق چاقتۇرسۇن ، — دېدى ئاقساقال .

تۆت سەركەردە سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن يولغا چىقتى ۋە بىردەمدىلا فېڭشيەن ئايمىقى چېگرىسىغا كەلدى . ئۇلار دەررۇ ئىشقا كىرىشتى . گۈلدۈر ـ گۈلدۈر قىلىپ هاۋا گۈلدۈرلەپ ، ئارقىدىنلا قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ چاقماق چاقتى . دېمەك ، قاتتىق هاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ يەر ـ ئاسماننى لەرزىگە سالدى ، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى دولقۇنلىتىۋەتتى . فېڭشيەن ئايمىقى تەۋەسىدىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەر ۋە خەلق ئۈچ يىلدىن بۇيان گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى . بۈگۈن هەممەيلەن تەڭ باش ئۇرۇپ ، كوچا كوچىدۇرۇپ «شاپائەت قىلغايسەن ! شاپائەت قىلغايسەن !» دەپ ئىلتىجا قىلىپ ، دېگەندەك يۇرۇن سۇلتاننى تەسىرلەندۈردى .

سۈن ۋۇكۇڭنىڭ چاقماق سەركەردىلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ فېڭشىيەن ئايمىقى ئاسمىنىدا گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى ئەرشىنىڭ پۈتۈكچى پەرىشتىلىرىدىن باشلايلى. ئۇلار ئالاقىنى كۆتۈرۈپ نۇرانە قەسىرگە كەلدى، تۆت پەلەك مۇرەببىيسى خىسلەتدار قەسىرگە خەۋەر قىلدى.

يۇرۇن سۇلتان ئۇلارنى كۆرۈپ:

— ئۇ بەندەم ئىنساپقا كەلگەن بولسا بېرىپ ھېلىقى ئۈچ ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىڭلار، — دېدى.

شۇ ئەسنادا پىشياڭ سارىيىغا قارايدىغان سەركەردە كېلىپ:

— گۇرۇچ تاغ، ئادەم يۇزلۇك ئۇن تاغ يىقىلدى، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا غايىب بولدى. قۇلۇپمۇ ئۈزۈلدى، — دېدى.

بۇ گەپ تېخى تۈگىمىگەنىدى، ئەرش ھۆددەيچىسى فېڭشىيەن ئايمىقىنىڭ يەر مۇئەككىلى، شەھەر مۇئەككىلى، تاجۇتەخت مۇئەككىلىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار تەڭلا تەزىم قىلىپ:

— ئايمىقىمىزنىڭ بېگى ۋە شەھەردىكى چوڭ - كىچىك جىمى ئادەم دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئۆزلىرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ، خەلقنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغايلا، — دېدى.

يۇرۇن سۇلتان خۇش بولۇپ كېتىپ ئەمر قىلدى:

— شامال، بۇلۇت، يامغۇر تەڭرىلىرىگە ئەمرىمنى يەتكۈزۈڭلار، ئۇلار فېڭشىيەن ئايمىقى چېگرىسىغا بېرىپ مۇشۇ سائەت، مۇشۇ مىنۇتتا ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ، بۇلۇت يېيىپ قاتتىق يامغۇر ياغدۇرسۇن.

پەلەك مۇرەببىيلىرى بۇ ئەمرنى ھەرقايسى تەڭرىلەرگە يەتكۈزۈپ دەرھال ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلار روھلۇق ھالدا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىدى.

سۈن ۋۇكۇڭ دېڭ، شىن، جاڭ، تاۋلار بىلەن چاقماق قىزلارنى ھاۋادا ئىشقا سېلىۋاتقاندا، قالغان تەڭرىلەر مالائىكىلەرنى

ئېلىپ كەلدى. ھەممەيلەن جەم بولدى. بىردەمدىلا ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، خاسىيەتلىك يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، بەئەينى دېڭىزلار تېشىپ، جاھاننى سۇ قاپلاپ كەتكەندەك بىر مەنزىرە ھاسىل بولدى. قاتتىق يامغۇرنى پۈتۈن بىر كۈن ياغدۇرغاندىن كېيىن تەڭرىلەر ئاستا - ئاستا يىغىلىپ قايتىشقا تەييارلاندى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى تولۇپ توختىتىپ مۇنداق دېدى:

— تەڭرىلەر، بىرئاز تەخىر قىلىڭلار. مەن ئايماق بېگىنى ھەرقايسىڭلارغا تەزىم قىلدۇراي. سىلەر بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، ئۆز قىياپىتىڭلارغا كىرىپ بۇ بەندە بىلەن كۆرۈشۈڭلار. ئۇ شۇندىلا تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن سىلەرگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىدۇ.

تەڭرىلەر بۇ گەپ بىلەن ھاۋادا بىرپەس توختىدى.

سۈن ۋۇكۇڭ پەسكە چۈشۈپ ئۇدۇل ئايماق بېگىنىڭ قېشىغا باردى. تاڭ سەنزاڭ، جۇ باجيې، شاسېڭلار ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئايماق بېگى بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كېلىپ رەھمەت ئېيتتى. سۈن ۋۇكۇڭ:

— ماڭا رەھمەتنى كېيىن ئېيتىڭ. مەن تەڭرىلەرنى توختىتىۋالدىم. سىز جىمى ئادىمىڭىزنى يىغىپ ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دائىم يامغۇر ياغدۇرۇپ تۇرۇشىنى ئىلتىجا قىلىڭ، — دېدى.

ئايماق بېگى دەررۇ ئادەم ئەۋەتىپ جىمى خەلقنى يىغىپ كوچە كويدۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ تەزىم قىلدى. تەڭرىلەردىن سۇ تەڭرىسى پىل شەكلىدە، چاقماق تەڭرىسى كېرىلگەن بەدەن شەكلىدە، بۇلۇت تەڭرىسى بالا شەكلىدە، بوران تەڭرىسى ئوتتۇرا ياش ئادەم شەكلىدە زاھىر بولۇپ بىرپەس تۇردى. خەلق تۈگىمەس رەھمەتلەرنى ئېيتتى. سۈن ۋۇكۇڭ قايتىدىن ھاۋاغا چىقىپ، تەڭرىلەرگە تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھارمىغايسىلەر! مالال قىلىپ قويدۇم! ئەمدى جاي - جايىڭلارغا قايتىڭلار. پېقىر بۇلارغا ۋاقتى - قەرەلىدە نەزىر - چىراغ قىلىپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلايمەن. سىلەرمۇ بۇندىن كېيىن بەش كۈندە بىر شامال چىقىرىپ، ئون كۈندە بىر

يامغۇر ياغدۇرۇپ بۇلارنى قۇتۇلدۇرغايسىلەر.

تەڭرىلەر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ جاي - جايىغا قايتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ ئاسماندىن چۈشۈپ تاڭ سەنزاڭغا:

— ئىشنى تۈگىتىپ خەلقنى ئەمىن تاپتۇردۇق. ئەمدى نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقايلى، — دېدى.

ئايماق بېگى بۇنى ئاڭلاپ ئالمان - تالمان تەزىم قىلىپ:

— سۇن غوجام، نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىدىلا؟ بۇ ئىشقا چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرمىسەك بولمايدۇ. پېقىر بۇ يەردە زىياپەت بېرىپ ھەرقايسىلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. ۋەخپە يەر سېتىۋېلىپ غوجامغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالغۇزىمەن، مەقبەرە ياسىتىپ، ئابىدە تۇرغۇزۇپ ناملىرىنى ئويغۇزىمەن. كۈنگە تۆت ۋاق تاۋاپ قىلىپ تۇرىمىز. بۇنىڭدا ھېچقانداق يامان غەرىزىم يوق، پەقەت ئانچىكى بىر ئىشلارنىلا نەزەردە تۇتتۇم. سىلەر نېمىشقا ماڭىمىز دېگەن گەپنى قىلىپ يۈرىدىغانسىلەر! — دېدى.

— بېگىم، گەپلىرى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، بىز غەربكە يولغا چىققان راھىبلارمىز، ئۇزاق تۇرالمايمىز. بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە مېڭىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

ئايماق بېگى قويۇپ بېرىدۇ دەمسىز. ئۇ كېچىلەپ نۇرغۇن ئادەمنى بۇيرۇپ كاتتا زىياپەت تەييارلاتتى ھەم ئىبادەتخانا سېلىشقا تۇتۇش قىلدۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كاتتا زىياپەت بېرىلىپ تاڭ سېڭ تۆرگە چىقىرىلدى، سۇن ۋۇكۇڭ، جۇ باجيې، شاسېڭلارمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئايماق بېگى بىلەن جىمى چوڭ - كىچىك بەگلەر ھاراق - شاراب تۇتتى، نەغمە - ناۋا قىلدۇرۇپ پۈتۈن بىر كۈن مېھمان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە مېھماندارچىلىق قىزىپ كەتتى. شۇ تەرىقىدە بۇلار يېرىم ئايدەك مېھمان بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئىبادەتخانا ۋە مەقبەرىمۇ پۈتتى. ئۇ كۈنى ئايماق بېگى بۇ تۆتەيلەننى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ

قىلدى. تاڭ سەنزاڭ بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— شۇنچە كاتتا، چوڭ قۇرۇلۇشنى ئەجەبمۇ تېز پۈتكۈزۈپسىلەرغۇ؟

— ھەرقايسىلىرىغا كۆرستىمەن دەپ ئىشلەمچىلەرنى سۈيلەپ، كېچە - كۈندۈزلەپ تېز ئىشلەتتىم، — دېدى ئايماق بېگى.

— نىيەت خالىس بولسا، ئىشمۇ ئوڭغا تارتىدۇ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ. ئۇلار يېڭى ئىبادەتخانىغا كەلدى، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك سارايلىرى، كۆركەم، ھەشەمەتلىك ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى كۆرۈپ ماختاپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى ئىبادەتخانىغا نام قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تاڭ سەنزاڭ:

— بولىدۇ. بۇنى «خاسىيەتلىك يامغۇر ئىبادەتخانىسى» دەيلى، — دېدى.

— بەللى! بەك ياخشى بولدى! — دېدى ئايماق بېگى، بۇ ئىسمنى ھەل بىلەن يازدۇرۇپ، جەمى راھىبلارنى يىغدى ۋە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى. سارايىنىڭ سول تەرىپىگە تۆتەيلەنگە ئاتاپ مەقبەرە سېلىنغان بولۇپ، ھەر يىلى 4 - ئايدا نەزىر - نۇزۇرەت قىلىپ تۇرىدىغان بولدى؛ يەنە چاقماق، سۇ تەڭرىلىرى قاتارلىق تەڭرىلەرگە ئاتاپ ئىبادەتخانىلار سېلىنىپ، تەڭرىلەرنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى خاتىرىلەنگەنىدى. بۇلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار يول ھازىرلىقىغا چۈشتى.

خەلق بۇلارنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن بىرمۇنچە سوۋغا - سالام يوللىغانىدى، ئۇلار بىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئايماق بېگى باشچىلىقىدا جەمى بەگلەر ۋە خەلق داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ، تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئوتتۇز چاقىرىمچە يەرگە ئۇزىتىپ باردى، ئايرىلغۇسى كەلمەي كۆز يېشى قىلدى، تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇردى. بۇلارنىڭ شۇ ماڭغانچە قانچە كۈنلەردىن كېيىن بۇددىنى كۆرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## سەكسەن سەككىزىنچى باب

### *راھىبلارنىڭ يۇيخۇادىكى شاھ سارىيىدا ھۇنىرىنى كۆرسەتكەنلىكى*
### *سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارنىڭ شاگىرت قوبۇل قىلغانلىقى*

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ ئايماق بېگى بىلەن خوشلىشىپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا يولنى داۋام ئەتكۈزۈۋېتىپ، سۇن ۋۇكۇڭغا:

— قەدىرلىك شاگىرتىم، بۇ قېتىمقى تۆھپەڭ بىچيۇ دۆلىتىدە باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋالغاندىن جىق ئەھمىيەتلىك بولدى جۇمۇ، — دېدى.

شاشېڭ دەرھال لوقما سالدى:

— بىچيۇ دۆلىتىدە ئاران بىرمىڭ بىر يۈز ئون بىر بالا قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغاندى. ئۇنى قانداقمۇ ھەممە ياقنى سۇغا قاندۇرۇپ مىڭلىغان، مىليونلىغان ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرغان يامغۇر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن! ئاغامنىڭ كارامىتىگە مەنمۇ قول قويۇپ تەھسىن ئوقۇدۇم، ئاغام ھەقىقەتەن بەكمۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك ئىكەن.

— ئاغام ھەقىقەتەن مېھرىبان، كۆيۈمچان، شەپقەتلىك. ئەمما، ئۇ ياتلارنىڭ ئۇچىقىغا ياغ قۇيۇپ، ئۆز ئۇچىقىغا سۇ قۇيىدۇ. مەن بىلەن ماڭسىلا مېنى بالاغا تىقىدۇ، — دېدى جۇ باجيې كۇلۇپ.

— مەن سېنى قاچان بالاغا تىقتىم؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بولدى بەس! بولدى قىلىڭ! مېنى باغلاتتىڭىز، ئاستۇردىڭىز، پىشۇرغۇزدىڭىز، قاسقانغا سالدۇردىڭىز. ئەمدى

فېڭشيەن ئايمىقىدىكى سانسىزلىغان خەلققە شاپائەت قىلغاندا بولسا ، ئۇ يەردە يېرىم يىل تۇرۇپ ، مېنى تويغۇچە يەپ ـ ئىچكىلى قويماي ماڭمىز دەپ ئالدىراتتىڭىز !

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ كايىپ كەتتى :

— هوي هاڭۋاقتى ، هە دېسىلا بىكارغا يەپ ـ ئىچىدىغاننىڭلا كويىدا يۈرەمسەن ؟ تولا ۋالاقلىماي تېز ماڭغىن !

جۇ باجىيې جاۋاب قىلىشقا پېتىنالماي ، تۇمشۇقىنى ئۇچلىغىنىچە ئەسنەپ ماڭدى . ئۇلار يولىنى داۋام قىلدى . بۇ چاغ ئالتۇن كۈز پەسلى بولۇپ ، تاغ ـ دالا ئاجايىپ كۆركەم تۈس ئالغانىدى . تۆتەيلەن يول يۈرۈپ ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ ، ئاخىر بىر شەهەرنى يىراقتىن غۇۋا كۆردى . تاڭ سەنزاڭ قامچىسى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ دېدى :

— سۈن ۋۇكۇڭ ، قارا ، يەنە بىر شەهەر كۆرۈنۈۋاتىدۇ . قەيەردۇ ئۇ ؟

— مەنمۇ سىلىگە ئوخشاشلا ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان تۇرسام نەدىن بىلەي ؟ يېقىن بارغاندا بىلەرمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

ئۇزاققا قالماي تۆتەيلەن شەهەرگە كەلدى . شەهەردە كىشىلەر قىزىق سودا ـ سېتىق قىلىشىۋاتاتتى . ئادەممۇ جىق ، بازارلار ناهايىتى ئاۋات ئىدى . كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزى ، سىياقى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىن زادىلا پەرق قىلمايتتى . تاڭ سەنزاڭ شاگىرتلىرىغا :

— شاگىرتلىرىم ، ئىنتايىن ئېهتىياتچان بولۇڭلار ، هەرگىز هەددىڭلاردىن ئاشماڭلار ، — دەپ تاپىلىدى .

شۇنىڭ بىلەن جۇ باجيې بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى ، شاسېڭ يۈزىنى ئورىۋالدى ، سۈن ۋۇكۇڭلا ئۇستازىنى قولتۇقلاپ ماڭدى . كىشىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا ئولىشىۋېلىپ تەڭلا ۋارقىرىدى :

— بىزدە يىرتقۇچ هايۋاناتلارنى يوقىتالايدىغان قابىل راهىبلار بار ، لېكىن چوشقا ، مايمۇنلارنى يوقىتالايدىغان راهىبلارنى كۆرگىنىمىز يوق .

جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ :
— چوشقىلار پادىشاھىنى يوقىتالايدىغان راھىبنى كۆرگەنمۇ سىلەر ؟ — دەپ توۋلىدى .
كىشىلەر قورقۇپ كېتىپ مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ ئىككى ياققا قاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ :
— ھوي ھاڭۋاقتى ، تۇمشۇقۇڭنى كۆرسەتمە ، پوچىلىقنى ئاز قىلغىن ، — دېدى .
جۇ باجيې بېشىنى ساڭگىلىتىپ خىرقىراپ كۈلدى . كوچا - كويلار ، ئاشپۇزۇل ، مەيخانىلار ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ، ئاجايىپ مەمۇرچىلىق ئىدى . بۇنى كۆرۈپ تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ ئىچىدە : «كىشىلەردىن غەربىي دىيار بەكمۇ ئاۋات ، باياشات دەپ ئاڭلىغان ، ئەمما كېلىپ باقمىغانىدىم ، مانا مەن كۆرۈۋاتقان بۇ مەنزىرىنىڭ ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىمىزدىن زادىلا پەرقى يوق ئىكەن ! پاراغەت ماكان دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى . ئۇ كىشىلەردىن گۇرۇچنىڭ بىر كۈرىسى تۆت مىس ياماق ، كەندىر يېغىنىڭ بىر جىڭى سەككىز لى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ، بۇ يەردە زىرائەتلەرنىڭ بەك ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدى .
ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسى ئالدىغا كەلدى . ئوردىنىڭ ئىككى تەرىپىگە باش مىرزا مەھكىمىسى ، سوراقخانا ، ئاشخانا ، مېھمانخانىلار جايلاشقانىدى .
تاڭ سەنزاڭ :
— شاگىرتلىرىم ، مانا بۇ ئوردا ، مەن كىرىپ پادىشاھتىن يولخېتىمنى ئالماشتۇرغۇزۇپ چىقاي ، ئاندىن ماڭايلى ، — دېدى .
— ئۇستاز ، سىلى كىرىپ كەتسىلە ، بىز يامۇلنىڭ ئىشىكىدە تۇرىمىزمۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .
— ئىشىكتىكى «مېھمانخانا» دېگەن خەتنى كۆرمىدىڭلارمۇ ؟ ھەممىڭلار شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، ئوت - چۆپ بولسا سېتىۋېلىپ ئاتنى تويغۇزۇڭلار . مەن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە شاھنىڭ ھىممىتى تۇتۇپ مېھمان قىلغۇدەك بولسا كېلىپ سىلەرنى

چاقىرىپ تەڭ بەھرىمەن بولارمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— ئۇستاز ، خاتىرجەم كېتىۋەرسىلە ، مەن بولغاندىكىن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . شاسېڭ يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىردى . مېھمانخانىغا قارايدىغان خىزمەتكارلار ئۇلارنىڭ بەتبەشىرىسىنى كۆرۈپ كىملىكىنى سوراشقا پېتىنالمىدى ، چىقىرىۋېتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

تاڭ سەنزاڭ كىيىم - كېچەكنى ئالماشتۇرۇپ ، يولخېتىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى ، مۇراسىم بېگى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەزىم بىلەن سورىدى :
— ھەزرەت ، قەيەردىن كەلدىلە ؟
— پېقىر شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھى چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدىكى بۇددا ئاتىمىزنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى ئەۋەتكەن راھىب بولىمەن . مۇبارەك جايىڭىزلارغا بۈگۈن كەلدۇق ، يولخېتىنى ئالماشتۇراي دەپ ئالايىتەن شاھ ھۇزۇرىغا كېلىۋىدىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
مۇراسىم بېگى دەرھال بۇنى خەۋەر قىلغانىدى ، مۇرۇۋۋەتلىك شاھ دەررۇ باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇدى . تاڭ سەنزاڭ تەخت ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن شاھ ئۇنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . تاڭ سەنزاڭ يولخېتىنى شاھقا سۇندى . شاھ ئۇنى ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تامغىسى ۋە شاھلىرىنىڭ قولىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىق بىلەن تامغا بېسىپ قول قويۇپ بەردى ، بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىن سورىدى :
— ھۆرمەتلىك ھەزرەت ، تاڭ دۆلىتىدىن يولغا چىقىپ بۇ يەرگە كەلگۈچە قانچە دۆلەت ، ئايماقتىن ئۆتۈپ ، قانچىلىك يول يۈردىڭلار ؟
— كەمىنىڭىز بۇلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرمىدىم ، — دېدى تاڭ

سەنزاڭ ، — ئۆز ۋاقتىدا شاپائەتچى بۇدساتۋا شاھىمىزنىڭ ئالدىدا زاھىر بولۇپ مەدھىيە ئوقۇغاندا ، غەربكە بىر يۈز سەككىز مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەندە بارىدۇ ، دەپتىكەن . كەمىنىڭىز سەپەر ئۇستىدە ئون تۆت ياز ۋە قىشنى ئۆتكۈزدۈم .

— ئون تۆت قىش - يازنى سەپەردە ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز ، يولغا چىققىنىڭىزغا ئون تۆت يىل بوپتۇ . يولدا خېلى جىق ھايال بولغان ئوخشايسىلەر - ھە ، — دېدى پادشاھ .

— ئۇنى بىر دېمىسىلە ! يول بويى قانچە مىڭلىغان دېۋە - پەرى ، جىن - ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ ، كۆرمىگەن كۈنىمىز ئاز قالدى ، مىڭبىر مۇشەققەتتە بۇ يەرگە كەلدۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

پادشاھ ناھايىتى خۇرسەن بولدى . داستىخانچى بەگكە دەرھال پەرھىز تائام تەييارلاتقۇزۇپ مېھماننى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇدى . تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— كەمىنىڭىزنىڭ ئۈچ شاگىرتى سىرتتا ساقلاپ قالدى ، ھىممەتلىرىگە رەھمەت ، ۋاقتىدا يولغا چىقىۋالايلى ، — دېدى . پادشاھ :

— ئوردا بېگى ، ھەزرەتنىڭ ئۈچ شاگىرتىنى دەررۇ چاقىرىپ كىرىپ مېھمان قىلىڭ ، — دېدى .

ئوردا بېگى سىرتقا چىقىپ سوراشتۇرغانىدى ، ھەممە ئادەم : «كۆرمىدۇق ! كۆرمىدۇق !» دېدى .

— مېھمانخانىدا ئۈچ بەتبەشىرە راھىب ئولتۇرىدۇ . شۇلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدى بىر مۇلازىم .

ئوردا بېگى مېھمانخانىغا بېرىپ مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىدىن سورىدى :

— ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان راھىبنىڭ شاگىرتلىرى قايسى ؟ شاھىمىز ئۇلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ .

مۇگدەپ ئولتۇرغان جۇ باجيې «غىزا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ

چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆزىنى باسالماستىن جاۋاب بەردى :
— بىز شۇ ! بىز شۇ !
ئوردا بىگى ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ يۈرىكى قىپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى . ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ :
— چوشقا ئالۋاستى ، چوشقا ئالۋاستى ! — دېدى .
سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجىينى تارتىپ :
— ئىنىم ، مۇلايىمراق بولغىن ، بۇنداق قوپاللىق قىلمىغىن ، — دېدى . بەگلەر سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ يەنە :
— مايمۇن جىن ! مايمۇن جىن ! — دېيىشتى . شاسېڭ قولىنى جۈپلەپ :
— بەگلىرىم ، قورقمىغايسىلەر . مانا بۇ ئۈچىمىز تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرى بولىمىز ، — دېدى . بەگلەر ئۇنى كۆرۈپلا :
— ئوچاقچى ، ئوچاقچى ئىكەن بۇ ! — دېيىشتى .
سۈن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېغا ئاتنى يېتىلەشنى ، شاسېڭغا يۈك - تاقنى كۆتۈرۈشنى بۇيرۇپ ، بەگلەر بىلەن بىللە شاھ ئوردىسىغا ماڭدى . بەگلەر بۇلارنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى .
بۇلارنىڭ بەتبەشىرە چىراي - تۇرقىنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭمۇ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى . تاڭ سەنزاڭ قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ :
— پادىشاھئالەم ، خاتىرجەم بولسىلا . بۇلارنىڭ بەشىرىسى سەت بولغىنى بىلەن ، دىلى پاك ، — دېدى .
جۇ باجيې بولسا تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ :
— كەمىنىڭىزدىن سالام ! — دېدى .
شاھنىڭ قورقۇنچى كۆچەيدى . تاڭ سەنزاڭ :
— شاگىرتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دالىدىن يىغىپ كەلگەن ، قائىدە - يوسۇن ئۇقمايدۇ ، ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن ، — دېدى .
شاھ نائىلاج قورقۇنچىنى بېسىپ ، داستىخانچى بەگكە بۇلارنى شارقىراتمىلىق شىپاڭغا ئاپىرىپ مېھمان قىلىشنى بۇيرۇدى . تاڭ

سەنزاڭ شاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ دىۋانخانىدىن چىقىپ شىپاڭغا يول ئالدى . ئۇ كېتىۋېتىپ جۇ باجىيغا كايىدى :
— دۆت كالۋا ، پەقەت قائىدە- يوسۇن ئۇقمايسەن- ھە ! گەپ قىلماي تۇرساڭ بولماسمىدى ، ئاغزىم بار دەپ شۇنداقمۇ دېگەن بارمۇ ! بىر ئېغىز گېپىڭلا يېتىپ ئاشتى جۇمۇ !
— تازا گەپ بولدى ! — دېدى جۇ باجيې ، — ئالدىنقى كۈنى ئۆزلىرى ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە سالام بەرگىن ، دېدىلە ، مانا بۈگۈن سالام بەرسەم ئوبدان قىلدىڭ دېمەي كايىۋاتىدىلا . مېنى زادى نېمە قىل دەيدىلا ؟
— تـوغـرا ، مەن سېنى كۆرگەنلا ئادەمگە سالام بەرگىن ، دېـدىم . لېكىن ، پادىشاھقىمۇ بۇنداق دە دېمىگەنغۇ ! كونىلاردا : «مال تۇرى بىلەن ، ئادەم خىلى بىلەن» دېگەن گەپ بار . نېمىشقا ئالىي ، تۆۋەن دەپ ئايرىمايسەن ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
شۇ ئەسنادا داستىخانچى بەگ ئۇلارنى شىرەگە باشلاپ تاماق تارتىشقا بۇيرۇدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گەپنى توختىتىپ تاماققا داخىل بولدى .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ قوبۇلخانىدىن چىقىپ ھەرەمگە كىردى . ھەرەمدە پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئۇلار پادىشاھنىڭ تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ سورىدى :
— ئاتا ، بۈگۈن نېمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەتتىلە ؟
— بايا شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇددانى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن ، دەپ بىر راھىب كېلىپ يولخېتىنى ئالماشتۇردى . چىرايى شۇنداق كېلىشكەنىكەن . ئۇنى تاماققا تۇتسام ، سىرتتا ئۈچ شاگىرتىم كۈتۈپ تۇرىدۇ ، دېدى . مەن چاقىرتتىم ، ھايال ئۆتمەي ئۇلار كىرىپلا ماڭا تەزىممۇ قىلماستىن «سالام !» دەپ ۋارقىرىغانىدى ، ئاچچىقىم كېلىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، بەئەينى ئالۋاستىدەك بەتبەشىرە نېمىلەر ئىكەن . ئىختىيارسىز ئىچىمگە قورقۇنچ چۈشۈپ

چىرايىم تاتىرىپ كەتتى .
ئۈچ شاھزادە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ، جەڭگە ماھىر ھەم كۈچلۈك ئىدى . ئۇلار دەررۇ يەڭ شىمايلاپ :
— ئۇلار ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ تاغدىن كەلگەن ئالۋاستىلار بولمىسۇن يەنە ، قوراللىرىمىزنى ئاپىرىپ قاراپ باقايلى ، — دېدى .
شاھزادىلەرنىڭ چوڭى ئەگمە كالتەك ، ئوتتۇرانچىسى توققۇز چىشلىق تىرنا ، كەنجىسى قاپقارا سىرلانغان توقماقنى ئېلىپ مەغرۇر غادىيىپ ئوردىدىن چىقىپ توۋلىدى :
— بۇددا نومىنى ئالغىلى بارىمەن دەۋالغان راھىبلار ! قېنى سەنلەر !
داستىخانچى بەگ دەررۇ تەزىم قىلىپ :
— شاھزادەم ، ئۇلار شارقىراتمىلىق شىپاڭدا تاماق يەۋاتىدۇ ، — دېدى .
شاھزادىلەر گەپ - سۆز قىلماستىن ئۇ يەرگە بېسىپ كىرىپ ۋارقىرىدى :
— سەنلەر ئادەممۇ ، ئالۋاستىمۇ ، راستىڭنى ئېيتىنشساڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمىز .
تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى ، دەررۇ يەۋاتقان تاماقنى تاشلاپ تەزىم قىلىپ :
— كەمىنىڭىز تاڭ پادىشاھلىقىدىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەنلەرمىز . بىز ئادەم ، ئالۋاستى ئەمەس ، — دېدى .
— سىز ئادەمگە ئوخشايدىكەنسىز ، لېكىن ئاۋۇ ئۈچ بەتبەشىرە چوقۇم ئالۋاستى ! — دېدى شاھزادىلەر .
جۇ باجيې بۇ گەپلەرنى چېۋىقىغا ئالماي تاماقنى يەۋەردى . شاسېڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ تەزىم قىلىپ :
— بىزمۇ ئادەم ، بەشىرىمىز سەت بولغىنى بىلەن ، دىلىمىز پاك ، تۇرقىمىز غەلىتە بولغان بىلەن ، نىيىتىمىز ساپ . ئۈچىڭلار قەيەردىن كەلدىڭلار ، نېمانچە ھەددىڭلاردىن ئاشىسىلەر ؟ — دېدى .
— بۇ ئۈچەيلەن شاھزادىلىرىمىز بولىدۇ ، — دېدى بىر چەتتە

تۇرغان داستىخانچى بەگ ۋە باشقىلار.

— شاھزادىلەر قورال كۆتۈرۈپ كەپتۇ، بىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى جۇ باجېي تامىقىنى تاشلاپ.

ئوتتۇرانچى شاھزادە تىرنىسىنى ئىككى قوللاپ پۇلاڭلىتىپ جۇ باجېينى ئۇرۇشقا تەمشەلدى. جۇ باجېي خىرىلداپ كۈلۈپ:

— سېنىڭ تىرناڭ مېنىڭ مۇنۇ تىرنامنىڭ نەۋرىسى بولىدۇغۇ دەيمەن؟ — دېدى ـ دە، تونىنى يېشىپ بېلىدىن تىرنىسىنى ئېلىپ پىرقىراتتى. ئۇنىڭدىن ۋال ـ ۋۇل نۇر چاقنىدى. قورقۇپ كەتكەن شاھزادىنىڭ پۇت ـ قولىدىن جان قاچتى، تىرنىسىنى ئاستا يىغىشتۇرۇۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ چوڭ شاھزادىنىڭ ئەگمە كالتەكنى تۇتۇپ ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قۇلىقىدىن ئالتۇن توقىنى ئالدى، پىرقىرىتىپ چىنىدەك توم، ئىككى ـ ئۈچ جاڭ ئۇزۇن قىلىپ يەرگە بىر سانجىغانىدى، يەرنى ئۈچ چى تېشىپ كىرىپ كەتتى. شۇندىلا ئۇ كۈلۈپ:

— بۇ كالتەكنى سىزگە سوۋغا قىلاي، — دېدى.

شاھزادە ئۆزىنىڭ كالتىكىنى تاشلىۋېتىپ، بۇ كالتەكنى ئالماقچى بولۇپ بار كۈچى بىلەن كۈچەپ تارتقانىدى، مىدىر ـ سىدىر قىلالمىدى، يەنە بىر قېتىم كۈچىنى يىغىپ تارتتى، كالتەك خۇددى يىلتىز تارتقاندەك مىت قىلىپمۇ قويمىدى. كەنجىسى قېنى قىزىپ تۇرالماي قاپقارا توقمىقىنى كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندى، شاسېڭ شاققىدە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىدىغان خاسىيەتلىك ھاسىسىنى ئېلىپ پىرقىراتقانىدى، قىپقىزىل نۇر چاقناپ كۆزلەرنى چاقتى. داستىخانچى بەگ قاتارلىقلار قورققىنىدىن چەكچەيگەن پېتى ئاغزى گەپكە كەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۈچ شاھزادە تەڭلا باش قويۇپ:

— كارامەتلىك ئۇستاز! كارامەتلىك ئۇستاز! بىز تونۇماي قاپتۇق. كارامەتلىرىنى بىر كۆرسىتىپ بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىپ قويسىلىمۇ بوپتىكەن، — دېيىشتى.

سۇن ۋۇكۇڭ كالتەكنى كۈچىمەيلا يەردىن سۇغۇرۇۋېلىپ:

— بۇ يەر تار ، كارامىتىمىزنى كۆرسەتكىلى بولمايدۇ ، مەن ئاسمانغا چىقىپ كارامىتىمنى كۆرسىتىپ بېرەي ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ قالتىس جومۇ . ئۇ بىر موللاق ئېتىش بىلەنلا ۋىژ قىلىپ ئاسمانغا چىقتى ، رەڭدار بۇلۇتقا دەسسەپ تۇرۇپ ئالتۇن توقىنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالغاندىن كېيىن چۆرگىلەپ تۇرۇپ يۇقىرى - تۆۋەن ، ئوڭ - سول قىلىپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى . باشتا ئادەم بىلەن كالتەك شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنگەندى ، كېيىن ئادەم كۆرۈنمەي ، كالتەكنىڭ پىرقىرىشىلا كۆرۈندى . جۇ باجيې پەستە تۇرۇپ ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە پۇت - قولى قىچىشىپ تۇرالماي : «مەنمۇ كارامىتىمنى بىر كۆرسىتەي !» دەپلا ، بوران چىقىرىپ ئاسمانغا چىقتى . تىرنىسىنى يۇقىرىغا ئۈچ ، تۆۋەنگە تۆت ، سولغا بەش ، ئوڭغا ئالتە ، ئالدىغا يەتتە ، كەينىگە سەككىز قېتىم ئېتىپ گۈركىرىتىپ شامال چىقىرىۋەتتى . بۇ ئىشلار تازا ئەۋجىگە چىققاندا ، شاسېڭ تاڭ سەنزاڭغا :

— ئۇستاز ، مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي ، — دېدى - دە ، يەرنى بىر تېپىپ ، هاسىسىنى ئويناتقان پېتى ئاسمانغا چىقتى . هاسا ۋال - ۋۇل قىلىپ ، هەر تەرەپكە نۇرلار چېچىلدى . شاسېڭ ئۇنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇپ ئاچ يولۋاس يەمگە ئېتىلغاندەك كۈچەپ ئالدىغا ئېتىلدى ، كەينىگە ياندى ، چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى . شۇ تەرزدە ئۈچ قېرىنداش هاۋادا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقاندا ، قورقۇپ كەتكەن ئۈچ شاهزادە توپىغىلا تىزلاندى . شارقىراتمىلىق شىپاڭدىكى چوڭ - كىچىك هەممە ، هەرەمدە تۇرغان پادىشاھ ، شەهەردىكى ئەر - ئايال ، لەشكەر ، پۇقرا ۋە راهىبلار بولۇپ جىمى ئادەم بۇ ئىشقا تاڭ قېلىپ ، تىلاۋەت قىلدى ، كۈجە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلدى .

ئۈچ شاهزادە ئالمان - تالمان هەرەمگە كېلىپ پادىشاهقا بۇنى خەۋەر قىلدى :

— ئاتا ، مۇبارەك بولسۇن ! بۈگۈن ئاجايىپ قۇتلۇق كۈن بولدى . ئۈچ راهىبنىڭ بايا هاۋادىكى كارامىتىنى كۆردىلىمۇ ؟

— بايا هاۋادا شەپەق نۇرىنى كۆرۈپ، ئانىڭىز ۋە باشقىلار بىلەن كوچە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلدۇق، ئەۋلىيالارنىڭ توپلانغىنىنى ئۇقماپتۇق، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇلار ئەۋلىيا ئەمەس، بايىقى بەتبەشىرە ئۈچ راھىب، — دېدى شاھزادىلەر، — ئۇلارنىڭ بىرى ئالتۇن توقا، يەنە بىرى توققۇز چىشلىق تىرنا، يەنە بىرى ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىدىغان خاسىيەتلىك ھاسا ئىشلىتىدىكەن. بىزنىڭ قورالىرىمىز ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە يارىمىدى. بىز ئۇلارنى قوراللىرىنى ئىشلىتىپ كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىلساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسمانغا چىقىپ كارامەت كۆرسىتىپ تېخى بايا يېنىپ چۈشتى. ھازىر شارقىراتمىلىق شىپاڭدا ئولتۇرىدۇ. بىز ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كارامىتىنى ئۆگىنىپ، دۆلىتىمىزنى ئوبدان قوغدىساق دېگەن ئارزۇيىمىز بار. بۇ ئارزۇيىمىز ئىشقا ئاشسا ئاجايىپ ئوبدان ئىش بولاتتى! بۇنىڭغا سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق، بىلمىدۇق؟

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆردى.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا تۆتەيلەن ھېچ داغدۇغا قىلماستىن ئاستا مېڭىپ شارقىراتمىلىق شىپاڭغا باردى. بۇ چاغدا تاڭ سەنزاڭلار ئوردىغا كىرىپ زىياپەت ئۈچۈن شاھقا رەھمەت ئېيتىپ، ئاندىن يولغا چىقماق بولۇپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. پادىشاھ بىلەن ئوغۇللىرى كېلىپ تەزىم قىلغانىدى، تاڭ سەنزاڭ ھولۇقۇپ ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ سالام قىلدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن شاھ تۆتەيلەننى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. تۆتەيلەن خۇشاللىق بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىدى، شاگىرتلىرى مەقبۇل كۆرەرمۇ؟ — دېدى.

— ئۆزلىرىنىڭلا ئىلتىماسى بولسا، ئورۇندىماسلىققا ھەددىمۇ

ئۇلارنىڭ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— ھەرقايسىلىرىنى دەسلەپ كۆرگەندە تاڭ پادىشاھلىقىدىن كەلگەن سەپەرچى راھىبلار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، ھەرقايسىلىرىنى تونۇماستىن ناھايىتى بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. بايا سۈن، جۇ، شا تەقسىرلەرنىڭ ئاسماندىكى ماھارىتىنى كۆرۈپ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئوغۇللىرىم كىچىكىدىن ناھايىتى باتۇر، قورال تۇتۇشقا ماھىر ئىدى. ھازىر ھەرقايسىلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئاز - تولا ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىدۇ. ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىلىرىنى كەڭ تۇتۇپ، ھىممەتلىرىنى ئايىماي، ئوغۇللىرىمغا ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن. ماقۇل بولۇشسىلا، شەھىرىمدىكى پۈتۈن بايلىقىمنى ھەرقايسىلىرىغا تۇتاتتىم، — دېدى پادىشاھ.
سۈن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— سىلى پادىشاھ بولغانلىرى بىلەن، ئىشنى جايىدا قىلالمايدىكەنلا. بىز سەپەرچى بولساقمۇ ئاز - تولا شاگىرت تەربىيەلەشكە قارشى ئەمەسمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوغۇللىرى چىن كۆڭلى بىلەن بۇنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇنداقتا پايدا - مەنپەئەتنى ھەرگىز ئېغىزغا ئالمىسىلا، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلساقلا كۇپايە.
شاھزادىلەر بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولۇشتى. بۇيرۇق بويىچە كاتتا زىياپەت تەييارلىنىپ، مېھمانخانا زالىدىلا ئۇلارنى كاتتا مېھمان قىلدى، نەغمىچىلەر ۋە رەققاسلارنى چاقىرتىپ كېلىپ نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇل بىلەن كۆڭلىنى ئاچتى. ئۇستاز، شاگىرتلار پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا پۈتۈن بىر كۈن كۆڭۈل ئاچتى. كەچ كىرىپ زىياپەت ئاخىرلاشتى، پادىشاھ بۇلارغا شارقىراتمىلىق شىپاڭغا ئورۇن راسلاپ دەم ئالدۇرۇشنى، ئەتە ئەتىگەندە كۆجە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن ئوغۇللىرىغا ماھارەت ئۆگىتىشنى تاپشۇردى. كۆپچىلىك بۇنىڭغا بويسۇندى. تاڭ

سەنزاڭلار خوش پۇراق ، ئىسسىق سۇدا يۇيۇندى ، ھەممە يېتىپ قالدى .
بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى . تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ پادىشاھ كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى . تاڭ سەنزاڭ تۇنۇگۇن پادىشاھقا شاھلارغا لايىق سالام بەرگەنىدى ، بۇگۇن راھىبلارغا لايىق سالام بەردى . شاھزادىلەر سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن :
— ئۇستازلار ، قوراللىرىڭلارنى بىر كۆرسەك دەيمىز ، — دېدى .
جۇ باجيې خۇشاللىق بىلەن تىرنىسىنى ئېلىپ يەرگە پاتۇردى . شاسېڭ ھاسىسىنى ئېلىپ تامنىڭ تۈۋىگە يۆلەپ قويدى . ئوتتۇرانچە شاھزادە بىلەن كەنجە شاھزادە يۇگۇرۇپ بېرىپ قوللىرىغا ئالماقچى بولۇۋىدى ، ئەپسۇسكى ، چۇمۇلىنىڭ تۈۋرۈكنى مىدىرلىتالمىغىنىغا ئوخشاش قوراللارنى مىدىرلىتالمىدى . بۇنى كۆرۈپ چوڭ شاھزادە :
— ئىنىلىرىم ، بىكارلا كۈچىمەڭلار ، ئۇستازلارنىڭ قورالى خاسىيەتلىك ئىكەن . بۇلارنىڭ ئېغىرلىقى زادى قانچىلىكتۇ ؟ — دېدى .
— تىرنام ھېچقانچە ئېغىر ئەمەس ، سېپى بىلەن قوشقاندا بەش مىڭ قىرىق سەككىز جىڭ كېلىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .
كەنجى شاھزادە شاسېڭدىن سورىدى :
— سىزنىڭ ھاسىڭىز قانچىلىك ئېغىر ؟
— مېنىڭمۇ بەش مىڭ قىرىق سەككىز جىڭ ، — دېدى شاسېڭ .
چوڭ شاھزادە سۇن ۋۇكۇڭدىن ئالتۇن توقىنى كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ قۇلىقىدىن بىر يىڭنىنى ئېلىپ شامالغا قارىتىپ پىلدىرلاتقانىدى ، چىنىدەك توملۇقتا ئۇزۇن بىر كالتەك بولدى . پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى ، باشقا بەگلەرنىڭمۇ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى .
شاھزادىلەر تەڭلا تەزىم قىلىپ سورىدى :

— جۇ ئۇستاز ، شا ئۇستاز قورالىرىنى يىنىدا ئېلىپ يۈرىدىكەن ، سىز ئۇنى نېمىشقا قولىقىڭىزغا سېلىۋالسىز ، بۇ كالتەك نېمىشقا شامالغا تۇتسىڭىز يوغىنايدۇ؟

— سىلەر ئۇقمايسىلەر ، مېنىڭكىدەك كالتەك بۇ ئالەمدىكى بەندىلەردە يوق . بۇ كالتەك بىرىنچى توخۇ چىللىغاندا تاۋلانغان پولاتتىن سوقۇلغان ، ئۇنى سۇ تەگرىسى دايۋي دېگىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ دەپ دېگىنىز ئاستىغا ئورناتقان ، كېيىن مەن بىر سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى دېگىنىز ئاستىدىن ئېلىپ «ئالتۇن توقا» ، دەپ ئىسىم قويغان . ئۇنى چوڭايتقىلى ، كىچىكلەتكىلى ، ئىنچىكە ۋە توم قىلغىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ياردىمى بىلەن مەن ئۆز ۋاقتىدا ئەرشنى مالىمان قىلغان ، جەھەننەمگە ھۇجۇم قىلغان ، كۆھقاپتىكى جىن - ئالۋاستى ، دىۋە - پەرىلەرنى يوقاتقان . شۇڭا بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك نەرسە .

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر ئارقا - ئارقىدىن تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى . ئاندىن شاھزادىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئىلتىماس قىلدى .

— قانداق ھۈنەرنى ئۆگىنىسىلەركىنتاڭ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— كالتەك ئىشلىتىشنى خالايدىغانلار كالتەك ھۈنىرىنى ، تىرنا ئىشلىتىپ ئۆگەنگەنلەر تىرنا ھۈنىرىنى ، توقماقتا ئادەتلەنگەنلەر توقماق ھۈنىرىنى ئۆگىنەيلى ، — دېدى شاھزادىلەر .

— ئۆگىتىش ئاسان . بىراق ، بۇ قوراللىرىمىزنى ئىشلىتەلىگۈدەك كۈچۈڭلار يوققۇ دەيمەن . سىلەر ھەقىقەتەن ئۆگىنىشنى نىيەت قىلغان بولساڭلار ، ئاسمان ، زېمىن تەڭرىلىرىگە ئاتاپ كۆجە كۆيدۈرۈپ نەزىر قىلىڭلار ، مەن سىلەرگە ئىلاھىي كۈچ ئاتا قىلاي ، ئاندىن ھۈنەر ئۆگىنىشكە كىرىشىڭلار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شاھزادىلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردى ، كۆجە كۆيدۈرۈپ ، ئاسمان ، زېمىن تەڭرىلىرىگە

چوقۇندى . ئۇنى تۆگىتىپ بولۇپ ھۆنەر ئۆگىتىشنى ئىلتىماس قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇرۇلۇپ تاڭ سەنزاڭغا تەزىم بىلەن ئىلتىجا قىلدى :

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز ، شاگىرتلىرىنى ئەپۇ قىلغايلا . بۈگۈن بۇ مۇبارەك زېمىندا ئىخلاسمەن پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بىزدىن ماھارەت ئۆگىنىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ . بۇ بىز شاگىرتلار ھەم ئۇستاز ئۈچۈن زور شەرەپ . شۇڭا ئۇستازدىن بۇ شاگىرتلارنى ئۆگىتىشكە ئىجازەت سورايمىز .

تاڭ سەنزاڭ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى . جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ سۇ ۋۇكۇڭنىڭ ئۇستازغا سالام بەرگىنىنى كۆرۈپ تەڭلا بۇرۇلۇپ تاڭ سەنزاڭغا باش قويۇپ شۇنداق دېدى :

— ئۇستاز ، بىز كالۋاراق ، گەپنى كېلىشتۈرۈپ قىلالمايمىز . سىلىنىڭ ئىككىمىزگىمۇ رۇخسەت قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمىز . بۇمۇ غەرب سەپىرىدە قالدۇرغان بىر ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن .

تاڭ سەنزاڭ خۇشاللىق بىلەن رۇخسەت قىلدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۈچ شاھزادىنى شارقىراتمىلىق شىپاڭغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن جىمجىت بىر ھۇجرىغا ئەكىردى ، بىر دائىرە سىزىپ ، ئۇلارنى شۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى . ئاندىن ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇپ ، خاسىيەتلىك ھاۋانى پۈۋلەپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى . تەڭرىلەرگە ئاتاپ ئەپسۇن ئوقۇپ ، ئۇلار ئارقىلىق بۇلارغا ئىلاھىي كۈچ ئاتا قىلغۇزدى . ئۈچ شاھزادە ئېسىگە كېلىپ تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاجايىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن چوڭ شاھزادە ئالتۇن توقىنى ، ئوتتۇرانچى شاھزادە توققۇز چىشلىق تىرنىنى ، كەنچى شاھزادە خاسىيەتلىك ھاسىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى .

پادشاھ بۇنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولدى ، دەررۇ پەرھىز تائام تەييارلىتىپ ئۇستاز ۋە شاگىرتلارغا مىننەتدارلىق

بىلدۈردى. ئاندىن ئۇلار مەشىققە چۈشۈپ كەتتى، كالتەك ھۈنىرىنى ئۆگىنىدىغىنى كالتەك؛ تىرنا ھۈنىرىنى ئۆگىنىدىغىنى تىرنا؛ توقماق ھۈنىرىنى ئۆگىنىدىغىنى ھاسىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. بىرقانچە قېتىمدىن چۆرگىلەپ، بىرنەچچە مەرتىۋە شىلتىغان بولسىمۇ، بۇلار بەرىبىر ئادەتتىكى ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن تەرلەپ-پىشىپ، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كەتتى، ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈنى مەشىقنى بالدۇرراق تاماملاپ غىزاغا ئولتۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈچ شاھزادە كېلىپ بۇلارغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بىزگە ئىلاھىي كۈچ ئاتا قىلغىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت. سىلەرنىڭ قورالىڭلار بىلەن ئايلانماق تەس ئىكەن. تۆمۈرچىلىرىمىزگە بۇيرۇپ، سىلەرنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ سەل يېنىكرەك قورالدىن بىرنەچچىنى ياسىتىپ شۇنى ئىشلەتسەك قانداق بولار؟

— بولىدۇ! بولىدۇ! ئەلۋەتتە بولىدۇ! — دېدى جۇ باجىي، — سىلەرنىڭ گېپىڭلارمۇ ئورۇنلۇق، بىرىنچىدىن، بۇلارنى سىلەر ئىشلىتەلمەيسىلەر؛ ئىككىنچىدىن، بىز بۇلار بىلەن جىن-ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ دىنىمىزنى قوغدىساق بولمايدۇ. شۇڭا، باشقىنى ياسىتىڭلار.

شاھزادىلەر شۇئان تۆمۈرچىلەرنى يىغدۇردى، ئون مىڭ جىڭ پولات ئەكەلدۈرۈپ ئوردىنىڭ ئالدىنقى ھويلىسىغىلا دۇكان قۇرغۇزۇپ ئىشقا چۈشۈردى. بىرىنچى كۈنى پولاتلار تاۋلاندى، ئەتىسى سۈن ۋۇكۇڭ قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ ئالتۇن توقىسى، توققۇز چىشلىق تىرنىسى، ئالۋاستىنى يوقىتىدىغان ھاسىسى سوراپ كېلىندى. ئۇستىلار شۇنىڭدىن نۇسخا ئېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.

پاھ! بۇ قوراللارنىڭ ھەممىسى بىباھا ئېسىل قوراللار ئىدى. ئۇلاردىن چىققان نۇرلار ئاسمان-پەلەككە يەتتى، خاسىيەتلىك ھاۋا

جىمى جاھاننى قاپلىدى. بىر كىچىسى بىر ئالۋاستى — شەھەردىن ئاران يەتمىش چاقىرىم نېرىدىكى قاپلانبېشى تېغى، يولۋاسئېغىزى ناملىق غاردا تۇرىدىغان ئالۋاستى بۇ نۇرلارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بۇلۇتنى ھەيدەپ كەلدى. ئۇ بۇ نۇرنىڭ شاھ ئوردىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇلۇتتىن چۈشۈپ يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۈچ قورال شۇنداق نۇر چېچىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئالۋاستىنىڭ چېچىكى چاي بولۇپ كەتتى: «پاھ كارامەت نەرسە ئىكەن! ئېسىل ئەڭگۈشتەر ئىكەن! قانداق ئادەم ئىشلىتىدىغاندۇ ئۇنى؟ نېمىشقا بۇ يەرگە قويۇپ قويغاندۇ؟ مېنىڭ ئامىتىم كەپتۇ، ئېلىپلا كېتەي! ئېلىپ كېتەي!» ئۇ شۇ ئوي بىلەن شامال چىقىرىپلا بۇ قوراللارنى ئېلىپ غارىغا بېرىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارنىڭ قورالىرىنى قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## سەكسەن توققۇزىنچى باب

### سېرىق شىردىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستىنىڭ زىيانكەش بولغانلىقى
### شاگىرتلارنىڭ پەنت بىلەن قاپلانىيشى تېغىنى قالايمىقان قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، تۆمۈرچىلەر نەچچە كېچە ـ كۈندۈزلەپ تىنىماي ئىشلىگەچكە بۇ كېچە قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئۈچ قورال يوق تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممىسىنىڭ قورققىنىدىن جېنى تۇمشۇقىغا كەلدى، تەرەپ ـ تەرەپنى ئىزدىدى. ئۈچ شاھزادە ئىچكىرىدىن چىقىشى بىلەن تۆمۈرچىلەر ئۇلارغا باش قويۇپ:

— شاھزادىلىرىم، ئەۋلىيا ئۇستازلارنىڭ قوراللىرى يوق تۇرىدۇ! — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ شاھزادىلەرمۇ قورقۇپ كەتتى:

ئۇستازلار بۈگۈن كېچە ئەكىرىپ كەتتىمىكىنتاڭ؟ ئۇلار ھاپىلا ـ شاپىلا شارقىراتمىلىق شىپاڭغا كېلىپ قارىسا، ئاق ئات دەھلىزدە يېتىپتۇ. ئۇلار ئىختىيارسىز: «ئۇستازلىرىمىز ئۇخلاۋېتىپتۇ!» دېگەنىدى، شاسېڭ: «ئورنىمىزدىن تۇردۇق» دەپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، شاھزادىلەرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بۇ يەردىمۇ قوراللارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ ئالاقزادىلىك بىلەن سورىدى:

— ئۇستازلار، قوراللارنى ئەكىرىۋالغانمىدىڭلار؟

— ياق، ئەكىرمىدۇق! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئاندىن قورۇغا چىقتى، قارىسا، راست دېگەندەك

قوراللار ئاقتىمۇ ـ كۆكتىمۇ يوق ئىدى .

— بۇنى چوقۇم تۆمۈرچىلەر ئوغرىلىۋالدى ! تېز تاپشۇرۇش ! بولمىسا جىنىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن ، — دېدى جۇ باجىي .

تۆمۈرچىلەر قار ـ يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ باش قويۇپ :

— غوجىلىرىم ، بىز كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلىگەچكە ھېرىپ كېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇق . ئەتىگەندە تۇرۇپ قارىساق قوراللار كۆرۈنمىدى . بىز ئاددىي ئىنسان تۇرساق ، بۇ خاسىيەتلىك قوراللارنى قانداق كۆتۈرەلەيمىز ؟ غوجىلىرىم ، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىشسىلە ! بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىشسىلە ! — دېدى ۋە ئالمىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى .

شۇ جېدەل ئۈستىگە پادىشاھ چىقىپ قالدى ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ ئۇققاندىن كېيىن ، ئۇنىڭمۇ چىرايىدىن قان قاچتى . ئۇ بىرپەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى :

بۇ قوراللار ئادەتتىكى قوراللارغا ئوخشىمايدىغان خاسىيەتلىك بولغاچقا ، بىرەر يۈز ئادەممۇ ئۇنى جايىدىن قوزغىتالمايدۇ . بىز مانا بەش ئەۋلادتىن تارتىپ بۇ شەھەرنى سوراپ كېلىۋاتىمىز . پو ئاتقىنىم ئەمەس ، مېنىڭ دانىشمەن دېگەن ئاتىقىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر ، شەھىرىمدىكى لەشكەر ، پۇقرا ۋە ھۈنەرۋەنلەرمۇ قانۇنىمدىن قورقۇپ ئالدامچىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ . ئەۋلىيالىرىم ، ئويدىراق ئويلىنىپ ئاندىن بىرنېمە دېيىشەلا .

— ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ، — تۆمۈرچىلەرگىمۇ ئۇۋال قىلساق بولمايدۇ . قېنى ئېيتىڭلارچۇ ، بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى بىرەر تاغ ياكى ئورماندا ئالۋاستى بارمۇ ؟

— ئەۋلىيالارنىڭ بۇ سوئالىمۇ ئورۇنلۇق ، — دېدى پادىشاھ ، — شەھىرىمىزنىڭ شىمالىدا قاپلانبېشى ناملىق بىر تاغ ، تاغدا يولۋاسئېغىزى دەيدىغان بىر غار بار . بەزىلەر ، ئۇ غاردا پەرىشتىلەر بارئىكەن ، دېيىشىدۇ . يەنە بەزىلەر ، ئالۋاستى بار ئىكەن دەيدۇ . مەن ئۆزۈم زادى قانداق مەخلۇق بارلىقىنى

بىلمىدىم.

— بولدى سۆزلىمەڭ، بۇنى چوقۇم شۇ يەردىكىلەر قىلغان نېمە. ئۇلار بۇنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېچىدە ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، ئاندىن تاپشۇرۇق بەردى، — جۇ باجىي، شاسېڭ، سىلەر بۇ يەردە ئۇستازنى ئوبدان قوغداڭلار، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، مەن بېرىپ ئىزدەپ كېلەي، — ئۇ يەنە تۆمۈرچىلەرگە ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماستىن ئىشنى قىلىۋېرىشنى بۇيرۇدى.

مايمۇن پادىشاھ تاڭ سەنزاڭ بىلەن خوشلىشىپ ۋىژ قىلىپلا كۆزدىن غايىب بولدى ۋە قاپلانبېشى تېغىغا يېتىپ باردى. بۇ يەر شەھەردىن ئاران ئوتتۇز چاقىرىم نېرىدا بولغاچقا، ئۇ بىردەمدىلا يېتىپ باردى. ئۇ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ قارىسا، دەرۋەقە ئالۋاستى - جىنلارنىڭ ھىدى كەلدى. شۇ ئەسنادا، تۇساتتىن تاغ كەينىدىن ئادەمچە سۆزلىگەن ئاۋاز كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىسا، بۆرە باشلىق ئىككى ئالۋاستى سۆزلەپ غەربتىن شىمالغا كېتىۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ: «بۇلار چوقۇم تاغنى كۆزەت قىلىۋاتقان ئالۋاستىلار، بېرىپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايچۇ قېنى، نېمە دەيدىكىن ئۇلار» دەپ ئويلىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر دومىلاپلا كېپىنەككە ئۆزگەردى - دە، قانات قېقىپ ئۇچۇپ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى، ئۇلارنىڭ بېشى ئۇستىدە ئۇچۇپ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— ئاكا، يېقىندىن بېرى بېگىمىزگە ئارقا - ئارقىدىن ئامەت كېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن ئايدا ئۇ بىر ساھىبجامالنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى، ھازىر خۇشال كەيپ - ساپا قىلىۋاتىدۇ. بۈگۈن كېچە يەنە ئۈچ قورالنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، بۇلار ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك بىباھا ئەڭگۈشتەر ئىكەن. ئەتە «تىرنا زىياپىتى» بېرىپ بۇنى تەبرىكلىسە، بىزمۇ نېسىۋىسىز قالمايدىكەنمىز - ھە، — دېدى ئالۋاستىلارنىڭ بىرى.

— بىزنىڭمۇ ئاز - تولا تەلىيىمىز بار ئىكەن، — دېدى

ئالۋاستىلارنىڭ يەنە بىرى ، — مانا بىزگە قوي ، چوشقا ئىلىڭلار دەپ يىگىرمە سەر تەڭگە تۇتقۇزدى . بازارغا بارغاندا ئاۋۋال بىرنەچچە رومكا مەي ئىچىۋالايلى ، ئاندىن نەرسىلەرنىڭ نەرخىنى يالغان مەلۇم قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ سەر تەڭگىنى ئاشۇرۇۋالايلى ، ئۇنىڭغا پاختىلىق كىيىم ئىلىپ قىشتىن بەخۇدۇك چىقىۋالمايمىزمۇ ، قانداق دېدىم !

ئىككىيلەن شۇ تەرزدە سۆزلىشىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ «تىرنا زىياپىتى» بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولدى . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپلا ئىشنى تۈگىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، قورال بولمىغاچقا ، ئامال يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۇچقاندەك ئالدى تەرەپكە ئۆتۈپ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى . ئالۋاستىلار يېنىغا كەلگەندە مىخلاپ قويۇش ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇلارغا ھۈرگەندى ، ئۇ ئىككىسى جايىغا مىخلىنىپلا قالدى ، كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ ، ئاغزى گەپكە كەلمەس بولدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ پۇتىنى ئاسمانغا ، بېشىنى يەرگە قىلىپ قويۇپ ، يانچۇقىنى ئاختۇرغاندى ، دېگەندەك يىگىرمە سەر تەڭگە چىقتى . ئۇ پۇللارنى ئېلىپ ھەمىيىنىغا سېلىپ بېلىگە ئاستى ، ئاندىن سىرلانغان بەلگىنى ئالدى ، ئۇنىڭ بىرىگە «قۇۋشەيتان» ، يەنە بىرىگە «شەيتانقۇۋ» دەپ يېزىلغانىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ پۇللارنى ، بەلگىلەرنى ئېلىپ شەھەرگە ياندى ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان پادىشاھ ، شاھزادە ، تاڭ سەنزاڭ ۋە چوڭ ـ كىچىك بەگلەر ، تۆمۈرچىلەرگە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .

— مېنىڭ ئەڭگۈشتىرىم ھەممىدىن بەك نۇر چاچىدىغان بولغاچقا ، ئۇنى قوي ، چوشقا سويۇپ تەبرىكلەيدىغان ئوخشايدۇ ، ئەمدى ئۇنى قانداق قولغا چۈشۈرىمىز ؟ — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

— بۇنىڭغا ئۇچىلىمىز بارىمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بۇ پۇللارنى تۆمۈرچىلەرگە بېرەيلى ، ئۇلار قوي ، چوشقا تاپسۇن . جۇ باجيې ، سەن «قۇۋشەيتان» بولىسەن ، مەن «شەيتانقۇۋ»

بولمەن، شاسىك قوي ـ چوشقا ساتقۇچى بولدۇ. ئۇچىمىز يولۋاسىئىبغىزى غارىغا بارىمىز. پۇرسەت تېپىپ قورالىرىمىزنى ئالىمىز ـ دە، ئالۋاستىلارنى قويماي يوقىتىپ كېلىپ، نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىمىز.

— بەللى! ئاجايىپ قالتىس پىلان بولدى بۇ! كېچىكمەيلى، تېز يولغا چىقايلى، — دېدى شاسىك.

پادىشاھ بۇ پەنت ئۇچۇن باشقۇرغۇچىغا يەتتە ـ سەككىز چوشقا، تۆت ـ بەش قوي جايلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئۇچەيلەن ئۇستازدىن ئايرىلىپ شەھەردىن چىقىپلا كارامىتىنى كۆرسەتتى. جۇ باجىي:

— ئاغا، مەن «قۇۋشەيتان»نى كۆرمىگەن تۇرسام قانداقمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرەلەيمەن؟ — دېدى.

— ئۇ ئالۋاستىلارنى مەن يولغا مىخلاپ قويدۇم. ئۇ نېمىلەر ئەتە ئەتىگەندە ئۆزىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۇرقى ئېسىمدە بار، سەن جىم تۇرغىن، مەن سېنى ئۆزگەرتەي... مۇنداق... مانا مۇنداق... ھەببەللى، ئەمدى بولدى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ. جۇ باجىي ئەپسۇن ئوقۇدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئىلاھىي نەپىسى بىلەن پۈۋلىگەندى، ئۇ «قۇۋشەيتان»غا ئوپئوخشاش بولۇپ ئۆزگەردى، ئاندىن بەلگىنى بېلىگە ئېسىۋالدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزى «شەيتانقۇۋ»نىڭ قىياپىتىگە كىردى ۋە بېلىگە بەلگە ئېسىۋالدى. شاسىك مال ساتقۇچى قىياپىتىگە كىردى ـ دە، ماللارنى ھەيدەپ تاغقا قاراپ يول ئالدى. ئۇزاققا قالماي ئۇلار تاغ ئىچىگە كىرىپ يەنە بىر جىنغا يولۇقتى. بۇ جىن سول قولتۇقىغا رەڭدار تەكلىپ قەغىزىنى قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۇ سۈن ۋۇكۇڭلارنى كۆرۈپ:

— «شەيتانقۇۋ»، قايتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ قوي ـ چوشقىدىن نەچچىنى ئالدىڭلار؟ — دېدى.

— مانا كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

ھېلىقى جىن شاسىككا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— بۇ كىم؟

— بۇ ياق مال ساتقۇچى بولىدۇ . ئۇنىڭ بىزدە نەچچە سەر تەڭگىسى قالغانىدى ، شۇنى ئالغىلى كەلدى . سەن نەگە ماڭدىڭ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بامبۇك تېغىغا چوڭ غوجامنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغىلى ماڭدىم ، — دېدى جىن .

— ھەممىسى بولۇپ قانچىلىك ئادەم قاتنىشىدىكەن بۇ زىياپەتكە ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ .

— چوڭ غوجام تۆردە ئولتۇرىدىكەن ، بىزنىڭ غوجىمىز بولۇپ چوڭ - كىچىك بەگلەردىن قىرىق نەچچىسى قاتنىشىدىكەن ، — دېدى جىن . شۇ ئارىلىقتا جۇ باجيې سۆز قىستۇردى :

— ماڭايلى ! ماڭايلى ! قوي - چوشقىلار تاراپ كەتكىلى تۇۋاتىدۇ !

— سەن مېڭىپ تۇرغىن . مەن بۇ تەكلىپنامىنى كۆرۈپ بېقىپ ئارقاڭدىن باراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جىن سۇن ۋۇكۇڭنى ئۆز ئادەم دەپ تونۇپ تەكلىپنامىنى ئېچىپ كۆرسەتتى . تەكلىپنامە مۇنداق يېزىلغانىدى :

*ئەتە ئۆزلىرىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن نازۇنېمەت تەييارلاپ «تىرنا زىياپىتى» ئۆتكۈزمەكچىمەن ، قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن . چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن !*

*بۈزرۈكۋار ئەۋلىيا ئالىيلىرىغا تەكلىپ تەزىم بىلەن مۇخلىسلىرى سېرىق شىر .*

سۇن ۋۇكۇڭ كۆرۈپ بولۇپ جىنغا قايتۇرۇپ بەردى . جىن بۇنى قۇتىغا سېلىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ كەتتى .

— ئاغا ، تەكلىپنامىگە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟ — دەپ سورىدى شاسېڭ .

— بۇ «تىرنا زىياپىتى»گە چاقىرىلغان تەكلىپنامە ئىكەن . تەكلىپ قىلغۇچى «مۇخلىسلىرى سېرىق شىر» دەپتۇ ، تەكلىپ

قىلىنغىنى «بۇزرۇكۋار ئەۋلىيا ئالىيلىرى» ئىكەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— سېرىق شىر دېگىنى سېرىق تۈكلۈك شىردىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستى بولسا كېرەك. لېكىن، بۇزرۇكۋار ئەۋلىيا دېگىنى قانداق مەخلۇقتۇ؟ — دېدى شاسېڭ.

بۇنى ئاڭلىغان جۇ باجيې كۈلۈپ:

— مېنىڭ خىلىمدىن ئۇ، — دېدى.

— سېنىڭ خىلىڭلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— كونىلاردا: «تاز مېكىجىن سېرىق تۈكلۈك شىرنىلا قوغلايدۇ» دېگەن گەپ بار. مانا شۇنىڭدىن بىلدىم، — دېدى جۇ باجيې. ئۈچەيلەن كۈلكە - پاراڭلار بىلەن ماڭدى. يولۋاسئېغىزى غارىمۇ كۆرۈندى. غار ئاغزىغا كەلگەندە، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئارىسىدا ئويناپ يۈرگەن چوڭ - كىچىك جىن - ئالۋاستىلار ئۈچرىدى. جۇ باجيېنىڭ «ئوش - كۆش» قىلىپ ماللارنى ھەيدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىسى تەڭلا كەلدى - دە، بەزىلىرى چوشقا، بەزىلىرى قوينى تۇتۇپ باغلىدى. بۇ پاتىپاراقچىلىقتىن چۆچۈپ كەتكەن ئالۋاستى ئۇندەك جىننى باشلاپ چىقىپ سورىدى:

— قايتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ قوي، چوشقىدىن نەچچىنى ئەكەلدىڭلار؟

— سەككىز چوشقا، يەتتە قوي بولۇپ جەمئىي ئون بەش تۇياق مال ئالدۇق. چوشقىنىڭ پۇلى ئون ئالتە تەڭگە، قوينىڭ توققۇز تەڭگە بولدى. يىگىرمە تەڭگىنى بەردۇق، يەنە بەش تەڭگە قەرز بولۇپ قالدۇق. شۇڭا بۇ مېھمان شۇ پۇلنى ئالغىلى كەلدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ:

— مۇلازىم، دەررۇ بەش تەڭگە بېرىپ ئۇنى ماڭغۇزۇۋەت، — دېدى.

— بۇ مېھمان بىرىنچىدىن، پۇلنى ئالغىلى؛ ئىككىنچىدىن، مۇراسىم كۆرگىلى كەلدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئالۋاستىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تىللاپ كەتتى:

— ھـۇ قـۇۋ خـۇمـپـەر! ئـالـدىغىنىڭنى ئېلىپ كەلسەڭلا بولمىدىمۇ، باشقىلارغا بۇنى نېمىشقا دەيتتىڭ!

— غوجام، سىلى قولغا كەلتۈرگەن ئەڭگۈشتەر چوقۇم دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان نەرسە. بۇ ئادەم كۆرۈپ باقمىسۇنمۇ، نېمىدىن قورقاتتىلا، — دېدى جۇ باجىي.

— سەنمۇ بولمايدىغان نېمىكەنسەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئالۋاستى، — مەن بۇ ئەڭگۈشتەرنى يۇيخۇا شەھىرىدىن ئەكەلدىم. بـۇ مېھمان ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ گەپنى شەھەردىكىلەرگە يـېـيـىـۋەتسە، بۇنى ئۇققاندىن كېيىن پادىشاھ كېلىپ قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا قانداق بولىدۇ؟

— غـوجـام، بـۇ مـېـھمان شەھەرگە بەكمۇ يىراق تاغنىڭ ئارقىسىدىن كەپتۇ. ئۇ شەھەرلىك بولمىسا، نېمىشقا گەپ تارتىپ يۈرىدۇ؟ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، بىزمۇ ھـېـچ نـەرسە يېمىدۇق. ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا تاماق بېرىپ يولغا سېلىۋېتەيلى ئەمىسە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

شۇ ئارىلىقتا بىر ئالۋاستى بەش سەر كۈمۈش ئاچىقىپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى شاسېڭغا بېرىپ:

— مېھمان، مانا بۇ پۇلنى ئېلىڭ. يۈرۈڭ، بىز بىلەن بېرىپ تاماق يەۋېلىڭ، — دېدى.

شاسېڭ يۈرەكلىك ھالدا سۇن ۋۇكۇڭ، جۇ باجىيلار بىلەن غـارغـا كـىـردى. ئىككىنچى سارايغا كىرگەندە قارىسا، ئۆينىڭ ئـوتـتـۇرىـسـىغا شىرە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىرنا تىكلەپ قويۇلغانىدى. تىرنا ۋال ـ ۋۇل چاقناپ نۇر چېچىپ تۇراتتى؛ شەرق تەرەپكە ئالتۇن توقا، غەرب تەرەپكە ھاسا يۆلەپ قويۇلغانىدى.

ئالۋاستى ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا كىرىپ:

— مـېـھمان، ئەنە ئوتتۇرىدا نۇر چېچىپ تۇرغىنى تىرنا.

ئوبدان كۆرۈۋېلىپ چىقىپ كەت ، ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما ، — دېدى . شاسىڭ ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتتى .

«مال ئىگىسىنى تاپتى» دېگەن شۇ ـ دە ! جۇ باجىي ئەسلىدىنلا ھولۇقۇپ تۇرغاچقا ، تىرنىنى كۆرۈپلا تۇرالمىدى ، يۈگۈرۈپ بېرىپ قولىغا ئېلىپلا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى ۋە ئالۋاستىغا ئېتىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاسېڭمۇ ئۆز قوراللىرىنى ئېلىپ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى . ئۈچەيلەن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ، ھېلىقى ئالۋاستى يۈگۈرۈپ كەينىدىكى ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنىڭ گۈرجىكىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ قورالىنى توسۇپ ۋارقىرىدى :

— ساختىپەزلىك قىلىپ ئەڭگۈشتىرىمنى ئالداپ ئېلىۋالدىغانغا نېمە ھەددىڭ ؟ سەنلەر زادى كىم ؟

— سەن يۈگلۈق مۇناپىقنى ھېلى جۇمۇ ! — دەپ تىللىدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بىزنى تونۇمايۋاتامسەن ! بىز شەرقىي دىياردىكى مۇقەددەس راھىب تاڭ سەنزاڭنىڭ شاگىرتلىرى بولىمىز . يۇيخۇا شەھىرىگە كېلىپ يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرغىچە ، پادشاھ بىزنى ئۈچ ئوغلىغا ئۇستاز بولۇپ ماھارەت ئۆگىتىشنى ئىلتىماس قىلدى . بىزنىڭ قوراللىرىمىزغا قاراپ قورال ياسىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىز قوراللىرىمىزنى ھويلىدا قويۇپ قويساق ، سەن يۈگدارجىن كېچىدە بېرىپ ئوغرىلىۋاپسەن . «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك ، تېخى بىزنى ئالدامچى دەيسەنا ! قاچما ، قوراللىرىمىزنىڭ تەمى باشقا ـ باشقا ، تېتىپ كۆر !

ئالۋاستى گۈرجەك بىلەن جەڭگە كىردى . ئۇلار سوقۇشا ـ سوقۇشا غارنىڭ ئاغزىغا چىقتى . تاغ ئۈستىدە بىرپەس ئېلىشقاندىن كېيىن ، ئالۋاستى بۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ شاسېڭغا «گۈرجىكىمگە قار !» دەپ ۋارقىرىدى . شاسىڭ شاققىدە ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا ، ئۇ غۇي قىلىپ ئاسمانغا چىقىپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاچتى . جۇ باجىي قوغلىماقچى بولۇۋېدى ، سۇن ۋۇكۇڭ توسۇپ قويدى :

— «قاچقاننى قوغلىما ، ئۇۋىسىنى بۇز» دېگەن گەپ بار . ئۇ

قاچسا قېچىۋەرسۇن .

جۇ باجىي بۇنىڭغا ماقۇل بولدى .

ئۇچەيلەن ئۇدۇل غارغا كېلىپ ئۇ يەردىكى بىرەر يۈزدەك جىننى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئەسلى بۇلار يولۋاس ، بۆرە ، ئارسلان ، قاپلان ، ئات ، كېيىك ، ئۆچكە ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭ سېھرى كۈچ بىلەن غاردىكى نازۇك ، يۇمشاق نەرسىلەرنى ، ئۆزلىرى ئەكەلگەن قوي ، چوشقىلارنى سىرتقا ئاچىقىۋالدى . شاسېڭ ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت ياقتى . جۇ باجيې ئىككى قولىقىدا ئوتنى يەلپۈپ بىردەمدىلا غارنى كۆيدۈرۈپ كۆلىنى كۆككە سورىدى . ئۇلار ئاچىقىۋالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتى .

بۇ چاغدا شەھەر دەرۋازىسى تېخى ئوچۇق بولۇپ ، كىشىلەر ياتمىغانىدى ، شاھزادىلەر تاڭ سەنزاڭ بىلەن شارقىراتمىلىق شىپاڭدا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇلار كېلىپ ئۆلۈك چوشقا ، قوي ، هايۋانلارنى ۋە يۇمشاق ، نازۇك نەرسىلەرنى گۈپۈلدىتىپ يەرگە تاشلاپ ، تەڭلا :

— ئۇستاز ، بىز زەپەر قۇچۇپ قايتتۇق ! — دېدى . ئۇلار ئۆزئارا تەشەككۇر ۋە هۆرمەت بىلدۈرۈشتى . تاڭ سەنزاڭ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى . شاهزادىلەر تىزلىنىپ تەزىم قىلغانىدى ، شاسېڭ ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ :

— بۇنىڭ هاجىتى يوق ، كېلىپ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈڭلار ! — دېدى . شاهزادىلەر بۇنى كۆرۈپ سورىدى :

— بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىن ئەكەلدىڭلار ؟

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ مۇنداق دېدى :

— جىنلارنىڭ هەممىسى يولۋاس ، بۆرە ، ئارسلان ، قاپلان ، ئات ، كېيىك ، ئۆچكىدىن ئۆزگەرگەنىكەن . بىز قوراللىرىمىزنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى غاردىن قوغلاپ چىقاردۇق . قېرى ئالۋاستى سېرىق شىردىن ئۆزگەرگەنىكەن ، ئۇ گۇرجەك ئېلىپ بىز بىلەن ئېلىشتى ، بىز بىلەن قاراڭغۇ چۈشكۈچە جەڭ قىلىپ ، ئاخىر

يېڭىلىپ شەرقىي جەنۇبقا قېچىپ كەتتى . بىز ئۇنى قوغلىماستىن ، ئۇنىڭ كېلىش يولىنى پۈتۈنلەي توسۇش ئۈچۈن جىنلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكەلدۇق .

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇلارنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتقانلىقىدىن خۇش بولدى ، لېكىن ئالۋاستى كېيىن كېلىپ بىزدىن ئۆچ ئالارمۇ ، دەپ غەم قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھئالەم ، خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ ، بىز چوقۇم ئۇنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ بولۇپ ئاندىن يولغا چىقىمىز . مەن چۈشتە بارغاندا تەكلىپنامە ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆك يۈزلۈك ، قىزىل يۇڭلۇق بىر جىننى ئۇچراتقاندىم . ئۇ ئېلىپ كېتىۋاتقان تەكلىپنامىنى ئوقۇسام : «ئەتە ئۆزلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن نازۇنېمەت تەييارلاپ ‹تىرنا زىياپىتى› ئۆتكۈزمەكچىمەن . قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن . چىن كۆڭۈلدىن رەھمەت ئېيتىمەن ! تەكلىپ تەزىم بىلەن مۇخلىسلىرى سېرىق شىر» دەپ يېزىلغانىكەن ، ئالۋاستى چوقۇم يېڭىلگەندىن كېيىن بوۋىسىنىڭ قېشىغا كەتتى . ئەتە ئەتىگەندە چوقۇم ئۇلار بىزدىن ئۆچ ئالغىلى كېلىدۇ . شۇ چاغدا ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىمىز .

پادىشاھ كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن كەچكى غىزا تەييارلاتتى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار كەچكى تاماقتىن كېيىن يېتىپ قالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، ھېلىقى ئالۋاستى دېگەندەك ئۇدۇل بامبۇك تېغىغا باردى . ئۇ تاغدا ئايلانما غار دەيدىغان بىر غار بولۇپ ، غاردا ياشايدىغان بۈررۈكۋار ئەۋلىيا ئۇنىڭ بوۋىسى ئىدى . ئالۋاستى كېچىچە شامال بىلەن ئۇچۇپ بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا غارغا كېلىپ ئىشىك قاقتى ، جىنلار ئۇنى كۆرۈپ :

— غوجام ، تۈنۈگۈن ئاخشام كۆك يۈز تەكلىپنامە ئېلىپ كەپتىكەن ، بېگىمىز ئۇنى قوندۇرۇپ قالغان . «تىرنا زىياپىتى»

گە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارماقچى بولغانىدى ، ئەجەب بۇگۈن قاق سەھەردە يەنە ئۆزلىرى چاقىرغىلى كەپتىلىغۇ ؟ — دېدى .

— بۇ گەپنى قىلما ، بۇ گەپنى قىلما ! زىياپەت بولمايدىغان بولدى ! — دېدى ئالۋاستى . شۇ ئەسنادا قېرى ئالۋاستى چىقىپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . ئالۋاستى شۇئان قورالىنى تاشلىۋېتىپ باش قويۇپ ، قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتتى . قېرى ئالۋاستى :

— ئوبدان بالام ، تۇنۇگۈن تەكلىپنامە ئەۋەتىپسەن ، بۈگۈن ئۆزۈڭ كەپسەن ، نېمىگە شۇنچە قايغۇرىسەن ؟ — دېدى .

ئالۋاستى باش ئۇرۇپ شۇنداق دېدى :

— پېقىر ئوغلىڭىز تۇنۇگۈن ئاخشام زېرىكىپ ئايغا چىقىپ قارىسام ، يۇيخۇا شەھىرى ئاسمىنى نۇرلىنىپ ئاجايىپ رەڭدار تۇس ئاپتۇ . ئىتتىك بېرىپ قارىسام ، پادىشاھنىڭ ئوردا قورۇسىدا توققۇز چىشلىق ئالتۇن تىرنا ، خاسىيەتلىك بىر ھاسا ۋە بىر ئالتۇن توقا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ . ئۇلارنى سېھىر بىلەن غارغا ئەكېلىپ «تىرنا زىياپىتى» بەرمەكچى بولدۇم . مۇلازىملارنى قوي ـ چوشقا ئەكېلىشكە بۇيرۇپ زىياپەت تەرەددۇتىنى قىلدىم . سىزنىمۇ كۆڭۈل ئاچسۇن ، دەپ چاقىرتماقچى بولدۇم . تۇنۇگۈن كۆك يۈزدىن سىزگە تەكلىپنامە ئەۋەتكەندىن كېيىن قوي ، چوشقا سېتىۋېلىشقا كەتكەن قوۋشەيتانلار بىرنەچچە چوشقا ، قوي ۋە پۇلى قالغانىدى دەپ بىر مال ساتقۇچىنى ئەكەپتۇ . ئۇ تىرنىنى كۆرەي دەپ تۇرۇۋالغانىدى ، مەن باشقىلارغا يېيىۋەتمىسۇن ، دەپ ئۇنىمىدىم . ئۇ يەنە قورسىقىم ئاچتى ، تاماق بەرسەڭلار ، دېدى . ئۇنى تاماق يېگىن ، دەپ ئىچكىرىگە ئەكىرىشىمگە ، قورالنى كۆرۈپلا مېنىڭ دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇچەيلەن بىردىن قورالنى ئېلىپ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى . ئۇلارنىڭ بىرى چاقماق ھەزرەتىنىڭكىدەك تۇمشۇقى بار ، يۈزى يوغلۇق راھىب ، بىرى ئۇزۇن تۇمشۇق ، سالپاڭ قۇلاق راھىب ، يەنە بىرى قاپقارا يۈزلۈك راھىب ئىكەن . ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلماستىنلا ھۇجۇم قىلدى ، مەنمۇ ئالدىراپ ـ

تېنەپ گۆرجىكىمنى ئېلىپ ھەيۋە بىلەن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، نېمانچە ھەددىدىن ئاشىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار، بىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربكە كېتىۋاتقان تاڭ راھىبىنىڭ شاگىرتلىرى بولىمىز، بۇ شەھەردىن ئۆتۈپ يولخېتىنى ئالماشتۇرغاندا شاھزادىلەر بىزنى ماھارەت ئۆگىتىپ قويۇڭلار، دەپ تۇتۇپ قالدى، قوراللىرىمىزنى قورۇدا قويۇپ قويساق ئوغرىلاپ كېتىپسەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىشتۇق، ئۈچ شەيخنىڭ ئىسمى نېمىلىكىنى بىلمىدىم، بىراق قالتىس كارامىتى بار ئىكەن. مەن ئۈچ ئادەمگە تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قېشىڭىزغا كەلدىم، ماڭا ياردەم بەرسىڭىز، ئۇ راھىبلاردىن ئىنتىقامىمنى ئېلىپ، سىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرسام.

قېرى ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ بىرپەس ئويغا چۆمگەندىن كېيىن كۈلۈپ:

— ھە، شۇ ئىكەن - دە! بالام، ئۇقماستىن ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇپسەن! — دېدى.

— بوۋا، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىدىكەنسىز - دە!

— ئۇزۇن تۇمشۇق، سالپاق قۇلاق راھىب جۇ باجيې؛ قاپقارا يۈزلۈكى شاسېڭ؛ بۇ ئىككىسى دۆترەك. يۈزى يۈڭلۈك، تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغىنى سۇن ۋۇكۇڭ. بۇ ئادەمنىڭ قالتىس كارامىتى بار. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل مۇقەددەم ئەرشنى مالىمان قىلغان، يۈز مىڭ ئەرش لەشكىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن. سەن نېمىدەپ ئۇنىڭغا چېقىلدىڭ؟ بوپتۇ، مەن سەن بىلەن بېرىپ يۈيخۇا پادىشاھىنى تۇتۇپ ئەنتىڭنى ئېلىپ بېرەي.

قېرى ئالۋاستى شۇئان چوڭ - كىچىك شىر، تۈلكە، پىل قاتارلىق نەۋرە - چەۋرىلىرىنى يىغىپ قوراللاندۇرۇپ، سېرىق شىرنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇچۇپ قاپلانبېشى تاغقا كەلدى. شۇئان ئىس - تۈتەك ھىدى ۋە يىغا - زار ئاۋازى كەلدى. زەن سېلىپ قارىسا، قۇۋشەيتان بىلەن شەيتانقۇۇ: «ۋاي غوجام، ۋاي

تۆرەم» دەپ نالە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئالۋاستى يېقىن كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ھەرقايسىڭ راستلا قۇشەيتان بىلەن شەيتانقۇۋمۇ؟

بۇ ئىككى جىن شۇئان باش قويۇپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىز قانداقمۇ يالغان بولايلى؟ تۇنۇگۈن پۈلنى ئېلىپ، قوي، چوشقا ئالغىلى كېتىۋاتساق، يۇڭلۇق يۈز، چاقماق ھەزرەتنىڭكىدەك تۇمشۇقى بار بىرى ئۇچراپ بىزگە بىرنى تۇكۈردى. شۇئان پۇتلىرىمىز يۇمشاپ، زۇۋانىمىز تۇتۇلۇپ، گەپ قىلالماس، مىدىرلىيالماس بولۇپ قالدۇق. كېيىن ئۇ بىشىمىزنى يەرگە، پۇتىمىزنى ئاسمانغا قىلىپ يېنىمىزنى ئاختۇرۇپ، پۇللىرىمىزنى، بەلگىلىرىمىزنى ئېلىۋالدى. ئىككىمىز مەستخۇش بولۇپ قالدۇق. بۈگۈن ئەتىگەن ھوشىمىزغا كېلىپ ئۆيگە كەلسەك، ئۆيلەر كۆيۈۋېتىپتۇ، سىلى ۋە باشقا بەگلىرىمىز يوق. شۇڭا بۇ يەردە يىغلاۋاتىمىز. بۇ يەرگە قانداق بولۇپ ئوت كەتكەندۇ؟ — دېدى.

ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ كۆز يېشىنى توختىتالمىدى، تىزلىنىپ ئاسمانغا قاراپ غەزەپ بىلەن شۇنداق دېدى:

— جۇۋايىنىمەك تاز! ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان خۇمپەر! شۇنچىۋالا زەھىرىڭنى چېچىپ جايىمنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇپسەن، گۈزىلىمنى ئۆلتۈرۈپسەن! جىمى ئادىمىمنىڭ ئۇرۇق - ۋۇجۇدىنى قويماپسەن! مېنى ئۆلتۈردۇڭمۇ! ۋاي دەردىم!

قېرى ئالۋاستى كېلىپ ئۇنى تارتىپ:

— جېنىم بالام، ئىش بۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ، غەزەپلەنگەننىڭ پايدىسى يوق. ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن، شەھەرگە بېرىپ ئۇ راھىبلارنى يوقىتايلى، — دېدى.

ئالۋاستى ئۇنىماي يىغلاۋەردى، جىق گەپ - سۆز، نەسىھەتتىن كېيىن ئاران دېگەندە بۇ يەرنى تاشلاپ شەھەرگە ماڭدى.

ئۇلار گۈلدۈرلىتىپ بوران چىقىرىپ قويۇق تۇمان بىلەن يېتىپ كەلدى. شەھەر ئەتراپىدىكىلەر بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ،

ئۆي ـ جايىنى تاشلاپ شەھەرگە قاچتى ، ئۇلار كىرىپ بولغان ھامان شەھەر دەرۋازىلىرى مەھكەم تاقالدى . بىرى ئوردىغا كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— ئىش چاتاق ! ئىش چاتاق !

پادىشاھ ۋە ئوغۇللىرى بۇ چاغدا شارقىراتمىلىق شىپاڭدا تاتلىق سىيلىق قاتارلىقلار بىلەن ناشتا قىلىشىۋاتاتتى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىقىپ سورىدى . ئۇلار :

— بىرمۇنچە جىن ـ ئالۋاستى قوم ـ شىبغىللارنى ئۇچۇرۇپ ، تۇمان ۋە بوران بىلەن شەھىرىمىزگە كېلىۋاتىدۇ .

— قانداق قىلارمىز ئەمدى ؟ — دېدى پادىشاھ قورقۇپ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، خاتىرجەم بولۇڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — يولۋاسئېغىزدىكى ئالۋاستى تونوگون يېڭىلىپ شەرقىي جەنۇبقا كەتكەن . ئۇ يەردىن بۇزرۇكۋار ئەۋلىيا دېگەن نېمىلەرنى باشلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ . بىز چىقىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىمىز ، سىز شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى چىڭ ئەتكۈزۈپ ، ئادەملىرىڭىزگە شەھەرنى ئوبدان ساقلاشقا بۇيرۇق قىلىڭ .

پادىشاھ شۇئان دەرۋازىلىرىنى ئېتىشكە بۇيرۇدى ، خانىشلارنى يىغىپ قورغانغا چىقاردى . پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر تاتلىق سىيلىق بىلەن قورغان راۋىقىغا چىقتى . تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەپ ، زەمبىرەكلەر ئېتىلىپ تۇردى . سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلار بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ئاسمانغا چىقىپ دۈشمەنگە قارشى باردى . بۇ جەڭنىڭ زادى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## توقسىنىنچى باب

### *شىرلار پىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى*
### *راھىبلارنىڭ توققۇز باشلىق شىرنى تىنچىتقانلىقى*

ئەلقىسسە ، سۈن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلار شەھەردىن چىقتى ، شىر ئالۋاستىلاردىن بىرمۇنچىسى كېلىۋاتاتتى . سېرىق شىرنىڭ باشلىشىدا سۈەننى ، بۇشياڭ ئىسىملىك شىر سول تەرەپتە ، بەيزې ، فۇلى ئىسىملىك شىر ئوڭدا ، ناۋشې ، شۈشې ئىسىملىك شىرلار ئارقىدا ، ئوتتۇرىدا بولسا توققۇز باشلىق شىر كېلەتتى . كۆك يۈزلۈك جىن گۈل چېكىلگەن بىر ئەلەمنى تۇتۇپ توققۇز باشلىق شىرنىڭ يېنىدىلا يورمەكتە ئىدى . قۇۋۋشەيتان بىلەن شەيتانقۇۋلار ئىككى تۇغنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى .

قارام جۇ باجيې يېقىن بېرىپ تىل سالدى :

— هوي ئوغرىلار ! قەيەرگە مېڭىشتىڭ ! يۈگىدارلىرىڭنى نېمە قىلغىلى ئەكەلدىڭ ؟

سېرىق شىرمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تىللىدى :

— ناكەس تاز ! تۇنۇگۈن ئۈچىڭ بىرلىشىپ بىر ماڭا قارشى تۇرۇشتۇڭ ، يېڭىلىپ قالغىنىمدىن كېيىن بولدى قىلار دېسەم ، ئىچىڭنى يامان قىلىشىپ غارىمنى كۆيدۈرۈشۈپسەن ، تاغلىرىمنى ۋەيران قىلىشىپسەن ، ئۇرۇق - ئەۋلادىمنى قۇرۇتۇشۇپسەن ! ساڭا ھەرقانچە ئۆچلۈك قىلسامۇ ئازلىق قىلىدۇ ! قاچما ! غوجائاكاڭنىڭ گۈرجىكىنى كۆرۈپ باق !

جۇ باجيې ئىرىنىسىنى كۆتۈرۈپ ئېتىلدى ، ئىككىسى تۇتۇشۇپ كەتتى . ئۇلار تېخى بىر - بىرىنى يېڭەلمەي تۇرغاندا ، ناۋشې ئىسىملىك جىن تۆمۈر تىكەننى ، شۈشې بولسا ئۈچ قىرلىق چوكا تۆمۈرنى تۇتۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . جۇ باجيې : «ئەجەبمۇ ئوبدان

كېلىشتىڭ !» دەپ ۋارقىرىدى . شاسېڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنى ئېلىپ ياردەمگە كەلدى . سۇەننى ، بەيزي بىلەن بۇشياڭ ، فۇلى قاتارلىقلارمۇ تەڭلا كەلگەندى ، سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقا بىلەن ئۇلارنىڭ قورالىنى توسۇدى . سۇەننى كالتەك ، بەيزي تۆمۈر توقماق ، جۇشياڭ پولات نەيزە ، فۇلى ئايپالتا تۇتقاندى ، يەتتە ئالۋاستى بىلەن ئۈچ راھىب قانلىق جەڭ قىلدى ، ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى . جۇ باجيېنىڭ گېلى قۇرۇپ ، پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىدى . ئۇ تىرنىسىنى يالغاندىن پۇلاڭلىتىپ قويۇپ قاچقاندى ، شۆشي ، ناۋشېلار ئۇنىڭ ئالدىنى توستى :

— قەيەرگە قاچىسەن ! مانا قارا !

جۇ باجيې قېچىپ ئۇلگۇرەلمىدى ، دۇمبىسىگە چوكا تۆمۈر سانجىلدى . ئۇ يەرگە يىقىلىپ :

— ۋاي تۇگەشتىم ! ۋاي تۇگەشتىم ! — دېدى . ئىككى ئالۋاستى ئۇنى دەررۇ قۇيرۇقىغا يۆگەپ كۆتۈرۈپ توققۇز باشلىق شىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى .

— بوۋا ، بىز بىر راھىبنى تۇتۇۋالدۇق ! — دېدى ئۇلار .

شۇ ئارىلىقتا شاسېڭ ، سۇن ۋۇكۇڭلارمۇ يېڭىلدى . ئالۋاستىلار بېسىپ كەلگەندى ، سۇن ۋۇكۇڭ بىر تۇتام موينى يۇلۇپلا «ئۆزگەر !» دەپ پۇۋلىدى ، شۇئان بىرەر يۈز مايمۇنچاق پەيدا بولۇپ بەيزي ، سۇەننى ، بۇشياڭ ، فۇلى ۋە سېرىق شىر قاتارلىق ئالۋاستىلارنى قاتمۇقات ئورىۋالدى . شاسېڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى . كەچ كىرگەندە ئۇلار سۇەننى ، بەيزي ئىسىملىك ئىككى ئالۋاستىنى تۇتۇپ كەتتى . فۇلى ، بۇشياڭلار قاچتى . سېرىق شىر كېلىپ بۇ ئىشلارنى قېرى ئالۋاستىغا خەۋەر قىلغاندى . ئۇ :

— جۇ باجيېنى باغلاڭلار ، لېكىن ئۆلتۈرمەڭلار ، ئۇلار مېنىڭ ئىككى نەۋرەمنى قايتۇرۇپ بەرسە ، ئاندىن ئۇلارغا بېرىمىز . ئەگەر نەۋرىلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ، جۇ باجيېنى ئۆلتۈرۈپ جانغا جان ئالىمىز ! — دېدى .

ئالۋاستىلار شەھەرنىڭ تېشىدا ئارام ئېلىشتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ ئىككى ئالۋاستىنى تۇتۇپ شەھەر سېپىلى يېنىغا كەلگەندى ، پادىشاھ دەرۋازىنى ئېچىشنى بۇيرۇدى . يىگىرمە ـ ئوتتۇز لەشكەر ئارغامچىلارنى ئاچقىپ ئالۋاستىلارنى چەمبەرچاس باغلاپ شەھەرگە ئەكىردى . سۇن ۋۇكۇڭ سېھىرلىك موينىنى تېنىگە يىغىۋالدى ـ دە ، شاسېڭ بىلەن قورغان راۋىقىغا كېلىپ تاڭ سەنزاڭ بىلەن كۆرۈشتى .

— ئاجايىپ قاتتىق ئېلىشتىڭلار جۇمۇ ! جۇ ۋۇنېڭ ھاياتمۇ قانداق ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— چاتاق يوق . بىز ئىككى ئالۋاستىنى تۇتۇۋالدۇق ، شۇڭا ئۇلار جۇ باجىيېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ . ئىككى ئالۋاستىنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتۇق ، ئەتە ئۇلارنى جۇ باجىيېغا ئالماشتۇرۇۋالىمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شاھزادىلەر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قېشىغا كېلىپ باش قويۇپ :

— ئۇستاز ، باشتا يالغۇز ئېلىشىۋاتاتتىڭىز ، يېڭىلىپ كەينىگە يانغاندا ئەجەب بىرەر يۈزدەك بولۇپ قالدىڭىزغۇ ؟ ئالۋاستىلارنى تۇتۇپ شەھەرگە يىغىپ كەلگەندە يەنە يالغۇز بولۇپ قالدىڭىز . بۇ سېھىرىي كۈچ نېمىدەپ ئاتىلىدۇ ؟ — دېدى .

— بەدىنىمدە سەكسەن تۆت مىڭ تال تۈك بار . بۇ تۈكلەرنىڭ بىرى ئونغا ، ئونى يۈزگە ، يۈزى مىڭغا ، ئونمىڭغا ئۆزگىرىدۇ . بۇ ئۆزۈمدىن باشقا ئۆزۈمنى پەيدا قىلىش ھېيلىسى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ . شاھزادىلەر چوڭقۇر تەزىم بىلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى . شۇئان غىزا كەلتۈرۈلدى ، ئۇلار شۇ يەردىلا غىزالاندى . ھەرقايسى ئېغىزلارغا پانۇس ، تۇغ ـ ئەلەملەر ئېسىلدى ، داقا ـ دۇمباق ، ناغرا ـ سۇناي چېلىندى ، ئوقيالار ۋە زەمبىرەكلەر ئېتىلىپ چۇقان ـ سۈرەن بولۇپ تۇردى .

ئەتىسى ئەتىگەندە قېرى ئالۋاستى سېرىق شىر ئالۋاستىغا يول

كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى :
— سىلەر بۇگۈن پەم بىلەن جەڭ قىلىپ سۇن ۋۇكۇڭ ، شاسېڭلارنى تۇتۇڭلار . مەن يوشۇرۇنچە شەھەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۇستازىنى ، پادىشاھ ۋە ئوغۇللىرىنى تۇتۇپ ئايلانما غارغا ئاپىرىپ سېنىڭ غەلىبە خەۋىرىڭنى كۈتەي .
سېرىق شىر بۇ مەسلىھەت بىلەن خاۋشى ، شۆشى ، بۇشياڭ ، فۇلى قاتارلىقلارنى ئېلىپ توپا - چاڭ كۆتۈرۈپ شەھەرگە كېلىپ جەڭگە چاقىردى . سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاسېڭ شەھەردىن چىقىپ تىللىدى :
— ئوغرى كاززاپلار ، ئىنىمىز جۇ باجيېنى دەرھال ياندۇرۇپ بېرىشسەڭ ، جېنىڭ ئامان قالىدۇ ! بولمىسا سەنلەرنىڭ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمىز !
ئالۋاستىلار گەپ - سۆزسىز تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى . ئۇ ئىككىيلەن تۇرلۇك ھىيلە ۋە پەنلەر بىلەن بەش ئالۋاستىغا تاقابىل تۇردى . بۇلار راسا ئېلىشىۋاتقاندا ، قېرى ئالۋاستى قارا بۇلۇت بىلەن ئۇدۇل قورغان راۋىقىغا كېلىپ بېشىنى ئىرغىتقانىدى ، قورغاندىكى چوڭ - كىچىك بەگ - سىپاھلار ، قورغاننى ساقلاۋاتقانلار قورقىنىدىن قورغاندىن چۈشۈپ كەتتى . ئۇ قورغان راۋىقىغا كىرىپ ئاغزىنى يوغان ئاچتى - دە ، تاڭ سېڭ ، پادىشاھ ۋە ئوغۇللىرىنى چىشلەپ ئاچقتى ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققاندا ، جۇ باجيېنىمۇ چىشلەپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ ئەسلى توققۇز بېشى بولۇپ ، بېشىدىكى ئاغزىدا تاڭ سېڭنى ، بىرىدە پادىشاھنى ، بىرىدە چوڭ شاھزادىنى ، بىرىدە ئوتتۇرانچى شاھزادىنى ، بىرىدە كەنجى شاھزادىنى ، يەنە بىرىدە بولسا جۇ باجيېنى چىشلەپ ماڭدى ، تېخى ئۈچ بېشىدىكى ئاغزى بوش قالدى . «مەن ماڭغاچ تۇراي ئەمەسە !» دېدى ئۇ . ئالۋاستىلار ئۇنىڭ غەلىبە قۇچۇپ قايتقانلىقىنى كۆرۈپ جاسارەتكە تولدى .
سۇن ۋۇكۇڭ شەھەردە كۆتۈرۈلگەن چۇقان - سۈرەننى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى - دە ، دەرھال شاسېڭنى

پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى ، ئاندىن بىلىكىدىكى موبلارنىڭ جىمىسىنى يۇلۇپ «ئۆزگەر !» دەپ پۈۋلىگەندى ، مىڭلىغان مايمۇنچاقلار پەيدا بولۇپ ، تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتتى . شۇئان ناۋشىنى سۆرەپ يىقىتتى ، شۆسىنى تۇتۇۋالدى ، بۇشىياڭنى ئەل قىلدى ، فۇلىنى ئوڭدا چۇشۇردى ، سېرىق شىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى .

قاتتىق چۇقان - سۈرەن شەھەر سېپىلى تۈۋىگە يېتىپ ، كۆك يۇزلۇك جىن ، قۇۋشەيتان ۋە شەيتانقۇۋ ئىسىملىك جىنلار بەدەر قاچتى . شەھەردىكى بەگلەر دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ بۇ بەش جىننى چەمبەرچاس باغلاپ شەھەرگە ئەكىردى . ئاڭغىچە خانىش يىغلاپ كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا سالام بېرىپ :

— ھەزرىتىم ، پادىشاھىم ، شاھزادىلىرىم ، ئۇستازىڭىز تۇگەشتى ، شەھىرىمىز يېتىم بولۇپ قالدى ، قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ موبلىرىنى تېنىگە يىغىۋېلىپ ، ئاندىن خانىشقا سالام بېرىپ شۇنداق دېدى :

— ھۆرمەتلىك خانىش ، غەم قىلماڭ ، بىز ئۇلارنىڭ يەتتە ئالۋاستىسىنى تۇتۇۋالغاچقا ، قېرى ئالۋاستى كېلىپ ئۇستاز ۋە پادىشاھئالەمنى ، شاھزادىلەرنى ئېلىپ قېچىپتۇ . لېكىن ، ھەرگىز زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ . ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئىنىم ئىككىمىز بېرىپ قېرى ئالۋاستىنى تۇتىمىز ، پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرنى سىزگە ئەكېلىپ بېرىمىز .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خانىش يەنە سۇن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلىپ :

— ئىلاھىم پادىشاھىم ۋە ئوغۇللىرىم ئامان بولغاي ، خانىدانىمىز مۇستەھكەم بولغاي ، — دېدى ۋە يىغلىغان پېتى ھەرەمگە كىرىپ كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ بەگلەرگە مۇنۇلارنى تاپىلىدى :

— ئۆلتۈرۈلگەن سېرىق شىرنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىڭلار ، تىرىك ئالتىسىنى چىڭ باغلاپ قاماڭلار . بىزگە غىزا كەلتۈرۈڭلار ، غىزالىنىۋېلىپ ئۇخلايمىز . ھەممىڭلار خاتىرجەم بولۇڭلار ، ھېچ

چاتاق چىقمايدۇ .
ئەتىسى سۇن ۋۇكۇڭ شاسېڭنى ئېلىپ بۇلۇتقا چىقىپ ئۇزاققا قالمايلا بامبۇك تېغىغا كەلدى . ئۇلار تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئەتراپىغا قاراۋاتقاندا ، كالتە تاياقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كۆك يۈزلۈككە كۆزى چۈشتى . سۇن ۋۇكۇڭ : «قەيەرگە قاچىسەن ! مانا مەن كەلدىم» دەپ ۋارقىرىغاندى ، بۇ جىن موللاق ئاتقان پېتى جىراغا چۈشۈپ كەتتى ، ئىككىيلەن قوغلاپ كېلىپ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى . قارىسا ، ئالدىدا بىر غار بولۇپ ، گۈل چېچىلگەن تاش ئىشىكى چىڭ يېپىقلىق تۇراتتى ، ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان تاشقا «ئەۋلىيالارنىڭ بامبۇك تېغى ئايلانما غارى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى .
ئەسلىي بايىقى جىن غارغا قېچىپ كىرىۋېلىپ ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋالغانىدى . ئۇ بېرىپ قېرى ئالۋاستىغا :
— غوجام ، ئىككى راھىب كەپتۇ ، سىرتتا تۇرىدۇ ، — دېدى .
— سېنىڭ غوجاڭ ، ناۋشې ، شۈشې ، بۇشياڭ ، فۇلىلارمۇ كەپتىمۇ ؟ — دېدى قېرى ئالۋاستى .
— ياق ، ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ ! ئىككى راھىب تاغ چوققىسىدا قاراپ تۇرۇپتىكەن ، ئۇلارنى كۆرۈپلا قاچتىم ، ئۇلار قوغلىدى ، مەن كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدىم ، — دېدى جىن .
قېرى ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ ئۈندىمەستىن بىرھازا تۇرۇپ كەتتى ، لېكىن ئۇشتۇمتۇت يىغلاپ نالە قىلدى :
— ۋاي دەردىم ! نەۋرەم سېرىق شىر ئۆلۈپتۇ ! قالغان نەۋرىلىرىمنى شەيخلەر تۇتۇۋاپتۇ ! بۇ ئىنتىقامنى ئەمدى قانداق ئالارمەن ! — ئاندىن ئۇ يەنە بۇيرۇدى ، — لەشكەرلەر ، سىلەر بۇ يەرنى ئوبدان ساقلاڭلار ، مەن چىقىپ ئىككى راھىبنى تۇتۇپ كېلىپ راسا ئەدىپىنى بېرەي .
ئۇ ساۋۇت - دۇبۇلغىمۇ كىيمەي ، بىرمۇ لەشكەر ئالماي چوڭ - چوڭ چاماداپ كېلىپ غار ئىشىكىنى ئاچتى - دە ، سۇن ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ كالتىكى بىلەن جەڭگە

ئـاتلاندى . شاسىڭ ھاسا بىلەن ئۇردى ، قىرى ئالۋاستى بېشىنى چايقىغاندى ، ئىككى تەرىپىدىكى سەككىز باشنىڭ ئىغىزى تەڭلا ئېچىلدى - دە ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاسىڭنى دەم تارتىپ غارغا ئەكىرىپ كەتتى . ئاندىن «ئارغامچا ئەكىلىڭلار !» دەپ توۋلىدى . قـۇۋشـەيتان ، شەيتانقۇۋ ، كۆك يۈزلۈك تونوگۇن كىچە جىنىنى ئېلىپ قاچقاندى . ئۇلار ئىككى ئارغامچا ئەكىلىپ ئىككىيلەننى باغلىدى . قىرى ئالۋاستى :

— ھـۇ كـاززاپ مـايـمۇن ، تونوگۇن سەن يەتتە نەۋرەمنى تۇتۇۋالغانىدىڭ ، بۈگۈن سەن تۆتىڭنى ، پادشاھ ۋە ئوغۇللىرىنى تۇتۇۋالدىم . بىرگە بىر بولدى ! لەشكەرلەر ، تىكەنلىك توقماقنى ئەكىلىڭلار . بۇ مايمۇننى راسا ئۇرۇپ ، نەۋرەم سېرىق شىرنىڭ ئەنتىنى ئېلىڭلار ! — دېدى .

ئۈچ جىن ئۈچ توقماق بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنى راسا ئۇرۇشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تېنى بەك پىششىپ تاۋلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ تاياقلار ئۇنىڭغا قىچىشقان يەرنى تاتىلىغانچىلىكلا تەسىر قىلدى . بىرئازدىن كېيىن توقماقمۇ سۇنۇپ كەتتى . ئەمما ، ئۇلار تاكى كەچ كــىرگــۈچــە ئــۇرۇۋەردى . شاسىڭ ئۇنىڭ بەك جىق تاياق يەپ كەتكەنلىكىگە چىداپ تۇرالماي :

— ئۇنىڭ ئورنىدا مېنى يۈز توقماق ئۇرۇڭلار ، — دېدى .

— سەن ئالدىرىماي تۇر . ئەتە سېنىلا ئۇرىمىز ، ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ دۇمبالىنىدۇ ، — دېدى قىرى ئالۋاستى .

— ئۇنداق بولسا ئۈگۈنلۈككە ماڭا نۆۋەت كېلىدىكەن ! — دەپ لوقما سالدى جۇ باجيې . سۇن ۋۇكۇڭنى يەنە بىر دەم ئۇرۇۋىدى ، ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى .

— بۇرادەرلەر ، توختاڭلار . چىراغ يېقىپ تاماق يەۋېلىڭلار ، مــەن بــىرــپ ياتاي ، ئەتە ئەتىگەن ئۇرۇڭلار ، — دېدى قىرى ئالۋاستى . قاراڭغۇ بارغانچە قويۇقلاشتى . ھەممە ئۇيقۇغا كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ سېھىر بىلەن كىچىكلەپ باغلاقتىن بوشىنىپ چىقتى . راسا بىر سىلكىنىۋېتىپ ، كىيملىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى ،

قـۇلىقىدىن ئالتۇن توقىنى ئېلىپ چېلەكتەك توم، ئىككى جاڭ ئۇزۇن قىلىپ ئۇچ جىنغا:
— ھۇ مەرەزلەر، غوجائاكاڭنى بىرمۇنچە دۇمبالىۋېلىشتىڭ! مـانـا بـۇ كالـتـەكنى سەنلەرگە تەگكۇزۇپ باقايچۇ قېنى، نېمە بـولۇشىسەن! — دەپلا بوش ئۇرغانىدى، ئۇچ جىننىڭ مىجىقى چـىـقىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ چىراغنى ياندۇرۇپ شاسېڭنى ئازاد قـىـلـدى. جـۇ بـاجـې ئالدىراپ كېتىپ ئىختىيارسىز ئۇنلۇك توۋلىۋەتتى:
— ئاغا، مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىم ئىششىپ كەتتى، نېمىشقا مېنى بالدۇرراق ئازاد قىلمايسىز!
بۇ ئاۋازدىن قېرى ئالۋاستى ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— كىمنى ئازاد قىلىشىۋاتىسەن؟ — دېدى.
سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ چىراغنى ئۇچۇردى ـ دە، باشقىلارغا قـارىماي كالتەكنى بىلەن نەچچە قەۋەت ئىشىكنى ئۇرۇپ چېقىپ قاچتى. قېرى ئالۋاستى سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ:
— بـۇرادەرلـەر، چـىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ بىرەرى قاچتىمۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى، ئەمما جاۋاب بولمىدى، يەنە ۋارقىرىغانىدى، يەنىلا جاۋاب بولمىدى. چىراغ ئەكېلىپ قارىسا، ئۇچ جىن مىجىقى چىقىپ ياتاتتى، پادىشاھ ۋە ئوغۇللىرى، تاڭ سېڭ، جۇ باجېيلار بار بولۇپ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاسېڭلار كـۆرۈنـمـەيـتـتـى. ئـۇ مەشئەل يېقىپ ئۈچچۈرگە قاراپ، تامغا چاپلىشىپ تۇرغان شاسېڭنى كۆرۈپ تۇتۇۋالدى ـ دە، مەھكەم بـاغـلـىـدى. سـۇن ۋۇكـۇڭـنـى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئىشىكلەرنىڭ بـۇزۇلـغـانلـىـقـىـنـى كـۆرۈپ ئۇنىڭ قاچقىنىنى بىلدى. ئۇنى قوغلىماستىن، ئىشىكلەرنى تۈزەشتۈرۈپ ئېتىپ قويدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. سۇن ۋۇكۇڭ غاردىن چىقىپ بـۇلـۇت بـىـلـەن ئۇدۇل يۇيخۇا شەھىرىگە كەلدى. شەھەردىكى

ھەرقايسى جايلارنىڭ يەر مۇئەككەللىرى، ئەۋلىيالىرى، شەھەر تەڭرىلىرى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— سىلەر نېمە ئۈچۈن بۈگۈن كېچىدە مەن بىلەن كۆرۈشىسىلەر؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— پېقىرلار ئۆزىڭىزنىڭ يۈيخۇا دىيارىغا كەلگىنىڭىزنى ئۇققان بولساقمۇ، پادىشاھ ئۇبدان خەۋەر ئېلىۋاتقاچقا كېلىشكە پېتىنالمىغاندۇق. بۈگۈن پادىشاھ قاتارلىقلارنىڭ ئالۋاستىغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقى، ئۆزىڭىزنىڭ ئالۋاستى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدۇق، — دېدى تەڭرىلەر.

سۇن ۋۇكۇڭ تازا چېچىلاي دەپ تۇرغاندا، ئالتۇن باش بۇددا، ئالتە ھۇر قىز، ئالتە غۇلمان قاتارلىق تەڭرى سەركەردىلىرى بىر يەر مۇئەككىلىنى باغلاپ ئەكېلىپ تىزلىنىپ شۇنداق دېدى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، بىز بۇ يەر ئالۋاستىسىنى تۇتۇپ كەلدۇق، ئۇ ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ كىملىكىنى ئۇقىدۇ. ئۇنىڭدىن سورىۋالسىڭىز، ئالۋاستىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئەۋلىيا سامغا ۋە ھۆرمەتلىك پادىشاھنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى تېپىلىپ قالار.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى. ھېلىقى يەر مۇئەككىلى لاغىلداپ تىترەپ، باش قويۇپ مۇنداق دېدى:

— قېرى ئالۋاستى بامبۇك تېغىغا ئالدىنقى يىلى چۈشتى. ئايلانما غار ئەسلىي ئالتە شىرنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. قېرى ئالۋاستى بۇ يەرگە كەلگەندىن تارتىپ ئالتە شىر ئۇنى بوۋا قىلىۋالدى. توققۇز باشلىق بۇ شىرنىڭ ئىسمى جيۇلىڭ يۈەنشېڭ. ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن شەرقىي قۇتۇپتىكى مياۋئەن قەسرىگە بېرىپ ئۇنىڭ خوجايىنىنى چاقىرىپ كېلىش كېرەك، بولمىسا ئۇنى تۇتقىلى بولمايدۇ.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ بىرپەس ئويغا چۆمدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— شەرقىي قۇتۇپتىكى مياۋئەن قەسرى ئازاب تەڭرىسى تەي

يىنىڭ ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ يېنىدا دائىم توققۇز باشلىق شىر تۇراتتى. بۇ گەپچە ... بۇددا، ھۆر قىز، غۇلمانلار، سىلەر يەر مۇئەككىلىنى قايتۇرۇۋېتىپ، تۇيدۇرماستىن ئۇستازنى، ئىنىلىرىمنى، پادىشاھ ۋە ئوغۇللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇڭلار، شەھەر مۇئەككىلى شەھەرنى قوغدىسۇن.

تەڭرىلەر ئۆز بۇرچىنى ئورۇنداشقا ماڭدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقتى، كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئالاھازەل تاڭ تەڭ مەھەلدە ئەرشىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا كەلدى. ئۇنىڭغا پەلەك شاھ گۇاڭ مۇ بىلەن ئەرش لەشكەرلىرى ۋە پالۋانلىرى ئۇچرىدى. ئۇلار توختاپ قولىنى جۈپلەپ سالام بەردى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، يول بولسۇن!

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا سالام ياندۇرغاندىن كېيىن:

— مياۋئەن قەسرىگە كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

— غەربكە بارماي، ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى ماڭدىڭىز؟ — دېدى پەلەك شاھ.

— بىز يۈيخۇا ئايمىقىغا بارغاندا شىر ئالۋاستىغا يولۇقۇپ قالدۇق. مياۋئەن قەسرىدىكى ئازاب تەڭرىسى تەي يى ھەزرەت ئۇنىڭ ئۇستازى ئىكەن، شۇڭا شۇ ھەزرەتنى ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەملىشەرمىكىن دەپ كېلىشىم.

ئەرش لەشكەرلىرى، پالۋانلىرى قوللىرىنى جۈپلەپ ھۆرمەت بىلەن يول ئاچتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن كىردى، ئۇزاق ماڭمايلا مياۋئەن قەسرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قەسرىنىڭ ئىشىكى ئىچىدە ھەسەن-ھۈسەندىن كىيىم كىيگەن بىر بالا ئەۋلىيا تۇراتتى. ئۇ سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— غوجام، سىرتتا ئەرشنى مالىمان قىلغان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم تۇرىدۇ.

ئازاب تەڭرىسى تەي يى بۇنى ئاڭلاپ دەررۇ مۇلازىملىرىنى

چاقىرىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇدى . ئۇلار ئۇنى قەسىرگە باشلاپ كىردى . ھەزرەت بولسا توققۇز رەڭلىك نىلۇپەر تەختتە ئولتۇراتتى . ئۇ سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا تەختتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى . سۈن ۋۇكۇڭ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەزرەت :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، كۆرۈشمىگىنىمىزگە نەچچە يىللار بوپتۇ . ئۆتكەندە سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى يۇيۇپ بۇددا مۇخلىسى بولغانلىقىڭىز ، تاڭ سېڭنى قوغداپ بۇددا نومىنى ئالغىلى غەربكە ماڭغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم . بۇ ئىش تامام بولدىغۇ دەيمەن ، — دېدى .

— سەپىرىمىز تېخى تۈگىمىدى ، لېكىن ئاز قالدى . مەن تاڭ سېڭنى قوغداپ يۇيخۇا ئايمىقىغا بارغاندا ، پادشاھ ، ئۈچ ئوغلۇمغا ماھارەت ئۆگىتىپ قويسىڭىز ، دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇچىمىزنىڭ قورالىمىزنى تەقلىد قىلىپ ياسىماقچى بولدى . كۈتمىگەندە قوراللارنى كېچىسى ئوغرى ئېلىپ قاچتى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئىزدىسەك ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قاپلانبېشى تېغىدىكى يولۋاسئېغىزى غارىدا تۇرىدىغان سېرىق شىر ئالۋاستى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ . پىقىر پەم بىلەن قوراللىرىمىزنى ئېلىۋالسام ، ئالۋاستىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بىرمۇنچە جىنلارنى باشلاپ كېلىپ مەن بىلەن سوقۇشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە قالتىس كارامىتى بار توققۇز باشلىق بىر شىر بار ئىكەن . ئۇ ئۇستازىمنى ، جۇ باجيېنى ھەم پادشاھ ۋە ئوغۇللىرىنى تۇتۇپ بامبۇك تېغىدىكى ئايلانما غارغا ئەكەتتى . ئەتىسى شاسېڭ بىلەن ئىزدەپ بارسام بىزنىمۇ تۇتۇۋالدى ۋە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى ، بەختكە يارىشا مەن سېھىر بىلەن قېچىپ چىقتىم . قالغانلار ئۇ يەردە ئازابلىنىۋاتىدۇ . شۇ جايىنىڭ يەر مۇئەككىلىدىن سوراپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا خوجايىن ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ ، ياردەم بېرەمدىكىن دېگەن نىيەتتە ئالايىتەن كېلىۋىدىم .

ھەزرەت دەررۇ سەركەردىنى شىر تۇرىدىغان ئۆيگە بېرىپ شىر

باقۇچىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. شىر باققۇچى قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ سارايغا باشلاپ كېلىشتى. ھەزرەت:

— شىر قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! — دېدى شىر باققۇچى يىغلاپ باش ئۇرۇپ.

— سۇن ھەزرەتنىڭ ئالدىدا سېنى ئۇرمايمەن. نېمىشقا يالقاۋلىق قىلىپ توققۇز باشلىق شىرنى قاچۇرۇپ قويغىنىڭنى چاپسان سۆزلە، — دېدى ھەزرەت.

— غوجام، مەن ئۇلۇشكۇن داچيەن گەنلۇ سارىيىدا بىر كوزا شارابنى كۆرۈپ قېلىپ ئوغرىلىقچە ئىچىۋالغانىدىم، مەست بولۇپ ئۇخلاپ كېتىپ زەنجىرنى قولۇپلاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى شىر باققۇچى.

— ئۇ ئەرش قەھرى پېشۋاسى بەرگەن «باش ئايلاندۇرىدىغان زەمزەم» ئىدى. ئۇنى ئىچكەن بولساڭ ئۈچ كۈن كۆز ئاچماي ئۇخلايسەن. شىر قاچقىلى نەچچە كۈن بولدى؟

— يەر مۇئەككىلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ چۈشكىنىگە ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قاپتۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— توغرا! توغرا! ئەرشتىكى بىر كۈن زېمىندىكى بىر يىلغا تەڭ، — دېدى ھەزرەت ۋە شىر باقۇچىغا مۇنداق دېدى، — ئورنۇڭدىن تۇر، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. مەن ۋە سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كەل.

ھەزرەت سۈن ۋۇكۇڭ ۋە شىر باققۇچى بىلەن بۇلۇتقا چىقىپ بامبۇك تېغىغا كەلدى. بەش تەرەپ بۇددىلىرى، ئالتە ھۆر قىز، ئالتە غۇلمان ھەممە شۇ جايىنىڭ يەر مۇئەككىلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى.

— سىلەر ئۇستازىمنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتمىغانسىلەر - ھە! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئالۋاستى ئاچچىقىدا ئۇخلاپ قالدى، ئۇلارنى

جازالىمىدى ، — دېدى تەڭرىلەر تەڭلا .
— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئۇنى جەڭگە چاقىرىپ بۇ ياققا ئاچىقىڭ ، ئۇنى ئۆزۈم جايلايمەن ، — دېدى ھەزرەت .
سۇن ۋۇكۇڭ سەكرەپ غار ئاغزىغا كېلىپ ئۇنلۇك تىللىدى :
— كاززاپ ئالۋاستى ، ئادەملىرىمنى قايتۇرۇپ بەر !
ئۇ بىرقانچە رەت توۋلىغان بولسىمۇ ، ئالۋاستى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەچكە جاۋاب بولمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆپكىسى يوق بولغاچقا ، كالتىكىنى تۇتۇپ تىللىغان پېتى ئىچكىرىگە بېسىپ كىردى . قېرى ئالۋاستى شۇندىلا ئويغىنىپ دەرغەزەپكە كەلدى . ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ : «مانا مەن جەڭگە تەييار !» دېگىنىچە بېشىنى سىلىكىۋېتىپ ئېتىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ قاچتى ، ئالۋاستى قوغلاپ تاشقىرىغا چىقىپ تىللىدى :
— ئوغرى مايمۇن ! قەيەرگە قاچىسەن !
سۇن ۋۇكۇڭ ئېگىز قىيادا تۇرۇپ كۈلۈپ :
— نېمانچە يوغان گەپ قىلىسەن ؟ ئۇستازىڭنىڭ قېشىڭدا تۇرغىنىنى كۆرمەيۋاتامسەن ؟ — دېدى .
ئالۋاستى قىيا يېنىغا كېلىشىگە ، ھەزرەت راسا تىللىۋېتىپ توۋلىدى :
— يەنشىڭ ، مانا مەن كەلدىم !
ئالۋاستى خوجىسىنى تونۇپ قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى ، يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ توختىماي باش ئۇردى .
شىر باققۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر يۈزنى مۇشتلاپ تىللاپ كەتتى :
— ھوي كاززاپ ، نېمىشقا قېچىپ كېتىپ مېنى گۇناھكار قىلىسەن ؟
شىر زۇۋان سۈرەلمىدى ، مىدىر - سىدىر قىلالمىدى . شىر باققۇچى قولى تالغۇچە ئۇرۇپ ئاندىن توختىدى ، كىمخاب ئېگەردە ئېگەرلىگەندىن كېيىن ھەزرەت ئۇنىڭغا مىنىپ رەڭدار بۇلۇتلارغا چىقتى - دە ، مياۋئەن قەسرىگە قاراپ يول ئالدى .

سوُن ۋوُكوُك ئاسمانغا قاراپ ئوُنىڭغا تەشەككوُر ئېيتتى ـ دە ، غارغا كىرىپ دەسلەپ قىلىپ يوُيخوُا ئايمىقىنىڭ شاھىنى ، ئاندىن تاڭ سەنزاڭنى ، كېيىن جوُ باجيېنى ، شاسېڭ ۋە ئوُچ شاھزادىنى يەشتى ، غاردىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ ، كۆپچىلىكنى باشلاپ تاشقىرىغا چىقتى . جوُ باجيې قوُروُق ئوتوُن ـ چاۋا ئەكېلىپ ئوت قويوُپ ، غارنى قاپقارا ئىس توُتەپ توُرىدىغان ئەسكى خوُمدانغا ئوخشاش قىلىۋەتتى ! سوُن ۋوُكوُك تەڭرىلەرنى قايتوُرۋۇېتىپ ، يەر موُئەككىلىنى بوُ يەرنى ئوبدان موُھاپىزەت قىلىشقا بوُيروُدى ، جوُ باجيې بىلەن شاسېڭغا سېھىر بىلەن پادىشاھ ۋە باللىرىنى ئېلىپ مېڭىشنى بوُيروُپ ، ئۆزى تاڭ سەنزاڭنى يوُدوُپ شەھەرگە قايتتى . ئوُلار ھايال ئۆتمەي شەھەرگە كەلدى . كەچ كىرگىنىگە قارىماي ، خانىش ۋە بەگلەر ئوُلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ، كاتتا زىياپەت تەييارلاپ ئوُلارنى مېھمان قىلدى . تاڭ سەنزاڭ بىلەن شاگىرتلىرى يەنىلا شارقىراتمىلىق شىپاڭدا ئارام ئالدى . پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر ئۆز ھەرىمىگە كىرىپ ياتتى . كېچە تىنچ ئۆتتى .

ئەتىسى پادىشاھ كاتتا زىياپەت تەييارلاشقا بوُيروُدى . ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەر ئوُلارغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدوُردى . سوُن ۋوُكوُك قاسساپلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئالتە شىرنى ئۆلتوُرگوُزوُپ ، سېرىق شىر بىلەن قوشوُپ يەتتە شىرنىڭ تېرىسىنى شىلغوُزدى ، گۆشىنى ھەممىگە تارقىتىپ بەرگەنىدى ، خوُش بولمىغان ئادەم قالمىدى .

تۆموُرچىلەر قورال ـ ياراغلارنى سوقوُپ تەييار قىلغانىدى . ئوُلارموُ سوُن ۋوُكوُكقا تەزىم قىلىپ :

— غوجام ، بوُيروُغان ئىشنى تاماملاپ بولدوُق ، — دېدى .

— ھەرقايسىسى قانچە جىڭ ئېغىرلىقتا بولدى ؟

— ئالتوُن توقا مىڭ جىڭ ، تىرنا بىلەن ھاسا سەككىز يوُز جىڭدىن بولدى .

سوُن ۋوُكوُك «بوپتوُ !» دېدى ۋە شاھزادىلەرنى ئۆز قورالىنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى . شاھزادىلەر پادىشاھقا مەلوُم قىلدى :

— ئاتا، بۇگۈن قوراللار پۈتۈپتۇ.

— بۇ قوراللار ئاتا ـ بالا ھەممىمىزنىڭ بېشىغا چىققىلى تاس قالدى، — دېدى پادىشاھ.

— بەختىمىزگە ئۇستازلىرىمىز كارامىتىنى كۆرسىتىپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى، ئالۋىستىلارنى يوقىتىپ كېيىنكى بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدى، ئەمدى گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىمىز تىنچ ماكانغا ئايلاندى! — دېدى كەنجى شاھزادە.

پادىشاھ تۆمۈرچىلەرنىڭ ھەققىنى بېرىپ رازى قىلدى، شارقىراتمىلىق شىپاڭغا بېرىپ تاڭ سەنزاڭلارغا تەشەككۇر ئېيتتى.

تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارغا:

— ھۈنەرىڭلارنى تېزرەك ئۆگىتىڭلار، يولغا چىقىشىمىزغا تەسىر يەتمىسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇچەيلەن شاھ ئوردىسىدا بىر ـ بىرلەپ ئۆگەتتى. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا شاھزادىلەر قوراللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش، تېز ۋە ئاستا ھەرىكەتلىنىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالدى ۋە ھەرقايسىسى يەتمىش ئىككى خىل ماھارەتنى ئىگىلىۋالدى.

شاھزادىلەر يەنە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇستازلىرىغا تەشەككۇر ئېيتتى، يوغان بىر پەتنۇستا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاچىقىپ تۇتتى.

— بۇنى ئەكىرىپ كېتىڭلار! بىز سەپەردىكى ئادەملەرگە ئۇنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئالتۇن ـ كۈمۈشنى راستتىنلا ئالمايمىز، — دەپ سۆز قىستۇردى جۇ باجيې، — بىراق كىيىملىرىمىنى شىرلار تالاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى. ئالماشتۇرغۇدەك كىيىم ـ كېچەك بەرسەڭلەر كۇپايە.

شاھزادىلەر تىككۈچىلەرگە بۇيرۇپ يېشىل، قىزىل، بېغىر رەڭ كىمخابلاردا ئۇچەيلەنگە بىر قۇردىن كىيىم قىلدۇرۇپ بەردى. ئۇچەيلەن بۇ كىيىملەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ كىيىۋالدى. ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتى،

شەھەر ئىچى ـ تېشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ، مۆئەككەللەر زېمىنغا چۈشكەندەك ئىش بولدى ، دەپ تەرىپلەشتى . داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ ، تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەپ جەۋلان قىلدى ، كوچا ـ مەھەللىلەر شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى . ئۆي ـ ئۆيلەردە كۈجە كۆيدۈرۈلدى ، ئىشىكلەرگە رەڭدار پانۇس ئېسىلدى ، ئۇلارنى خەلق خېلى ئۇزاق يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى . ئۇلارنىڭ بۇ مېڭىشىدا خىسلەتدار تاغقا قاراپ يەنە قانچىلىك يول يۈرگەنلىكى ، قاچانلاردا يېتىپ بارغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## توقسان بىرىنچى باب

### *جىنىڭ ئايمىقىدا چاغانلىق پانۇسلارنى تاماشا قىلغانلىقى*
### *تاڭ سېڭنىڭ شۈەنىيىڭ غارىدا راستىنى ئېيتقۇەتكەنلىكى*

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلار يۈيخۇا شەھىرىدىن چىقىپ پاراغەت ماكانىغا قاراپ خېيىمخەتەرسىز بەش ـ ئالتە كۈن يۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر شەھەرگە كەلدى. شەھەرگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى چايخانىلار، مەيخانىلار شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان، ئاشلىق، ماي بازىرى ھەم ئاۋات ئىدى، كوچىلاردا بىكارچىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. كىشىلەر جۇ باجىيېنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقى، شاسېڭنىڭ قاپقارا يۈزىنى، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قىپقىزىل كۆزىنى كۆرۈپ قىزىقىپ ئولىشىپ قاراشتى، بىراق يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىدى. ئۇلارنى بىرەر ئىش تېرىپ قويارمىكىن، دەپ تاڭ سەنزاڭنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى. ئۇلار بىرقانچە كوچىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخى شەھەرگە يېتىپ بارمىغانىدى. توساتتىن بىر دەرۋازا كۆرۈندى، دەرۋازا ئۈستىگە «شاپائەت ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

— مۇشۇ يەرگە كىرىپ ئاتنى ئارام ئالدۇرۇپ غىزالىنىۋالساق قانداق بولار؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— بولىدۇ! بولىدۇ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

تۆتەيلەن ئىچكىرىگە كىرىشتى.

ئۇلارنىڭ كىرىشىگە بىر راھىب ئىچكىرىدىن چىقىپ تاڭ سەنزاڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن سورىدى:

— ئۇستاز ، قەيەردىن كەلدىڭىز ؟

— پىيقىر جۇڭخۇا دىيارىدىكى تاڭ دۆلىتىدىن كەلدىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . راھىب شۇئان تىزلىنىپ باش قويغانىدى ، تاڭ سەنزاڭ ئالمان ـ تالمان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ :

— تەقسىر ، بۇنچە چوڭقۇر تەزىم قىلىپ نېمە قىلىسىز ؟ — دېدى .

— بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا دىيارىدىن كېلىدىغان سىلەرنىڭ يولىڭلارغا قاراپ يۈرگەنىدۇق . ئۇستازنىڭ ئالپتە كىيىم ـ كېچەكىدىن بىز كۆتكەن ئۆلىمالار ئىكەنلىكىنى بىلىپ مۇشۇنداق قىلدىم ، — دېدى راھىب .

— ھولۇقماڭ ! ھولۇقماڭ ! بىز بۇ يەرگە ئەمدى قەدەم قويدۇق ، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بولسا بىز تەييار ! بىز بۇ يەردە بەھۇزۇر ئارام ئېلىۋالساقلا ، شۇنىڭغا خۇش ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

راھىب تاڭ سەنزاڭنى تۆردىكى سارايغا ئەكىرىپ مەبۇدلارنى تاۋاپ قىلدۇردى . تاڭ سەنزاڭ شاگىرتلىرىنى چاقىردى . بۇ ئۈچەيلەن بايا ئۇستازى راھىب بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا تەتۈر قاراپ ، ئات ۋە يۈك ـ تاقلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانىدى . شۇڭا راھىب ئۇلارغا دىققەت قىلمىغانىدى . تاڭ سېڭنىڭ «شاگىرتلىرىم» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئۈچەيلەن بۇ ياققا بۇرۇلغانىدى ، راھىب كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ :

— ۋاي ئاتامەي ! شاگىرتلىرىڭىزنىڭ بەشىرىسى نېمانچە سەت ؟ — دېدى .

— سەتلىكى سەت ، بىراق قولىدىن ئىش كېلىدۇ . ئۇلار مېنى يول بويى قوغداپ كەلدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شۇ ئەسنادا ئىچكىرىدىن يەنە بىرنەچچە راھىب چىقىپ ئۇلارغا سالام بەردى . دەسلەپ چىققان راھىب كېيىنكىلەرگە :

— بۇ ئۇستاز جۇڭخۇا دىيارىدىكى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەپتۇ . بۇ ئۈچەيلەن شاگىرتى ئىكەن ، — دېدى .

— ئۇستاز، بۇ يەرگە جۇڭخۇا دىيارىدىن نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراشتى راھىبلار خۇشاللىق ئارىلاش ساراسىمە بىلەن.

— مەن بۈيۈك شاھىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن خىسلەتدار تاغقا زىيارەت ۋە بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. بۇ يەرگە كەلگەندە بىرىنچىدىن، بۇ جاينىڭ قەيەرلىكىنى ئۇقايلى دەپ؛ ئىككىنچىدىن، غىزا يەپ ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقايلى، دەپ كىردۇق، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

راھىبلار ئۇلارنى ھۇجرىغا باشلىدى. ھۇجرىدىمۇ تاماق قىلىۋاتقان بىرقانچە شەيخ بار ئىدى. بىرىنچى بولۇپ كىرگەن راھىب ئۇلارغا:

— كېلىڭلار، جۇڭخۇا دىيارىدىن كەلگەنلەرنى كۆرۈڭلار. جۇڭخۇا دىيارىدا چىرايلىقلارمۇ، سەتلەرمۇ بار ئىكەن، چىرايلىقلىرىغا تەسۋىر ئازلىق قىلىدىكەن، سەتلىرىمۇ ئاجايىپ قىزىق ئىكەن، — دېدى.

راھىبلار گۇررىدە كېلىپ تاڭ سەنزاڭلار بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ھەممەيلەن جاي ئېلىپ ئولتۇردى. چاي تارتىلغاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ سورىدى:

— مۇبارەك جايىڭلارنىڭ نامى نېمىكىن؟

— بىز ھىندىستاننىڭ قوشنىسى بولىمىز، نامى جىنپىڭ ئايمىقى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى راھىبلار.

— بۇ يەر خىسلەتدار تاغقا قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— بۇ يەردىن پايتەختكە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. شۇ يەرگىچە بېرىپ باققانمىز. بىراق، غەربتىكى خىسلەتدار تاغقا بېرىپ باقمىغان، ئارىلىقى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقمايمىز. شۇڭا، قارىسىغا سۆزلىسەك بولمايدۇ، — دېدى راھىبلار. تاڭ سەنزاڭ رەھمەت ئېيتتى.

ھايال ئۆتمەي غىزا تارتىلدى. غىزادىن كېيىن تاڭ سەنزاڭلار

يولغا چىقماقچى بولغانىدى، راھىبلار ۋە خوجايىن ئۇلارنى تۇرۇپ قىلىشقا دەۋەت قىلدى:

— بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ يەنشىياۋ بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ ئويناپ كەتسەڭلار.

— بىز يول مېڭىشنىلا بىلىپ، تاغ - دەريالارنى كۆرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋاقىتنىڭمۇ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتۇق. يەنشىياۋ بايرىمى قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ تەئەججۈپ بىلەن.

— ئۇستاز، سىلەر بۇددىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشنىلا ئويلاپ، بۇ ئىشلارنى خىيالىڭىزلارغا كەلتۈرمەپسىلەر، بۈگۈن چاغاننىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، ئاخشاملىقتا سىناق تەرىقىسىدە پانۇس ياقىمىز، ئۆگۈنلۈككە چاغانغا ئون بەش بولىدۇ، تاكى ئون سەككىز - ئون توققۇزىنچى كۈنلىرىگىچە پانۇس ئۆچمەيدۇ. كىشىلەر ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، كۆركەم پانۇسلارنى يېقىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. غوجىلىرىم، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، قاقاس تېغىمىزنىڭ بايرىمىنى كۆرۈپ كېتىشسىلە، — دېدى راھىبلار.

تاڭ سەنزاڭلار نائىلاج تۇرۇپ قالدى. ئاخشىمى بۇتخانا ئىچىدە داقا - دۇمباق، كاناي - سۇنايلار چېلىنىپ قايناپ كەتتى. كوچا - كوچىلاردىن ئادەملەر بۇددىغا ئاتاپ پانۇسلارنى ئەكېلىشتى. تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلار ھۇجرىلاردىن چىقىپ پانۇس كۆرگەندىن كېيىن جاي - جايىغا كىرىپ يېتىپ قالدى. ئەتىسى ئۇلار يەنە بىر كۈن ئوينىدى، ئىبادەتخانىدىكى پانۇسلارنى تاماشا قىلدى، كېيىن كوچىلارغا چىقىپ پانۇس ئويۇنىنى كۆردى. ئىككىنچى جىسەك ۋاقتىدا ئاندىن قايتىپ كېلىپ ياتتى.

ئون بەشىنچى كۈنى بولغاندا تاڭ سەنزاڭ راھىبلارغا:

— كەمىنىڭىزلارنىڭ مۇنارنى سۈپۈرۈش ئىستىكىم بار ئىدى. بۈگۈنكى بايرام كۈنىدىن پايدىلىنىپ مۇنارنى ئېچىپ بېرىپ ئارزۇيۇمنى قاندۇرغان بولساڭلار، — دېدى.

راھىبلار دەررۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. شاسىڭ كاسايانى ئېلىپ تاڭ سىڭغا ئەگەشتى. تاڭ سىڭ بۇتلارغا باش قويۇپ ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن سۇپۇرگىنى قولىغا ئېلىپ بىرىنچى قەۋەتنى سۇپۇردى، كاسايانى سېلىۋېتىپ شاسىڭغا بەردى... ئىككىنچى قەۋەتنى سۇپۇردى. شۇ تەرزدە مۇنارنىڭ جىمى قەۋەتلىرىنى سۇپۇرۇپ بولدى. پەسكە چۈشكەندە قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، پانۇسلار تامام يېقىلغانىدى.

بۇ كېچە يۇەنشياۋ بايرىمى ئىدى. راھىبلار:

— ئۇستاز، ئۆتكەن ئاخشام قاقاس تاغقا يېقىلغان پانۇسلارنىلا كۆردۇق. بۈگۈن بايرام بولغانلىكىن شەھەرگە كىرىپ رەڭدار پانۇسلارنى تاماشا قىلساق قانداق؟ — دېدى.

تاڭ سەنزاڭلار خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭلار ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار بىلەن شەھەرگە كىرىپ پانۇسلارنى تاماشا قىلدى.

*مۇبارەك پانۇس بايرىمى كېلىپ،*
*باھار تۇسى بەردى زېمىنغا.*
*شەھەرنى بېزىدى رەڭگارەڭ پانۇس،*
*ياڭرىدى ھەريان ناخشا ـ قوشاقلار.*
*كوچا ـ مەھەللە كۈندۈزدەك يورۇپ،*
*كۆكلەرنى ھەم چاقنىتىۋەتتى.*
*تولۇن ئاي گويا كۈمۈش پەتنۇس،*
*پانۇسلارنى كىمخابقا ئوخشىتىۋەتتى.*
*قوشقان پانۇسلار ئايغا ھۆسن،*
*نۇرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ.*
*شولا چاچتى پانۇسقا ئاي،*
*چاراقلاپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ،*
*كۆز يەتمەس يەردىكى يۇلتۇزلارغا،*
*چىراغ بىلەن بېزەلگەن دەرەخلەرگە.*

*جاھان ئاجايىپ كۆركەم تۇس ئېلىپ،*
*ئۆي ـ راۋاقلار كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن.*
*تۈن بويى ئۈزۈلمەستىن نەغمە ـ ناۋا،*
*شەھەر قاينام ـ تاشقىنلىقىقا چۆمگەن.*

بۇگۈن كوچىلاردا ئامانلىق چېرىكلىرى يوق بولۇپ، ئادەم مىغ ـ مىغ قىلاتتى ۋە مالىمان ئىدى. بىر يەردە ئۇسسۇل، بىر يەردە چېلىش، بىر يەردە ھەييارلىق ئويۇنلىرى بولۇۋاتاتتى. يىلىغا مىنىۋالغانلارمۇ بولۇپ، ئويۇننىڭ جىقلىقىدىن كۆرۈپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. سېرىق پانۇس يېقىلغان كۆرۈككە بارغاندا، تاڭ سەنزاڭ ۋە راھىبلار يېقىن بېرىپ تاماشا كۆردى. بۇ يەردە ئۈچ سېرىق پانۇس ئېسىلغان، پانۇسلار ناھايىتى يوغان ئىدى، ئىككى قەۋەت ئىنچىكە زەر يىپتىن توقۇلغان نەپىس پانۇسلار راۋاقنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئىچىدىكى ناھايىتى نېپىز شېشىدىن ئاي شولىسىدەك يورۇق چۈشەتتى ۋە ئىنتايىن خۇش بۇي ماي ھىدى كېلەتتى. تاڭ سەنزاڭ راھىبلاردىن سورىدى:

— بۇ پانۇسلاردىن ئەجەبمۇ خۇش ھىد كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا قانداق ماي قۇيىسىلەر؟

— ئۇستاز، سىز بىلمەيسىز، بۇ ئادەتتىكى ماي ئەمەس، سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلغان كۈنجۈت مېيى. بۇ مايىنىڭ بىر سەرى ئىككى سەر تەڭگە، بىر جىڭى ئوتتۇز ئىككى سەر تەڭگە. ئۈچ پانۇسنىڭ ھەر ـ بىرىگە بەش يۈز جىڭدىن جەمئىي بىر مىڭ بەش يۈز جىڭ ماي قاچىلىنىدۇ. پۇلى قىرىق سەككىز مىڭ سەر تەڭگە بولىدۇ. قالغان لازىمەتلىكلەر قوشۇلغاندا بۇ چىراغلار ئەللىك مىڭ تەڭگىگە توختايدۇ، ئەمما ئاران ئۈچ كېچە يېقىلىدۇ.

— بۇنچە جىق ماي ئۈچ كېچىدە قانداق كۆيۈپ تۈگەيدۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ. بۇنىڭغا جاۋابەن راھىبلار مۇنداق دېيىشتى:

— بۇ پانۇسلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قورسىقىدا ئوت ـ چۆپلەردىن قىلىنىپ يىپەك بىلەن ئورالغان، توخۇچىلىك كېلىدىغان قىرىق

توققۇز مەشئەل بار . پانۇس بۇگۈن كېچە يېقىلدىمۇ ، بۇددا ئاتمىز پەيدا بولىدۇ ، ئەتە مايلارمۇ تۈگەپ ، پانۇسلار خىرەلىشىدۇ .

— بىۇددا ئاتىمىز مىايىلارنى يىغىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ لوقما سالدى بىر چەتتە تۇرغان جۇ باجىي .

— شۇنداق گەپ بار . قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە شەھەردە مۇشۇنداق گەپ تارقىلىپ يۈرىدۇ . ماي تۈگەپ كەتسە ، ھەممە خالايىق بۇددا ئاتمىز يىغىپ كېتىپتۇ ، دەيدۇ ، تەبىئىي رەۋىشتە شۇ يىلى زىرائەتلەر ئاجايىپ ئوخشاپ مول ھوسۇل ئېلىنىدۇ . ناۋادا ماي تۈگىمەي قالسا ، شۇ يىللىرى قەھەتچىلىك بولۇپ ، بوران - يامغۇر ئۈزۈلمەيدۇ . شۇڭلاشقا خەلق مۇشۇنى نەزىر ھېسابىدا قىلىدۇ .

شۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا ، ئاسماندىن گۈركىرىگەن بوران ئاۋازى كەلگەندى ، كىشىلەر قورقۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى . شەيخلەرمۇ تۇرالماي قېلىپ :

— ئۇستاز ، قايتايلى ، بوران كەلدى ، بۇددا ئاتىمىز پانۇسلارنى كۆرگىلى كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— بۇددىلارنىڭ پانۇسلارنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى قانداق بىلىسىلەر ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ھەر يىلى مۇشۇنداق بولىدۇ . ئۈچىنچى جىسەك بولار - بولماستىنلا شامال چىقىدۇ . شۇنىڭدىن بۇددا ئاتىمىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ھەممە ئادەم ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ ، — دېدى راھىبلار .

— بىز بۇددىغا ۋە بۇددىغا تاۋاپ قىلغانلارغا تاۋاب قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدۇق ، بۇ يىل بەختىمىز بار ئىكەن ، بۇددىلارنىڭ زېمىنغا چۈشكىنىگە توغرا كەپتۇق . بىر تاۋاپ قىلىۋالايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

راھىبلار شۇنچە گەپ قىلسىمۇ كار قىلمىدى ، ھايال ئۆتمەي شامال ئىچىدىن ئۈچ بۇددا كۆرۈنۈپ پانۇسقا يېقىن كەلدى . تاڭ سەنزاڭ پالاقلاپ كۆۋرۈك بېشىغا چىقىپ يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ تەزىم

قىلدى. سوْن ۋوْكوْك دەرھال ئوْنى توسوْپ:
— ئوْستاز، ئوْلار ئوبدان ئادەملەر ئەمەس، چوقوْم ئالۋاستىلار، — دېدى. شوْ ئەسنادا پانوْسلار خىرەلەشتى. گوْر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاڭ سېھىنى شامال ئەكەتتى. جوْ باجيي قورقوْپ كېتىپ ئەتراپتىن ئوْنى ئىزدىدى، شاسېڭ توۋلاپ باقتى.
— ئىنىلىرىم! توۋلاۋەرمەڭلار، ئوْستازىمنى ئالۋاستى ئەپقاچتى. ئون كوْلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەن شوْ، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.
— غوجام، ئالۋاستى ئەپقاچقانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراشتى قورقوْپ كەتكەن راھىبلار.
— سىلەر ھاماقەت خەقلەر شوْنچە يىلدىن بېرى ئالۋاستىلارنىڭ دامىغا چوْشوْپ، ئوْلارنى بوْددا ئاتىلىرىمىز، دەپ كولدوْرلاپ يوْروْپسىلەر، — دېدى سوْن ۋوْكوْك كوْلوْپ، — بايا شامال بىلەن پەيدا بولغان ئوْچ بوْددا ئەمەلىيەتتە ئوْچ ئالۋاستى. ئوْلار مايلارنى قاچىلىرىغا ئېلىۋالغاننى ئاز دەپ، ئوْستازىمنى ئەپقاچتى. مەن سەللا كېچىكىپ قالغىنىم ئوْچوْن ئوْلار شامالغا ئايلىنىپ قېچىپ كەتتى.
— ئاغا، ئوْنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شاسېڭ.
— ھايال بولمايلى. ئىككىڭلار راھىبلار بىلەن ئىبادەتخانىغا قايتىپ ئات بىلەن يوْك - تاقىقا قاراپ تۇروْڭلار. مەن ئوْلارنى قوغلاپ باراي، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.
سوْن ۋوْكوْك شوْئان موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقتى - دە، شامال ھىدىغا قاراپ شەرقىي شىمالغا قوغلاپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا بولسا شامال پەسلەپ، ئىنتايىن تىك ۋە خەتەرلىك بىر تاغ پەيدا بولدى. سوْن ۋوْكوْك يول ئىزدەپ قاراۋاتقاندا، توْت ئادەم ئوْچ قوينى ھەيدەپ تاغ باغرىدىن چوْشوْۋېتىپ «كەيتەي» دەپ ۋارقىرىدى. سوْن ۋوْكوْك جادوْ كوْزى بىلەن نەزەر سېلىپ، ئوْلارنىڭ قىياپىتىنى ئوْزگەرتىۋالغان يىل، ئاي، كوْن، ۋاقىتتىن ئىبارەت توْت تەڭرى ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تونوْدى.

سوٴن ۋوٴكوٴك كالتىكنى توٴتوٴپ قىيادىن سەكرەپ چوٴشوٴپ ۋارقىرىدى :

— سەنلەر ئوٴزوٴڭنى نىقابلاپ قەيەرگە مېڭىشتىڭ !

توٴتەيلەن ئوٴنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئالاقزادە بولوٴپ ، قويلىرىنى ۋارقىراپ تارقىتىۋېتىپ ئوٴز قىياپىتىگە قايتتى ـ دە ، يول بويىغا چىقىپ سالام بېرىپ :

— سوٴن ھەزرەت ، ئەپوٴ قىلىڭ ! ئەپوٴ قىلىڭ ! — دېدى .

— سىلەرنى ئىشقا سالمىغانغا نېمانچە ھوٴروٴن بولوٴپ كەتتىڭلار ، مېنى كوٴروٴپموٴ سالام بەرمىدىڭلار ـ ھە ! مېنى يوشوٴروٴنچە موٴھاپىزەت قىلماستىن قەيەرگە ماڭدىڭلار ؟ — دېدى سوٴن ۋوٴكوٴك .

— ئوٴستازىڭىز ئىخلاسنى بوشاشتوٴروٴپ ، جىنپىڭ ئايمىقىدىكى شاپائەت ئىبادەتخانىسىدا كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگىنى ئوٴچوٴن ، ئويىنغىنى بوٴرنىدىن بوٴلاق بولوٴپ ، ئالۋاستىنىڭ قولىغا چوٴشوٴپ قالدى . ئەمما ، ئوٴنى ئىبادەتخانا موٴئەككىلى يېنىدا توٴروٴپ قوغداۋاتىدوٴ . بىز سىزنىڭ قوغلاپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەچكە ، يولنى بىلمەي قالمىسوٴن دەپ ئالاھىدە خەۋەر قىلغىلى كەلدوٴق ، — دېدى ئوٴلار .

— سىلەر ماڭا خەۋەر يەتكوٴزگىلى كەلگەن بولساڭلار ، نېمىشقا نام ـ ئەمىلىڭلارنى يوشوٴروٴپ ئوٴچ قوينى ھەيدەپ ، ئاللىنېمىلەرنى ۋارقىراپ يوٴرىسلەر ؟ — دېدى سوٴن ۋوٴكوٴك .

— بوٴ ئوٴچ قوي «نىجاتتاپقوٴر» دېيىلىدوٴ ، ئوٴستازىڭىزنىڭ خەۋىرىنى يەتكوٴزىدوٴ ، — دېدى ئوٴلار .

غەزەپ بىلەن ئوٴلارنى ئوٴروٴشقا تەمشىلىپ توٴرغان سوٴن ۋوٴكوٴك نىيىتىدىن يېنىپ خوٴشاللىق بىلەن سورىدى :

— بوٴ تاغ ئالۋاستىلار ماكانىموٴ ؟

— شوٴنداق . بوٴ تاغنىڭ ئىسمى چىڭلوٴڭشەن ، ئوٴنىڭدا شوٴەنيىڭ دەيدىغان غار بار ، غاردا ئوٴچ ئالۋاستى ياشايدوٴ ، چوڭىنىڭ ئىسمى بىخەن (سوغوٴقتىن قاچىدىغان) پالۋان ، ئىككىنچىسىنىڭ

ئىسمى بىشۇ (ئىسسىقتىن قاچىدىغان) پالۋان ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بىچېن (چاڭ ـ توزاندىن قاچىدىغان ) پالۋان . بۇ ئالۋاستىلار بىرەر مىڭ يىلدىن بۇيان مۇشۇ يەردە ياشاۋاتىدۇ . ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلغان كۆنجۈت مېيى يېيىشكە ئامراق ئىدى ، شۇڭا ھەر يىلى چاغاننىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بۇددا مەبۇدىغا ئايلىنىپ مايلارنى يىغىۋالىدۇ . بۇ يىل سىزنىڭ ئۇستازىڭىزنىڭمۇ بۇددا مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىپ غارىغا ئەكىرىپ كەتتى . ئۇزاققا قالماي ئۇلار ئۇستازىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ، سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلغان كۆنجۈت مېيىدا قورۇپ يەيدۇ . سىز چاققان بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ، — دېدى تەڭرىلەر .

سۈن ۋۇكۇڭ تەڭرىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ ، تاغنى ئايلىنىپ غارنى ئىزدىدى . بىرقانچە چاقىرىم ماڭار ـ ماڭماستىنلا جىلغا يېنىدىكى بىر تاش قىياغا كۆزى چۈشتى . قىيانىڭ ئاستىدا تاش ئۆي بولۇپ ، ئىككى قاناتلىق ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى . ئىشىك يېنىدىكى ئابىدىگە : «چىڭلۇڭشەن تېغى شۇەنيىڭ غارى» دەپ يېزىلغانىدى . سۈن ۋۇكۇڭ قاراملىق قىلىپ كىرىشكە پېتىنالماي توۋلىدى :

— ئالۋاستىلار ! تېزدىن ئۇستازىمنى چىقىرىپ بېرىش !

داراڭلىغان ئاۋاز بىلەن ئىشىك يوغان ئېچىلىپ كالا باشلىق جىنلار چىقتى . ئۇلار :

— سەن كىم ؟ بۇ يەردە ۋارقىرايدىغانغا نېمە ھەددىڭ ! — دېدى .

— مەن شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتىدىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان مۇقەددەس راھىب تاڭ سەنزاڭنىڭ چوڭ شاگىرتى بولىمەن . جىنپىڭ ئايمىقىدىن ئۆتكىنىمىزدە ، پانۇسنى تاماشا قىلىپ تۇرساق ، ئۇستازىمنى ئاتامانلىرىڭ ئۇچۇرۇپ ئەكەتتى . جېنىمىز ئامان قالسۇن دېيىشسەڭ دەرھال قايتۇرۇپ بېرىش ! ئۇنداق قىلىشمايدىكەنسەن ، ئۇۋۇلىرىڭنى ۋەيران قىلىپ ، ھەممىڭنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

جىنلار بۇنى ئاڭلاپ پالاقلاپ بىرىپ ئىچكىرىگە خەۋەر قىلدى :
— غوجام ! ئىش چاتاق ! ئىش چاتاق !
ئۈچ ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى غارنىڭ ئىچكىرىسىگە ئاپىرىپ ئۇنى قانداق يېيىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز «ئىش چاتاق» دېگەننى ئاڭلىغان چوڭى چۆچۈپ كېتىپ نىمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى . جىنلار :
— ئىشىك ئالدىدا يۈزلىرىنى پۈتۈنلەي تۈك باسقان ، تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر شەيخ ، سىلىنى ئۇستازىمنى ئەكېلىڭلار دەۋاتىدۇ ، ئامان قالاي دېسەڭلار دەرھال چىقىرىپ بەرسۇن ، بولمىسا ئۆۋىسىنى ۋەيران قىلىپ ، ھەممىڭلارنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن ، دەيدۇ ، — دېدى .
بۇنى ئاڭلاپ ئالۋاستىلار ساراسىمىگە چۈشتى :
— بايا ئۇنى ئەكەلگىنىمىز بىلەن ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىماپتۇق ، مۇلازىملار ، ئۇنى ئەكېلىڭلار ، سوراق قىلىپ كىملىكى ، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ باقايلى ، — دېدى .
جىنلار گۈررىدە بېرىپ تاڭ سەنزاڭنى يەشتى - دە ، ئىتتىرىپ ئاتامانلىرىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . قورقۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ تىترەپ تۇرۇپ تىزلىنىپ :
— غوجام ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ! — دېدى . ئۈچ ئالۋاستى تەڭلا ۋارقىرىدى :
— سەن قەيەردىن كەلگەن شەيخ ؟
— پېقىر غەربىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستاندىكى خىسلەتدار تاغدا تۇرىدىغان بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ باش ئۇرۇپ تۇرۇپ .
— سەن شەرقىي دىياردىن شۇنچە ئۇزاق سەپەرگە چىقىپسەن . نەچچىڭلار بىرگە چىقتىڭلار ، ئۇلارنىڭ ئىسمى نىمە ؟ راستىنى ئېيت . شۇندىلا بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمىز ! — دېدى

ئالۋاستىلار .

— پېقىرنىڭ ئىسمى چېن شۈەن زاڭ ، كىچىكىمدىن تارتىپ جىنشەن ئىبادەتخانىسىدا راھىبلىق قىلغانىدىم . كېيىن تاڭ پادىشاھى مېنى غەربكە بېرىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىشكە ئەمر قىلغاندا ماڭا سەنزاڭ دەپ ئىسىم قويدى ، فامىلەمنى تاڭ دېدى ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مېنى تاڭ سەنزاڭ دەيدىغان بولدى . مېنىڭ ئۈچ شاگىرتىم بار ، بىرىنىڭ فامىلىسى سۈن ، ئىسمى سۈن ۋۇكۇڭ سەپەرچى . ئۇ گۇناھىنى يۇيغان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

بۇنى ئاڭلاپ ئالۋاستىلار چۆچۈپ كېتىشتى :

— ئۇ بەش يۈز يىل مۇقەددەم ئەرشنى مالىمان قىلغان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەممۇ ؟

— شۇنداق ، شۇنىڭ ئۆزى . ئىككىنچىسىنىڭ فامىلىسى جۇ ، ئىسمى ۋۇنېڭ ، يەنى باجيې ، ئۇ ئەرشنىڭ زېمىنغا چۈشكەن سەردارى . ئۈچىنچىسىنىڭ فامىلىسى ۋۇجىڭ شەيخ ، ئۇ ئەرشتىن زېمىنغا چۈشكەن سەركەردە .

ئۈچ ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە :

— بۇنى بالدۇراق يەۋەتسەكمۇ بولغانىكەن . مۇلازىملار ، تاڭ سېڭنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ تۆمۈر زەنجىردە باغلاپ قويۇڭلار ، ئۇنىڭ ئۈچ شاگىرتىنى تۇتقاندا ئاندىن يەيلى ، — دېدى ھەممە ياۋا كالا ، سۇ كالىسى ، سېرىق كالا قاتارلىقلارنى يىغىپ ، قوراللانغان ھالدا تاشقىرىغا چىقىپ جەڭگاھنى ئىگىلەپ ، تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ، داقا - دۇمباق چېلىشقا بۇيرۇدى .

ئۈچ ئالۋاستى ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىپ ۋارقىرىدى :

— بۇ يەرگە يۈرگىنى قاپتەك قىلىپ كېلىپ چۇقان سېلىۋاتقان قايسىڭ !

سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزىنى قىيانىڭ دالدىسىغا ئېلىپ ئۇلارغا زەن سېلىپ قاردى . جىنلارنىڭ يۈزى ھەر خىل رەڭدە بولۇپ ،

كۆزلىرى يۇمىلاق ، يوغان ئىدى ، ئىككى جاۋغىيى ئاجايىپلا ، پۇتۇن تېنى قورۇقتىن ـ قورۇق ئىدى . بىرىنچىسى بېشىغا ماكچىيىپ كەتكەن توپقا ئوخشاش چىپار قالپاق كىيگەن ، يۈزىنى تۈك باسقانىدى ؛ ئىككىنچىسى ئۇستىگە نېپىز شايە يوپۇق ئارتىۋالغان بولسىمۇ ، تۆت تۇيىقى چىقىپ تۇراتتى ؛ ئۈچىنچىسى ھەڭگاڭ چىش ، بەدىنى يىڭنىدەك تىكەنلىك ئىدى . بۇ ئۈچى ئۈچ خىل قورال تۇتقان ، بىرى ئايپالتا ، بىرى يوغان شەمشەر ، يەنە بىرى پۇتاقلىق كالتەك ئىدى . يەنە «بىخەن پالۋان» ، «بىشۇ پالۋان» ، «بىچېن پالۋان» دېگەن خەتلەر كۆزگە يىراقتىن چېلىققۇدەك يېزىلغان ئۈچ دانە ئەلەم بار ئىدى . سۈن ۋۇكۇڭ بىر پەس كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي ، سەكرەپ يېقىن كېلىپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى :

— ئوغرىلار ، داپ يۈز ئالۋاستىلار ! مېنى تونۇشامسەن ؟

— سەن ئەرشنى مالىمان قىلغان سۈن ۋۇكۇڭمۇ ؟ مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا ، دېگەندەك ئىش بولدى . سەن ئەسلىدە تېرىقچىلىك مايمۇنكەنسەنغۇ ! — دېيىشتى ئالۋاستىلار .

— ھوي نومۇسسىز ماي ئوغرىلىرى ! جۆيلۈشمە ! دەرھال ئۇستازىمنى قايتۇرۇپ بېرىش ! — سۈن ۋۇكۇڭ كەلگەنچە ئۇلارنى ساۋاشقا باشلىدى . ئۈچ ئالۋاستى دەرھال قوراللىرىنى تەڭلەپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۈچ ئالۋاستى بىلەن بىريۈز ئەللىك مەرتىۋە ئېلىشتى ، كۈنمۇ كەچ بولدى ، يېڭىش ـ يېڭىلىش بولسا ئايرىلمىدى . بىچېن پالۋان پۇتاقلىق كالتىكىنى ئوينىتىپ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئەلىمىنى پۇلاڭلاتقانىدى ، كالا باشلىق جىنلار گۇررىدە كېلىپ سۈن ۋۇكۇڭنى ئورىۋېلىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ غۇي قىلىپ ئاسمانغا چىقتى ـ دە ، يېڭىلىپ قاچتى . ئالۋاستىلار ئۇنى قوغلىماستىن جىنلىرىنى ئېلىپ قايتتى ، كەچلىك غىزا تەييارلىتىپ يېيىشتى ، مۇلازىملىرىغا تاڭ سېڭمۇ تاماق ئاپىرىپ بېرىشنى ، ئۇنى سۈن ۋۇكۇڭنى تۇتقاندا ئاندىن جازالايدىغانلىقىنى

ئېيتتى. تاڭ سەنزاڭ پەرھىز تۇتقانلىقى ۋە قاتتىق ئازاب چېكىشۋاتقانلىقى ئۈچۈن غىزاغا لېۋىنى تەگكۈزمەي يىغلاۋەردى.

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ شاپائەت ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ: «ئىنىلىرىم!» دەپ توۋلىدى.

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ مەسلىھەتلىشىشكە تەقەززار بولۇپ تۇراتتى، چاقىرغاننى ئاڭلاپ تەڭلا ئۆيدىن چىقىپ:

— ئاغا، نېمانداق پۈتۈن بىر كۈن يوقىلىپ كەتتىڭىز؟ ئۇستازنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالىدىڭىزمۇ، قانداق؟ — دېدى. سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— تۈنۈگۈن كېچە شامالنى قوغلاپ تاڭ ئاتقاندا بىر تاغقا باردىم. ئۇلار شۇ يەردە غايىب بولدى. بەختىمگە تۆت تەڭرى ماڭا: «بۇ تاغ چىڭلۇڭشەن تېغى بولىدۇ، تاغدا شۇەنيىڭ دەيدىغان بىر غار بار، ئۇنىڭدا ئۈچ ئالۋاستى ياشايدۇ، بىرىنىڭ ئىسمى بىخەن پالۋان، بىرىنىڭ ئىسمى بىشۇ پالۋان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بىچېن پالۋان» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەن غارنى تېپىپ تىللىغانىدىم، ئۈچ ئالۋاستى تەڭلا چىقتى، بىر كۈن ئېلىشتىم. كېيىن ئالۋاستى بىر ئەلەمنى پۇلاڭلاتقانىدى، جىنلارنىڭ بارلىقى تەڭلا ھۇجۇم قىلدى. قارىسام كەچ بولۇپ قاپتۇ، ئۇلارنى يېڭەلمەسمەنمىكىن، دەپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ يېنىپ كەلدىم.

— ئۇلار چوقۇم بەڭباش جىن - شاياتۇنلار بولسا كېرەك، — دېدى جۇ باجيې.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى شاسېڭ.

— ئاغام ئۇلارنى كالا باشلىق جىن دېگەنىدى، شۇنىڭدىن بىلدىم.

— ياق! ئۇنداق ئەمەس! مېنىڭچە ئۇلار كەركىداندىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستىلار بولسا كېرەك! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— كەركىدان بولسا ئۇلارنى تۇتايلى، ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزىنى كېسىۋېلىپ ساتساقمۇ بىرمۇنچە پۇلغا يارايدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا راھىبلار كىلىپ :

— سۇن غوجام ، غىزا يەۋالامدىلا ؟ — دىدى .

— سىلەرنى مالال قىلمىسام يىسەممۇ بولىدۇ ، يىمىسەممۇ بولىدۇ ، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بىر كۈن كەچكىچە جەڭ قىلغان تۇرسىلا قورساقلىرى ئاچماي قالامدۇ ؟ — دىدى شەيخلەر .

— بىرەر كۈن تاماق يىمىگەنگە ئاچ قالاتتىممۇ ! پىقىر بەش يۈز يىل تاماق يىمەيمۇ ھىچنىمە بولمىغان ، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

راھىبلار ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەچكە ، بۇ گەپنى چاقچاق دەپ چۈشەندى . بىرپەستىن كىيىن غىزا كەلتۈرۈلدى ، سۇن ۋۇكۇڭ يەپ بولۇپ مۇنداق دىدى :

— بۇلارنى يىغىشتۇرۇڭلار ، ئۇخلايلى . ئەته مەن بىرىپ ئالۋاستى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرمىسام بولمايدۇ .

— ئاغا ، نىمە دەۋاتىسىز ! — دىدى شاسىڭ ، — «ۋاقىت ئۆتتى ، ئىش كەتتى» دىگەن گەپ بار . ئالۋاستىلار بۇگۈن كىچە ئۇخلىماستىن ئۇستازغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويسا قانداق بولىدۇ ؟ بۇگۈن بىرىپ ئۇلار بىخەستە تۇرغاندا ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمىز ياخشى . كىچىكسەك ئىش قولدىن كىتىپ قىلىشى مۇمكىن .

بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيېمۇ جاسارەتلىنىپ كەتتى :

— ئاغام توغرا ئىيتىۋاتىدۇ ! ئايدىڭنى غەنىيمەت بىلىپ ئالۋاستىلارنى يوقىتايلى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارغا :

— يۈك ـ تاق ، ئاتلارغا ئوبدان قاراپ قويۇڭلار . بىز ئالۋاستىنى تۇتۇپ كەلگەندىن كىيىن ئايماقتىكىلەرگە يالغان مەبۇدلارنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ ، پانۇس مىيى يىغىشنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتكەن

بولمامدۇق؟ — دېدى. راھىبلار ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان بولدى. ئۇچەيلەن بۇلۇتقا چىقىپ شەھەردىن چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم يەڭگەن ياكى يېڭىلمىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان ئىككىنچى باب

***ئۈچ راھىبنىڭ چىڭلۇڭشەن تېغىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى***
***تۆت يۇلتۇزنىڭ كەركىدان ئالۋاستىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى***

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ ئىككى ئىنىسىنى ئېلىپ شامال بىلەن بۇلۇتنى ھەيدەپ شەرقىي شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. ھەش - پەش دېگۈچە چىڭلۇڭشەن تېغىدىكى شۇەنيىڭ غارىغا يېتىپ بېرىپ بۇلۇتتىن چۈشتى. جۇ باجيې ئىشىكنى ئېچىشقا تەمشەلگەندى، سۈن ۋۇكۇڭ توختىتىۋالدى:

— سەل تەخىر قىلغىن. مەن كىرىپ ئۇستازنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلىپ چىقاي، ئاندىن ئۇلار بىلەن تۇتۇشايلى.

— ئىشىك مەھكەم ئېتىكلىك تۇرسا قانداق كىرىسىز؟ — دېدى شاسېڭ.

— ئامالىم بار، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

سۈن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى جايىغا قويۇپ، ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىگە ھۆرۈپ: «ئۆزگەر!» دېگەندى، پارقىراق قوڭغۇزغا ئايلاندى. ئۇ ئۇچۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسا، بىرنەچچە كالا ئوڭدا - دۈمدە يېتىپ خورەكنى دۈڭ تارتىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى، تۆردىكى سارايمۇ جىمجىت ئىدى. تۆت تەرەپتىكى ئىشىكلەر چىڭ يېپىق بولۇپ، ئۈچ ئالۋاستىنىڭ قەيەردە ياتىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئارقا ئۆيگە قارىۋىدى، بىرىنىڭ ئېسەدىشى ئاڭلاندى. ئارقا ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلانغان تاڭ سەنزاڭ يىغلاۋاتاتتى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ يېقىن

بېرىپ :

— ئۇستاز ، مەن كەلدىم ! — دېدى .

— سۇن ۋۇكۇڭ ، چاغان كۆڭلىرى ئەجەب ئوت كۆرۈندۇ دېسەم ، ئەسلي سەن ئىكەنسەن ـ دە ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ خۇشال بولۇپ .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۆز قىياپىتىگە قايتىپ شۇنداق دېدى :

— ئۇستاز ، سىلىنىڭ راست ـ يالغىنىنى پەرق ئېتەلمەسلىكلىرى بىلەن قانچىلىك هايالشىدۇق ، قانچىلىك رىيازەت چەكتۇق ـ هە ! مەن ئۇلارنى ياخشى ئادەم ئەمەس دەۋاتسام ، سىلى باش قويۇپ كەتكەنىدىلە ، نەتىجىدە ئۇلار سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلغان كۆنجۈت مېيى بىلەن قوشۇپ سىلىنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەلدى . مەن شۇ زامات جۇ باجىي ، شاسېڭلارغا تاپىلاپ قويۇپ شامالنى قوغلاپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم . بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى ئۇقالماي تۇرغىنىمدا ، تۆت تەڭرى ماڭا بۇنىڭ چىڭلۇڭشەن تېغى شۇەنيىڭ غارى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن ئالۋاستىلار بىلەن بىر كۈن جەڭ قىلىپ كەچ كىرگەندە قايتىپ كەتتىم . ئىنىلىرىمغا ئەھۋالنى يېيىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ بەردىم ۋە ئۇخلاشنىمۇ قويۇپ ، ئۇ ئىككىيلەننى باشلاپ كەلدىم . قاراڭغۇدا جەڭ قىلىش قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ، سىلىنىڭ ئىز ـ دېرەكلىرىنى بىلەي ، دەپ كىردىم .

— جۇ باجىي ، شاسېڭلار سىرتتىمۇ ؟

— هەئە ، بايا قارىسام جىنلارنىڭ هەممىسى قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ . مەن سىلىنى بوشىتىپ ئاچىقىپ كېتەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . تاڭ سەنزاڭ باش لىڭشىتىپ رەھمەت ئېيتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ قولۇپ ئېچىش هۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قولۇپنى سىلىغانىدى ، شاراقىدە ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ ئۇستازنى باشلاپ ماڭاي دەۋاتقاندا ، ئوتتۇرىدىكى ساراي ئۆيدىن ئالۋاستىنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلاندى :

— نۆكەرلەر ، ئىشكنى چىڭ تاقاپ مەهكەم ساقلاڭلار ،

پـارقىراق قوڭغۇزدىن پەخەس بولۇڭلار . نۆۋەتچى كۆزەتچىلەرنى نېمىشقا چاقىرمايسىلەر ؟ قوڭغۇراقلارمۇ چېلىنمايدۇغۇ !

جـىنـلار بـىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلغاچقا ھېرىپ ئۇخلاپ كـەتكەنىدى ، بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشتى ، قوڭغۇراق جاراڭلىتىۋىدى ، بىرقانچىسى ئادەت بويىچە قوراللىرىنى ئېلىپ ئارقا ئۆيدىن چىقىپ سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن تاڭ سەنزاڭغا ئۇچراپ قالدى . جىنلار شۇئان توۋلىشىپ كەتتى :

— ھەي شەيخ ! قۇلۇپلارنى بۇزۇپ قەيەرگە قاچماقچىسەن !

سـۈن ۋۇكـۇڭ گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئالتۇن توقىسىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ چىنىدەك توملۇقتا قىلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە شـۇئـان ئـىككىنى يىقىتتى ، قالغانلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ ئوتتۇرىدىكى سارايغا بېرىپ ئىشىكنى قاققاچ :

— غوجام ! چاتاق بولدى ! ۋاي بولمىدى ! يۈزى يۇڭلۇق شەيخ بۇ يەرگە كىرىپ ھەممىنى ئۇرۇۋاتىدۇ ! — دېدى .

ئـۈچ ئـالـۋاسـتى بۇنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ : «تـۇتـۇڭلار ! تۇتۇڭلار !» دەپ بۇيرۇدى . قورقۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى ، سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى تاشلاپ جـەڭ بـىلـەن بـىرقانچە قەۋەت ئىشىكتىن چىقىپ «ئىنىلىرىم ، قەيەردىسىلەر !» دەپ توۋلىدى . جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ تىرنا بىلەن ھاسىنى تۇتۇپ تۇراتتى . شۇئان :

— ئاغا ، قانداق بولدى ؟ — دېدى . سۈن ۋۇكۇڭ بولغان ئىشنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى .

ئـالـۋاسـتىلار تاڭ سەنزاڭنى تۇتۇپ يەنە تۆمۈر زەنجىرگە باغلىۋەتتى ، شەمشەر ۋە پالتىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، چىراغنى يۈزىگە تۇتۇپ سورىدى :

— سەن مۇتتەھەم قۇلۇپنى قانداق ئاچتىڭ ؟ ھېلىقى مايمۇن قانداق كىرىۋالدى ؟ دەرھال راستىنىڭنى ئېيت ، شۇندىلا بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمىز ! بولمىسا ئىككى پارچە قىلىۋېتىمىز !

— بەگ غوجام ! شاگىرتىم سۈن ۋۇكۇڭ يەتمىش ئىككى خىل

نەرسىگە ئۆزگىرەلەيدۇ . بايا ئۇ پارقىراق قوڭغۇزغا ئايلىنىپ مېنى قۇتۇلدۇرغىلى كەپتىكەن . ھەرقايسىلىرى تۇيماي قېلىشىپلا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ تىترەپ تۇرۇپ .

ئۇچ ئالۋاستى قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا تۇيۇپتىمىز ، قاچالماپسەن ! — دېيىشتى ۋە لەشكەرلىرىگە ئالدى - ئارقا ئىشىكنى چىڭ ئېتىشنى تاپىلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىش بېسىقتى .

— ئىشىك يېپىلىپ ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى ، ئۇستازنى يوشۇرۇنچە چىقىتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ، دەرھال تۇتۇش قىلايلى ، — دېدى شاسېڭ .

— توغرا ئېيتتىڭ ! دەرھال ئىشىكنى بۇزايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ تاش ئىشىكنى تىرنا بىلەن كۈچەپ قومۇرۇپ بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن ھەيۋە قىلىپ توۋلىدى :

— ماي ئوغرىلىرى ! ئۇستازىمىزنى دەرھال چىقىرىپ بېرىش !

ئىشىكتە تۇرغان جىنلار ساراسىمىگە چۈشۈپ دومىلاپ دېگۈدەك بېرىپ خەۋەر قىلدى :

— غوجام ، چاتاق بولدى ! چاتاق بولدى ، ئالدى ئىشىكنى راھىبلار بۇزۇۋەتتى !

— بۇ نېمىلەرنىڭ يامانلىقىنى كۆر ! — دېدى ئالۋاستىلار غەزەپ بىلەن ، ئاندىن دۇبۇلغا بىلەن ساۋۇتلىرىنى ئاچىقتۇرۇپ كىيدى ، قوراللىرىنى ئېلىپ سەركەردە ۋە لەشكەرلىرىنى توپلاپ سىرتقا چىقتى . بۇ ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتى بولۇپ ، تولۇن ئاي يەر - جاھاننى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى . ئۇلار گەپ - سۆز قىلمايلا ھۇجۇمغا ئۆتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئايپالتىغا ، جۇ باجيې شەمشەرگە ، شاسېڭ يوغان توقماققا تاقابىل تۇردى .

ئۇچ راھىب ئۈچ ئالۋاستى بىلەن ئۇزاق ئېلىشتى ، ئەمما يېڭىش - يېڭىلىش بىلىنمىدى . بىخەن پالۋان : «نۆكەرلەر ،

كىشىلەر!» دەپ ۋارقىرىغانىدى، قورال‌لىق جىنلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ جۇ باجىينى پۈتلاپ يىقىتتى. بىرنەچچە سۇ كالىسى جىن ئۇنى سۆرەپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ باغلىۋەتتى. شاسىڭ جۇ باجىينى كۆرمىگەندىن كېيىن ھاسىسى بىلەن بىچىن پالۋانغا ھەيۋە قىلىپ قويۇپلا قاچماقچى بولغانىدى، جىنلار ئۇلاش - چولاش كېلىپ يۈتىدىن، قولىدىن تارتتى. ئۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي تۇتۇلۇپ باغلاندى. ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن سۈن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ قېچىپ قۇتۇلدى. جۇ باجيې بىلەن شاسېڭنى سۆرەپ تاڭ سېڭنىڭ قېشىغا ئەكېلىۋىدى، ئۇ:

— ۋاي بىچارىلەر، سىلەرمۇ تۇتۇلۇپ قاپسىلەرغۇ! سۈن ۋۇكۇڭ قەيەردە؟ — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ ئۈچ ئالۋاستىنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئاسمانغا چىقىپ ئەرشتىن ياردەم سورىماقچى بولۇپ ماڭدى. ئۇزاققا قالماي ئەرشنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا بارغاندا، گەپلىشىپ تۇرغان زۆھرە يۇلتۇز بىلەن پەلەك شاھ زېڭجاڭ، ديەن، جۇ، تاۋ، شۈي قاتارلىق خىسلەتدار تاغ بەگلىرىگە كۆزى چۈشتى. ئۇلار سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا ئالمان - تالمان سالام بەردى:

— تەقسىر، يول بولسۇن؟

سۈن ۋۇكۇڭ شۇەنيىڭ غارىدىكى ئۈچ ئالۋاستى بىلەن قىلغان جېڭىنى ئۇلارغا بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. زۆھرە يۇلتۇز كۈلۈپ كېتىپ:

— تەقسىر، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋالغانسىز؟ — دېدى.

— بىلىۋالدىم، ھەممىسى كالا جىنلار ئىكەن. بىرلا يېرى، ئۇلارنىڭ ماھارىتى قالتىس ئۈستۈن بولغاچقا، يېڭەلمەي ئاچچىقىم كەلدى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئۇلار كەركىداندىن ئۆزگەرگەن ئالۋاستىلار . ئۇلار ئاسمان ھادىسىلىرىنى بىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆگىنىپ ئەۋلىياغا ئايلانغان . شۇڭا ، بۇلۇت ۋە تۇمانلار ئۈستىدە يۈرەلەيدۇ . ئۇلارنى تۇتىماقچى بولسىڭىز ، سىمۇچىن يۇلتۇز بەگ بىلەن كۆرۈشمىسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ ئىلتىجا بىلەن سورىدى :

— سىمۇچىن يۇلتۇز بەگ قايسى ، زۆھرە يۇلتۇز ئاتا ، ئېنىقراق كۆرسەتمە بەرسىلىچۇ .

— ئۇ يۇلتۇز دۇنيۇ ئوردىسىنىڭ سىرتىدا ، ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا . سىز بېرىپ يۈرۈن سۇلتانغا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىپ ئېنىق كۆرسەتمە ئېلىڭ ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز . سۇن ۋۇكۇڭ قولىنى جۈپلەپ تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىردى .

بىردەمدىن كېيىن ئۇ نۇرانە قەسىرگە كەلدى . تۆت سىپھدار دەررۇ ئۇنى باشلاپ خىسلەتدار قەسىرگە كىرىپ ، يۈرۈن سۇلتانغا ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى . ھەممەيلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىشلار بىرقۇر سۆزلەندى . يۈرۈن سۇلتان ، شۇ يولدىكى تەڭرى لەشكەرلىرى ياردەم بەرسۇن ، دەپ ئەمر قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئىلتىجا قىلدى :

— ئەرشنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدا زۆھرە يۇلتۇز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىۋىدىم ، ئۇ : «ئالۋاستىلار كەركىداندىن ئۆزگەرگەن ، ئۇلارنى سىمۇچىن يۇلتۇزلا ئەل قىلالايدۇ» دەيدۇ ، دېدى .

يۈرۈن سۇلتان دەررۇ شۈي سىپھدارنى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن دۇنيۇ قەسىرىگە بېرىپ سىمۇچىن يۇلتۇزغا زېمىنغا چۈشۈپ ئالۋاستىلارنى ئەل قىلىش ئەمرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى .

بۇ چاغدا قەسىر سىرتىغا يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىللىرى ساھابىلىرىنىڭ جىمىسى يىغىلغانىدى . سىپھدار :

— يۈرۈن سۇلتان سىمۇچىن يۇلتۇزنى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن

زېمىنغا چۈشۈپ ئالۋاستىنى ئەل قىلىشقا ئەمر قىلدى، — دېدى.

شۈئان جياۋمۇجياۋ، دۇمۇشى، كۇيمۇلاڭ، جىنمۇئەنلەر[1] قاتاردىن چىقىپ تەڭلا شۇنداق دېدى:

— سۇن ھەزرەت، بىز قەيەردىكى ئالۋاستىلارنى تۇتىمىز؟

— سىلەرمىدىڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ، — زۆھرە يۇلتۇزمۇ تازا قۇۋلۇق قىپتۇ، مەن ھېچنېمىنى ئۇقماپتىمەن. باشتىلا يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىلىنىڭ مۇ ئىسىملىك تۆت ساھابى بىلەن كۆرۈشكىن، دېسىلا، مەن كېلىپلا چاقىرسام بولماسمىدى؟ يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇ ئاتىمىزنى ئاۋارە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ئىدى؟

— تەقسىر، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز! يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرى بولمىسا، قايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا بۇ يەردىن ئايرىلالايمىز؟ بالدۇر بېرىپ، بالدۇر قايتايلى، — دېدى تۆتەيلەن.

— جىنپىڭ ئايمىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چىڭلۇڭشەن تېغى شۇەنيىڭ غارىدىكى كەركىداندىن ئۆزگەرگەن جىنلارنى تۇتىمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ناۋادا كەركىداندىن ئۆزگەرگەن جىنلار بولسا، بىز بارماي، جىنمۇئەنلا بارسۇن. چۈنكى ئۇ تاغقا چىقسا يولۋاسلارنى، دېڭىزغا چۈشسە كەركىدانلارنى يەۋېتىدۇ، — دېدى قالغان ئۈچەيلەن.

— ئۇلار ئادەتتىكى كەركىدانلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار تائەت — ئىبادەت بىلەن مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن. شۇڭا، ئۆزۈڭلارنى چەتكە تارتماي، ھەممىڭلار بېرىشىڭلار كېرەك، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

تۆتەيلەن بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، بىرلىكتە بۇلۇت بىلەن شۇەنيىڭ غارىغا ماڭدى.

— ئەۋلىيا ئەزەم، ئاۋۋال سىز بېرىپ ئۇلارنى باشلاپ

---

① بۇلار يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىللىرى ساھابىلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئىسمىدا «مۇ» (木) كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى «سىمۇچىن» بىر ئىسىمدەك ئاڭلانغىنى بىلەن، مۇشۇ تۆتەيلەننىڭ ئىسمى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى باشتا ئۇقمىغان.

چىقىڭ، ئاندىن بىزگە قويۇپ بېرىڭ، — دېدى تۆتەيلەن. سۈن ۋۇكۇڭ غارغا كېلىپلا تىل سالدى:

— ماي ئوغرىلىرى! ئۇستازىمنى چىقىرىپ بېرىش!

ئىشىكنى جۇ باجيې تىرنا بىلەن بۇزۇۋەتكەن بولغاچقا، بىر نەچچە جىن يوغان تاختايلار بىلەن توسۇپ تۇراتتى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپلا شاپاشلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— غوجام، سۈن شەيخ سىرتتا تىللاۋاتىدۇ!

— ئۇ يېڭىلىپ قاچقانىدى، يەنە نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ ھەرقاچان ياردەمگە ئادەم باشلاپ كەلدى، — دېدى بىچېن.

— ئۇ ئادەم باشلاپ كەلسىمۇ نېمە قورقۇش! دەرھال ساۋۇت — دۇبۇلغىنى كەلتۈرۈڭلار! نۆكەرلەر، ھەممىڭلار پەم بىلەن قورشاۋغا ئېلىڭلار، ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭلار، — دېدى بىخەن، بىشۇ.

جىنلار جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ نەيزە، شەمشەرلەرنى تۇتۇپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ، تۇغ - ئەلەملەرنى پۇلاڭلىتىپ غاردىن چىقتى - دە، سۈن ۋۇكۇڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئۆلمەيدىغان نەس مايمۇن، يەنە كەلدىڭمۇ!

«نەس مايمۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتەتتى. شۇڭا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇلارغا ئېتىلدى. ئۇچ ئالۋاستى جىنلىرىنى يۆتكەپ ۋە سۈن ۋۇكۇڭنى قوغلاپ يۈرۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. تۆت يۇلتۇز بولسا قورالىرىنى تەڭلەپ ۋارقىرىدى:

— ھوي لەنىتىلەر! قول تەگكۈزگۈچى بولۇشما!

ئۇچ ئالۋاستى ئۇلارنى كۆرۈپلا قورقۇپ تۇۋلىۋەتتى:

— چاتاق بولدى! ۋاي بولمىدى! ئۇ جان ئالىدىغاننى باشلاپ كەپتۇ! نۆكەرلەر! جېنىڭلارنى ئەپقېچىڭلار!

شۇئان جىنلارنىڭ ھەممىسى مۆرىشىپ، پۇشۇلدىشىپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. ئۇلار ياۋا كالا، سۇ كالىسى، سېرىق كالا بولۇپ، تاغنى بىر ئېلىپ ھەر تەرەپكە قاچاتتى. ئۇچ ئالۋاستىمۇ ئۆز

قىياپىتىگە قايتىپ ئوقتەك تېزلىكتە شەرقىي شىمالغا قاراپ قاچتى . سۈن ۋۇكۇڭ جىنمۇئەن ، جياۋمۇجياۋلار بىلەن جېدەللەپ قوغلىدى . دۇمۇشى ، كۈيمۇلاڭلار تاغ قاپتاللىرى ، تاغ ئۈستى ۋە جىرالاردا سۈرۈپ يۈرۈپ كالا جىنلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە تۇتۇپ تۈگەل بېسىقتۇردى ، ئاندىن شۈەنيىڭ غارىغا كىرىپ تاڭ سېڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلارنى باغلاقتىن بوشاتتى .

شاسېڭ بۇ ئىككىيلەننى تونۇپ تەزىم بىلەن تەشەككۈر ئېيتتى .

— ئىككىڭلار قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار ؟

— ئەۋلىيا ئەزەم يۈرۈن سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن بىزنى ئالۋاستىلارنى تۇتۇپ سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا باشلاپ كەلدى ، — دېدى ئۇلار .

— سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزى نېمىشقا كەلمىدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ يىغلاپ تۇرۇپ . ئۇلار مۇنداق دېدى :

— ئۈچ ئالۋاستى ئەسلىي ئۈچ كەركىدان ئىكەن . ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا جېنىنى ئېلىپ شەرقىي شىمالغا قاچتى . ئەۋلىيا ئەزەم ، جىنمۇئەن ، جياۋمۇجياۋلار ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى .ئىككىمىز قالغان جىنلارنى يوقىتىپ بۇ يەرگە كېلىپ سىلەرنى قۇتۇلدۇردۇق .

تاڭ سەنزاڭ ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىپ تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن ئاسمانغا قاراپ تەزىم قىلدى . جۇ باجيې ئۇنى يۆلەپ :

— ئۇستاز ، بۇگۈن ئالۋاستى ـ جىنلار يوقىتىلىپتۇ . ئاغام قېرى ئالۋاستىلارنى قانداق قىلىۋاتىدىكىنتاڭ . ئۇنىڭغىچە بىز قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنى ئاچىقىۋېتىپ ، غارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ، بۇ نېمىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ۋۇجۇدىنى قۇرۇتۇۋېتەيلى ـ دە ، ئاغىمىزنى ساقلاپ تۇرايلى ، — دېدى .

— ئەرش سەردارى توغرا ئېيتتى . سىز پەردە قايرىغۇچى سەركەردىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئىبادەتخانىغا قايتىپ ئارام

ئېلىپ تۇرۇڭ. بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئالۋاستىلارنى تۇتمىساق بولمايدۇ، — دېدى كۇيمۇلاڭ.

— شۇنداق، شۇنداق. ئىككىڭلار ئالۋاستىلارنى تۇتۇشقا بېرىپ ھەممىنى يوقىتىپ، ئاندىن قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىڭلار، — دېدى جۇ باجيې.

شۇئان ئىككىيلەن ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كەتتى.

— جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ غاردىكى قولغا چىققۇدەك نەرسە — نۇرغۇنلىغان مارجان، ھېقىق، مەرۋايىت، ياقۇت، كەھرىۋا، خاسىيەتلىك قوراللار، چىرايلىق قاشتاشلىرى، ئېسىل ئالتۇنلارنى تېپىپ تاشقىرىغا ئاچىقتى، ئۇستازنى قىيا ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، غارغا ئوت قويۇۋەتتى. غار كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغاندا، ئاندىن تاڭ سېڭلار يول تېپىپ جىنپىڭدىكى شاپائەت ئىبادەتخانىسىغا باردى.

بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئىبادەتخانىغا تىنچ - ئامان قايتىنىنىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى شەرقىي شىمالغا ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كەتكەن دۇمۇشىي، كۇيمۇلاڭلاردىن ئاڭلايلى. ئۇلار ئاسماندا تۇرۇپ قارىغانىدى، ھېچنېمە كۆزگە چېلىقمىدى. غەربىي دېڭىزغا بارغاندا ئاندىن دېڭىز بويىدا ئولتۇرغان سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ پەسكە چۈشتى - دە:

— سۇن ھەزرەت، ئالۋاستىلار قەيەرگە كەتتى؟ — دېدى.

— مەن ئۈچ ئالۋاستىنى قوغلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار دېڭىزغا چۈشۈۋالدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ غەزەپ بىلەن، — جىنمۇئەن، جياۋمۇجياۋلار ماڭا، سىز مۇشۇ يەردە تەييار بولۇپ تۇرۇڭ، دەپ قويۇپ قوغلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئىككىڭلار كەپسىلەر، ئەمدى سىلەر بۇ يەردە توسۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپلا كېلەي.

سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن سۇنى يېرىپ دېڭىزغا كىردى. ئۈچ ئالۋاستى سۇ تېگىدە جىنمۇئەن، جياۋمۇجياۋلار بىلەن جان تىكىپ

ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ يېقىن كېلىپ: «مانا مەن كەلدىم!» دەپ تۋۋلىدى. ئالۋاستىلارنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاچتى. بۇ نېمىلەرنىڭ مۇڭگۈزى سۇ يارىدىغان بولغاچقا، سۇ ئىككى ياققا ئايرىلىپ يول ئېچىلىپ تۇراتتى. كەينىدىن ئىككى يۇلتۇز بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ قوغلاپ كەتتى.

غەربىي دېڭىزدا دېڭىز تەكشۈرگۈچى كۆزەتچىلىرى ۋە دېڭىز قاراۋۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار يىراقتىنلا كەركىدانلارنىڭ سۇنى يېرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى ھەمدە ئارقىدىكى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئىككى يۇلتۇزنى تونۇپ، خرۇستال ئوردىغا كىردى ـ دە، ئالاقزادە بولغان ھالدا ئەجدىھا شاھقا خەۋەر قىلدى:

— دات، پادىشاھىم! ئۈچ كەركىداننى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئىككى يۇلتۇز قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ!

ئەجدىھا پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ شاھزادىسى موئاڭنى چاقىرىپ:

— دەرھال سۇ لەشكەرلىرىنى يىغىڭ، كەركىدان جىنلاردىن بىخەن، بىشۇ، بىچېن ئۈچى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئوخشايدۇ، ھازىر دېڭىزىمىزدا ئىكەن، دەرھال قوراللىنىپ سۇن ۋۇكۇڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، — دېدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە تاشپاقا، قىسقۇچپاقا، راك، موزايبېشى قاتارلىق سۇ لەشكەرلىرى قوراللىنىپ چۇقان ـ سۈرەنلەر بىلەن ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەركىدانلارنى توسۇدى. كەركىدانلار ئالدىغا ماڭالماي كەينىگە قاچقانىدى، جىنمۇئەن، جياۋمۇجياۋ ۋە سۇن ۋۇكۇڭلار توسۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈپ ھەر تەرەپكە جېنىنى ئېلىپ قېچىشتى. بىچېننى ئەجدىھا شاھنىڭ لەشكەرلىرى قورشىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ:

— توختاڭلار! توختاڭلار! ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. مۇئەن بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا، لەشكەرلىرى بىلەن

ئۇنى يەرگە بىسىپ تۆمۈر ئىلمەكتە بۇرنىدىن ئىلىۋالدى ۋە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

ئەجدىھا شاھ يەنە لەشكەرلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇشقا ئىككى يۇلتۇز بېگىگە ھەمدەم بولۇشنى بۇيرۇدى. شۇ ئارىلىقتا شاھزادىمۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. جىنمۇئەن ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ بىشۇنى بىسىۋالدى ـ دە، يېگىلى تۇردى. مۇئاڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— تەقسىر، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسىلا. سۇن ھەزرەت ئۇنى ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇڭلار دېگەن، — دېدى. شۇ گەپنى قىلغۇچىلىكلا، ئۇ ئالۋاستىنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋەتتى.

مۇئاڭ راك ۋە تاشپاقا لەشكەرلىرىگە ئۆلۈك كەركىدانىنى خرۇستال ئوردىغا ئەكىرىپ قويۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى جىنمۇئەن بىلەن قوغلاپ كەتتى. جياۋمۇجياۋ بىشۇنى بۇ ياققا سۆرگەندى، جىنمۇئەنلەرگە ئۇچرىدى. مۇئاڭ قىسقۇچپاقىلىرى بىلەن ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋالدى. ئالۋاستى: «بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي!» دەپ توۋلاپ كەتتى. جىنمۇئەن يېقىن كېلىپ كاپ قىلىپلا ئۇنى قۇلىقىدىن تۇتۇپلا قولىدىن شەمشەرنى تارتىۋالدى ـ دە:

— سېنى ئۆلتۈرمەيمەن! ئەۋلىيا ئەزەمگە تاپشۇرىمەن! — دېدى.

خەۋەرچىلەر خرۇستال ئوردىغا كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— ھەممىسى تۇتۇلدى!

سۇن ۋۇكۇڭ بىرىنىڭ باشسىز تېنى قان تېمىپ يەردە ياتقانلىقىنى، يەنە بىرىنىڭ قۇلىقى جىنمۇئەننىڭ قولىدا بولۇپ، تىزلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يېقىن كەلدى، تازا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— بۇ باش كېسىلگەندەك تۇرمايدۇغۇ؟ — دېدى.

— مەن توۋلاپ توختىتىۋالمىغان بولسام، تېنىمۇ جىنمۇئەن تەقسىرنىڭ گېلىغا كىرىپ كېتەتتى، — دېدى مۇئاڭ كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. ھەرە ئەكىلىپ ئىككى مۈڭگۈزىنى ھەرىدىۋىلىڭلار، تېرىسىنى شىلىۋىلىڭلار، گۆشىنى ئەجدىھا شاھ بىلەن شاھزادىگە قالدۇرۇڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. ئاندىن بىچېنىنى بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ جياۋمۇجياۋغا تۇتقۇزدى، بىشۇنىڭمۇ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ جىنمۇئەنگە تۇتقۇزۇپ:

— بۇلارنى جىنپىڭغا ئاپىرىپ ئايماق بېگىگە تاپشۇرىمەن. ئۇلار نەچچە يىلدىن بۇيان يالغاندىن بۇددا بولۇۋېلىپ خەلققە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى جامائەتكە ئىقرار قىلغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، — دېدى.

ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇندى. ئۇلار ئەجدىھا شاھ ۋە شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ غەربىي دېڭىزغا چىقتى. كەركىدانلارنى يېتىلگەنلەر كۈيمۇلاڭ، دۇمۇشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ بۇلۇتقا چىقىپ جىنپىڭ دىيارىغا ئۇچتى.

تەڭرىلەر كەركىدانلارنى ئىتتىرىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، بىر رەڭدار بۇلۇت بولۇپ مەھكىمە ئۈستىگە چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ مەھكىمىدىكى ئامباللار، شەھەر ئىچى ـ تېشىدىكى خەلقلەر ئۆي ـ ئۆيلەردە كۈجە كۆيدۈرۈپ تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلىپ باش قويدى. بىردەمدىن كېيىن شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبلار تاڭ سېڭنى تەختىراۋانغا سېلىپ مەھكىمىگە ئەكەلدى. ئۇ سۇن ۋۇكۇڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ «رەھمەت» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى:

— ھىممىتىڭلارغا رەھمەت، سىلەر بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قويدۇڭلار. بولمىسا بۇ ئالۋاستى قاچانلاردا قولغا چۈشەر ئىدى ـ ھە!

— ئالدىنقى كۈنى سىلىدىن ئايرىلغىنىمدىن كېيىن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — مەن ئەرشكە چىقتىم، زۆھرە يۇلتۇز بوۋاي بۇ ئالۋاستىلارنىڭ كەركىداندىن ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىدىكەن، شۇڭا بۇ تۆتەيلەننى تەكلىپ قىلىشىمغا مەسلىھەت بەردى. شۇئان تەڭرىدىن پەرمان ئېلىپ بۇلارنى باشلاپ ماڭدىم ـ دە، ئۇدۇل غار

ئاغزىغا بىرىپ جەڭگە چاقىرىپ ئېلىشتۇق . ئالۋاستىلار قېچىپ كەتتى . دۇمۇشى ، كۇيمۇلاڭلار ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى . مەن جىنمۇئەن ، جياۋمۇجياۋلار بىلەن ئالۋاستىلارنى قوغلىدۇق . ئالۋاستىلار غەربىي دېڭىزغا كىرىۋالدى . ھېلىمۇ ياخشى ئەجدىھا شاھ لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ ھەمدەمدە بولدى ، شۇڭا بۇلارنى تۇتۇپ سوراق قىلغىلى بۇ يەرگە ئەكەلدۇق .

تاڭ سەنزاڭ ئۇست ـ ئۇستىلەپ مىننەتدارلىق بىلدۇردى . مەھكىمدىكى ئامبال بىلەن ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارمۇ شاھانە كۆجىلەرنى كۆيدۇرۇپ ھەممە ياقنى كۆجىنىڭ خۇش ھىدىغا تولدۇرۇپ ، ئاسمانغا قاراپ ئىبادەت قىلدى .

بىرپەستىن كېيىن جۇ باجيېنىڭ قېنى قىزىپ تۇرالمىدى . ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ بىر قىلىچ بىلەن بىچېنىنىڭ ، يەنە بىر قىلىچ بىلەن بىشۇنىڭ كالللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى . ئارقىدىن تۆت تال مۇڭگۈزنى كېسىۋالدى . ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەقلى بار ئىدى . شۇڭا ئۇ :

— تۆت تەقسىر ، بۇ تۆت دانە مۇڭگۈزنى ئەرشكە ئاچىقىپ يۇرۇن سۇلتانغا تۇتقايسىلەر ، — دېدى ۋە ئۆزى ئېلىپ قالغان ئىككى تالنى مۇنداق تەقسىم قىلدى ، — بۇنىڭ بىرىنى بۇندىن كېيىن ماي يىغىش سىلىقنى بىكار قىلىشنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە مەھكىمە خەزىنىسىگە تەقدىم قىلايلى ؛ يەنە بىرىنى بىز ئەكېتىپ خىسلەتدار تاغقا ئاپىرىپ بۇددا ئاتىمىزغا تۇتايلى .

تۆت يۇلتۇز خۇش بولۇپ كەتتى ۋە شۇئان سۇن ۋۇكۇڭلار بىلەن خوشلىشىپ رەڭدار بۇلۇتنى ھەيدەپ ئەرشكە چىقىپ كەتتى .

ئامبال تۆت راھىبنى تۇتۇپ قېلىپ كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى ، بەگلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلدى . بىر تەرەپتىن ئېلان چىقىرىپ جىمى ئاۋام ۋە لەشكەرلەرگە كېلەر يىلدىن باشلاپ ئالتۇن پانۇس يېقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى ، ماي ئالۋىڭى مەڭگۈ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن قاسساپلارغا كەركىدانىنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ ، ئوبدان قۇرۇتۇپ

ساۋۇت ياساش بۇيرۇلدى ، گۆشى بەگلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى . ئاندىن پۇل ۋە ئاشلىقتا مۇناسىۋەتسىز بوش يەردىن ۋەخپە يەر سېتىۋېلىپ ، تۆت يۇلتۇزنىڭ ئالۋاستىلارنى تۇتقانلىقىنى خاتىرىلەپ ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ ، ھەربىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئابىدىلەر تىكلەپ ، خەتلەرنى يازدۇرۇپ ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرىدىغان بولدى .

ئۇستاز ۋە شاگىرتلار كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى . ئۇلار ئىككى يۈز قىرىق تۆت ماي ساتقۇچى ئائىلىدە مېھمان بولۇپ بىرەر ئايدەك تۇرۇپ قالدى . تاڭ سەنزاڭ بەك كېچىكىپ قالمايلى ، دېگەن ئەندىشە بىلەن سۇن ۋۇكۇڭغا :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، قېپقالغان نەرسىلەرنى خىراجىتىمىز بەدىلىگە ساخاۋەت ئىبادەتخانىسىغا بېرىۋېتەيلى . كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چۈشمەسلىك ئۈچۈن تاڭ ئاتماستىلا كېتىپ قالايلى . ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئىشىمىزغا دەخلى يەتمىسۇن ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ قالغان نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ بىر ياقلىق قىلدى . ئۇلار ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشىگە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممە ئىشنى تەخ قىلدى . تاڭ سەنزاڭ قول سىلكىپ :

— ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنى ئېگىز - پەس قىلماي جىممىدە كېتىۋالايلى ، — دېدى ۋە دەرھال ئاتقا مىنىپ ئىشىكتىن چىقتى . بۇ مېڭىشى بەئەينى ، چىقتى قەپەستىن سۇمۇرغ ، چاقتى قۇلۇپنى ئەجدىھا ، دېگەندەك بىر ئىش بولدى . تاڭ يورۇغان چاغدا بۇلارنى چىللاپ كەلگەنلەرنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# توقسان ئۈچىنچى باب

## *راھىبلار سارىيى قىلىنغان باغ ھەققىدە پاراڭ بولغانلىقى*
## *ھىندىستان پادىشاھىنىڭ كۈيئوغۇل تاللىغانلىقى*

ئەلقىسسە، تاڭ ئاتتى، راھىبلار تاڭ سېڭ ۋە شاگىرتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— تۇتۇپ قالالماپتۇق، خوشلىشالماپتۇق، تىلەك تىلىيەلمەپتۇق، پاك، تىرىك بىر بۇددساتۋانى كەتكۈزۈپ قويۇپتۇق، — دېدى. شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، بىرقانچە ئائىلىدىن ئۇلارنى چاقىرىپ ئادەم كەلدى. راھىبلار قوللىرىنى جۈپلەپ:

— ئاخشام ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلالماپتىمىز. بۈگۈن ئەتىگەن بولۇتقا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ، — دېدى.

ھەممەيلەن تەڭلا ئاسمانغا قاراپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بۇ گەپ تارقىلىش بىلەن تەڭ شەھەردىكى بەگلەر ۋە ئاۋاملار مال سويۇپ، مېۋە - چېۋە تەييارلىدى، ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، يېرىم ئاي تىنچ - ئامان ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى بىر تاغقا كەلدى. تاڭ سەنزاڭ يەنە ئەنسىرەشكە باشلىدى:

— شاگىرتلىرىم، ئالدىمىزدا تاغ پەيدا بولۇپ قالدى، ئېھتىياتچانراق بولايلى جۇمۇ!

— بىز مۇقەددەس جايلارغا كېلىپ قالدۇق، بۇ يولدا چوقۇم جىن - ئالۋاستىلار يوق. ئۇستاز، ئۇنچە يۈرەكزادىلىك

قىلمىسىلا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— شاگىرتىم، مۇقەددەس جايلارغا ئاز قالدۇق، دەيسەن، ئۆتكەن كۈنى ئىبادەتخانىدىكىلەر ھىندىستانغا يەنە ئىككى مىڭ چاقىرىم بار دېدى، يەنە قانچىلىك ماڭىمىز كىنتاڭ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، ئەۋلىيايى ئەزەم نياۋجيانىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇ سۆزلەر مېنىڭ تەۋەرۇكۇم. ئەۋلىيايى ئەزەم نياۋجيا ئۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغاندىن بۇيان ئوقۇمىغان كۈنۈم بولمىسا قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن؟ ئۇنى ئاياغدىن باشقا ياندۇرۇپمۇ ئوقۇيالايمەن! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئوقۇيالىغان بىلەن تەبىرىنى ئېيتالمايدىلا - دە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ھوي مايمۇن! نېمىشقا تەبىرىنى ئېيتالمايدىلا دەيسەن، سەن تەبىر ئېيتالامسەن؟

— مەن تەبىر بېرەلەيمەن! تەبىر بېرەلەيمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن قايتا گەپ - سۆز قىلىشمىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى جۇ باجيې كۈلۈپ يىقىلىپ قالدى. شاسېڭنىڭ بولسا خۇشلۇقىدىن ئاغزى يۇمۇلمىدى.

— ۋاي ئاغزىم! كىلىپ چىقىشى ماڭا ئوخشاشلا ئالۋاستى بولغان ئادەممۇ نەدىمۇ سۆرە ئۆگىنىدۇ، قانداقمۇ دىنىي ئىلىمدىن گەپ ئاچالايدۇ؟ يالغانچىلىق قىلىپ: «بىلىمەن، تەبىر بېرەلەيمەن!» دەۋاتسا، نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيدىلا، ئۇستاز؟ قېنى ئاڭلاپ باقايلى! تەبىر بېرىڭلا بولمىسا! — دېدى جۇ باجيې.

— ئاغام گەپىنى ئۇزارتىپ، ئۇستازنى ئالداپ يول ئاۋۇتماقچى. ئۇ كالتەك تۇتۇشنىلا بىلىدۇ، تەبىر بېرىشنى نەدىن بىلسۇن! — دېدى شاسېڭ.

— جۇ ۋۇنىڭ، شا ۋۇجىڭ، ۋالاقشىمىساڭلارچۇ. سۇن ۋۇكۇڭ تىل - يېزىقتا يوق نېمىگە تەبىر بېرەلىشى مۇمكىن. مەن

بولسام راستتىن تەبىر بېرەلەيمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

مۇشۇ گەپلەر بىلەن ئۇلار بىرمۇنچە يول يۈرۈپ ، بىرقانچە ئېدىردىن ئۆتۈپ ، يول بويىدىكى بىر يوغان ئىبادەتخانىغا كەلدى .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، ئالدىمىزدىكى ئىبادەتخانا ئىكەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ قاراپ بېقىپ : «ئالتۇن ياتقۇزۇلغان ئىبادەتخانا» ئىكەن دېدى ، جۇ باجيېمۇ شۇنداق ئىكەن ، دەپ تەستىقلىدى . تاڭ سەنزاڭ ئات ئۈستىدە ئويغا چۆمدى ۋە : «ئالتۇن ياتقۇزۇلغان... ئالتۇن ياتقۇزۇلغان... بۇ كۇشالا دۆلىتى چېگرىسىمۇ نېمە ؟ » دېدى .

— ئۇستاز ، قالتىسقۇ ! سىلى بىلەن بىللە بولغان بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى سىلى بىرمۇ يولنى تونۇمىغانىدىلە ، بۈگۈن مانا تونۇۋالدىلا ، — دېدى جۇ باجيې .

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — مەن ئوقۇغان بىر سۇرىدە ، بۇددا كۇشالا دۆلىتىدىكى چاغدا بىر ۋەزىرنىڭ باغ سېتىۋېلىپ راھىبلارغا ساراي بىنا قىلىپ بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ . بۇددىنى قىرائەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ، كۇشالا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى بولغان بىر باي بۇ باغنى بىر شاھزادىدىن سېتىۋالماقچى بولىدۇ ، شاھزادە : «مەن بۇ باغنى ساتمايمەن ، باي ئالىمەن دەپ تۇرىۋالغۇدەك بولسا ، ئۇ باغنى ئالتۇن ياتقۇزۇپ تولدۇرسۇن ، شۇندىلا ساتىمەن» دەيدۇ . بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر ئالتۇندا كېسەك قۇيغۇزۇپ باغقا ياتقۇزۇپ چىقىپ ئاندىن سېتىۋالىدۇ ۋە بۇددىنى تەكلىپ قىلىپ دىنىدىن تەلىم ئالىدۇ . مېنىڭچە ، شۇ ھېكايىدە سۆزلەنگەن ئالتۇن ياتقۇزۇلغان ئىبادەتخانا مۇشۇ بولسا كېرەك .

— مانا ئامەت ! ئەگەر شۇ ھېكايىدىكى جاي مۇشۇ بولسا ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن بىرنەچچە كېسەك ئالتۇننى ئېلىپ كىشىلەرگە بەرسەك بولغۇدەك ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

كۆپچىلىك يەنە بىرپەس كۈلكە ـ پاراڭ بىلەن بولدى . كېيىن

تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى .
دەرۋازىدىن كىرىپ قارىسا ، ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى يۈك كۆتۈرۈپ ، بوپا يۇدۇپ ، هارۋا ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى ، بەزىلىرى هارۋىلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى ؛ يەنە بىرلىرى ئۇخلاپ ، بىرلىرى سۆزلەۋاتاتتى . ئۇلار توساتتىن كىرىپ كەلگەن بۇ تۆتەيلەننى كۆرۈپ قورقۇشۇپ دەررۇ يول بوشاتتى . تاڭ سەنزاڭ بىرەر ۋەقە تۇغۇلمىسۇن دەپ : «ئەدەپ ! ئەدەپ !» دەپ ماڭدى . ۋاجرا سارىيىغا كىرگەندىن كېيىن بىر راهىب ئىچكىرىدىن چىقىپ كەلدى . تاڭ سەنزاڭ يول سورىغاندى ، راهىب ئىتتىك سالام ياندۇرۇپ :
— قەيەردىن كەلدىڭىزكىن ؟ — دەپ سورىدى .
— كەمىنىڭىز چىن شۇەن زاڭ بولىمەن . شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ شاهىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى غەربكە كېتىۋاتىمەن . بۇ يەرگە بىرەر كېچە قونايلىمىكىن ، دەپ كەلدۇق . ئەتىلا يولغا چىقىمىز ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— غېرىبخانىمىزدىن مېھمانلار ئۈزۈلمەيدۇ ، بۇنىڭغا خۇشال بولىمىز . سىز شەرقىي دىياردىن كەلگەن ئەۋلىيا ئىكەنسىز ، سىزنى كۈتۈۋېلىش بىز ئۈچۈن زور بەخت ، — دېدى راهىب .
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ ئۈچەيلەننى چاقىرىپ بىللە ماڭدى . ئۇلار ئۇزۇن دەهلىزدىن ئۆتۈپ هۇجرىغا كىردى ، ئۆزئارا سالام - سەھەتتىن كېيىن مېهمان ۋە ساھىبخانا ئايرىم - ئايرىم جاي ئېلىپ قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى .

ئەلقىسسە ، ئىبادەتخانىدىكىلەر شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەن بىر راهىب كېلىپ چۈشتى ، دېگەننى ئاڭلاپ ، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن كېلىپ كۆردى . چايدىن كېيىن پەرهىز تائام تارتىلدى . تاڭ سەنزاڭ شۈكۈرانە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەنلا ، جۇ باجيې هورنان ،

قورۇما ـ تائام ۋە شورپىلارنى توختىماي يېيىشكە باشلىدى. ھۇجرىدا ئادەم كۆپ بولۇپ، بىلىملىكرەكلىرى تاڭ سەنزاڭنى سالاپەتلىك ئىكەن، دەپ ماختاشتى، ئويۇنچىراقلىرى جۇ باجىينىڭ تاماق يېيىشىنى تاماشا قىلدى. كۆزى ئىتتىك شاسېڭ بۇنى كۆرۈپ قېلىپ جۇ باجىينى چىمداپ:

— ئەدەپلىكرەك بولۇڭ! — دېدى.

جۇ باجيې شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەدەپ! ئەدەپ! قورسىقىم ئاچ! — دېدى.

— ئاغا، بىلەمسىز، جاھاندا «ئەدەپ» دېگەن تولا. قورساققا كەلسەك، مېنىڭ قورسىقىممۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش، — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ. جۇ باجيې شۇندىلا سەل تاپقا چۈشتى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندا، تاڭ سەنزاڭ «ئالتۇن ياتقۇزۇلغان ئىبادەتخانا» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى سورىدى. راھىبلار مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىبادەتخانا ئەسلىي كۇشالا دۆلىتىدىكى ۋەزىر ئىبادەتخانىسى بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى باغ ئىدى. بۇ دانىشمەن ۋەزىر بۇددىنى دىندىن تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلىش مەقسىتىدە كېسەك ئالتۇن يېيىتقان جاي. شۇڭا، بۇ نام ھازىرغىچە ئۆچمىگەن. بۇ ئىبادەتخانا ئەلمىساقتىن بۇيان كۇشالا دۆلىتى تەۋەسىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان چاغلاردا ئالتۇنلار كۆرۈنۈپمۇ قالىدىغان بولدى، تەلىيى بارلار ئېلىپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بۇ گەپ يالغان ئەمەس ئىكەن ـ دە! — دېدى تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئاندىن يەنە سورىدى، — بايا بۇ تاغدىن كىرىۋاتساق دەرۋازا تۈۋىدە ئاتلىق، قېچىرلىق، هارۋىلىق، ئەپكەش ۋە بوپا كۆتۈرگەن سودىگەرلەر ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ نېمە ئىش؟

— بىزنىڭ بۇ تېغىمىزنىڭ ئىسمى يۈزپۈتلۈق تاغ، — دېيىشتى راھىبلار، — ئاۋۋاللىرى ئىنتايىن تىنچ ئىدى. يېقىنقى يىللاردا نېمىشقىدۇر ھاۋا ئوبدان بولماي، سەكسەنپۈت ئالۋاستى

پەيدا بولۇپ ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولدى، گەرچە ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىسىمۇ، كىشلەر قورقۇپ مېڭىشقا پېتىنالمايدۇ. تاغ تۈۋىدە «توخۇ چىلىلىدى» دەيدىغان بىر ئۆتكەل بار. ئۇنىڭدىن توخۇ چىلىلىغاندىلا ئۆتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ يولۇچىلار كەچ كېلىپ قالغان بولسا قورقۇپ ئۆتەلمەي، تاغدا بىر كېچە قونۇپ توخۇ چىلىلىغاندا ئۆتمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە بىزمۇ توخۇ چىلىلىغاندىن كېيىن ماڭايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

ئاسماندا ئاي چىقتى. تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئايدىڭدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، بىر دەرۋىش كېلىپ:

— پىر ئۇستازىمىز ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ شاقىدە بۇرۇلۇشىغا، ھاسا تۇتقان بىر قېرى شەيخ كېلىپ سالام بېرىپ:

— ئۆزلىرى جۇڭخۇا دىيارىدىن كەلگەن ئۇستازمۇ؟ — دېدى.

— لەببەي! — دېدى تاڭ سەنزاڭ تەزىم قىلىپ.

قېرى راھىب ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىغاندىن كېيىن:

— قانچە ياشقا كىردىلىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— قىرىق بەش ياشقا كىردىم. بىھۆرمەتلىك بولسىمۇ سوراي، ئۆزلىرى قانچە ياشقا كىرگەنلا؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۆزلىرىدىن بىر ھەسسىدىن جىقراق ئۆمۈر كۆردۈم، — دېدى قېرى راھىب كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا بىر يۈز بەش ياشقا كىرىپتىلا - دە. سىلىنىڭچە مەن قانچە ياشقا كىرگەندىمەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۆزلىرىنىڭ تۇرقىمۇ بۆلەكچىرەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆزلىرىمۇ خىرەلىشىپ قالدى، شۇڭا پەرق قىلالمىدىم، — دېدى قېرى راھىب. بىرپەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇ كەينىگە قاراپ قويدى.

— بايا ۋەزىر سېتىۋالغان باغنىڭ ئىزى بار دېگەن گەپ بولدى، ئورنى قەيەردىرەكتۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— كەينى ئىشكىنىڭ ئۈ تەرىپىدە ، — دېدى بوۋاي ۋە دەررۇ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى . ئۇلار چىقىپ قارىسا ، بىر پارچە بوشلۇق بىلەن پۈچۈق تام تۇراتتى . تاڭ سەنزاڭ قولىنى جۈپلەپ ھەسرەت بىلەن ىىدا قىلدى :

*ئۆتمۈشتە كۆپ ئىدى ئىلىم مەرىپەت ،*
*قىلىناتتى نامراتلارغا ئالتۇن سەدىقە .*
*بۇ باغنىڭ نامى ئۆچمەس ئەبەدىلئەبەد ،*
*پاسىبان ۋەزىر شۇ تاپ تۇرار قەيەردە ؟*

ئۇلار ئايدىڭدا ئاستا مېڭىپ كەينى ئىشىكتىن چىقىپ بىر سۇپىدا بىرپەس ئولتۇرۇشتى . بىردىن ئېسەدىگەن يىغا ئاۋازى كەلدى . تاڭ سەنزاڭ دىققەت بىلەن قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئىچى ئاغرىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى ، راھىبلارنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ سورىدى :

— بىر يەردە بىرى يىغلاۋاتامدۇ نېمە ؟

بۇنى ئاڭلاپ قېرى راھىب باشقىلارنى چاي راسلاڭلار ، دەپ بۇيرۇۋەتتى ، ھېچكىم قالمىغاندا ئاندىن تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنى يۆلەپ :

— ئاتا ، نېمىشقا بۇنداق قىلىدىلا ؟ — دېدى .

— يۈز يىلدىن ئارتۇق ياشاپ جىق ئىشلاردىن خەۋەردار بولدۇم . ئىككىلىرى بۇنى بىلمەكچى بولسىلىرى ، كەمىنىلىرى بىلگىنىمنى ئېيتىپ بېرەي . بىراق ، بۇ ئېچىنىشلىق ئىشنى ئاڭلاشسىلىرى تازا چۈشىنەلمەي قېلىشارلىمىكىن ، — دېدى قېرى راھىب .

— ئېيتسىلا ، نېمە ئىش زادى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شۇنىڭ بىلەن راھىب گەپ باشلىدى :

— بۇلتۇر بۇگۈنكى كۈندە مەن ئايدىڭدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم ، ئۈشتۇمتۇت بوران چىقىپ نالە - پىغان ئاۋازى كەلدى . باغ ئورنىغا

بېرىپ قارىسام، پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر قىز تۇرۇپتۇ. «سىز كىمنىڭ قىزى؟» دەپ سورىدىم. «مەن ھىندىستان پادىشاھىنىڭ قىزى، ئايدىڭدا گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتسام بىر شامال چىقىپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى» دېدى قىز. مەن ئۇنى بىر ئېغىز بوش ئۆيگە سولاپ قويدۇم. گۈندىخانىغا ئوخشاش ئۆينىڭ ئىشىكىدىن بىر قاچا سۇنۇپ بەرگۈدەكلا بىر تۆشۈك ئاچتىم. ئەتىسى راھىبلارغا: «مەن بىر ئالۋاستىنى تۇتۇپ باغلاپ قويدۇم» دەپ جاكارلىدىم. ئۇلار رەھىمدىل كىشىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىككى ۋاق قاتتىق - قۇرۇق غىزالارنى بېرىپ تۇردۇم. ئۇ قىزمۇ ئەقىللىق ئىكەن، راھىبلارنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ساراڭ قىياپەتكە كىرىۋالدى، چوڭ - كىچىك تەرەتنى جايىغا قىلىدۇ، كۈندۈزى ئالىجوقا سۆزلەپ، دەلدۈش سىياق بولۇۋالىدۇ، كېچىسى ئاتا - ئانىسىنى ياد ئېتىپ يىغلايدۇ. مەن نەچچە قېتىم شەھەرگە كىرگەندە مەلىكىنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۇم، لېكىن ھېچ نەتىجىسى چىقمىدى. شۇڭا، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ پەقەت قويۇۋەتمىدىم. بەختىمىزگە بۈگۈن ھەرقايسىلىرى كېلىپ قېلىشتىلا. ھەرقايسىلىرى كارامەت - سېھىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ بېقىشسىلا. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، بىر ئاجىزەنى قۇتۇلدۇرىدىلا؛ ئىككىنچىدىن، كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشىدىلا.

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپلەرنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالدى. شۇ ئەسنادا ئىككى بالا شەيخ چاي ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ھېچقانچە ۋاقىت ئۇخلىمىغانىدى، خوراز چىللىدى. سودىگەرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق قىلىشقا كىرىشتى. تاڭ سەنزاڭمۇ جۇ باجىي، شاسېڭلارنى ئويغىتىپ ئاتنى ئېگەرلەپ، يۈك - تاقلارنى جايلاشنى ئېيتتى. سۈن ۋۇكۇڭ ئادەم چاقىرىپ چىراغ ياقتۇردى. راھىبلارمۇ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چاي، تاماق تەييارلاپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا كۈتتى. جۇ

باجىپ خوشال ئولتۇرۇپ بىر تاۋاق ھورناننى يەپ توگەتكەندىن كېيىن يوك ـ تاقنى ئېلىپ ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى . تاڭ سەنزاڭ كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى ، قېرى راھىب سون ۋۇكوڭغا :

— ھېلىقى ئېچىنىشلىق ئىشنى ئۇنتۇماسلا ! ئەسلىرىدە چىڭ تۇتارلا ، — دېدى .

— ئۇقتۇم ! ئۇقتۇم ! مەن شەھەرگە كىرىپلا ئوبدان تەكشۈرمەن ، چىرايىغا قاراپلا بىلىۋالالايمەن ، — دېدى سون ۋۇكوڭ .

سودىگەرلەرمۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ئۇلار بىلەن تەڭ يولغا چىقتى . تاڭ ئاتار مەھەلدە «خوراز چىلىلدى» ئۆتكىلىدىن ئۆتتى . شەھەرمۇ كۆزگە كۆرۈندى ، شەھەرنىڭ قەلەي ، كاھىشلاردىن يېپىلغان ئۆيلىرى ئاجايىپ كۆركەم بولۇپ ، تەگرى ـ ئىلاھلار ماكانىغا ئوخشايتتى . شەھەرنىڭ كونچىقىشىدىن كىرگەن سودىگەرلەر سارايغا چۈشتى . تاڭ سەنزاڭلار بولسا ئالدىغا مېڭىۋەرگەندى ، بىر ساراي ئۇچرىدى . تاڭ سەنزاڭلار ئۇدۇل سارايغا كىردى . ئۇلارنى كۆرگەن ساراي باشقۇرغۇچى بېرىپ سارايۋەنگە خەۋەر قىلدى :

— قىيапىتى بۆلەكچە تۆت شەيخ بىر ئاق ئاتنى يېتىلەپ كىردى .

سارايۋەن ئات بارلىقىنى ئاڭلاپ ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ، دەررۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى . تاڭ سەنزاڭ سالامدىن كېيىن :

— كەمىنىڭىز شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ شاھىنىڭ ئەمرى بىلەن خىسلەتدار تاغدىكى چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . ئوردىغا كىرىپ ئالماشتۇرۇۋالىدىغان يولخەت بار ئىدى . شۇڭا ھاردۇق ئالىدىغان ماكان ئىزدەپ كىردۇق ، ئىش توگىسىلا ماڭىمىز ، — دېدى .

سارايۋەن سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن :

— ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن ھەرقاچان ئىشىكىمىز ئۇلۇغ ئوچۇق. مەرھەمەت، كىرىڭلار، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ دەررۇ شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. سارايۋەن ئۇلارنىڭ سەت بەشىرىسىنى كۆرۈپ، بۇلار ئادەممىدۇ، جىنمىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى، بىراق چاندۇرماي چاي ئەكەلدۈردى ۋە غىزا بۇيرۇدى.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ قورقۇۋاتقىنىنى بىلىپ:

— تەقسىر، قورقماڭ. بۇ شاگىرتلىرىمنىڭ بەشىرىسى سەت بولغىنى بىلەن، كۆڭلى ياخشى. «تېشى سەت، ئىچى چىرايلىق» دېگەن شۇ. قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى.

سارايۋەننىڭ يۈرىكى شۇندىلا ئورنىغا چۈشتى. ئۇ:

— دۆلىتىڭلار بولغان تاڭ سۇلالىسى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— جەنۇبىي جامبۇدۋىپادىكى جۇڭخۇا دېگەن جايدا، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۆيدىن قاچان ئايرىلغان؟

— كۆن سانىغاندا ئون ئۈچ يىل، ئاي سانىغاندا ئون تۆت يىل بولدى، كۆپلىگەن تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ ئاران يۇرتىڭلارغا كەلدۇق.

— ئەۋلىيا ئىكەنسىز! ئەۋلىيا ئىكەنسىز! — دېدى سارايۋەن.

— دۆلىتىڭلار قاچاندىن تارتىپ بىنا بولغان؟

— دۆلىتىمىز چوڭ ھىندىستان تەۋەسىدە، بەرپا بولغىنىغا بەش يۈز يىلدەك بولدى. ھازىرقى شاھىمىز ئەل - جامائەتكە باش بولغىلى بۇ يىل يىگىرمە سەككىز يىل بولدى.

— كەمىنىڭىز شاھ بىلەن كۆرۈشۈپ يولخېتىنى ئالماشتۇرماقچىدىم. قاچانلاردا كۆرۈشكىلى بولار؟

— بەللى! بەللى! تازا ۋاقتىدا كېلىپسىز! يېقىندا مەلىكە خېنىم يىگىرمە ياشقا كىرىدۇ. تۆت كوچا دوقمۇشىغا ئېگىز زىنىنەت

دەرۋازىسى ياسالدى . خېنىم بولسا شۇنىڭدا تۇرۇپ گۇللۈك توپ تاشلاپ ، كىم تۇتۇۋالسا شۇنى ئۆزىگە ئەر قىلماقچى . ھازىر بۇ ئىش تازا قىزىۋاتىدۇ ، پادىشاھىمىزمۇ تېخى ئوردىغا قايتمىدى . ھازىر بىرىپ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇۋالسىڭىز بەكمۇ ئوبدان بولىدۇ .

تاڭ سەنزاڭ خۇرسەن بولۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە ، غىزا كەلتۈرۈلدى . ئۇ سارايۋەن ۋە سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن غىزالاندى .

چۈش مەھەلدە تاڭ سەنزاڭ كاساياسىنى كىيىپ سۇن ۋۇكۇڭنى ئېلىپ ماڭدى . كوچىدا چېرىكلەر ، دېھقانلار ، ھۈنەرۋەنلەر ، سودىگەرلەر ، قەلەمدارلار ، بەگ ـ سىپاھلار ، ئاۋام ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى : «يۈرۈڭلار ، گۇللۈك توپ ئاتقاننى كۆرىمىز !» دەپ كېتىۋاتاتتى . تاڭ سەنزاڭ يول بويىدا توختاپ سۇن ۋۇكۇڭغا :

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەۋەسلىرىمۇ دۆلىتىمىزدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشايدىكەن . مېنىڭچە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ كەشتىلەنگەن توپ ئېتىپ جورا تاللاشقان . بۇ يەردىمۇ مۇشۇ ئادەت بار ئىكەن ، — دېدى .

— بىزمۇ بېرىپ كۆرۈپ باقايلى ، قانداق ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ياق ، بولمايدۇ ! ئىككىمىزنىڭ كىيىمى بۇنىڭغا لايىق كەلمەيدۇ ، گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، بۇجىن ئىبادەتخانىسىدىكى قېرى راھىبنىڭ گېپىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ، بىز بارساق ، بىرىنچىدىن ، زىننەت دەرۋازىسىنى تاماشا قىلىمىز ؛ ئىككىنچىدىن ، راست ـ يالغانى پەرق ئېتىمىز . بىز ئالدىرىغىنىمىز بىلەن ، شۇ تاپتا پادىشاھ مەلىكىنىڭ خۇش خەۋىرىگە تەقەززا بولۇۋاتىدۇ ، دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قانداقمۇ قولى بارسۇن ، بارمىز ، يانىمىز ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ گېپىگە كىرىپ بىللە ماڭدى .

ئەلقىسسە، ھىندىستان پادىشاھى گۈل - گىياھنى، مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇزاقى يىلى خانىشى ۋە مەلىكىنى ئېلىپ ئايدىڭدا باغ ئارىلاپ تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر ئالىۋاستى كېلىپ مەلىكىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ، ئۆزى مەلىكە قىياپىتىگە كىرىۋالدى. ئۇ تاك سېڭىنىڭ بۇ يىل، بۇ ئاي، بۇ كۈن، بۇ ۋاقىتتا بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، بايلىقىدىن پايدىلىنىپ زىننەت دەرۋازىسى ياساتتى، تاك سېڭنى ئەر بولۇشقا تالالاپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئەۋلىيالار قاتارىغا ئۆتۈشنى نىيەت قىلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە تاك سەنزاڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭ كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ راۋاق يېنىغا باردى. بۇنى كۆرۈپ مەلىكە كۆجە كۆيدۈرۈپ تەڭرىگە شۈكۈر - سانا ئېيىتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەللىك - ئاتمىش چىرايلىق قىز تۇراتتى، يېقىن خىزمەتكارىنىڭ قولىدا كەشتىلەنگەن توپ بار ئىدى. راۋاقنىڭ ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن سەككىز دېرىزىسى بار ئىدى. مەلىكە تاك سېڭىنىڭ يېقىنلا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كەشتىلەنگەن توپنى ئېلىپ تاك سەنزاڭنىڭ بېشىغا ئاتتى. تاك سەنزاڭ چۆچۈپ كەتتى — توپ تەلپىكىنى قىيشايتىۋەتكەنىدى. ئۇ توپنى ئىككى قوللاپ توسۇۋالماقچى بولدى، ئەمما، توپ ئۇنىڭ يېڭىگە كىرىپ كەتتى. شۇئان راۋاقتىكىلەر:

— راھىبقا تەگدى، راھىبقا تەگدى! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

پاھ! تۆت كوچىدىكى ئالىمان چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى. راۋاقتىكى كېنىزەكلەر ۋە ھەرەمئاغىسى چۈشۈپ تاك سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بىلەن:

— ئەزىز مېھمان! ئەزىز مېھمان! مۇبارەك بولسۇن، ئوردىغا مەرھەمەت! — دېدى.

تاك سەنزاڭ دەررۇ سالام قايتۇرۇپ ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئاندىن كەينىگە قاراپ سۈن ۋۇكۇڭغا كايىدى.

— ئەسكى مايمۇن، مېنى يەنە ئەخمەق قىلدىڭ - ھە!

— كەشتىلەنگەن توپ سىلىنىڭ باشلىرىغا تەگدى، يەڭلىرىگە

كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار، ماڭا كايىغانلىرى نېمىسى؟

— ئەمدى بۇ يەردە نېمىمۇ قىلارمەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، خاتىرجەم بولۇپ ئوردىغا كىرىپ كېتىۋەرسىلە. مەن سارايغا قايتىپ جۇ باجيې، شاسېڭلار بىلەن سىلىنى ساقلاپ تۇراي. ئەگەر مەلىكە سىلىگە تەگمىسە مەيلى، يولىخېتىنى ئالماشتۇرۇپ چىقسىلا، يولىمىزغا ماڭايلى؛ سىلىگە تېگىمەن، دەپ تۇرۇۋالسا، سىلى پادىشاھقا: «شاگىرتلىرىمنى چاقىرىپ بېرىڭ، ئۇلارغا تاپىلايدىغانلىرىم بار ئىدى» دېسىلە. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىمىزمۇ ئوردىغا كىرىمىز. مەن شۇندىلا راست ـ يالغانىنى بىلىۋالىمەن. بۇ «ئاجايىپ توي بىلەن ئالۋاستىنى تۇتۇش» ھىيلىسى بولىدۇ.

تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئوردىغا ماڭدى. سۈن ۋۇكۇڭ سارايغا قايتتى.

تاڭ سەنزاڭ كېنىزەكلەرنىڭ ئارىغا ئېلىشى بىلەن راۋاق يېنىغا كەلدى. مەلىكە راۋاقتىن چۈشۈپ نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنى قولتۇقلاپ شاھانە مەيگە ئولتۇردى ـ دە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئوتتۇرىسىدا ئوردىغا ماڭدى. ئوردىنىڭ ئىشىك ئاغىسى كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— پادىشاھىئالەم، مەلىكە خېنىم بىر راھىبنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتىدۇ، كەشتىلەنگەن توپ بىلەن تاللىغان ئوخشايدۇ. سىلىنىڭ ئەمرىلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، ھەپىلىسى بىر بولدى. ئەمما، مەلىكىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلەلمەي، نائىلاج كىرىشكە ئىجازەت بەردى. مەلىكە تاڭ سەنزاڭ بىلەن تەخت ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ باش قويدى. پادىشاھ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن سورىدى:

— قەيەرلەردىن كېلىپ قىزىمنىڭ توپ تاشلىشىغا توغرا كېلىپ قالدىڭىز؟

— كەمىنىلىرى جەنۇبىي جامبۇدۇپادىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربتىكى چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن. يولخېتىنى ئالماشتۇرماق بولۇپ ھۇزۇرلىرىغا كېلىۋېتىپ تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە زىنىنەت راۋىقى ئاستىدىن ئۆتۈپ قاپتىمەن. ئويلىمىغان يەردىن مەلىكە كەشتىلەنگەن توپنى بېشىمغا ئاتتى. پېقىر ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان باشقا بىر دىندىكى ئادەممەن، ھۆر - پەرىدەك مەلىكىگە قانداقمۇ جۇپ بولالايمەن! پېقىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ يولخېتىمنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلىرى، بالدۇراق خىسلەتدار تاغقا بېرىپ بۇددىنى تاۋاپ قىلسام، بۇددا نومىنى ئەكەلسەم، ئېلىمگە ياندىن كېيىن پادىشاھئالەمنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مەڭگۈ تەشەككۈر ئېيتسام! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— سىز شەرقىي دىياردىن كەلگەن راھىب ئىكەنسىز، توپنىڭ كېلىپ سىزگە تەگكىنىدىن خاپىمەن. مەلىكە قىزىمنىڭ مۇددىئاسى نېمىكىن، بىلمىدىم! — دېدى پادىشاھ.

— شاھ ئاتا، — دېدى مەلىكە باش قويۇپ، — «نىكاھ غايىب»، «پېشانىگە كىم پۈتۈلسە، شۇنىڭ بىلەن جورا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. قىزىڭىز بۇ نىيەتكە كېلىپ توپنى كەشتىلىگەن چاغدىلا ئاسمان - زېمىن تەڭرىلىرىگە سېغىنىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا مەدەت بېرىشىنى تىلىگەنىدىم، مانا ھازىر بۇ توپ بىر ئەۋلىيا كەبى راھىبقا تەگدى. بۇ قىسمەتكە قارشى مېڭىشقا نېمە ھەددىم! ئۇنى ئۆزۈمگە كۈيۈ قىلىشنى خالايمەن.

پادىشاھ خۇش بولۇپ كەتتى، مۇنەججىمگە خاسىيەتلىك كۈن بەلگىلەشنى بۇيرۇدى. بىر ياقتىن توي تەييارلىقىنى قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنى جىمى ئادەمگە ئۇقتۇرۇشقا ئەمر قىلدى. تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئورنىغا:

— مېنى قويۇۋېتىڭ! مېنى قويۇۋېتىڭ! — دېدى.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان راھىبسىز ، بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولغان مەن سىزنى كۈيئوغۇل قىلاي دېسەم ، جان غوجىكام دەپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرمەستىن ، بۇددا نومىنى ئەكىلىشنىلا خىيال قىلامسىز ! يەنە قارشىلىق قىلىدىغان بولسىڭىز ، بەگلىرىمگە بۇيرۇپ جېنىڭىزنى تېنىڭىزدىن جۇدا قىلىمەن ، — دېدى پادىشاھ .

قورققىنىدىن تاڭ سەنزاڭنىڭ جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى ، ساراسىمە ئىچىدە باش قويۇپ :

— پادىشاھئالەم ، ماڭا رەھىم ۋە ئىلتىپات قىلغانلىرىغا مىڭ تەشەككۈر . بىز تۆت ئادەم ئىدۇق ، ئۈچ شاگىرتىم سىرتتا قالغان . تاپىلايدىغان بەزى گەپ ـ سۆز ، ئىش ـ كۈشلەر بار ئىدى ، شۇلارنى چاقىرتىپ يولخېتىمنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلىرى ، ئۇلار كېتىۋەرسە ، غەربكە بېرىش ئىشىمۇ ئۆز يولىدا كېتىۋېرەتتى ، — دېدى .

— شاگىرتلىرىڭىز قەيەردە ؟ — دېدى پادىشاھ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ .

— خۇيتۇڭ سارىيىدا ئىدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شۇنىڭ بىلەن ، راھىبنىڭ شاگىرتلىرى چاقىرتىلىپ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ غەربكە يولغا سېلىنىدىغان ، تاڭ سېڭ پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇپ قالىدىغان بولدى . شۇ قاراردىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇردى .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . سۇن ۋۇكۇڭ زىننەت راۋىقى يېنىدا تاڭ سەنزاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىككى قەدەم مېڭىپ كۈلۈپ قويدى ـ دە ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا سارايغا قايتىپ كەلدى .

— ئاغا ، نېمىگە شۇنچە خۇش بولۇپ كەتتىڭىز ؟ ئەجەب ئۇستاز كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ .

— ئۇستازغا بەخت قۇشى قوندى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ئىش باشقا چىققىنى يوق. بۇددىنى زىيارەت قىلىپ، بۇددا نومىنى ئەكەلگەن گەپمۇ يوق تۇرسا، قەيەردىن كېلىپ قونغان بەخت قۇشى ئۇ؟ — دېدى جۇ باجيې.
سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ شۇنداق دېدى:
— ئۇستاز ئىككىمىز تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى زىننەت راۋىقى تۈۋىگە بېرىشىمىزغا، پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئاتقان كەشتىلىك توپ ئۇستازغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستازنى كېنىزەكلەر، چىرايلىق قىزلار، ھەرەمئاغىسى ئوتتۇرىغا ئېلىپ راۋاققا ئېلىپ ماڭدى. ئاندىن ئۇستاز پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇش ئۈچۈن مەلىكە بىلەن شاھانە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى. مانا بۇ بەخت قۇشى قونغان بولماي نېمە؟
جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپلا مەيدىسىگە مۇشتلاپ، تاقلاپ-سەكرەپ كەتتى.
— بۇنداقلىقىنى بىلسەم، مەن بارساممۇ بوپتىكەن! مەن ئۇدۇل زىننەت راۋىقىغا باراتتىم، كەشتىلىك توپ ئۇدۇل كېلىپ ماڭا تېگەتتى، مەلىكە ئەر بولۇشقا مېنى تاللايتتى. ئامەت دېگەن شۇ، تەلەي دېگەن شۇ بولاتتى-دە!
شاشېڭ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ:
— ئىزا! ئىزا! ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتقان گەپنى قاراڭ! «پو» دېگەننى زەي سالماي ئاتىدىكەنسىز. توپ سىزگە تەگكەن تەقدىردىمۇ، كېچىلەپ قەغەز كۆيدۈرۈپ ئەرۋاھنى قوغلىغاندەك قوغلايتتى سىزنى. سىز نەس باسقۇر ئۇنىڭ ئىشىكىگە بارالارمىدىڭىز؟ — دېدى.
شۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولۇۋاتقاندا، سارايۋەن كېلىپ خەۋەر قىلدى:
— پادىشاھىمىز ئۈچىلىرىنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ.
— بىزنى نېمىگە چاقىرتىدىكەن؟ — دېدى جۇ باجيې.
— ئەۋلىيا سامغا ئامەتى كېلىپ مەلىكە خېنىمغا ئۇچراپ

قاپتۇ، خېنىمنىڭ ئاتقان توپى ئۇنىڭغا تېگىپ خېنىمغا كۆيۈ بولىدىغان بوپتۇ. شۇڭا، ھەربىرلىرىنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دېدى سارايۋەن.

— پەرمانچى قېنى، بۇ ياققا چاقىرىڭ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

پەرمانچى سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا تەزىم قىلدى، تەزىمدىن كېيىن ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قارىيالماي، ئىچىدە: «جىنمىدۇ، ئالۋاستىمىدۇ... چاقماق ھەزرەتمىدۇ ياكى تۇن ئىلاھىمىدۇ...» دېدى.

— بېگىم، گېپىڭىز بولسا قىلماي نېمىشقا جىم تۇرىسىز؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

پەرمانچى بەگ ھودۇقۇپ كېتىپ دەررۇ قولىدىكى يارلىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— مەلىكەم تويغا چىللىدى! مەلىكەم تويغا چىللىدى! — دېدى.

— بىزدە جازا قورالىرى يوق، سىزنى ئۇرمايمىز. قورقماستىن ئالدىرىماي سۆزلەڭ، — دېدى جۇ باجيې.

— ئۇ ياقنى سېنىڭ ئۇرۇشىڭدىن قورقۇۋاتامدىكىن دەۋاتامسەن؟ سېنىڭ بەتبەشىرەڭدىن قورقۇۋاتىدۇ! دەرھال يۈك - تاقلارنى، ئاتنى ئېلىپ ماڭ، ئۇستاز بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشلارنى مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

بۇ بەئەينى «رەقىبلەر تار يولدا ئۇچراشسا ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ، مېھىر - مۇھەببەتمۇ ئۇچمەنلىككە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. پادشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە نېمە گەپ - سۆز بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان تۆتىنچى باب

## تۆت راھىبنىڭ يۇيخۇا بىغىدا كۆڭۈل ئاچقانلىقى ئالۋاستىنىڭ توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىق ئۈچەيلەن پەرمانچىغا ئەگىشىپ ئوردىغا كەلدى. ئىشىك ئاغىسى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىندى، ئەمما سالام قىلماستىن غادايغىنىچە تۇردى.

— ئۈچىڭلار راھىب كۇيئوغلۇمنىڭ شاگىرتلىرى بولامسىلەر؟ ئىسىم ـ شەرىپىڭلار نېمە؟ تۇغۇلغان، تۇرغان جايىڭلار قەيەر؟ نېمە ئىش بىلەن سەپەرگە چىقتىڭلار؟ بۇددا نومىنىڭ قايسى توملىرىنى ئەكەلمەكچىسىلەر؟ — دېدى پادىشاھ.

سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن بېرىپ كۇرسىغا ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەنىدى، بىر چەتتە تۇرغان قورۇقچى:

— توختاڭ، گېپىڭىزنى ئۆرە تۇرۇپ قىلىڭ، — دەپ توۋلىدى.

— بىز سەپەردىكى ئادەم، مېڭىپ ئادەتلىنىپ قاپتىمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ. جۇ باجيې بىلەن شاسېڭمۇ يېقىن كەلدى. تاڭ سەنزاڭ ئۇلارنىڭ ئىش تېرىپ قويۇشىدىن قورقۇپ دېدى:

— شاگىرتلىرىم، پادىشاھئالەم سىلەرنىڭ كېلىش مەقسىتىڭلارنى سوراۋاتىدۇ، تېز جاۋاب بېرىڭلار.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ ئولتۇرماي ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈنلۈك قىلىپ:

— پادىشاھئالەم، كىشىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق! ئۇستازىمنى كۇيئوغۇل قىلىدىغان تۇرۇقلۇق،

ئۇنى نېمىشقا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويىدىلا؟ «كۇيئوغۇل كەلدى، خان كەلدى» دېگەن گەپ بار، خاننى ئۆرە تۇرغۇزىدىغان ئىش نەدە بار! — دېدى.

پادىشاھ شۇئان ئۆڭۈپ كەتتى ۋە دەررۇ ئورنىدىن تۇردى، قورقىنىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مۇلازىمغا كەشتىلىك ئېسىل كۆرپىدىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ تاڭ سەنەزاڭنى ئولتۇرغۇزدى. شۇندىلا سۇن ۋۇكۇڭ ئۆز ئىسمى-شەرىپىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

*مېنىڭ ماكانىم ئەسلىي شەرقىي پۈرۋاۋىدىغادىكى ئاۋلەي پادىشاھلىقىغا تەۋە گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غار. ئاسمان-زېمىن مېنىڭ ئاتا-ئانام. مەن تاش ئارىسىدىن تۆرەلگەنمەن. دانىشمەنلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ تەرىقەت ئۆگەندىم، كېيىن ھۆر ماكانىمغا كېلىپ مۇرىتلىرىم بىلەن جەم بولدۇم. دېڭىزغا شۇڭغۇپ ئەجدىھانى بويسۇندۇردۇم، تاغقا چىقىپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى تۇتتۇم، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈردۈم، پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولدۇم. مەن ئاسماندىكى كۆركەم بىنالارنى سەيلە قىلىشقا ئامراقمەن. ئەۋلىيالار بىلەن جەم بولۇپ، كۈندە نەغمە-ناۋا ياڭرىتىپ، تىلسىماتتا كۈنلەرنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزدۈم، شاپتۇل زىياپىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئەرش ئوردىسىنى مالىمان قىلغانلىقىم ئۈچۈن بەش ئاناسىر تېغى ئاستىغا باستۇرۇلدۇم. شۇنىڭدىن بۇيان قورسىقىم ئاچسا يېمىكىم تۆمۈر قوزۇق، ئۇسسىسام ئىچىمىكىم مىس سۈيى بولدى. بەش يۈز يىلغىچە تاماق دېگەننى تېتىپ كۆرمىدىم. بەختىمگە ئۇستازىم غەربكە ماڭماقچى بولغاندا بۇدساتۋا مېنى بالا-قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇخلىس قىلىپ قويدى. بۇرۇنقى ئىسمىم ۋۇكۇڭ. ھازىر سۇن سەپەرچى دەپ ئاتىلىپ كېتىۋاتىمەن.*

پادىشاھ بۇ قاتارلىق كاتتا نام ـ نەسەبنى ئاڭلاپ ئالمان ـ تالمان شاھانە تەختتىن چۈشۈپ تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ :

— كۈيئوغلۇم ، مېنىڭ تازىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن ، سىزدەك ئەۋلىيا كەبى كىشىنى كۈيئوغۇل قىلىش شەرىپىگە ئىگە بوپتىمەن ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ شاپائىتى ۋە تەرىپىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە شاھنى ئورنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئاندىن شاھ يەنە سورىدى :

— ئىككىنچى شاگىرتى قايسىڭلار ؟

جۇ باجيې سالاپەتلىك ھالدا ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

*كەمىنىلىرى ئەسلىي ئادەم بولۇپ ، ھۇرۇن ، ئاچ كۆز ئىدىم ، ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ ، خۇدۇمنى يوقاتقان ، ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالغانىدىم ، دېڭىزنىڭ كەڭلىكى ، تاغنىڭ ئېگىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم . دەل شۇنداق جاھاندىن بىخەۋەر ، بىغەم يۈرگەن چاغلىرىمدا ، ئۇشتۇمتۇت بىر ئەۋلىيانى ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا مېنى غەپلەتتىن قۇتۇلدۇردى . شۇ زامان ئويغىنىپ ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللاندىم . تەرىقەتتە كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن نەزەرگە ئىلىنىپ ئەرش ئوردىسىغا چىقتىم ، ئەرش پاسىبانى يۈرۈن سۇلتانىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەرشنى قوغدىغۇچى سىپاھدار بولدۇم . سامانيولى لەشكەرلىرىنى باشقۇردۇم . شاپتۇل زىياپىتىدە مەست بولۇپ قىلىپ ، ئاي پەرىزات چاڭئېبغا چاقچاق قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلدۈم . چوشقا قوتىنىدا قايتا تۆرەلگەنلىكىم ئۈچۈن ھازىرقى قىياپەتتە بولۇپ قالدىم . فۇلىڭ تېغىنى ماكان تۇتۇپ ھېسابسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم . شەپقەتچى بۇدساتۋاغا ئۇچرىدىم ، ئۇ ماڭا ساخاۋەت يولىنى كۆرسەتتى . مەن شۇنىڭدىن تارتىپ بۇددىغا ئېتىقاد*

*قىلىپ تاڭ سىڭنى مۇھاپىزەت قىلدىم . ھازىر بۇددا نومىنى ئەكىلىش ئۈچۈن غەربكە كېتىۋاتىمەن . ئىسمىم ۋۇنېڭ . باجىي دەيمۇ ئاتىلىمەن .*

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ يۈركى قىنىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى ۋە ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قاراشقا پېتىنالمىدى . جۇ باجىي ھاياجانلىنىپ بېشىنى سىلكىپ ، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ ، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ قاقاقلاپ كۈلدى . تاڭ سەنزاڭ پادىشاھ قورقۇپ كەتمىسۇن يەنە دەپ :

— جۇ باجىي ، ئۆزۈڭنى سورا جۇمۇ ، — دېدى .

جۇ باجىي قوللىرىنى ئالماپ تۇرۇپ ، يالغاندىن ئەدەپلىك كۆرۈنۈشكە كىردى .

— ئۈچىنچى شاگىرت قايسىڭلار ، نېمە سەۋەبتىن بۇددا مۇخلىسى بولغان ؟ — دەپ يەنە سورىغان سوئالغا شاسېڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ مۇنداق جاۋاب بەردى :

*مەن ئەسلىي ئاددىي ئادەم ئىدىم ، دوزاخقا كىرىشتىن قورقۇپ تائەت - ئىبادەت بىلەن ھەر يەر ، ھەر يەرلەردە يۈردۈم ، يېنىمدا بىر جەندە بولغاچقا ، ھەر ۋاقىت كۆڭلۈم توق ، خاتىرجەم ئىدىم ، سەمىمىي ، ئىخلاسمەن بولغاچقا ، ئەۋلىياغا ئۇچرىدىم ، ئۇنىڭدىن تەرىقەت ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتتىم ، ئەرش ئوردىسىغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ، پەردە قايرىغۇچى سەركەردىلىككە تەيىنلەندىم . شاپتۇل زىياپىتىدە دىققەتسىزلىكىمدىن جامنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ چىقىپ قويدۇم . شۇ ۋەجدىن ليۇشاخې دەرياسىغا چۈشۈرۈلدۈم . قىياپىتىم ئۆزگىرىپ ، ئاپەت كەلتۈرگۈچىگە ئايلىنىپ ، ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلدىم . بەختكە يارىشا شەيقەتچى بۇدساتۋا شەرقىي دىيارنى سەيلە قىلغان چاغدا مېنى غەيلەتتىن قۇتۇلدۇردى ، تاڭ سىڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن*

*غەربكە بېرىشقا دەۋەت قىلدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇنىپ تۇغرا يولغا كىردىم . ئىسمىم ئۇجىك ، شاسىڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ .*

پادىشاھ بۇنىڭدىن قورقۇنچقا چۈشتى ھەم خۇشاللىقتا چۆمدى ، قىزىنىڭ تىرىك بۇددىنى ئەر قىلىپ تاللىغانلىقىدىن خۇش بولدى ، ئۇچەيلەننىڭ ئالۋاستىلار ئىلاھى ئىكەنلىكىدىن ساراسىمىگە چۈشتى . شۇ ئەسنادا ئوردا مۇنەججىمى كېلىپ :
— توي مۇشۇ ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنىگە توختالدى . ئۇ كۈن توي - نىكاھقا خاس قۇتلۇق كۈن ، — دېدى .
— بۇگۈن ئايغا نەچچە ؟ — سورىدى پادىشاھ .
— بۇگۈن يېڭى يىلغا سەككىز ، بۇمۇ قۇتلۇق كۈن . مايمۇن مېۋە تەقدىم قىلىدۇ ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ھەم بولىدۇ ، — دېدى ئوردا مۇنەججىمى .
پادىشاھ خۇرسەن بولدى . پەرمانچىغا :
— يۇيخۇا بېغىدىكى راۋاقلارنى سىيرىپ سۈپۈرۈشنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇدى . ئاندىن كۈيئوغۇل بىلەن شاگىرتلىرىغا ، قۇتلۇق كۈن كېلىپ مەلىكە بىلەن جۈپ بولۇش ۋاقتى بولغۇچە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار ، — دېدى . كۆپچىلىك بۇ پىكىرگە ھۆرمەت قىلدى ، پادىشاھ ئوردىدىن ئايرىلدى . باشقا بەگ - سىپاھلارمۇ جاي - جايىغا قايتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ شاگىرتلىرى بىلەن يۇيخۇا بېغىغا كەلگەندە كۈنمۇ كەچ بولۇپ قالغانىدى . ئاددىي تائام ئالدىغا كەلگەندە ، جۇ باجىينىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلدى :
— ئەمدى غىزاغا ئېغىز تېگمىدىغان بولدۇق ، — دېدى ئۇ .
كىشىلەر گۈرۈچ ئاش ، ھورنان ، قورۇما قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەپكەش - ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ كەلدى . جۇ باجيې يەپ بولۇشىغا يەنە ئەكېلىپ تۇردى . جۇ باجيې قورساقلىرى ئېسىلىپ نەپەس

ئالالمىغۇدەك بولغاندا ئاندىن يېيىشتىن توختىدى ، بىرئازدىن كېيىن چىراغ يېقىلدى ، ئورۇن سېلىنىپ ھەممە يېتىپ قالدى . ئەتراپتا يوچۇن ئادەم قالمىغاندا ، تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭغا غەزەپ بىلەن چېچىلىپ كەتتى :

— سۈن ۋۇكۇڭ ! ئەسكى مايمۇن ، مېنى يەنە بالاغا تىقتىڭ ـ ھە ! مەن زىننەت راۋىقىغا بارماي يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى بارايلى دېسەم ، سەن نېمىشقا مېنى ئۇ ياققا باشلايسەن ؟ مانا ئوبدان ئىش بولدىمۇ ! بۇ بالانى ئۆزۈڭ تېرىدىڭ ، ئەمدى ئۇنىڭ داۋاسىنى قانداق قىلىسەن ؟

— ئۇستاز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ، — ئەجدادلىرىمىزمۇ كەشتىلىك توپ تاشلاش يولى بىلەن جورا تېپىپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپتىكەن ، مەن سىلىنى ئۇ يەرگە مەقسەتلىك باشلاپ بارغان . مەقسىتىم جىگۇ بۇجىن ئىبادەتخانىسىدىكى قېرى راھىبنىڭ گېپىگە ئاساسەن راست ـ يالغانىنى پەرق ئېتىش ئىدى . بايا پادىشاھنىڭ چىرايىدىن ئاز ـ تولا غەمكىنلىك ، قايغۇ ئالامەتلىرىنى سەزدىم . مەلىكە قايسى سۈرەتلىك ئىكەنتاڭ ، كۆرمىدىم .

— مەلىكىنى كۆرسەڭ قانداق قىلاتتىڭ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— مېنىڭ كۆزۈم ئىنتايىن ئۆتكۈر ، بىر قاراپلا راست ـ يالغانىنى ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ، باي بىلەن كەمبەغەلنى تونۇيالايمەن ، ئادەم بىلەن ئالۋاستىنى پەرق ئېتەلەيمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئاغام يېقىندا تېخى چىرايىغا قاراپ پال بېقىشنى ئۆگىنىۋالدى ، — دېدى شاسېڭ بىلەن جۇ باجيې كۈلۈپ .

— مەن دېگەن سېپىي ئۆزىدىن پالچى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئاغزىڭلارنى يىغىڭلار ! ئۇ مېنى كۈيئوغۇل قىلىپ قويدى ، ئەمدى قانداق قىلىدىكىن ، دەپ باقسۇن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :

— ئاينىڭ ئون ئىككىسى توي كۈنى . ئۇ چوقۇم چىقىپ ئاتا ـ ئانىسىغا تەزىم قىلىدۇ ، شۇ چاغدا مەن ئۇنى كۆرۈۋالىمەن . ئەگەر ئۇ راست مەلىكە بولسا ، سىلى كۈيئوغۇل بولىدىلا ـ دە ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدىلا .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ چىچاڭشىپ كەتتى :

— مايمۇنەكنىڭ گېپىنى كۆر ! سەن تېخىچىلا مېنى بالاغا تىقىش كويىدىمۇ ! جۇ باجيې ئېيتقاندەك ، ئىشمىزنىڭ غولچى تۇگەپ غېرىچى قالغاندا ماڭا نەشتىرىڭنى سانجىماقچى بولۇۋاتامسەن ! ۋاقتىدىراق ھوشۇڭنى تېپىپ تىلىڭنى تارتساڭ بولارمىكىن ! يەنە كاپشۇۋېرىدىغان بولساڭ ، چەمبىرەك ئەپسۇنىنى ئوقۇپ تانابىڭنى راسا تارتىپ قويماي يەنە ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ئەپسۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سۈن ۋۇكۇڭ ئالاقزادە بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى :

— ئوقۇمىسىلا ! ھەرگىز ئوقۇمىسىلا . ئەگەر ئۇ راست مەلىكە بولىدىغان بولسا ، چوڭلارغا سالام بېرىۋاتقاندا بىز ئوردىنى مالىمان قىلىپ سىلىنى ئېلىپ چىقىمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

شۇ ئارىلىقتا ياتىدىغان ۋاقىت بولدى . جۇ باجيې :

— ئۇستاز ، كەچ بولۇپ كەتتى ، قالغان ئىشلارنى ئەتە بىرنېمە دەيلى ، ھازىر ئۇخلايلى ، — دېدى .

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار يېتىپ قالدى .

ئەتىسى ئالتۇن خوراز چىللاپ تاڭ ئاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى . پادىشاھ ئوردىغا بېرىپ تەختكە ئولتۇردى ۋە : «داستىخانچى بەگ ئون ئىككىنچى چېسلادىكى توي زىياپىتىگە ھازىرلىق كۆرسۇن ، بۇگۈن مەن كۈيئوغلۇمنى يۈيخۇا باغچىسىدا تاماشا قىلدۇرىمەن» دەپ جاكارلىدى . ئارقىدىن داستىخانچىغا ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىغا ئۈچ شىرە غىزا تەييارلاشنى تاپىلىدى . بۇنى ئاڭلاپلا جۇ باجيې :

— پادىشاھئالەم ، ئۇستازىمىز بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇيان ئايرىلىپ باقمىغاندۇق ، بۈگۈن يۈيخۇا بېغىدا تاماشا بولسا كۈيئوغلىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزنىمۇ ئوينىتىڭ . بىز يەنە ئىككى

كۆن تۆرايلى ، بولمىسا بۇ سودا ئاقمايدۇ ، — دېدى .
پادىشاھ ئۇنىڭ بەتبەشىرىسى ۋە قوپال گەپلىرىگە خاپا بولدى ، لېكىن تولغاپ تۇرغان بويىنى بىلەن ھەيۋەتلىك ، سۇرلۇك ئەپت ـ سىياقىغا قاراپ ئۇنىڭ تويىنى بۇزۇۋېتىپ قىلىشىدىن قورقۇپ ماقۇل بولدى ، ئەمما مۇنداق دېدى :
— يۇڭجىن ، خۇايى شىپاڭىغا ئىككى شىرە راسلاڭلار . كۈيئوغلۇم ئىككىمىز ئولتۇرىمىز . ليۇچۇن شىپاڭىغا ئۈچ شىرە تەييارلاپ بۇ ئۈچەيلەننى كۈتۈڭلار ، — دېدى .
جۇ باجيې شۇندىلا شۈكۈر ئېيتىپ پادىشاھقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى . ھەممە تارقالدى . كېيىن ھەرەمئاغىسىغا ھەرەمدە كاتتا زىياپەت بېرىپ ئۈچ چوڭ خانىش ، ئالتە كىچىك خانىش ، كېنىزەكلەرگە توي تەييارلىقىنى قىلىپ پۈتتۈرۈشنى ئېيتىش بۇيرۇلدى .
بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ تاڭ سېڭ قاتارلىقلارنى يۈيخۇا بېغىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار كۆردىكى :

*يوللىرىغا رەڭدار تاشلار ياتقۇزۇلغان ،*
*ئەتراپىغا شادا ـ ۋادەك قىلىنغان .*
*شاھانە سۇپىلار ، ئېسىل راۋاقلار ،*
*چىرايلىق شىپاڭلارنى گۈللەر بېزىگەن .*
*تۇرلۇك ـ تۈمەن مېۋىلەرنى تاۋلار شەپەق ،*
*رەڭگارەڭ گۈللەر خۇش پۇراق چاچار .*
*نەشپۈت ، ئۆرۈك ، جىنەستە ، بادام ،*
*زۇمرەتتەك نۇرلار چېچىپ يالتىرار .*
*كاككۇكگۈلى قىزىل چوغلۇق بۇ ياقتا ،*
*ھەممە ياقنى ھەر رەڭ گۈللەر قاپلىغان ،*
*ئوت ـ چۆپ ، دەل ـ دەرەخلەر پەۋەس ،*
*كۆندە باھار ، خېنىگۈللەر ئېچىلغان .*

*مەيىن شامال ئىللىق ھۇزۇر بېغىشلاپ ،*
*باغنى ئەجەب كۆركەم قىلدى يېنىشلاپ .*

پادىشاھ ۋە باشقىلار خېلى ئۇزاق تاماشا قىلدى . مۇراسىم بېگى سۈن ۋۇكۇڭلارنى ليۇچۇن شىپاڭىغا باشلىدى . پادىشاھ تاڭ سېڭنى قولتۇقلاپ خۇايى شىپاڭىغا كەلدى ۋە غىزاغا ئولتۇردى . ناخشىچىلار ۋە رەققاسلار ناخشا - ئۇسسۇللارنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى . ھەممە ئاجايىپ گۈزەل ، كاتتا ، كۆركەم ئىدى . پادىشاھ شۇ قەدەر ھۆرمەتنى قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تاڭ سەنزاڭ نائىلاج خۇشال قىياپەتكە كىرىپ ، ئاز - تولا كۆڭۈل ئاچقاندەك بولدى ، ئىچىدە بولسا غەم - ۋەھىمە ئۇنى بىئارام قىلاتتى .

سۈن ۋۇكۇڭلار ئازادە ئولتۇرۇپ بەھۇزۇر غىزالاندى . نەچچە قەدەھتىن كۆتۈرۈپ شىر كەيىپ بولدى . ئۇستازنى ئىزدەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ پادىشاھ بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى . قىزىققان جۇ باجيې :

— پاھ ، ئۇنىڭ خۇشلۇقىنى قاراڭلار ! بەھۇزۇر ئولتۇرۇشچۇ تېخى ! بۇگۈنلا راسا پەيزى قىلغىلى تۇرۇپتۇ - ھە ! بىزمۇ ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ غىپپىدە بېرىپ ئۇخلايلى ! — دېدى .

— شۇنداقمۇ قائىدە ئۇقمىغانلىق بارمۇ ، ئاغا . قورساق تويدى ، دەپلا كېتىپ يېتىۋالساق بولامدۇ ؟ — دېدى شاسېڭ كۇلۇپ .

— سەن نېمىنى بىلىسەن ، «يۇزۇمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى» دەپتىكەن كونىلار ، — دېدى جۇ باجيې .

تاڭ سەنزاڭ پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ بۇ ياققا كېلىپ جۇ باجيېغا كايىپ كەتتى :

— ۋاي يارىماس ، نېمانداق لاۋزىلىشىسەن ؟ ئۆزۈڭنىڭ قەيەردە تۇرغىنىڭنى بىلمەيۋاتامسەن ؟ نېمانچە چۇقان سالىسەن ؟ پادىشاھنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساڭ بېشىڭغا چىقمامسەن ؟

— چاتاق يوق ! چاتاق يوق ! بىز قۇدا - باجا بولغان تۇرساق ،

بىرنى ھە دېگەندىلا بىرنېمە قىلىۋېتەلمەيدۇ . «ئۇرۇشقانغا ئۆي بۇزۇلماس ، تىللاشقانغا قوشىندارچىلىق» دەپتىكەن . بىز چاقچاق قىلىشىۋاتقان تۇرساق ، نېمىدىن قورقىمىز ؟ — دېدى جۇ باجىيې .

— بۇ ھاڭۋاقتىنى تۇتۇپ يىگىرمىنى ئۇرۇڭلار ! — دېدى تاڭ سېڭ غەزەپتىن بوغۇلۇپ . سۇن ۋۇكۇڭ راستتىنلا ئۇنى تۇتتى ، شاسېڭ ئۇرماقچى بولۇپ ھاسىسىنى كۆتۈردى . جۇ باجىيې توۋلاپ كەتتى :

— كۇيئوغۇل غوجام ! گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ! گۇناھىمدىن ئۆتسىلە !

ئەتراپتا تۇرغان بەگ - سىپاھلارمۇ ئۇنى تىلىۋالدى ، جۇ باجىيې ئورنىدىن تۇرۇپ كوتۇلداپ كەتتى :

— ۋاي ھۆرمەتلىك جاناب ! ۋاي ئېسىل كۇيئوغۇل ! تويىنى تېخى قىلماي تۇرۇپ ئادەمنى جازالىشىنى كۆرۈڭ ئۇنىڭ !

— كاپشىما ! بىلجىرلىما ! تېز بېرىپ ئۇخلا ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمداپ .

ئۇلار لىيۇچۈن شىپاڭىدا قوندى ، ئەتىسى يەنە بىر كۈن خۇشال تاماشا قىلدى .

شۇ تەرزدە ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ ، چاغاننىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى كەلدى . داستىخانچى قاتارلىق ئۈچ تەرەپ بەگلىرى كېلىپ مەلۇمات بەردى :

— كەمىنىلىرى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئەمىرلىرىنى ئالغاندىن كېيىن كويئوغۇلنىڭ قەسرىنى ياساپ پۈتكۈزدۇق ، مەخسۇس توي جاھازلىرى بىلەن بېزەپ بولدۇق . گۆشلۈك ۋە گۆشسىز ئەللىك شىرەلىك زىياپەت تەييارلىقىمۇ تەخ بولدى .

پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ كۇيئوغلىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، ھەرەمئاغىسى كېلىپ :

— پادىشاھئالەم ، خانىشلار ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ ! — دېدى .

پادىشاھ ھەرەمگە كىردى ، ئۈچ چوڭ خانىش بىلەن ئالتە

قەسىر دىكى كىچىك خانىشلار مەلىكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ «قۇياش» ئوردىسىدا كۈلكە - پاراڭ بىلەن ئولتۇراتتى. پاھ ماۋۇ مەنزىرىنى كۆرۈڭ! بۇ يەر گۈزەل نازىنىنلار ۋە ساھىبجامال دىلرەبالار بىلەن ئەرشتىكى جەننەتتىن، زېمىندىكى ھۆر - پەرىلەر ماكانىدىن زادىلا قىلىشمايتتى.

پادىشاھ كېلىشى بىلەن تەڭ خانىش، مەلىكە، قىز قولدىشى ۋە كېنىزەكلەر ئالدىغا چىقتى. پادىشاھ خۇشخۇي ھالدا «قۇياش» ئوردىسىغا كىرىپ ئورۇن ئالدى. ھەممە تەزىم قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ:

— مەلىكە قىزىم، چاغىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى كەشتىلىك توپ تاشلاپ جورا تاللىغاندا تەلىيىڭىز ئوڭدىن كېلىپ ئەۋلىيا كەبى راھىبقا يولۇقۇپسىز. بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلغانسىز - ھە؟ بەگ - سىپاھىلارنىڭ ھەمدەم بولۇشى بىلەن جىمىكى توي تەييارلىقىنى تەخ قىلىپ قويدۇق. بۇگۈن خاسىيەتلىك كۈن، بالدۇرراق بېرىپ زىياپەتكە داخىل بولۇڭ، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ، — دېدى.

مەلىكە دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم بەجا قىلغاندىن كېيىن:

— شاھ ئاتا، ناتىۋان قىزىڭىزنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز، بىر گېپىم بار قۇلاق سالسىڭىز. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھەرەمدە بولغان گەپ - سۆزلەردىن قارىغاندا، تاڭ سېڭنىڭ ئىنتايىن بەتبەشىرە ئۈچ شاگىرتى بار ئىمىش. ئۇلارنى كۆرسەم قورقۇپ كېتەرمەنمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ئەگەر مەقبۇل كۆرسىڭىز، ئاتا، ئاۋۋال ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتسىڭىز. بولمىسا، ئاجىز بولغىنىم ئۈچۈن قاتتىق قورقۇپ كەتسەم، ماڭا بىر زىيان - زەخمەت يېتىپ قالارمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— جېنىم قىزىم، ئېيتمىسىڭىز ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بەشىرىسى سەت. ئۇلارنى بىرقانچە كۈندىن بېرى يۈيخۇا بېغىدىكى لىيۇچۈن شىپاڭدا تۇرغۇزغانىدىم. بۈگۈن

ئوردىغا كىرىپلا ئۇلارنىڭ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىپ شەھەردىن چىقىرىۋېتىمەن، زىياپەتنى ئاندىن باشلايمەن، — دېدى پادشاھ.

مەلىكە تەزىم بىلەن شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتتى. شاھ دەررۇ ئوردىغا كېلىپ چاپارمەنگە كۇيئوغۇلنىڭ ئۈچ شاگىرتىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەمر قىلدى.

تاڭ سېڭمۇ كۆنلەرنى بارماقلاپ ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئون ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچەيلەن بىلەن كېڭەشتى:

— بۈگۈن مانا ئايغا ئون ئىككىمۇ بولدى. بۇ ئىشنى قانداق قىلىدىغان گەپ؟

— پادشاھنى سەل نەس باسقانلىقىنى بىلىۋالدىم. لېكىن، بۇ نەسلىكتىن شاھقا تېخى ئاپەت يېقىن يولىمىغان. ئەمما، مەلىكىنى تېخى كۆرمىدىم. ئۇنى بىرلا كۆرسەم راست ـ يالغانلىقىنى بىلەتتىم ـ دە، قول سالاتتىم. سىلى كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا. ھازىر پادشاھ ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى شەھەردىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئۆزلىرى بىرنېمە قىلىپ تۇرسىلا، ھەرگىز قورقمىسىلا. مەن يانلىرىدا يوشۇرۇنچە تۇرۇپ سىلىنى مۇھاپىزەت قىلىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، دېگەندەك چاپارمەن مۇراسىم بېگى بىلەن چاقىرغىلى كەلدى.

— مانا كەلدى! مانا دېمىدىممۇ! ئۇستازنى خاتىرجەم ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلار چوقۇم بىزنى يولغا سېلىپ قويىدۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— بىزنى ئۇزاتقاندا چوقۇم مىڭ سەر ئالتۇن، كۈمۈش بېرىشى كېرەك، بىز كەم ـ كۈسلىرىمىزنى قىلىۋېلىپ ئاندىن كېتىمىز. قۇدىمىز توينى قانداق قىلسا قىلىۋالسۇن، — دېدى جۇ باجيې.

— ئاغا، ئاغزىم بار دەپ قارىسىغىلا سۆزلەۋەرمەڭ. ئاغىمىزنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرەيلى، — دېدى شاسېڭ.

بۇلار ئاتنى يېتىلەپ، يوك - تاقلارنى ئېلىپ بەگلەرنىڭ كەينىدىن ئوردىغا كەلدى. پادىشاھ ئۇلارغا يېقىنراق كېلىشنى ئېيتتى:

— يولخېتىڭلارنى ئېلىڭلار، مەن تامغامنى بېسىپ بېرەي. يېتەرلىك يول خىراجىتى بىلەن يولغا سېلىپ قوياي. سىلەر بالدۇرراق خىسلەتدار تاغقا بېرىپ بۇددىنى تاۋاپ قىلىڭلار. ئەگەر بۇددا نومىنى ئېلىپ قايتىپ كېلەلىسەڭلار، يەنە كاتتا ئىنئام بېرىمەن. كۆيئوغلۇم مۇشۇ يەردە قالىدۇ، ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار، — دېدى.

سۈن ۋۇكۇڭ تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن شاسېڭغا يولخېتىنى ئېلىپ شاھقا بېرىشنى بۇيرۇدى. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ بولۇپ تامغا باستى ۋە قولىنى قويدى، ئاندىن ئون نۆكچە سېرىق ئالتۇن، يىگىرمە نۆكچە ئاق ئالتۇننى ئۇلارغا تۇتتى. بۇنى كۆرگەن جۇ باجيېنىڭ كۆزى قىزاردى. ئۇ بېرىپلا ئالغانىدى، سۈن ۋۇكۇڭ ئاسمانغا قاراپ: «ئۇيات! نومۇس!» دەپ خىتاب قىلغىنىچە بۇرۇلۇپلا مېڭىشقا تەمشەلدى. تاڭ سەنزاڭ ئالاقزادە بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، سۈن ۋۇكۇڭنى تارتىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— مېنى مۇشۇنداق تاشلاپ كېتەمسىلەر؟ — دېدى.

سۈن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالىقىنىنى چىمدىپ قويۇپ كۆز ئىشارىسى قىلدى ۋە:

— بەھۇزۇر كۆڭۈل ئېچىپ تۇرسىلا، بىز بۇددا نومىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە سىلىنى يوقلاپ ئۆتىمىز، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭغا تازا ئىشەنمەي ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمىدى. بۇنى كۆرگەن بەگلەر بۇلارنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. پادىشاھ كۆيئوغلىنى كۇرسىغا تەكلىپ قىلىپ، بەگلەرنى بۇ ئۈچەيلەننى ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. تاڭ سەنزاڭ نائىلاج سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى.

ئۈچەيلەن ئوردىدىن چىقىپ ئۇزاتقۇچىلار بىلەن خوشلاشتى،

جۇ باجىي :

— بىز راستتىنلا كېتەمدۇق؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇندىمەستىن مېڭىپ سارايغا باردى . سارايۋەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ، چاي دەملەپ غىزا بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجىي بىلەن شاسېڭغا :

— ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنى كۆرسەتمەستىن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، سارايۋەن گەپ سورىسا مۇجمەل جاۋاب بېرىپ ئۆتكۈزۈۋېتىڭلار ، ماڭا گەپ قىلغۇچى بولماڭلار . مەن بېرىپ ئۇستازنى قوغداي ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىر تال موينى يۇلۇپ پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەندى ، ئۆزگە ئوخشاش بىرى پەيدا بولدى . ئۇنى جۇ باجىيلارنىڭ يېنىدا قويۇپ ، ئۆزى بىر سىلكىنىپلا ھاۋاغا چىقىپ ھەسەل ھەرىسىگە ئايلاندى ، ئاستا ئۇچۇپ ئوردىغا كىردى . تاڭ سەنزاڭ پادىشاھنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېسىل ئورۇندۇقتا تىت - تىت بولغان ھالدا چىرايىنى تۇرۇپ ئولتۇراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ تەلپىكىگە قونۇپ ، قۇلىقىغا : «ئۇستاز ، مەن كەلدىم ، غەم قىلمىسىلا» دەپ پىچىرلىدى . بۇ گەپنى تاڭ سەنزاڭلا ئاڭلىيالايتتى . ئادەتتىكى ئادەملەر بولسا ئاڭلاش تۇرماق ، سەزمەيتتى . بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى . بىردەمدىن كېيىن ھەرەمدىن كىشى چىقىپ :

— پادىشاھئالەم ، توي داستىخىنى «سېغىزخان» ھەرىمدە تەييار قىلىندى . خان ئانىمىز ، مەلىكىمىز ئۆزلىرىگە قاراپ قالدى . ئۆزلىرى ئەزىز كىشىنى باشلاپ كىرىپ كۆرۈشتۈرسىلە بولىدىكەن ، — دېدى .

پادىشاھ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا كۈيئوغۇل بىلەن ھەرەمگە ماڭدى . تاڭ سەنزاڭنىڭ ھەرەمدە بالادىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## توقسان بەشىنچى باب

### *مەلىكە قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئاينىڭ تۇتۇلغانلىقى راست مەلىكىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تېپىشقانلىقى*

ئـەلقىسسە، تاڭ سېلىڭ دەككە ـ دۇككە ئىچىدە پادىشاھنىڭ كەينىدىن ئارقا ھەرەمگە كىردى. شۇئان نەغمە ـ ناۋا ئاڭلاندى ۋە ئاجايىپ خۇش پۇراقلار دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قىيا بېقىشقىمۇ پېتىنالمىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ تەلپىكىدە تۇرۇپ ئىلاھى نەزەر بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. قاتار ئـىـكـكـى رەت بـولـۇپ تۇرغـان ھـەرەم قىزلىرى بەئەينى جەننەتتىكى ھۆر ـ غىلمانلاردەك ئاجايىپ ساھىبجامال نازىنىنلار ئـىـدى. ئـۇسـتـازىنىڭ ئۇلارغا نەزەر ـ كۆزىنى سالمايۋاتقىنىنى كـۆرگـەن سـۇن ۋۇكـۇڭ ئـىـچـىـدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى: «ھۇششەرە! راھىب دېگەن شۇنداق بولىدۇ! تاۋار ـ تورقىلارغا ئورالغان گۈل سۈپەت جانانلارغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى، قاراڭ!»

ھـايال ئۆتمەي خانىش ۋە كېنىزەكلەر مەلىكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ «سېغىزخان» ئوردىسىدىن چىقىپ ئولارنى كۈتۈۋالدى:

— پادىشاھىمىز ياشىسۇن، تۇمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن! — دەپ تەنتەنە قىلىشتى. تاڭ سەنزاڭ ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. سۇن ۋۇكۇڭ مەلىكىنىڭ بېشىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئالۋاستى بۇسىنى كۆردى، ئەمما بۇ بەكمۇ قەبىھ ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇئان تاڭ سەنزاڭنىڭ قۇلىقىغا:

— ئۇستاز، مەلىكە يالغان ئىكەن! — دەپ پىچىرلىدى.

— يالغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىتىش

ئۇچۇن قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— مەن ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى مۈشۈ يەردىلا تۇتىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— بولمايدۇ! ئۇنداق قىلما! پادىشاھنى قورقۇتۇۋېتىسەن. بۇ ئىشنى پادىشاھ كەتكەندىن كېيىن قىل، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

ئۆپكىسى يوق سۈن ۋۇكۇڭ بۇنىڭغا ئۇنامدۇ دەيسىز؟ ئۇ بىر ۋارقىراپلا ئۆز قىياپىتى بىلەن مەلىكىنى ياقىسىدىن ئالدى:

— ھوي مەلئۇن! سەن يالغاندىن مەلىكە بولۇۋېلىپ كۆرگەن راھەت - پاراغىتىڭگە شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرماي، تېخى ئۇستازىمنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن؟

پادىشاھ قورققىنىدىن ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. خانىش دەلدەڭشىپ كەتتى، كېنىزەك ۋە ھەرەم قىزلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇردى. تاڭ سەنزاڭمۇ ساراسىمىگە چۈشتى، تىترىگەن ھالدا پادىشاھنى يۆلەپ تۇرۇپ:

— پادىشاھئالەم! قورقماڭ! قورقماڭ، شاگىرتىم سېھىر بىلەن راست - يالغاننى پەرق ئېتىۋالدى، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئالۋاستى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ يۇلقۇنۇپ بوشاندى - دە، كىيملىرىنى سېلىپ، جىمى بېزەكلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ يۇيخۇا بېغىدىكى يەر مۇئەككىلى بۇتخانىسىدىن بىر توقماقنى ئەكېلىپ سۈن ۋۇكۇڭنى ئۇرۇپ كەتتى. سۈن ۋۇكۇڭمۇ دەررۇ كالتىكىنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككىسى ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ باغدا ئېلىشتى. كېيىن ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئاسمانغا چىقتى - دە، شۇ يەردە قىر - چاپقا چۈشتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاسماندا جەڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ شەھەردىكى جىمى خەلق، ئوردا ئەھلى قورقۇپ ھوشلىرىنى يوقاتتى. تاڭ سەنزاڭ پادىشاھنى يۆلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قورقماڭلار! خېنىملار، بەگلەر، ھەرگىز قورقماڭلار، مەلىكەڭلار قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ مەلئۇن بىر ئالۋاستى.

شاگىرتىم ئۇنى تۇتقاندا ئاندىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇشىلەر.
كېنىزەكلەردىن يۈرەكلىكرەكلىرى كىيىم - كېچەك بىلەن بېزەكلەرنى ئېلىپ خانىشقا كۆرسىتىپ:
— مانا بۇ مەلىكىنىڭ كىيىملىرى ۋە بېزەكلىرى، ھازىر ئۇ بۇلارنى تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ ئاسماندا ھېلىقى شەيخ بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئالۋاستى ئىكەن، — دېدى.
پادىشاھ، خانىش قاتارلىقلار شۇندىلا ئۆزىگە كېلىپ ئاسمانغا قاراپ قالدى.

ئەلقىسسە، ئالۋاستى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن يېرىم كۈن جەڭ قىلدى، يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى. سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى ھاۋاغا ئېتىپ: «ئۆزگەر!» دېگەنىدى، بىرى ئون، ئونى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئالۋاستىغا ئۇرۇلدى. ئالۋاستى ھولۇقۇپ كەتتى - دە، سالقىن شامالغا ئايلىنىپ كۆككە قاراپ قاچتى. سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ ئەپسۇن ئوقۇپ كالتىكىنى بىر قىلىۋالدى - دە، نۇر بولۇپ ئۇنى قوغلىدى. ئەرشىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا بارغاندا، جۇلالىنىپ تۇرغان تۇغ - ئەلەملەرنى كۆرۈپ بار ئاۋازى بىلەن:
— ھوي دەرۋازىۋەنلەر، ئالۋاستىنى توسۇڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.
دەرۋازىدىكى پەلەك شاھ خۇگو پاڭ، ليۇ، گې، بى قاتارلىق تۆت سىپەھدارنى ئېلىپ قوراللىق توسۇدى. ئالۋاستى ئالدىغا ماڭالماي شاققىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن تۇتۇشتى.
سۇن ۋۇكۇڭ جەڭ قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ قورالىغا زەن سېلىپ قارىدى، توقماقنىڭ بىر ئۇچى توم، بىر ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ، بەئەينى گۈرۈچ، قوناق سوقىدىغان توقماققا ئوخشايتتى.
— شەيتان ئۇرغۇر! ئاكاڭ قارىغىغا تەڭلەشكە پېتىنىۋاتقان نېمە قورال قولۇڭدىكى! ئۇ خاسىيەتلىك نەرسەڭنى كېرەكتىن چىقمىسۇن دېسەڭ، تېز تەسلىم بول! — دەپ ۋارقىرىدى سۇن

ۋوكۇك .
— سەن بۇنىڭ نېمىلىكنى بىلمەيسەن؟ — دېدى ئالۋاستى دەرغەزەپ بىلەن ۋە مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

*قوي مېيىدەك ئاپئاق قاشتېشى ،*
*كىردى بۇ شەكىلگە كۆپ يىل چاقىلىنىپ .*
*تۇردى ئۇ مەن بىلەن شەبىستاندا ھەم ،*
*ساقلىدىم دارچىندا ھەمراھىم بىلىپ .*
*ئالەمگە مەشھۇردۇر گۇل سۆيەرلىكىم ،*
*ھىندى ئىلىگە كەلدىم بولۇپ كېنىزەك .*
*مەقسىتىم تاڭ سېغىدا ياتلىق بولۇش ،*
*يوق باشقا غەرىزىم بۇنىڭدىن بۆلەك .*
*ئەجەبا سوقۇشۇپ ، زورلۇق ئىشلىتىپ ،*
*پېتىندىڭ بۇزماققا مانا بۇ توينى .*
*بىلەمسەن خىسلەتكە ئىگە قورالىم ،*
*چۇشىدۇ ھەرقاچان بېسىپ توقاڭنى .*
*ھاۋانچا تېشى بۇ شەبىستاندىكى ،*
*تەگسىلا ئالىدۇ دەرھال جېنىڭنى .*

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ سوغۇق كۈلۈپ :
— ھــۇ مۇناپىق ! ئايدا ياشاپ تۇرۇپ مېنىڭ كارامىتىمنى بىلمەمسەن؟ بالدۇرراق ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاپ تەسلىم بول ! بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن ! — دېدى .
— مەن سېنىڭ بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل مۇقەددەم ئەرشنى مالىمان قىلغان مىراخور ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن . شۇڭا ساڭا يول قويسام ئوبدان بولاتتى ، بىراق مېنىڭ توي ئىشىمنى بۇزۇپ ، ئاتا - ئانامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلدەك دۈشمىنىمگە ئايلاندىڭ . شــۇڭــا سەنــدەك ياۋاشنى بوزەك ئېتىپ ، ياماندىن قورقىدىغان مىراخورنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن ! — دېدى ئالۋاستى .

«مىراخور» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تۈكى تەتۈر ئۆرۈلەتتى. شۇڭلاشقا ھازىرمۇ غەزىپىنى باسالماي ئۇنى كالتەكلەشكە باشلىدى، ئۇمۇ توقمىقىنى ئوينىتاتتى. ئۇلار شۇ تەرزدە ئەرشنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئالدىدا جان تىكىپ ئېلىشتى. ئالۋاستى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئون مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كالتىكى كەينى - كەينىدىن تېگىۋاتقاچقا ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كۆزى يەتمىدى، توقمىقىنى يالغاندىن پۇلاڭلىتىپ قويۇپ نۇرغا ئايلىنىپ جەنۇب تامان قاچتى. سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ قوغلىدى. تۇساتتىن بىر تاغقا كەلگەندە ئالۋاستى نۇرنى يىغىپ غارىغا كىرىۋالدى - دە، غايىب بولۇپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئايلىنىپ ھىندى دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپ تاڭ سېڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ تاغنى ئوبدان تونۇۋېلىپ كەينىگە ياندى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى، پادىشاھ تاڭ سەنزاڭغا ئېسىلىپ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا: «مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ!» دېدى. خانىش، كېنىزەكلەرمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ تۇرغاندا، سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ:

— ئۇستاز، مەن كەلدىم! — دېدى.

— سۇن ۋۇكۇڭ، پادىشاھنى قورقۇتۇۋەتمە. قېنى ئېيتقىنچۇ، يالغان مەلىكىنى قانداق قىلدىڭ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— يالغان مەلىكە ئالۋاستى ئىكەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ «سېغىنزخان» ھەرىمىنىڭ سىرتىدا قولىنى مەيدىسىدە كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ، — دەسلەپ ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن جەڭ قىلدىم. ئۇ مېنى يېڭەلمەي سالقىن شامالغا ئايلىنىپ ئەرشنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا باردى. مەن تەڭرىلەرنى تۇۋلاپ ئۇنى توسقۇزدۇم. ئۇ ئۆز قىياپىتىگە قايتىپ مەن بىلەن ئون مەرتىۋە ئېلىشتى، ئاندىن يەنە نۇرغا ئايلىنىپ جەنۇبتىكى بىر تاغقا قاچتى. مەن ئىز بېسىپ قوغلاپ بارسام، ئۇ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئۇنى كېلىپ

سىزگە زىيانكەشلىك قىلمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ كەينىمگە ياندىم.
پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭدىن سورىدى:
— يالغان مەلىكە ئالۋاستى بولسا، مېنىڭ مەلىكەم قەيەردە ئەمىسە؟
— مەن يالغان مەلىكىنى تۇتقاندا، راست مەلىكە ئۇزلۇكىدىن ئالدىڭىزغا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ.
خانىش قاتارلىقلار بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇشى سەل بېسىلدى ـ دە، تەڭلا ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ:
— تەقسىر، راست مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، سىزنى ئوبدان رازى قىلىپ تەشەككۇر ئېيتىمىز، — دېدى.
— بۇ جاي گەپلىشىشكە بىئەپ. پادىشاھىئالەم، ئۆزلىرى ئۇستازىم بىلەن ئوردىغا قايتسىلا، خانىش ـ ئايىملارمۇ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتسۇن. ئىنىلىرىم جۇ باجيې بىلەن شاسېڭنى چاقىرتىپ بەرسىلە، ئۇلارغا ئۇستازىمنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزۈم بېرىپ ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
پادىشاھ كۆپ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ ھەرەمدىن چىقىپ ئوردىغا ماڭدى. خانىش ۋە كېنىزەكلەر ھۇجرىلىرىغا قايتتى. بىر ياقتىن پەرھىز تائام قىلىش بۇيرۇلدى، بىر تەرەپتىن جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ چاقىرتىلدى. كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بۇ ئىككىيلەن ھازىر بولدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىپ، ئۇستازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپشۇردى، ئاندىن بۇلۇتقا چىقىپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ جەنۇبتىكى ھېلىقى تاغقا بېرىپ ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەسلىي ئالۋاستى يېڭىلگەندىن كېيىن بۇ تاغقا كېلىپ ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان، غار ئىشىكىنى يوغان تاشتا توسۇپ، قورقىنىدىن ئۆزىنى كۆرسەتمىگەنىدى. سۇن ۋۇكۇڭ خېلى ئىزدەپ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماي ئىنتايىن تېرىكتى، ئەپسۇن

ئوقۇپ تاغدىكى يەر مۇئەككىلى بىلەن تاغ مۇئەككىلىنى چاقىردى. هايال ئۆتمەي ئىككى مۇئەككەل هازىر بولۇپ باش قويدى:

— قۇللۇق! قۇللۇق! ئالدىلىرىغا چىقالماي قاپتۇق، گۇناهىمىزدىن ئۆتسىلە!

— سىلەرنى ئۇرمايمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، — ئېيتىڭلارچۇ، بۇ تاغنىڭ ئىسمى نېمە؟ قانچىلىك ئالۋاستى بار؟ راستىنى ئېيتساڭلار گۇناهىڭلاردىن ئۆتىمەن.

— ئەۋلىيا ئەزەم، بۇ تاغنى ماۋيىڭشەن (بۇرۇتلۇقلار) تېغى دەيدۇ. تاغنىڭ ئۈچ يېرىدە توشقان ئۇۋىسى بار. ئەلمىساقتىن بۇيان بۇ تاغدا ئالۋاستى بولغان ئەمەس. شۇڭا بۇ يەر بەختىيار ماكان بولۇپ كەلدى. ئالۋاستى ئىزدىسىلىرى، غەرب تەرەپكە بارسىلا، — دېدى ئىككى مالائىكە.

— بىز غەربتىكى ھىندىستانغا بارغاندۇق، پادشاھنىڭ قىزىنى ئالۋاستى ئۇچۇرۇپ چۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ، ئۆزى مەلىكىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ پادشاھنى ئالداپتۇ. زىنىنەت راۋىقى ياساتقۇزۇپ، كەشتىلىك توپ تاشلاپ يىگىت تاللاپتۇ. مەن بۇنى ئاشكارىلىغاندىم، ئۇ كىيىم - كېچەك، بېزەكلىرىنى تاشلاپ «دورا سوقىدىغان توقماق» دەيدىغان بىر توقماقنى ئېلىپ مەن بىلەن يېرىم كۈن جەڭ قىلدى، كېيىن سالقىن شامالغا ئايلىنىپ قاچتى. ئەرشنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا بارغاندا قوغلاپ يېتىپ يەنە ئۇن مەرتىۋە ئېلىشتۇق. ئۇ يېڭىلىپ قېلىشىغا كۆزى يەتكەندە يەنە نۇرغا ئايلىنىپ مۇشۇ تاغقا قېچىپ كەلدى. نېمىشقا كۆرمىدۇق دەيسىلەر؟

ئىككى مالائىكە بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى باشلاپ ئۈچ ئۇۋىنى ئىزدەشتۇردى. تاغ چوققىسىدىكى ئۇۋىغا كېلىپ قارىسا، يوغان ئىككى پارچە تاشتا ئۇۋىنىڭ ئاغزى چىڭ ئېتىلگەندى.

— ئالۋاستى چوقۇم مۇشۇ يەردە، دەرهال كىرەيلى، — دېدى يەر مۇئەككىلى.

سۈن ۋۇكۇڭ كالتىكىدە تاشلارنى قومۇرۇپ ئېلىۋەتتى.

ئالۋاستى دەرۋەقە ئېچىدە ئىكەن. ئۇ سەكرەپ چىقىپلا توقمىقىنى ئىشقا سالدى. سوْن ۋوْكوْك توْموْر كالتىكىدە تاقابىل توْردى. قورقوْپ كەتكەن تاغ موْئەككىلى كەينىگە داجىدى، يەر موْئەككىلى قاچتى. ئالۋاستى چوْقان سېلىپ ئىككى مالائىكىنى تىللاپ كەتتى:

— سەنلەرنى كىم ئوْنى بوْ يەرگە باشلاپ كەل دېدى!

ئوْ توْموْر كالتەككە ئاران ـ ئاران تەك توْروْپ جەك بىلەن چېكىنىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى.

تازا جىددىي پەيتتە كەچ كىرىپ قالدى. سوْن ۋوْكوْك قېنى قىزىپ ئەجەللىك بىر كالتەك بىلەن ئوْنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولدى. ئوْشتوْمتوْت ئاسماننىڭ قەھرىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، ئوْرماڭ! رەھىم قىلىڭ!

سوْن ۋوْكوْك بوْرۋلوْپ قارىۋىدى، ئاي پەرىزات چاڭئېنى باشلاپ كەلگەن ئاي توْرە ئوْنىڭ يېنىغا رەڭدار بوْلوْتتا كېلىپ توختىدى. سوْن ۋوْكوْك ئالمان ـ تالمان كالتىكىنى جايىغا قويوْپ ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— ئاي توْرەم، قەيەرگە ماڭدىلا؟ مەن ۋاقتىدا ئوْزوْمنى چەتكە ئالماپتىمەن، — دېدى.

— سىز بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بوْ ئالۋاستى گوْاڭخەن ئوردىسىدىكى خاسىيەتلىك دورىلارنى سوقىدىغان ئايالارنىڭ بىرى ئىدى. ئوْ ئوغرىلىقچە ئالتوْن قوْلوْپنى ئېچىپ ئوردىدىن قېچىپ چىقىپتوْ. مەن ئوْنىڭ هاياتى هەرقاچان خەۋپ ئاستىدا قالدى، دەپ ئويلاپ، ئوْنى قوْتوْلدوْرغىلى كېلىۋىدىم. مېنىڭ يوْزوْمنى قىلىپ ئوْنى ئەپوْ قىلىڭ، — دېدى ئاي توْرە.

— ئوْنىڭ دورا سوقىدىغان توقماقنى ئىشلىتەلىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! دېمەك، ئوْ ئاي ئىكەن! ئاي توْرەم، سىلى بىلمىدىلە، ئوْ هىندىستان پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى ئوْچوْروْپ ئاپىرىپ جاڭگالغا تاشلاپ قويوْپ، يالغاندىن ئوْنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋاپتوْ، بوْنى ئاز دەپ، ئوْستازىمغا تېگىمەن دەپ توْرۋۋېلىپ، ئوْستازنىڭ بوْددا نومىنى ئەكېلىشتەك بوْيوْك ئىشىغا توسقوْنلوْق

قىلماقچى بولدى . ئۇنىڭ بۇ شەھۋانىيلىق گۇناھىنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلغىلى بولسۇن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سىزمۇ بىلمەيسىز ، پادىشاھنىڭ قىزىمۇ ئىنسان ئەمەس . ئۇ ئاي ئوردىسىدىكى ئاددىي پەرىزات ئىدى . ئون سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ مۇشۇ ئايىنى ئۇرغىنى ئۈچۈن پانىي ئالەمگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن . ئۇ پادىشاھ بىلەن بىللە بولۇۋاتقان خانىشنىڭ قورسىقىغا كىرىۋېلىپ تۇغۇلغان . بۇ ئاي شۇ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇلتۇر ئوغرىلىقچە ئاي ئوردىسىدىن چۈشكەن ، ئۇ پەرىزاتنى ئۇچۇرتۇپ ئاپىرىپ چۆلگە تاشلىۋەتكەن گەپ . لېكىن ، ئۇ تاڭ سەنزاڭ بىلەن جورا بولىمەن دېمىسە بولاتتى . بۇ ھەقىقەتەن كەچۈرگۈسىز گۇناھ بوپتۇ . ھېلىمۇ ياخشى مەن ھوشيار تۇرۇپ راست ـ يالغاننى پەرق ئېتىۋالدىم ـ دە ، ئۇستازىڭىزنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاپ قالدىم . مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ ، مەن ئۆزۈم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەي .

— ئىش بۇنداق بولىدىغان بولسا ، پېقىرنىڭ ياق دېيىشكە ھەددىم ئەمەس . ئۇنىڭ ئەدىپىنى سىلە ئۆزلىرى بەرسىلە ، ئەمما پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . مالال كۆرمەي ئۆزلىرى ئۇنى ئاپىرىپ پادىشاھقا بۇنى ئىسپاتلاپ بەرسىلە . شۇنداق بولغاندا ، بىرىنچىدىن ، پېقىرنىڭ كارامىتى ـ خىسلىتى مەلۇم بولىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، پەرىزات سۈئېنىڭ زېمىنغا چۈشۈش سەۋەبىنى ئېيتىدىلا . ئاندىن پادىشاھنى مەلىكە بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ خۇش قىلىدىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

ئاي تۆرە بۇنىڭغا ماقۇل بولدى ، ئاندىن ئالۋاستىغا جونۇپ ۋارقىرىدى :

— ھۇ مۇناپىق ، ئۆز ئەسلىڭگە قايتماي تۇرىۋېرەمسەن ؟

ئۇ دەررۇ دومىلاپ ئەسلىگە قايتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىنتايىن خۇش بولدى ، بۇلۇتقا چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى . ئاي تۆرە پەرىزاتلارنى ۋە ئايىنى ئېلىپ ھىندىستان تامان يول ئالدى . بۇ چاغدا گۇگۇم چۈشۈپ ئاي چىقتى . شەھەرگە

يېقىن كەلگەندە شەھەر راۋىقىدا چېلىنغان دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى . پادىشاھ بىلەن تاڭ سىڭ ئوردا ئىچىدە ، جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ بەگلەر بىلەن پەلەمپەي ئالدىدا تۇراتتى . ئىچكىرىگە كىرەيلى دېيىشىۋاتقاندا ، جەنۇب تەرەپتە شەپەق پەيدا بولۇپ ھەممە ياق كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتتى . ھەممە ئاسمانغا قارىغاندى ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— پادىشاھئالەم ، خانىش ۋە كېنىزەكلىرىڭىزنى ئاچىقىپ كۆرۈۋېلىڭ ، مانا بۇ ئاي ئوردىسىنىڭ بېگى ئاي تۆرە ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكىسى پەرىزاتلار . مانا بۇ ئاي بولسا سىزنىڭ يالغان مەلىكىڭىز ، بۈگۈن ئۆز قىياپىتىگە قايتتى .

پادىشاھ دەررۇ خانىش ، كېنىزەك ، دېدەكلەر ۋە باشقىلارنى باشلاپ چىقىپ ئاسمانغا قاراپ ئىبادەت قىلدى . ئاندىن تاڭ سەنزاڭ ۋە بەگ - سىپاھلار بىلەن بىرلىكتە كۆككە قاراپ تەشەككۈر ئېيتتى . شەھەردىكى جىمى خەلق ئىچىدە كۈچە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلمىغان ، بۇددىغا سېغىنىپ باش ئۇرمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى . ئۇلار كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاي تۆرە پەرىزاتلارنى ۋە ئاينى ئېلىپ ئاي ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى .

سۈن ۋۇكۇڭ يەرگە چۈشتى . پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى :

— سېھرىي كارامەتلىرىڭىز بىلەن يالغان مەلىكىنى تۇتقىنىڭىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت . ھەقىقىي قىزىم قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ ؟

— سىزنىڭ مەلىكىڭىزمۇ ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن ئەمەس ئىكەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئۇ ئاي ئوردىسىدىكى پەرىزات سۇئې ئىكەن . ئون سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ مۇشۇ ئاينى بىر كاچات سالغاندىن كېيىن زېمىنغا چۈشۈپ ، خانىش سىز بىلەن بىللە بولغاندا ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىۋېلىپ تۇغۇلغانىكەن . ئاي مۇشۇ ئۆچىنى ئېلىش مەقسىتىدە ، بۇلتۇر ئوغرىلىقچە ئالتۇن قۇلۇپنى ئېچىپ ئاي ئوردىسىدىن قېچىپ چىقىپ سۇئېنى ئۇچۇرۇپ چۆلگە

تاشلىۋەتكەن، ئۆزى ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ سىزنى ئالدىغانىكەن. بۇ ئىشلارنى ماڭا ئاي تۆرە ئېيتىپ بەردى. بۇگۈن يالغىنى كەتكەنىكەن، ئەتە ئۆزىڭىز بېرىپ راستىنى تېپىپ كېلىڭ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ ۋەھىمىگە چۈشتى، كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي:

— كىچىكىمدىن تارتىپ تەختتە ئولتۇرۇپ ھازىرغا كەلگۈچە شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ باقمىغانىدىم. ئۇنى قەيەردىنمۇ ئىزدەپ تاپارمەن! — دېدى.

— غەم قىلماڭ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — مەلىكىڭىز ھازىر ۋەزىر بۇددىغا ئاتاپ ياساتقان ئالتۇن ياتقۇزۇلغان ئىبادەتخانىدا. ھازىر ھەممىڭلار بېرىپ دەم ئېلىڭلار. ئەتە ئەتىگەندە مەن راست مەلىكىنى ئالدىڭىزغا ھازىر قىلاي.

— پادىشاھى ئالەم، كۆڭۈللىرىنى ئازادە تۇتسىلا. ئەتە ئەتىگەندە ھۆرمەتلىك راھىب مالال كۆرمەي بېرىپ ئىزدەپ باقسۇن، شۇندا ئەھۋالنى ئۇقايلى، — دېدى بەگ - سىپاھلار تەزىم بىلەن.

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇلارنى لىيۇچۇن شىپاڭدا تاماق يەپ ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

بۇ كېچە پادىشاھ ئالۋاستىدىن قۇتۇلۇپ بۆلەكچە روھلىنىپ كەتتى، تاڭ ئاتار - ئاتماستىنلا ئوردىغا چىقىپ تەختتە ئولتۇردى - دە، مەلىكىنى ئىزدەش ئىشىنى كېڭىشىمەن دەپ، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەننى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. تاڭ سەنزاڭ دەرھال يېتىپ كېلىپ شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى. سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىق ئۈچەيلەن بىللە كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

— ھەرقايسىڭلار مالال كۆرمەي تۈنۈگۈن گېپى بولغان مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇشۇپ بەرگەيسىلەر، — دېدى پادىشاھ ئېگىلىپ ئېھتىرام بىلەن.

— پادىشاھىئالەم ، غەم قىلماڭ ، چېچەن مەلىكە بۇجىن ئىبادەتخانىسىدا ئىكەن ، ساراڭ بولۇۋاپتۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . ئاندىن ئۇ جىگۇدىكى بۇجىن ئىبادەتخانىسىدا قونغان كېچىسى مەلىكىنى ئۇچراتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . پادىشاھ بۇ تەپسىلاتلارنى ئاڭلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . ئۈچ چوڭ خانىش ۋە كىچىك خانىشلارمۇ چۆچۈپ كېتىپ كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى ۋە ئەھۋالنى بىلىپ تەڭلا كۆز يېشى قىلىشتى . خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە پادىشاھ يەنە سورىدى :

— بۇجىن ئىبادەتخانىسى بۇ يەرگە قانچىلىك كېلىدۇ ؟

— ئاتمىش چاقىرىم كېلىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئوتتۇرانچى خانىش بىلەن كىچىك خانىش قېپقېلىپ ئوردىنى ساقلىسۇن ، ئوردا ۋەزىرلىرى دۆلەتنى مۇداپىئە قىلسۇن . مەن چوڭ خانىش ۋە باشقا بەگلەر ، تۆت مۆھتەرەم راھىب بىلەن بېرىپ مەلىكىنى ئەكېلەي ، — دېدى پادىشاھ .

شۇئان بۇيرۇقلار بەجا كەلتۈرۈلۈپ ، ئۇلار يولغا چىقتى . سۈن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ بېلىنى بىر تولغىغاندى ، ئىبادەتخانىغا بېرىپ چۈشتى . راھىبلار ھاپىلا - شاپىلا تەزىم قىلىپ :

— غوجام ، كەتكەندە كۆپچىلىك بىللە كېتىۋىدىلە ، بۈگۈن ئەجەپ ئاسماندىن چۈشۈپ كەلدىلىغۇ ؟ — دېدى .

— ئۇستازىڭلار قەيەردە ؟ دەررۇ ئۇنى چاقىرىپ چىقىڭلار ، كۆجە شىرەلىرىنى تەييارلاپ پادىشاھنى كۈتۈۋېلىڭلار . ھىندىستان پادىشاھى ، چوڭ خانىش ، بەگلەر ۋە ئۇستازىم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

راھىبلار ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى ، شۇنداقتىمۇ قېرى راھىبنى چاقىرىپ چىقتى . ئۇ كىشى سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا تىز چۆكۈپ تەزىم قىلىپ سورىدى :

— غوجام ، مەلىكىنىڭ ئىشى قانداق بولدى ؟

سۈن ۋۇكۇڭ يالغان مەلىكىنىڭ كەشتىلىك توپ ئېتىپ تاڭ

سېڭنى جورا بولۇشقا تاللىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ تۇتماقچى بولغانلىقى، يۈيتۇ ئىسىملىك بۇ ئاينى ئاي ئوردىسىنىڭ بېگى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. قېرى راھىب يەنە تەزىم قىلىپ باش ئۇرۇشقا باشلىغانىدى، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى تۇرغۇزۇپ:

— بولدى، تەزىم قىلماڭ، تەزىمىڭىزنى قويۇڭ، دەررۇ شاھ كىرەملىرىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىڭ، — دېدى.

راھىبلار شۇندىلا ئۆيگە قامالغان قىزنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تەئەججۇپ ئارىلاش خۇشال بولۇشتى. كۈجە شىرەسىنى دەرۋازىنىڭ تېشىغا راسلىدى، كاسايىلىرىنى كىيىشتى، ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ تەييار بولۇشتى. كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ يېتىپ كەلدى. راھىبلار رەتلىك تۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى. پادىشاھ سۇن ۋۇكۇڭنىڭمۇ ئۇلار ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— تەقسىر، سىز بۇ يەرگە ئەجەب بالدۇر كەپسىزغۇ! — دېدى.

— كەمىنىڭىز بىلمىنى بىر تولغاپلا يېتىپ كەلدىم. سىلەر نېمانچە ئۇزاقتا كەلدىڭلار؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

ئارقىدىنلا تاڭ سېڭ قاتارلىقلارمۇ كەلدى. تاڭ سەنزاڭ پادىشاھنى ئارقىدىكى ئۆيگە باشلاپ كەلدى، مەلىكە يەنىلا ساراڭ بولۇۋېلىپ ئالجوقا سۆزلەۋاتاتتى. قېرى راھىب تىزلىنىپ ئۆينى كۆرسىتىپ:

— مانا مۇشۇ ئۆيدە بۇلتۇر شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن مەلىكە خېنىم بار، — دېدى.

پادىشاھ ئىشىكنى ئېچىشقا بۇيرۇدى. ئاۋۋال قۇلۇپ، ئارقىدىن ئىشىك ئېچىلدى. پادىشاھ بىلەن خانىش مەلىكىنى چىرايىغا قاراپلا تونۇدى ـ دە، مەينەتچىلىككە پەرۋا قىلماي بېرىپ قۇچاقلاپ:

— ئاھ، ئازاب چەككەن قىزىم! ئەجەبمۇ كۆپ دەرد تارتىپسىز! — دېدى.

ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ ئۇچرىشىشىغا ھېچنېمە ئوخشىمايدۇ. ئۇچەيلەن قۇچاقلاشقان پېتى ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. بىر دەملىك يىغىدىن كېيىن ئايرىلىشقاندىن بېرىقى ئىشلارنى سۆزلەشتى. مەززىلىك شورپا كەلتۈرۈش بۇيرۇلدى. مەلىكىگە يۇيۇنۇپ، كىيىم يەڭگۈشلەپ قايتىش تەرەددۇتىنى قىلىش ئېيتىلدى.

سۇن ۋۇكۇڭ قوللىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ پادشاھقا:

— پېقىرنىڭ بىر ئىلتىماسى بار، — دېدى.

— تەقسىر، قانداق ئىش بولسا ئېيتىڭ، جان ـ دىلىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى پادشاھ ئەدەپ بىلەن.

— بۇ تاغنىڭ ئىسمى يۈزپۈتلۈق تاغ ئىكەن. يېقىندىن بېرى سەكسەنپۈتلار جىنغا ئايلىنىپ كېچىسى ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقۇدەك. شۇڭا، يولۇچىلار ئۆتەلمەي قىينىلىۋېتىپتۇ. مېنىڭچە، سەكسەنپۇتنىڭ ئەدىپىنى توخۇلا بېرەلەيدۇ. سەرخىل خورازدىن مىڭنى تاللىۋېلىپ تاغقا قويۇۋەتسەك، بۇ زەھەرلىك قۇرتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، تاغنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ بەرسىڭىز، بۇ يەردىكىلەرنىڭ مەلىكىنى باققان ئەجرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىبادەتخانا سېلىشقا ئىجازەت قىلىپ، راھىبلارغا نام ـ ئەمەل بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

پادىشاھ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى: بەگلەرنى شەھەردىن توخۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى؛ تاغنىڭ ئىسمىنى باۋخۇاشەن تېغى دەپ ئۆزگەرتتى؛ ئىبادەتخانىنى قايتىدىن ياستىپ رېمونت قىلدۇرۇش، ئاندىن نامىنى «باۋخۇاشەن تېغىدىكى بۇددىنىڭ ئالتۇن ياتقۇزۇلغان ئىبادەتخانىسى» دېيىشكە يارلىق چۈشۈردى. قىبرى شەيخكە «دۆلەتپەرۋەربەگ راھىب» دەپ نام بەردى، بۇ نام ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالىدىغان، مائاشى ئوتتۇز ئالتە كۇرە ئاشلىق بولىدىغان بولدى. راھىبلار بۇنىڭغا كۆپ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن پادشاھنى ئۇزىتىپ قويدى. مەلىكە ھەرەمگە كىرىپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشتى. زىياپەت بېرىلىپ

مەلىكنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى قۇتلۇقلاندى . خانىش بىلەن مەلىكە قايتىدىن جەم بولدى . پادىشاھ بىلەن بەگ ـ سىپاھلارمۇ شادلىققا چۆمۈپ ، كېچىچە بەزمە قىلىشتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ رەسىملارغا تۆت راھىبنىڭ مۇبارەك جامالىنى سىزىپ خۇايى راۋىقىغا تاۋاپ قىلىش ئۇچۇن ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇدى . ئاندىن مەلىكنى چىرايلىق كىيىنىپ چىقىپ تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆت نىجاتكارغا تەشەككۇر ئېيتىشقا تەكلىپ قىلدى . بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ خوشلىشىپ غەربكە ماڭماقچى بولدى . پادىشاھ ئۇنامىدىغان ، يەنە كاتتا زىياپەت بىلەن بەش ـ ئالتە كۈن تۇتۇپ قالدى . جۇ باجىيېنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ بولۇپ ، تويغۇچە يەپ ـ ئىچتى . پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە ، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىككى يۈز دانە ، ھەر خىل قىممەت باھا نەرسىلەردىن بىر پەتنۇس يوللۇق تۇتقاندى ، يا ئۇستاز ، يا شاگىرت قوبۇل قىلمىدى . پادىشاھ شاھانە تەختىنى ئەكەلدۈردى ، تاڭ سەنزاڭنى ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ بەگلىرىگە خېلى بىر يەرلەرگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى تاپشۇردى . خانىش ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ، دېدەك ـ چاكارلار باش قويۇپ كۆپ تەشەككۇر ئېيتتى ، ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇزاتقۇچىلارنىڭ قايتقىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، باشقا ئامال قىلالماي يەرگە بىر سۈپلىگەنىدى ، شامال چىقىپ ئۇزاتقۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىنى خىرەلەشتۇرۇپ قويدى . ئۇلار شۇندىلا يولغا راۋان بولدى . شۇ مېڭىشىدا ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## توقسان ئالتىنچى باب

### كۇخۇڭ تۆرىنىڭ راھىبلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى
### تاڭ سېڭنىڭ راھەت - پاراغەتكە بېرىلمىگەنلىكى

ئەلقىسسە، تاڭ سېڭ قاتارلىقلار سېھىر بىلەن بۇجىن ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبلارنى توسۇپ قويغاندىن كېيىن غەرب تامان يول ئالدى. ئەتىياز تۈگەپ ياز كىرگەنىدى. ئۇلار ئورددىكى ئېسىل تائام ۋە ئورۇن - كۆرپىلەرنىڭ گېپىنى قىلىشىپ جىرا ۋە ئېدىرلىقلاردىن ئۆتۈپ، خېيىمخەتەرسىز يېرىم ئاي يول يۈردى. ئالدى تەرەپتە يەنە بىر شەھەر كۆرۈنگەنىدى، تاڭ سەنزاڭ سورىدى:

— شاگىرتلىرىم، بۇ يەنە قەيەردۇ؟

— بىلمەيمەن، بىلمەيمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— سىز بۇ يوللاردىن ئۆتكەن تۇرۇپ نېمىشقا بىلمەيمەن دەيسىز؟ بۇ گېپىڭىز تازا چاك باسماي قالدى، — دېدى جۇ باجيې كولۇپ.

— سەن راستىنلا ھاڭۋاقتى ئىكەنسەن! نەچچە قېتىم ماڭغىنىم بىلەن بۇلۇت ئۈستىدە ھاۋا ئارقىلىق ماڭغان تۇرسام، بۇ يەرگە قاچان چۈشكىنىم بار؟ شۇڭا، بىلمەيمەن دېگەن گېپىمنىڭ چاك باسمايدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئاڭغىچە ئۇلار ئاستانە يېنىغا كېلىپمۇ قالدى. تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ دەرۋازىدىن كىردى. ئۇزۇن كوچىدىكى بىر لەمپە ئاستىدا ئىككى بوۋاي گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. تاڭ سەنزاڭ:

— شاگىرتلىرىم ، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار . مەن لەمپە ئاستىغا بېرىپ بارىدىغان يېرىمىزنى سوراپ كېلەي ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭلار ماقۇل دەپ تۇرۇپ قالدى .

تاڭ سەنزاڭ بوۋايلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ :

— ئاتىلار ، كەمىنىڭىز بىر ئىشنى سورىماقچىدىم ؟ — دېدى .

پاراڭلىشىۋاتقانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— ھە ، دەرۋىش ، نېمە گېپىڭىز بار ؟ — دېدى .

— كەمىنىڭىز بۇددىنى تاۋاپ قىلغىلى يىراقتىن كېلىۋىدىم . بۇ يەرگە تېخى ھازىر كېلىشىمىز ، قايسى جاي ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدۇق . قەيەردە بىزگە غىزا بېرەلىگۇدەك ئادەملەر باردۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— بۇ يەر مىس سۇپىلىق ئاستانە ، ئاستانىنىڭ كەينىدە دىلىڭ دەيدىغان بىر ناھىيە بار . تاماق يېمەكچى بولساڭلار مالال كۆرمەي مۇشۇ ئابىدىنىڭ شىمالىدىكى كوچىدىن ئۆتسىڭىز كۇ فامىلىلىك بىر تۆرە① بار . ئۇنىڭ ئىشىكىدە : «راھىبلارغا ئىشىكىم ئوچۇق» دېگەن تاختا بار . سىز يىراقتىن كەپسىز ، چوقۇم ئۇبدان كۈتۈلىسىز ، — دېدى بوۋايلار .

تاڭ سەنزاڭ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى ـ دە ، شاگىرتلىرىنى ئېلىپ كۇ فامىلىلىك تۆرىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى .

ھېچقانچە ماڭمايلا ، دېگەندەك يوغان بىر دەرۋازا كۆرۈندى . دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى ئۇدۇل تامدا «راھىبلارغا ئىشىكىمىز ئوچۇق» دەپ خەت يېزىلغان تاختا تۇراتتى . جۇ باجيې ئالدىراڭغۇ بولغاچقا ئۇسۇپلا كىرمەكچى بولۇۋىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ توختىتىۋالدى .

— توختا ، ھاڭۋاقتى ، بىرەرى چىقسا ئەھۋال ئۇقۇشۇپ بېقىپ ئاندىن كىرەيلى .

---

① تۆرە — قەدىمكى زاماندىكى مەنسەپ دەرىجىسى .

ئۇلار يوك ـ تاقلارنى چۇشۇرۇپ hاردۇق ئېلىشتى . ئۇزاق ئۆتمەي بىر قولىدا تارازا ، بىر قولىدا سېۋەت كۆتۈرگەن ئاق چاچلىق بىر بوۋاي چىقتى ، بىردىنلا ئۇلارغا كۆزى چۈشۈپ ئالاقزادە بولدى ـ دە ، يۈگۈرۈپ كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— بېگىم ! تاشقىرىدا غەلىتە قىياپەتلىك تۆت راھىب تۇرىدۇ !

تۆرە ھاسا تۇتۇپ ئىستىغپار ئوقۇغاچ ئاستا مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى ، بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھاسىنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ، بەتبەشىرىلەرنى كۆرۈپ قورقۇپمۇ كەتمەي :

— قېنى مەرھەمەت ! ئىچكىرىگە كىرىڭلار ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭلار تارتىنغان ھالدا ئىچكىرىگە كىردى . تۆرە ئۇلارنى باشلاپ ئۇزۇن بىر تارچۇقتىن ئۆتۈپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى .

— مانا بۇ تۆر ئۆيدە غوجىلىرىمىزغا كېرەكلىك ئىبتىكاپخانا ، تىلاۋەتخانا ، تاماقخانا بار . باشقا ئۆيلەردە پېقىر بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن تۇرىمەن ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ جىق تەشەككۇر ئېيتتى ، كاساياسىنى كىيىپ بۇتقا باش قويۇپ تاۋاپ قىلدى . ئاندىن بۇرۇلۇپ تۆرىگە تەزىم قىلدى ، سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارنى چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى . ئاتىنى بېقىشقا تاپشۇرۇپ ، يوك ـ تاقلارنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئۆزئارا ئەھۋاللىشىشتى .

— كەمىنىگىزلەر شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن مۇبارەك يۇرتىڭلارنىڭ خىسلەتدار تېغىدىكى بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەنلەرمىز ، مۇبارەك ھۇزۇرىڭىزدا راھىبلارنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ، غىزالىنىۋېلىپ ماڭايلى دەپ ئالايىتەن كېلىشىمىز ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

بۇنى ئاڭلاپ تۆرە خۇرسەن بولدى .

— پېقىرنىڭ ئىسمىم كۇخۇڭ ، تەخەللۇسۇم داكۇەن . ئاتمىش تۆت ياشقا كىردىم . قىرىق ياشقا كىرگەن چېغىمدا ، خۇدا بۇيرۇسا

ئون مىڭ راھىبنى غىزالاندۇرىمەن ، دەپ ئەھدە قىلغانىدىم . مانا ھازىر يىگىرمە تۆت يىل بولدى ، بىر دەپتەر تۇتۇپ غىزالانغان راھىبلارنى تىزىملاپ ماڭدىم . ئىشىم يوق كۈنلىرى بۇ تىزىملىكنى ۋاراقلاپ كۆرىمەن . قارىسام ، توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسەن ئالتە راھىب غىزالىنىپ تۆتىلا كەم قالغانىكەن ، بۈگۈن تەڭرى تۆتىلىرىنى ماڭا ئەۋەتىپ سانىمنى توشقۇزۇپ بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەھدەم ئىشقا ئاشىدىغان بولدى . بىرەر ئاي تارتىنماي بەھۇزۇر تۇرۇپ ئوبدان مېھمان بولۇشسىلا ، مەن تەختىراۋان ۋە ئاتلار بىلەن ھەرقايسىلىرىنى تاغقا چىقىرىپ قويىمەن ، بۇ يەردىن خىسلەتدار تاغقا سەككىز يۈز چاقىرىملا كېلىدۇ ، ئانچە يىراق ئەمەس ، — دېدى تۆرە .

تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى .

تۆرىنىڭ ئۆيىدە چوڭ كىچىك بىرقانچە چاكار بار ئىدى . ئۇلار ئوتۇن يېرىپ ، سۇ ئەكىرىپ غىزاغا تۇتۇش قىلىۋاتقاندا ، تۆرىنىڭ ئايالى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ سورىدى :

— ئەجەب شاپاشلاپ كېتىۋاتىسىلەر ، قەيەردىن راھىب كەلدى ؟

— شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن خىسلەتدار تاغقا بېرىپ بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەن تۆت مۆتىۋەر راھىب كەلدى . باي دادام بۇلارنى تەڭرى ئەۋەتتى ، دەپ ، بىزنى دەرھال تاماق قىلىشقا بۇيرۇدى . شۇلارغا تاماق قىلىۋاتىمىز ، — دېدى چاكار .

موماي بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى ، دېدەكنى چاقىرىپ :

— كىيىملىرىمنى ئەكەل ، كىيىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي ، — دېدى .

— خان ئانا ، ئۇلارنىڭ بىرىنىلا كۆرسە بولىدىكەن ، قالغانلىرىنىڭ چىرايى بەكمۇ سەت ئىكەن ، — دېدى چاكار .

— ھېچنېمە بولمايدۇ ، چىرايى بەتبەشىرە بولسا ، دېمەك ،

ئۇلار ئەرشتىن چۈشكەنلەر ئىكەن. بىرىپ باي داداڭغا ئېيت، — دېدى موماي.

چاكار يۈگۈرۈپ تىلەۋەتخانىغا بېرىپ:

— خان ئانام كېلىپ شەرقىي دىياردىن كەلگەن راھىبلار بىلەن كۆرۈشىدىكەن، — دېدى تۆرىگە.

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئارىلىقتا موماي كىرىپ كەلدى. ئۇ باشتىن قەددى ـ قامەتلىك، چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن، سالاپەتلىك تاڭ سەنزاڭغا، ئاندىن تۇرقى ئادەتتىكى ئىنسانغا پەقەت ئوخشىمايدىغان ئۈچەيلەنگە قارىدى. ئۇلارنىڭ ئەرشتىن چۈشكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىشىمۇ، ئاز ـ تولا قورقتى، ئەمما دەررۇ ھەممىگە تىز پۈكۈپ سالام قىلدى. تاڭ سەنزاڭ ئالمان ـ تالمان جاۋابەن سالام قىلىپ:

— جوۋۇمىسىلا، ھۆرمەتلىك ئانا، — دېدى.

— بۇ تۆت ئۇستاز نېمىشقا ئۆرە تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى موماي.

— بىز ئۈچىمىز شاگىرت، — دېدى جۇ باجيې تۇمشۇقىنى سوزۇپ.

شۇ ئەسنادا بىر چاكار كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— ئىككى تاغىمىز كەلدى.

تاڭ سەنزاڭ قارىغۇدەك بولسا، ئىككى ياش تالىپ ئىكەن. تالىپلار ئىتتىك كېلىپ تاڭ سەنزاڭغا تەزىم قىلدى. تاڭ سەنزاڭمۇ ھودۇقۇپ ئىتتىك سالام قايتۇرماقچى بولدى، بىراق تۆرە ئۇنى توسۇپ:

— بۇئىككىيلەن مېنىڭ ئوغۇللىرىم كۈلياڭ، كۈدۇڭ بولىدۇ. كۈتۈپخانىدا كىتاب ئوقۇپ چىقىشى، تېخى غىزا يېمىدى. ھەر قايسىلىرىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ سالامغا كىرىپتۇ، — دېدى.

— باركاللا! باركاللا! ئېسىل ئائىلىنىڭ بالىلىرىمۇ ئېسىل بولىدۇ ـ ھە. ئوبدان ئوقۇڭلار، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— دادا، بۇ بېگىم قەيەردىن كەپتۇ؟ — دېدى بالىلار

دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ .

— تولىمۇ يىراقتىن كەپتۇ ، جەنۇبىي جامبۇدۋىپانىڭ شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن خىسلەتدار تاغقا بۇددىنى تاۋاپ قىلىش ۋە بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كەپتۇ ، — دېدى تۆرە كۈلۈپ .

— مەن لىن گۇاڭ خاتىرىلىرىدىن دۇنيادا تۆت چوڭ قىتئە بار دەپ ئاڭلىغانمەن . بىزنىڭ بۇ يەر غەربىي گۇدا دېيىلىدىكەن ، يەنە شەرقىي پۇرۋاۋىدىخا دېگەن بىر قىتئە بار ئىكەن . جەنۇبىي تەرەپتىكى قىتئە دېگىنى شۇ جەنۇبىي جامبۇدۋىپا بولسا كېرەك . قانچە يىل يول يۈرۈشكەنلا ؟ — دېدى تالىپلاردىن بىرى .

— يولدا ھايال بولغان ۋاقتىمىز كۆپ ، ماڭغان ۋاقتىمىز ئاز بولدى . ھېسابىمىزدا جەمئىي ئون تۆت قىش ـ يازنى يولدا ئۆتكۈزۈپ بۇ مۇبارەك جايغا يېتىپ كەلدۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ كۈلۈپ .

تالىپلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئاپىرىن ئېيتتى :

— راستىنلا كامالەتكە يەتكەن راھىب ئىكەنلا ! قالتىس ئەۋلىيا ئىكەنلا !

شۇ ئەسنادا بىر چاكار كىرىپ :

— غىزا تەييار بولدى ، بېگىم ، غىزاغا داخىل بولۇشقايلا ، — دېدى .

تۆرە ئايالى بىلەن ئوغۇللىرىنى ھۇجرىلىرىغا قايتۇردى ، ئۆزى بولسا شەيخلەرنى باشلاپ غىزاغا ئولتۇردى . غىزا ئىنتايىن مول ۋە ئوخشىغانىدى ، ئۇستاز ۋە شاگىرت ئازادە ئولتۇرۇپ بەھۇزۇر يەپ ـ ئىچتى . تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ تۆرىگە غىزا ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتتى ۋە يولغا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . تۆرە ئۇلارنى توسۇپ :

— ئۇستاز ، يەنە بىرقانچە كۈن تۇرۇشسىلا ، «كېلىش مېھماندىن ، كېتىش ساھىبخاندىن» دېگەن گەپ بار . بىز ئەھدىمىزنىڭ ئىشقا ئاشقىنى ئۈچۈن تەڭرى يولىغا نەزىر ـ چىراغ

قىلىپ ، ئاندىن سىلەرنى يولغا سېلىپ قويىمىز ، — دېدى .

ئۇ بەش ـ ئالتە كېچە ـ كۈندۈز چېپىپ يۈرۈپ ئۆز تەۋەسىدىكى راھىبلاردىن يىگىرمە تۆتنى يىغىپ نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلغۇزدى . ئۇلار ئۈچ ـ تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلدى ، خاسىيەتلىك ۋاقىتنى تاللاپ ئىبادەتنى باشلىدى . بۇ ئىش ئۈچ ـ كېچە كۈندۈز داۋاملىشىپ نەزىر ـ نۈزۈرەت ئاخىر تۈگىدى . تاڭ سەنزاڭ بۇددىنى سېغىنىپ تېزرەك بارغۇسى كەلدى ، شۇڭا ئاخىر خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بولدى .

— بىز بىرقانچە كۈندىن بېرى ئىبادەت بىلەن بولۇپ ھەرقايسىلىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالماي قالدۇق ، شۇڭلاشقا كېيىنچە ئالدىراپ قېلىشتىلا ـ ھە ، بىزدىن رەنجىپ قېلىشتىلىمۇ ؟ — دېدى تۆرە .

— شۇنچە ھۆرمەت بىلەن ئىززەتىمىزنى قىلىۋاتسىلىرى رەنجىيدىغانغا قانداقمۇ كۆڭلىمىز بارسۇن ! پادىشاھ ئالىيلىرى مېنى ئۇزىتىپ چىققاندا ، قانچىلىك ۋاقىتتا قايتىپ كېلەرسىز ، دەپ سورىغاندا ، مەن ئۈچ يىلدا بېرىپ كېلىمەن ، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم . ئويلىمىغان يەردىن كەلگۈچىلا ئون تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى ! بۇددا نومىنى ئالالمىدۇق يوق ، بىلمەيمىز . قايتقۇچە يەنە ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ يىل كەتسە ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولمامدۇق ؟ ھازىر بىزنى قويۇپ بەرسىلىرى ، بۇددا نومىنى ئېلىپ قايتىشىمىزدا يەنە ھۇزۇرلىرىغا چۈشۈپ ئۇزاقراق تۇرساق بولدى ئەمەسمۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، كۆڭۈل ئاياشىنىمۇ ئۇقمايدىكەنسىز ! تۆرە غوجام ناھايىتى باي بولغاچقا شۇنچىۋالا شەيخقە غىزا بېرىمەن ، دەپ ئەھدە قىلغانىكەن ، بىرەر يىل تۇرساقمۇ ھېچ ئىش ئاقسىمايدۇ ، كېتىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ نېمە قىلىسىز ؟ — دېدى جۇ باجيې ئۆزىنى تۇتالماستىن .

— ھۇ يارىماس ، سېنىڭ خىيالىڭ يېيىش ـ ئىچىشتىلا ـ ھە ! تۇزكور بەچچىغەر ! سەنلەر قېنىشمىغان بولساڭ

قىلىش، مەن ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ خاپا بولۇپ.
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ چېچىلغىنىنى كۆرۈپ جۇ باجىينىڭ ياقىسىدىن ئالدى - دە، بىر مۇشت سېلىپ:
— هوي بىغەرەز هاڭۋاقتى، ئۇستاز مانا بىزنىمۇ قوشۇپ ئەيىبلەۋاتىدۇ، — دېدى.
— ئەجەب ئوبدان بولدى! تاياق ئەجەبمۇ لايىقىدا بولدى! غىت قىسىپ ئولتۇرماي ئېغىز غېرىچلىغاندىكىن خوپ بولدى! — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ.
جۇ باجيې غەزەپتىن بوغۇلدى، ئەمما قايتا غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمىدى. تۆرە ئۇستاز بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ خاپا بولۇشۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ سالا - سۇلهى قىلدى:
— ئۇستاز، چېچىلماي بۈگۈنچە تەخىر قىلسىلا، ئەتە ئەتىگەندە مەن قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يىغىپ سىلەرنى يولغا سېلىپ قوياي.
— هۆرمەتلىك ئۇستاز، كەلگەنىكەنسىز، كېتىشكە ئالدىرىماڭ. كەلگىنىڭىزگە قانچە كۈن بولدى؟ — دېدى موماي ئۆيدىن چىقىپ.
— يېرىم ئاي بولۇپ قالدى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— ئۇنداق بولسا، ئۇ يېرىم ئاي تۆرەمنىڭ ھىممىتى. مەندىمۇ ئاز - تولا پۇل بار. سىلەرنى يەنە يېرىم ئاي مېھمان قىلىۋالاي، — دېدى موماي.
شۇ ئارىلىقتا كۇدۇڭ ئاكا - ئۇكىلار چىقىپ:
— تەقسىرلەر، بىز دائىم: «ئەرنىڭ قىلغىنى ئەرگە تەن، ئايالنىڭ ئايالغا تەن، قىلمىسا نۆلگە تەڭ» دەيمىز. دادام بىلەن ئانام مۇشۇ قائىدە بويىچە ھەرقايسىلىرىنى تۇتۇۋاتىدۇ، بۇنى نېمىشقا رەت قىلىشىدىلا؟ بىزمۇ ئانچە - مۇنچە يىغقان - تۇگكەنلىرىمىز بىلەن سىلەرنى يېرىم ئاي مېھمان قىلىپ ئاندىن ئۇزاتماقچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى.

— ۋالىدەمىز نىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىپ بولالمايۋاتساق ، سىلەرمۇ سېخىيلىق قىلغىلى تۇردۇڭلارغۇ ؟ كۆپتىن كۆپ رەھمەت . بۇگۈن قانداقلا بولسۇن كېتىۋالايلى . گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسىلەر ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ئۇنىڭ جاھىللىقى موماي بىلەن ئوغۇللارنىڭ زەردىسىنى قايناتتى . موماي :

— ياخشى كۆڭلىمىز بىلەن تۇرۇڭلار دېسەك ، كېتىمەن دەپلا تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ . ئۇنداق بولسا كەتسە كېتىۋەرسۇن ، — دېدى ـ دە ، بۇرۇلۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

بۇنىڭغا جۇ باجىي تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى .

— ئۇستاز ، ئۇنداق ئىززەتلىرىنى ساتمىسىلا . بىز بىرەر ئاي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ ئاندىن ماڭايلى ، شۇنچە ئالدىراپ نېمە قىلىمىز ؟ — دېدى ئۇ يەنە .

تاڭ سەنزاڭ يەنە ھۆرپەيگەنىدى ، جۇ باجىي ئۆز ئاغزىغا «چاڭ ! ـ چاڭ !» ئىككىنى سېلىپ :

— گەپنى ئاز قىل ! يەنە ئېچىلدىڭغۇ ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاسېڭ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى . تاڭ سەنزاڭ تېرىكىپ سۇن ۋۇكۇڭغا :

— نېمىگە كۈلىسەن ؟ — دېدى ـ دە ، ئەپسۇن ئوقۇپ ئالتۇن چەمبىرەكنى قىسماقچى بولدى . سۇن ۋۇكۇڭ قورقۇپ كېتىپ تىزلاندى ـ دە ، يېلىندى :

— ئۇستاز ، كۈلمىدىم . كۈلمىدىم ! ھەرگىز ئەپسۇن ئوقۇمىسىلا ! ئوقۇمىسىلا دەيمەن !

ئۇستاز ۋە شاگىرتلارنىڭ ئارىسىدا خاپىلىق تېرىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلار تۇتۇپ قېلىشقا پېتىنالماي :

— ئۇستاز ، جېدەللەشمەڭلار ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا سالايلى ، — دېدى . ئاندىن تىلاۋەتخانىدىن چىقىپ پۇتۇكچىگە ، تاڭ پادىشاھلىقىدىن كەلگەن ئۇستازنى يولغا سېلىپ قويۇشقا قاتنىشىپ بېرىش ھەققىدە ئۇرۇق ـ توغقان ، قولۇم ـ قوشنىلارغا باغاق يېزىپ

تارقىتىشنى تاپشۇردى. بىر ياقتىن زىياپەت تەييارلاشقا ئادەم بۇيرۇدى، يەنە بىر ياقتىن مۇلازىمغا يىگىرمە جۈپ رەڭدار ئەلەم ياسىتىشنى، ئەلنەغمىچىلەرنى توپلاشنى، «جەنۇبتىن كەلدى» ئىبادەتخانىسىدىن بىر بۆلۈك دەرۋىشلەرنى چاقىرىشنى، ئۇلارنى ئەتە ئەتىگەندە تەخ قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۈچىنچى، تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغۇچىمۇ چاكارلار ھەر خىل تەييارلىق ئىشلار بىلەن بولدى، تاڭ سەھەردىن باشلاپلا تۈرلۈك نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋالدى. ئايھاي، ماۋۇ قاينام - تاشقىنلىقنى كۆرۈڭ: ئاشخانىلاردا تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازى توختىمايتتى، رەڭدار ئەلەملەر ياسالماقتا ئىدى، ئالدىنقى ئۆي ۋاڭ - چۇڭغا تولغانىدى! راھىب ۋە دەرۋىشلەرنى چاقىرىدىغانلار پۇتى - پۇتىغا تەگمەي ئۇ ياق - بۇ ياق چېپىشاتتى، ئەلنەغمىچىلەرنى چاقىرىدىغانلار يۈگۈرۈشەتتى، باغاق تارقىتىدىغانلار شامالدەك يۈرەتتى، ئات - ھارۋا تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. بۇ ھەرىكەتلەر تاكى تاڭ ئاتقۇچە توختىمىدى.

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار قاق سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر نۆۋەت تىلاۋەت قىلدى. ئاندىن تاڭ سەنزاڭ يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرۇشنى تاپىلىدى. جۇ باجېي كېتىمىز دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ دومسايغان، غوتۇلدىغان بولسىمۇ، تاپشۇرما بويىچە يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇردى. شاسېڭ ئاتنى يۇيۇپ - تاراپ ئېگەرلىدى. سۈن ۋۇكۇڭ توققۇز ھالقىلىق ھاسىنى ئۇستازغا تۇتقۇزدى، يولخېتى ۋە ھۆججەتلەرنى سالىدىغان تەللىنى مەيدىسىگە تېڭىۋالدى. دېمەك، مېڭىشقا تەخمۇتەخ بولدى. تۆرە ھەممەيلەننى زىياپەت تەييارلانغان ئارقىدىكى يوغان سارايغا چاقىرتتى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا، بىر چاكار كېلىپ: «مېھمانلار كەلدى!» دەپ خەۋەر قىلدى. كەلگەنلەر تۆرىنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى، ئاكا - ئىنىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى، ئاغا - تاغىسى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى، ھەدە - سىڭىللىرى ۋە

ئۆلارنىڭ ئەرلىرى، قۇدا ـ باجىلىرى، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى، دوست ـ يارەنلىرى بولۇپ، ھەممەيلەن تاڭ سەنزاڭغا تەزىم قىلدى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا ئورۇن ئېلىشتى. سارايىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىۋاتاتتى، يۇقىرى تەرىپىدە زىياپەت ـ بەزمە سورۇنى تۈزۈلگەنىدى. مول نازۇنېمەتلەرگە كۆزى چۈشكەن جۇ باجىي شاسېڭغا:

— ئىنىم، بەھۇزۇر يەپ ـ ئىچىڭ. بۇ يەردىن كەتسەڭ مۇنداق ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى ھەرگىز يېيەلمەيسىز، — دېدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئاغا! كونىلار: «ھەرقانچە نازۇنېمەت بولسۇن، قورساق بىرلا قېتىم تويىدۇ» دەيدۇ. تۈگىمەس يول بولىدۇ، لېكىن تويماس قورساق نەدە بار؟ — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ.

— سىزمۇ غەرەز ئۇقمايدىكەنسىز! مەن قورسىقىمنى بىر قېتىم راۋۇرۇس تويغۇزۇۋالسام بارغۇ، ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېمىسەممۇ ئېچىپ كەتمەيدۇ، — دېدى جۇ باجىي.

— ھۇ ھاڭۋاقتى، جىق يەپ قورسىقىڭ ئېتىلىپ كەتمىسۇن جۇمۇ! بۇگۈن يولغا چىقىدىغان گەپ، — دېدى بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇن ۋۇكۇڭ.

بىردەمدىلا چۈش بولۇپ قالدى. تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلدى. جۇ باجىي بولسا ئالدىراشلىق ئىچىدە بەش ـ ئالتە قاچا تاماقنى سوقۇۋەتتى، ھورنان، يۇتازا، پوشكال، مېۋە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئىككى يېڭىنى لىق توشقۇزۇپ ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. تاڭ سەنزاڭ تۆرگە ۋە كۆپچىلىككە تەشەككۈر ئېيتىپ ئىشىكتىن چىقتى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى، بەزىلىرى تەختىراۋان كۆتۈردى. بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە ئۈزىتىپ ماڭدى. داقا ـ دۇمباق ئاۋازى پەلەككە ياڭرىدى، تۇغ ـ ئەلەملەر جەۋلان قىلدى، كىشىلەر توپ ـ توپ كوچىلارغا چىقتى، ئات ـ ھارۋىلار بازارغا لىق تولدى، راھىبلار مۇناجات ئوقۇدى، دەرۋىشلەر دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. ئەنە شۇنداق

دەبــدەبــىلــىك يــوسـۇندا ئۇلار يولغا چىقتى . ئون چاقىرىمدەك ماڭغاندىن كېيىن توختاپ ئارام ئېلىشتى ، يەپ - ئىچىشتى ، قەدەھ سۇنۇپ ئۆزئارا خوشلاشتى . تۆرىنىڭ بۇلاردىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ :

— تــەقــسىر ، بۇددا نومىنى ئېلىپ قايتقىنىڭلاردا چوقۇم بــىــز نــىــڭكىگە چۈشۈپ نەچچە كۈن تۇرۇپ كەتكەيسىلەر ، مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولىمەن ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتىپ :

— مەن خىسلەتدار تاغقا بېرىپ بۇددىنى تاۋاپ قىلالىسام ، ئۇ مۇبارەك زاتقا ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئېسىل پەزىلىتىڭىزنى بايان قىلىمەن ، قايتىشىمىزدا چوقۇم كېلىمىز ، — دېدى .

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدىكى گەپ - سۆزلەر بىلەن ئىككى - ئۈچ چــاقــىرىــم يول يۈرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى . تاڭ سەنزاڭ سەممىيلىك بىلەن ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى ئۆتۈندى . تۆرە ئۇن سېلىپ يىغلىغان پېتى كەينىگە ياندى .

ئــەلــقــىسسە ، تۆرە تاڭ سەنزاڭلارنى كۆپچىلىك بىلەن ئۇن چاقىرىمدەك جايغىچە ئۇزىتىپ بارغاندىن كېيىن كەينىگە ياندى . تــاڭ ســەنــزاڭلار بولسا يەنە قىرىق - ئەللىك چاقىرىم يۈرگەندە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى .

— كەچ كىرىپ قېلىۋاتىدۇ ، قەيەردىمۇ قونارمىز ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— تەييار تاماق ، ياتاقنى تاشلاپ ، خۇددى بىرى جېنىمىزنى ئالىدىغاندەك ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقتۇق ! مانا كەچ بولدى . ناۋادا يامغۇر يېغىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى جۇ باجيې تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ .

— بىنومۇس مەخلۇق ! يەنە كوتۇلدىغىلى تۇردۇڭغۇ ! «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى ، پۇت قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دەپتىكەن . بىز بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئېلىۋالساق ، ئاندىن بۈيۈك

تاڭ دۆلىتىگە قايتىپ كېتەلەيمىز ، خانغا مەلۇمات بېرەلەيمىز . شۇندىلا سەن نەچچە يىل دېسەڭ شۇنچە يىل خالىغىنىڭچە يەپ ـ ئىچىسەن ، قارنىڭ يېرىلىپ كەتسىمۇ ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمايدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

جۇ باجيې بۇ گەپلەرگە ئىچىدە كۈلدى ، لېكىن باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ يىراقلارغا نەزەر سالغانىدى ، يول بويىدىكى بىرنەچچە ئۆيگە كۆزى چۈشتى . ئۇ شۇئان ئۇستازىغا :

— ئاۋۇ يەردە ئارام ئالايلى ، ئاۋۇ يەرە ئارام ئالايلى ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ يېقىن كېلىپ قارىسا ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئابىدە بولۇپ ، ئابىدىنىڭ ئۈستىدە رەڭلىرى ئۆچۈپ تويا بېسىپ كەتكەن «خۇاگۇاڭ بۇدساتۋا ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەر تۇراتتى .

— بۇدساتۋا خۇاگۇاڭ ئوت ئىلاھى ۋۇ گۇاڭنىڭ ئىنىسى . ئۇ دىۋىلەر شاھى دۇخونى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئەرۋاھلار ئىلاھى بولغان . بۇ يەر چوقۇم بۇتخانا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ھەممەيلەن تەڭلا كىرىپ قارىسا ، ئۆيلەر ئۆرۈلگەن ، ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . كەينىگە يېنىپ چىقىشىغا ھاۋا تۇتۇلۇپ ، قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى . ئۇلار نائىلاج خارابىلىق ئىچىگە كىرىپ يامغۇردىن دالدىلاندى ، بەزىلىرى ئولتۇرغان ، بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان ھالدا بىر كېچىنى كۆز يۇمماي تەسلىكتە ئۆتكۈزدى ، تاڭ ئاتقاندا ئۇلارنىڭ يۈرۈپ كەتكەنلىكى ياكى باشقا ئىش قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# توقسان يەتتىنچى باب

## كۇخۇڭ تۆرىنى ئوغرىلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى
## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارنىڭ خۇاگۇاڭ ئىبادەتخانىسى خارابىسىدە يامغۇردىن پاناھلانغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى مىسسۇپا ئاستانىسى دىلىڭ ناھىيىسىدىن باشلايلى. بۇ يەردە بىر ئوچۇم يامان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ ئۆز مۈلكىنى پۈتۈنلەي سورۇپ تۈگەتتى، ئۇلاردىن نەچچە ئون ئادەم بىرلىشىپ مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ بايىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش، نەرسە - كېرەك بۇلاپ كېلىشنى كېڭەشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

— بۇ گەپنى قويۇڭلار، بۈگۈن تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن راھىبلارنى ئۇزاتقان تۆرە ئىنتايىن باي، بۈگۈنكى يامغۇردا ئادەملەر ئۆيلىرىگە كىرىۋالغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەلسەك بەلەن ئىش بولمامدۇ! — دېدى.

ئوغرىلار بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، قوللىرىغا خەنجەر، قامچا، تاياق، توقماق، ئارغامچا، مەشئەللەرنى ئېلىپ يامغۇرغا قارىماي ئۇدۇل تۆرىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى - دە، چۇقان - سۈرەن بىلەن بېسىپ كىردى. ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى — ياش ھەممىيلەن ساراسىمىگە چۈشۈپ مۆكۈنۈۋالدى. موماي كارىۋاتنىڭ تېگىگە كىرىۋالدى، بوۋاي ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى، كۈلياڭ، كۇدۇڭ بىلەن باشقا باللار ھەر تەرەپكە قېچىپ جېنىنى ساقلىدى. ئوغرىلار خەنجەر تۇتقان ھالدا چىراغلارنى يېقىپ، ئۆيدىكى ساندۇقلارنى ئاچتى،

ئالتۇن ، كۈمۈش ، ئۈنچە ـ مارجانلارنى ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قويماي ئالدى . بۇنى كۆرگەن تۆرە چىداپ تۇرالماي مۆكۈنگەن يېرىدىن چىقىپ ئوغرىلارغا يېلىندى :

— غوجىلىرىم ، خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار ، پەقەت مەن قېرىغا كىيىم ـ كېچەكمىدىن ئازراق قويۇڭلار ، قىشنى ئۆتكۈزۈۋالاي .

قاراقچىلار گەپ ـ سۆز قىلمايلا كېلىپ تۆرىنىڭ جان يېرىگە بىر تەپكەندى ، بىچارە نالە ـ زار بىلەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى ! قاراقچىلار ئالىدىغانىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ ، كېچىلەپ غەرب تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . چاكارلار ئوغرىلارنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مۆكۈنگەن يېرىدىن چىقىپ قارىسا ، تۆرە ئۆلۈپ يېتىپتۇ . ئۇلار شۇئان ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى !

— ئاھ ، تەڭرىم ! بېگىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ !

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بۇ يەرگە كېلىپ يىغا ـ زار قىلىشتى .

تۆتىنچى جىبەك ۋاقتى بولغاندا ، موماي تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارنىڭ سەدىقىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ ، ئۇلارنى يولغا سالىمىز دەپ ئىسراپچىلىق قىلدۇق ، كۆپ نەرسىمىز بۇزۇپ ـ چېچىلدى ، شۇڭا ، بىزگە بۇ بالا ـ قازا كەلدى ، دەپ قاراپ ، زەھەرخەندىلىك بىلەن شەيخلەرگە بوھتان چاپلىدى . ئۇ كۈلياڭنى يۆلەپ تۇرۇپ :

— يىغلىما ، ئوغلۇم ، داداڭ ھە دېسە راھىبلارنى غىزالاندۇرىمەن دەپ يۈردى . مانا ئاخىر كېلىپ جانغا زامىن راھىبلارنى غىزالاندۇرۇپ ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى ! — دېدى .

— ئانا ، نېمىشقا ئۇلارنى جانغا زامىن راھىبلار دەيسىز ؟ — دېدى كۈدۈڭ .

— ئوغرىلار ياۋۇزلۇق بىلەن ئۆيگە بېسىپ كىرگەندە ، مەن كارىۋات ئاستىغا كىرىۋالغاندىم ، قورقۇپ تۇرساممۇ ، چىرايىغا قاراپ ھەممىنى ئېنىق بىلىۋالدىم . ئېيتىڭلارچۇ ، ئۇلار كىملەر ؟ چىراغ تۇتقىنى تاڭ سېك ، خەنجەر تۇتقىنى جۇ باجيې ، ئالتۇن ـ

كۇمۇشلەرنى ئالغىنى شاسىڭ، داداڭنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىنى سۈن سەپەرچى، — دېدى موماي.

ئوغۇللار بۇ گەپكە ئىشىنىپ قالدى:

— ئانا، سىز شۇنداق ئېنىق كۆرگەن بولسىڭىز، راست شۇلار ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭكىدە يېرىم ئاي تۇرغاچقا، جىمى بۇلۇڭ - پۇچقاق، ئوي - دۆڭنى بىلىۋېلىپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. شۇڭا يامغۇردىن پايدىلىنىپ يېنىپ كېلىپ مال - مۈلكىمىزنى بۇلاپ، دادىمىزنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ. توۋا، نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك - ھە! ئەتە ئەتىگەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يامۇلغا ئەرز بېرەيلى.

شۇ جېدەل - ماجىرالار بىلەن تاڭمۇ ئاتتى. تاڭ ئېتىشىغا، بىر تەرەپتىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى چاقىرىشقا ئادەم ماڭدۇرۇلدى. بىر تەرەپتىن ئاكا - ئۇكىلار ئەرز قىلغىلى يامۇلغا مېڭىشتى.

مىنسۇپا يامۇلىدىكى ئايماق بېگى ناھايىتى توغرا، ئادىل، ئىنساپلىق، مېھىر - شەپقەتلىك، ساخاۋەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ سوراقخانىغا چىقىپ ئىشقا چۈشكەن ھامان ئەرزىيەت تاختىسىنى تاشقىرىغا ئاچىقىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. دەل شۇ چاغدا كۇلياڭ، كۇدۇڭلار كىرىپ تىزلىنىپ ئىلتىجا قىلدى:

— بېگىم، كەمىنىڭىز قاراقچىلارنىڭ مال - مۈلۈك بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى توغرۇلۇق ئەرز قىلىپ كەلدۇق.

ئايماق بېگى ئەرزنامىنى ئېلىپ بىرقۇر كۆرۈپ سورىدى:

— تۇنۇگۈن ئاڭلىسام، سىلەر راھىبلارنى غىزالاندۇرۇش ئەھدىڭلارنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانلىقىڭلارنى تەبرىكلەپتىكەنسىلەر، شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن ئارخاتلارنى ناھايىتى داغدۇغا بىلەن ئۇزاتقان ئىكەنسىلەر، نېمىشقا بۇ ۋەقە تۇغۇلغاندۇ؟

كۇلياڭ، كۇدۇڭ باش قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بېگىم، دادىمىز يىگىرمە تۆت يىلدىن بۇيان راھىبلارنى غىزالاندۇرۇپ كەلگەن. يىراقتىن كەلگەن بۇ تۆت راھىب بىلەن ئۇ ئەھدە قىلغان سان توشقانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئالايىتەن

قۇتلۇقلىغان ۋە ئۇلارنى يېرىم ئاي مېھمان قىلغان. بۇ ئارىلىقتا ئۇلار ئۆيىمىزنىڭ ئەلمى - تەلىمىنى تولۇق بىلىۋالدى. تونۇگۇن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغاندۇق، قاراڭغۇ تۈن ۋە يامغۇرنى غەنىيمەت بىلىپ يېنىپ كېلىپ، مەشئەل ۋە كالتەك - توقماق قاتارلىق قوراللار بىلەن ئۆيىمىزگە بېسىپ كىردى، ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەك، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بۇلاپ، دادىمىزنى ئۆلتۈرۈپ كەتتى. بېگىم، پۇقرالارغا ئىگە بولۇپ قويسىلا!

ئايىماق بېگى بۇنى ئاڭلاپ دەررۇ ئېتىغا مىندى. قاۋۇل چېرىكلەردىن بىرەر يۈزدەك ئادەمنى باشلاپ خىل قوراللار بىلەن تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەننى قوغلاپ كەتتى.

ئەلقىسسە، ئۇستاز ۋە شاگىرتلار خۇاگۇاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولغا چىقىپ غەربكە ماڭدى. ھېلىقى قاراقچىلارمۇ خۇاگۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئۆتۈپ غەربكە ماڭغانىدى. ئۇلار يىگىرمە چاقىرىمچە يول يۈرۈپ تاغنىڭ قاپتىلىغا يوشۇرۇنۇپ، ماللارنى بۆلۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا تاڭ سەنزاڭلار كېلىپ قالدى. ئوغرىلارنىڭ نەپسى تېخى بېسىلمىغانىدى، شۇڭا تاڭ سېڭنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ:

— ئەنە قاراڭلار، تونۇگۇن ئۇزاپ چىققان شەيخ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئەجەبمۇ بەلەن ئىش بولدى! بۇ شەيخلەر كۇ ئائىلىسىدە خېلى ئۇزاق تۇردى، ئوبدانلا نەرسە - كېرەك بىلەن كەلدىغۇ دەيمەن. بىز ئۇلارنى توسۇپ يول خىراجەتلىرىنى، ئاتلىرىنى ئېلىپ بۆلۈشۇۋالساق، تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولمامدۇ؟ — دېيىشتى قاراقچىلار ۋە شۇئان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراشقان پېتى چوڭ يولغا چىقىپ يول توستى:

— ھەي شەيخ، توختا! يول پۇلى بەرسەڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمىز.

تاڭ سېڭنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، شاسېڭ بىلەن جۇ

باجىبمۇ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ سۈن ۋۇكۇڭغا :
— نېمە ئىش بۇ ؟ بالا كەلسە قوش كەپتۇ ، دېگەندەك ، كېچىچە يامغۇردا قالدۇق ، ئەمدى قاراقچىلار يولىمىزنى توسۇۋاتىدۇ ، تۈۋا ، — دېدى .
— ئۇستاز ، قورقمىسىلا ، مەن بېرىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ باقاي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
سۈن ۋۇكۇڭ قاراقچىلارغا يېقىن بېرىپ ، قوللىرىنى مەيدىسىدە كىرىشتۈرۈپ :
— سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر ؟ — دېدى .
— هوي ئۆلۈمتۈك ، غوجائاكاڭنى تونۇمامسەن ؟ دەرهال يول پۇلۇڭنى چىقار ، ئاندىن ئۆتكۈزىمىز ، — دېدى ئوغرىلارنىڭ ئاتامانى .
— هە ، سەنلەر يول توسىدىغان قاراقچىكەنسىلەر ـ دە ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— ئۆلتۈرۈڭلار ، — دەپ ۋارقىرىدى قاراقچى .
سۈن ۋۇكۇڭ قورقۇپ كەتكەن بولۇۋېلىپ دېدى :
— غوجام ! مەن سەهرالىق شەيخ بولغاچقا گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايمەن ، قوپاللىقىمنى ئەپۇ قىلسىلا ! يول پۇلى ئالىدىغان بولسىلىرى ، ئاۋۇ ئۈچ شەيختىن سورىماي مەندىنلا سورىسىلا . چۈنكى مەن هېساباتچى . ئاۋۇ بوغچىنىڭ ئىچىدە خىراجەت پۇلى ، كىيىم ـ كېچەك پۇلى ، ئېهتىيات پۇلى ، سەدىقە قاتارلىقلارنىڭ جەمئىسى بار ، ئۇلارنى مەن باشقۇرىمەن . ئاتلىق كىشى مېنىڭ ئۇستازىم ، ئەمما ئۇنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتىن باشقا ئىشلار بىلەن كارى يوق . ئاۋۇ قارىلاق يولدىن تېپىۋالغان ئوغلۇم ، ئاتنى باقىدۇ . ئۇزۇن تۇمشۇق ئاۋۇسى بولسا مېنىڭ چاكىرىم ، يۈك ـ تاق كۆتۈرىدۇ . سىلى ئۇ ئۈچەيلەننى ئۆتكۈزۈۋەتسىلىرى ، مەن يول خىراجىتى ، جەندە ـ كۆلاهلاردىن خالىغانلىرىنى بېرىمەن .
— سەن خېلى ياۋاش شەيخ ئىكەنسەن ، دېگىنىڭدەك قىلساڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن . ئۇلارغا ئېيت ، يۈك ـ تاقلارنى

قويۇپ ئۆتۈپ كەتسۇن ، — دېدى قاراقچى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى ، شاسېڭ يۈك - تاقلارنى قويۇپ ئۇستازنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ جۇ باجيې بىلەن غەرب تامان يۈرۈپ كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ بوغچىنى ئاچىدىغاندەك ئېگىلىشىپ يەردىن بىر ئۇچۇم توپىنى ئالدى ، قاتۇرۇپ قويۇش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ يۇقىرىغا چېچىپ «جايىڭدا تۇر !» دەپ توۋلىغانىدى ، قاراقچىلار (ھەممىسى بولۇپ ئوتتۇزچە ئادەم ئىدى ) تۇرغان يېرىدە گەپمۇ قىلماي ، مىدىر - سىدىرمۇ قىلماي قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى . سۇن ۋۇكۇڭ ۋارقىرىدى :
— ئۇستاز ، قايتىپ كەلسىلە ! قايتىپ كەلسىلە !
— ئاپلا ، چاتاق بولدى ! ئاغىمىز بىزنى چىقىپ قويغان ئوخشايدۇ ! ئۇنىڭ يېنىدا پۇل ، بوغچىدا ئالتۇن - كۈمۈش يوق . ئۇ چوقۇم بىزنى چاقىرىپ ئۇلارغا ئۇستازنىڭ ئېتىنى ، بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنى بېرىۋېتىدىغان بولدى ! — دېدى جۇ باجيې .
— ئاغزىم بار دەپ گەپنى قىلىۋەرمەڭ ! ئاغىمىزنىڭ كارامىتى بار ، ئۇ چاقىردىمۇ ، چوقۇم بىر گەپ بار ، بېرىپ باقايلى ، — دېدى شاسېڭ .
بۇ گەپ بىلەن تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى بۇراپ كەينىگە يېنىپ كېلىپ سورىدى :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، بىزنى نېمىگە چاقىردىڭ ؟
— كېلىپ بۇ قاراقچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقسۇن دېدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ بىر قاراقچىنى ئىتتىرىپ :
— ھوي قاراقچى ، نېمىشقا ياغاچتەك تۇرىسەن ؟ — دېدى . قاراقچى ھېچنېمىنى سەزمىدى ۋە زۇۋانمۇ سۈرمىدى .
— مەن ئۇنى قاتۇرۇپ قويدۇم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— ئۆزىنى قاتۇرۇپ قويغان بولسىڭىز ، ئاغزىنىمۇ بەند قىلىۋەتمىگەنسىز ، نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيدۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ئۇستاز، ئاتىسىن چۇشۇپ مۇشۇ يەردە ئولتۇرسىلا. «خاتا تۇتساڭمۇ، خاتا قويۇۋەتمە» دېگەن گەپ بار. ئىنىم، سىلەر بۇ ئوغرىلارنى يىقىتىپ باغلاڭلار. ئۇلارنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، كېسىپ قاراقچىلارمۇ ياكى ۋاقىتلىق قاراقچىلارمۇ، بىلىپ باقايلى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئارغامچا يوق ئەمەسمۇ؟ — دېدى شا شەيخ.

سۇن ۋۇكۇڭ ئازراق موينى يۇلۇۋېلىپ پۇۋلەپ: «ئۆزگەر!» دېگەندى، ئوتتۇز ئارغامچا پەيدا بولدى. ئۇلار قاراقچىلارنى قولمۇقول يىقىتىپ باغلىدى، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇغانىدى، ئوغرىلار ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى.

سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى ئېگىزرەك جايدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن قالغان ئۇچەيلەن بىلەن قوللىرىنى تۇتقان ھالدا ئوغرىلارنى سوراق قىلدى:

— ھارامتاماق ئوغرىلار! سەنلەر نەچچە ئادەم؟ ئوغرىلىق قىلىۋاتقىلى قانچە يىل بولدى؟ قانچىلىك مال - مۈلۈك بۇلاشتىڭ؟ ئادەم ئۆلتۈرگەن، ياربدار قىلغىنىڭ بارمۇ؟ ھازىرقىسى تۇنجى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشۈڭمۇ ياكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈشۈڭمۇ؟

— غوجىلىرىم، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىڭلار! — دېدى ئوغرىلار.

— غىڭشىما! راستىنىڭنى ئېيتىش! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— غوجىلىرىم، بىز كەسپىي ئوغرىلار ئەمەس، — دېدى ئۇلار، — قوللىرىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىگەچكە، يەپ - ئىچىپ، قىمار ئويناپ ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ۋەجىنى سورۇپ تۈگەتتۇق، بۇ ئىشنى قىلمايلى دېسەك، پەقەتلا پۇلىمىز قالمىدى. مىسسۇپيا ئاستانىسىدىكى تۆرىنىڭ ئائىلىسىنى ئىنتايىن باي، دەپ ئاڭلاپ، تۈنۈگۈن كېچە يامغۇردىن پايدىلىنىپ بۇلاپ كەلدۇق. ئەكەلگەن ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەكلەرنى بۇ يەردىكى تاغ قاپتىلىدا بۆلۈشۈۋاتاتتۇق، سىلەر كېلىپ قالدىڭلار. ئارىمىزدىن نەچچىسى

سىلەرنىڭ تۇنۇگۇن تۆرە ئۇزاتقان شەيخ ئىكەنلىكىڭلارنى تونۇپ، چوقۇم پۇل - پۇچىكى بار، دېدى، بىزمۇ يۇك - تاقلىرىڭلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ بۇلىغىلى كەلگەندۇق. غوجام، ئۆزلىرىنىڭ قالتىس كارامەتلىرى بار ئىكەن. بىزنى باغلىۋالدىلا. ئەمدى بىزگە رەھىم قىلسىلا، بۇلاپ كەلگەن مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە.

تاڭ سەنزاڭ كۇ ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىدۇق، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى - دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سۇن ۋۇكۇڭ، تۆرە ھەزرەت ئىنتايىن ياخشى، ساخاۋەتلىك ئادەم ئىدى، نېمىشقىمۇ بۇ بالا - قازاغا يولۇققاندۇ، — دېدى.

— تۆرە بىزنى ئۇزىتىمىز دەپ ناھايىتى داغدۇغا قىلىپ، داۋراڭ سېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. شۇڭا بۇ يالاڭتۆشلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە تېگىش قىلغان. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ نېمىلەر بىزگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— بىز ئۇلارنى يېرىم ئاي پاراكەندە قىلدۇق، بۇنىڭغا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىزنى بىلمەي تۇراتتۇق. ئەمدى ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئاپىرىپ بەرسەك ياخشى بولمامدۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇ جۇ باجيې بىلەن شاسېڭنى ئېلىپ تاغ قاپتىلىغا باردى - دە، ھارام مالنى ئەكېلىپ ئاتقا ئارتتى. جۇ باجيېغا بىر ئەپكەش ئالتۇن - كۈمۈشنى كۆتۈرگۈزدى، شاسېڭغا ئۆزلىرىنىڭ يۇك - تاقىنى كۆتۈرگۈزدى. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بۇ قاراقچىلارنى بىر يولى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلدىيۇ، تاڭ سەنزاڭنىڭ جانغا زامىن بولدۇڭ، دەپ كايىشىدىن قورقۇپ بىر سىلكىندى - دە، مويلىرىنى تېنىگە قايتۇرۇۋالدى. ئوغرىلار پۇت - قولى بوشىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. تاڭ سەنزاڭلار تۆرىگە مال - مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش

ئۇچۇن كەينىگە قايتتى .
ئۇستاز بىلەن شاگىرتلار كەينىگە يېنىپ كېلىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئالدى تەرەپتىن بىر مۇنچە قورالLىق ئادەملەر چىقىپ كەلدى . تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ :
— شاگىرتلىرىم ، قاراڭلار ، قوراللىق ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ . بىزگە ياخشىلىق بارمۇ ياكى يامانلىق بارمىدۇ ؟ — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭ شاسېڭغا :
— ئۇستازنى يەنە پالاكەت باستى . بۇلار چوقۇم ئوغرىنى تۇتقىلى چىققانلار ، — دەپ پىچىرلىدى .
ھەش ـ پەش دېگۇچە چېرىكلەر يېقىنلىشىپ كېلىپ بۇلارنى قورشىۋالدى .
— بەللى شەيخلەر ! كىشىنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ بەخىرامان كېلىۋاتىسىلەرغۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلار ھەممە گۇررىدە كېلىپ ئاۋۋال تاڭ سەنزاڭنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ مەھكەم باغلىدى ، ئاندىن قالغان ئۈچەيلەننى چەمبەرچاس باغلىدى ، بادىرىغا ئۆتكۈزۈپ ئىككى ئادەم بىردىن كۆتۈردى ، ئاتنى يېتىلەپ ، ئەپكەشلەرنى تارتىۋېلىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى . ئۇزاق ئۆتمەي شەھەرگە كېلىپ ئۇدۇل سوراقخانىغا بېرىپ خەۋەر قىلدى :
— بېگىم ، دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدە قاراقچىلارنى تۇتۇپ كەلدۇق .
ئايماق بېگى سوراقخانىدا ئولتۇراتتى . ئۇ چېرىكلەرگە رەھمەت ئېيتتى ، ھارام ماللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، كۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېلىپ كېتىشنى ئۇقتۇرۇشنى تاپىلىدى . ئاندىن تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارنى چاقىرىپ كىرىپ سورىدى :
— سەنلەر يىراق شەرقىي دىياردىن كەلدۇق ، بۇددىنى تاۋاپ قىلغىلى كېتىۋاتىمىز ، بىز راھىبلار بولىمىز ، دېيىشىۋاتاتتىڭ ، ئەسلىي ئوغرى ئىكەنسىلەر ـ ھە !
— داد ، بېگىم ! بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقىنىمىز راست ، يېنىمىزدا يولخېتىمىزمۇ بار . بۇنى كۆرۈپ باقسىڭىز

بولىدۇ . تۆرە بىزنى يېرىم ئاي ئوبدان كۈتتى ، ئاجايىپ شەپقەت كۆرسەتتى . بىز يولدا قاراقچىلارنى ئۇچرىتىپ ، ئۇلاردىن كۆ ئازابلىنىۋېرىپ يولاپ كەلگەن مال - مۈلۈكنى تارتقۇزۇپ ، ئۇنى تۆرىگە ئايرىپ بېرىپ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرايلى ، دەپ كېتىۋاتساق ، ئوغرى ئىكەنسىلەر دەپ چېرىكلىرىڭىز تۇتۇۋالدى . ئەمما ، بىز ئوغرى ئەمەس ، بېگىم ، ئوبدانىراق تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— سەنلەر قولغا چۈشكەندىن كېيىن ، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرايلى دېگەن دەپ ، گەپنى چىرايلىق قىلىۋاتىسىلەر . يولدا قاراقچىلارنى ئۇچراتقان بولساڭلار ، ئۇلارنى تۇتۇپ كەلمەي نېمىشقا تۆتىڭلارلا كەلدىڭلار ! قاراڭلار ! كۆلياڭلار سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىن ئەرز سۇندى ، يەنە دەيدىغان گېپىڭلار بارمۇ ؟ — دېدى ئايماق بېگى .

بۇنى ئاڭلاپ كېمىسى دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندەك ، تاڭ سەنزاڭنىڭ جېنى ئاغزىغا تىقىلدى .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، نېمىشقا ئۆزىمىزنى ئاقلاپ گەپ قىلمايسەن ، — دېدى ئۇ .

— هارام مال بىزدە تۇرسا ، ئۆزىمىزنى قانداق ئاقلايمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— شۇ ئەمەسمۇ ! هارام مال نەق تۇرسا تېنىۋالماقچىمۇ سەنلەر ؟ — دېدى ئايماق بېگى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇدى ، — باش قىسىدىغان چەمبىرەكنى ئەكېلىپ بۇ تاقىر باش ئوغرىنىڭ بېشىنى راسا قىسىپ ، ئاندىن ئۇرۇڭلار .

سۈن ۋۇكۇڭ ۋەھىمىگە چۈشۈپ : «ئەسلى بۇ ئازاب ئۇستازغا لايىق بولسىمۇ ، ئۇنى بەك قىيناپ قويغىلىمۇ بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى - دە ، چاپارمەنلەر زەنجىر ۋە باش قىسىدىغان ھالقىنى ئېلىپ كەلگەندە ئېغىز ئاچتى :

— بېگىم ، ئۇ شەيخنىڭ بېشىنى قىسماڭ . تۈنۈگۈن كېچە كۆ ئائىلىسىنى بۇلىغاندا چىراغ كۆتۈرگەنمۇ ، خەنجەر تۇتقانمۇ ،

مال ـ مۈلۈكنى بۇلىغان ۋە قاتىللىق قىلغانمۇ مەن . شۇڭا ئۇلاردا گۇناھ يوق ، ئۇرساڭلار مېنىلا ئۇرۇڭلار ، — دېدى .

— ئاۋۋال بۇنىڭ بېشىنى قىسىڭلار ، — دېدى ئايماق بېگى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن .

چېرىكلەر تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ ئۇنى باسماقداپ ، بېشىغا قىسماقنى كىيدۈرۈپ تاسمىنى راسا تارتقانىدى ، ئۈزۈلۈپ كەتتى . قىسماقنى چىڭىتىپ ، تاسمىنى ئۇلاپ يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ـ تۆت قېتىم قىسقانىدى ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ تېرىسى قورۇلۇپمۇ قويمىدى . ئۇلار زەنجىرنى ئالماشتۇرۇپ قايتىدىن قىسماقنى چىڭىتماقچى بولۇۋاتقاندا ، بىرى كىرىپ :

— غوجام ، ئاستانىدىكى چىن شاۋباۋ بېگىم كەلدى ، ئالدىغا چىقسىلا ، — دەپ خەۋەر قىلدى .

ئايماق بېگى كۆرە بېگىگە :

— ئوغرىلارنى گۇندىخانىغا قاماپ ئوبدان قاراڭلار ، مەن بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن سوراق قىلىمەن ، — دېدى .

— شاگىرتلىرىم ، بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، كىرەيلى ! ئىچكىرى كىرەيلى ! بۇ يەردە ئىت قاۋىمىغان بىلەن ، تاماشا قىزىق بولىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

بىچارىلەرنى گۇندىخانىغا ئەكىرىپ باسماققا باستى ، كىشەنگە ئوراپ دومىلاتتى ، بېشىنى قىستى ، مەيدىسىنى باستى ، ئاندىن گۇندىپايلار ئۇرۇپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ ئاغرىققا چىدىماي قاقشاپ تۇرۇپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، قانداق گەپ بۇ ! قانداق گەپ بۇ ! — دېدى .

— ئۇلار پۇل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ، ئۇلارغا پۇل بېرەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەندە نەدە پۇل بار؟

— پۇل بولمىسا كىيىم بەرسىلىرىمۇ بولىدۇ. كاساياللىرىنى بەرسىلە.

بۇنى ئاڭلاپلا ئۇ يۇرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ئازابلاندى. ئۇلارغا گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە بولسا، نائىلاج:

— سۇن ۋۇكۇڭ، ئېيتقىنىڭچە بولسۇن، — دېدى.

— غوجىلىرىم، ئۇرماڭلار، بىز ئەكىرگەن بوغچىدا مىڭ تىللاغا يارايدىغان بىر كاسايا بار، شۇنى ئېلىڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

گۇندىپايلار دەررۇ كېلىپ بوغچىنى يېشىپ بىرنەچچە قەۋەت رەختكە ئورالغان كاسايانى ئالدى ۋە تالىشىپ كەتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ كۇرە بېگى كېلىپ سورىدى:

— نېمە ۋارقىرىشىسەن؟

— بېگىم، بايا زىندان بېگى بۇ تۆتەيلەننى قاراقچى ئىكەن، دەپ بىزگە تاپشۇردى. بىز ئۇلارنى ئازراق ئۇرۇۋىدۇق، بوغچىسىنى بىزگە بەردى. قارىساق بىر كاسايا چىقتى. بۇنى كۆرۈپ قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى ئۇقالمىدۇق. يىرتىپ بۆلۈشەيلى دېسەك، بىكار نابۇت بولغۇدەك. بىرىگىلا بېرەيلى دېسەك، قالغانلار قۇرۇق قول قالغۇدەكمىز. ھېلىمۇ ياخشى ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا، بىرنېمە دەپ ھۆكۈم قىلىپ قويسىلا، — دېيىشتى گۇندىپايلار.

كۇرە بېگى قارىسا بوغچىدا بىر كاسايا ۋە باشقا كىيىم-كېچەكلەر تۇرۇپتۇ. ئۇ باشقا نەرسىلەرنىمۇ تەكشۇرۇۋاتقاندا، بىر خەت قولىغا چىقتى، دەرھال ئېچىپ قاراپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تامغىسى ۋە پادىشاھلارنىڭ ئىمزاسىنى كۆردى.

— ھېلىمۇ ياخشى مەن كىرىپ قاپتىمەن! بولمىسا سىلەر ئىش تېرىپ قويار ئىكەنسىلەر. بۇ شەيخلەر قاراقچى ئەمەس ئىكەن، كىيىم-كېچىكىگە تەگمەڭلار. ئەتە ئەمىر سوراق قىلغاندا ئىش ئايدىڭلىشىدۇ، — دېدى ئۇ.

گۇندىپايلار بوغچىنى قايتۇرۇپ بەردى، كاسايانى چىڭ ئوراپ،

سىلىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، دەپ، كۇرە بېگىگە تاپشۇردى.

ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى. قاراۋۇلخانىدىكى دۇمباقلار چېلىندى، چىراغ يېقىلدى. تۈتىنچى جېسەك مەھەل بولغاندا ھەممە غەپلەت ئۇيقۇغا كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئويلاندى: «ئۇستازنىڭ پېشانىسىگە بۇگۇن بىر كېچە زىنداندا يېتىش پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن مەن قۇلاق يوپۇرۇپ ئۇنى ئاقلىمىدىم، سېھىرمۇ ئىشلەتمىدىم. ئەمدى تاڭمۇ ئاتاي دەپ قالدى، ئۇنىڭ جازا مۇددىتىمۇ توشتى. شۇڭا مەن ھازىر چىقىپ ئەتىلىككە زىنداندىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئامالىنى قىلاي.» ئۇنىڭ قالتىس كارامىتى بولغاچقا، تېنىنى كىچىكلىتىپ ئۆزىنى باغلاقتىن بوشاتتى ـ دە، بىر دوملاپلا شاخچى قوشقاچقا ئايلىنىپ ئۆگزە كاھىشلىرى ئارىلىقىدىن ئۇچۇپ تاشقىرىغا چىقتى. سالقىن، جىمجىت، سۇزۇك كېچە، ئاسماندا ئاي ۋە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى. ئۇ يۆنىلىشنى ئېنىقلىۋالدى ـ دە، ئۇدۇل كۇ ئائىلىسىگە قاراپ ئۇچتى. كوچىنىڭ غەربىدىكى بىر ئۆيدە پىلدىرلاپ چىراغ يورۇقى كۆرۈندى، يېقىن كېلىپ قارىدى، بۇ دۇفۇخانا بولۇپ، بىر بوۋاي ئوت قالاۋاتاتتى، بىر موماي دۇفۇنى بوتقا قىلىۋاتاتتى. توساتتىن بوۋاينىڭ مۇنداق دېگىنى ئاڭلاندى:

— موماي، كۇ تۆرىنىڭ بالىلىرى، بايلىقى بولغىنى بىلەن، ئۆمرى قىسقا بولدى. كىچىك ۋاقتىمدا مەن ئۇ ياق بىلەن بىللە ئوقۇغانىدىم. تېخى ئۇنىڭدىن بەش ياش چوڭمەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى كۇمىڭ ئىدى. ئۇ چاغدا ئائىلە ئەھۋالى ئادەتتىكىدەك، بىرەر مىڭ مو يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئائىلىنى ئۇ قولىغا ئالغاندىن كېيىن جاڭ ۋاڭنىڭ قىزىنى ئالدى. بۇ قىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمى تېپىشتۇرغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ بەكمۇ ئايىغى ياراشتى. ئۇ تۆرىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن تارتىپ زىرائەتلەر بەك ئوخشاپ كەتتى، ئوقەتلىرى يۈرۈشۈپ، پايدا ئۈستىگە پايدا بولدى. ھازىر ئۇلارنىڭ يۈز مىڭ تىللالىق مال ـ مۈلكى بار. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندە ئىنساپقا كېلىپ ساخاۋەت قىلىشقا باشلاپ ئون مىڭ راھىبنى

غىزالاندۇردى . ئويلىمىغاندا تۇنۇگۇن كېچە ئۇنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى . ۋاي رەھمەتلىك ! بۇ يىل ئەمدى ئاتمىش تۆتكە كىرگەن ، تازا راھەت كۆرىدىغان ۋاقتى ئىدى . ئۇ قىلغان شۇنچە ياخشىلىقنىڭ ئەجرىنى ئەجەب كۆرمىدى ـ ھە ؟ توۋا ! توۋا !

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرنى بىرنى قالدۇرماي ئاڭلىدى . ئاڭغىچە بەشىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالدى . ئۇ ئۇچۇپ كۆ ئائىلىسىگە كىردى . تۆر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مېيىت ساندۇقى بولۇپ ، باش تەرىپىدە چىراغ تۇراتتى ، ئىككى تەرىپىگە ئىسرىق ، گۈل ، مېۋە ـ چېۋە تىزىلغانىدى . تۆرىنىڭ ئايالى ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى ، ئىككى ئوغلىمۇ يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى ، ئىككى كېلىن ئىككى قاچىدا تاماق تۇتۇپ نەزىر ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ مېيىت ساندۇقىنىڭ بېشىغا قونۇپ يۆتەلگەنىدى ، ئىككى چوكان ئاللا ـ توۋا توۋلاپ قاچتى ، ئىككى ئوغۇل يەرگە چاپلىشىپلا قالدى ، ۋە : «ئاتا ! ھۇ ... ھۇ... ھۇ... » دەپ ۋارقىرىدى . بالىلارنىڭ ئانىسى يۈرەكلىك ئىدى ، ئۇ مېيىت ساندۇقىغا ئۆزىنى ئېتىپ :

— بېگىم ، تىرىلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى .

— مەن تىرىلمىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ تۆرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوغۇللار يەنىمۇ قورقۇپ كەتتى ۋە توختىماي باش ئۇرۇپ ھۇ تارتتى :

— ئاتا ! ھۇ... ھۇ... ھۇ...

— تۆرەم ، تىرىلمىگەن بولسىڭىز ، قانداقسىگە گەپ قىلىۋاتىسىز ، — دېدى ئايال يۈرىكىنى توختىتىپ .

— مەن ئەزرائىلنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سىلەر بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم ... ھوي ، جاڭ پۇشتى بولغان تېپىشتۇرغۇچى ، سەن گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلىدىڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئايال ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمىنى ئاڭلاپ قورقۇپ

كەتتى ـ دە، باش ئۇرۇپ :
— ئوبدان قەدىنىسىم ! بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئەجەب كىچىك ۋاقتىمدىكى ئىسمىمنى چاقىرىپ يۈرىسىزغۇ ! مەن قايسى گۇناھسىزلارغا قانداق تۆھمەت قىپتىمەن ؟ — دېدى.
— سەن ، تاڭ سېھر چىراغ تۇتۇپ بەردى ، جۇ باجىي ئادەم ئۆلتۈردى ، شاسىڭ مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلىدى ، سۈن ۋۇكۇڭ باللارنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈردى ، دەپ تۆھمەت قىلدىڭ . سېنىڭ شۇ گېپىڭ بىلەن ياخشى ئادەملەر ئازاب چېكىۋاتىدۇ . ئۇ راھىبلار يولدا قاراقچىغا يولۇقۇپ مال ـ مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ماڭا ئەكېلىپ بەرمەكچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار قانداق ساپ دىل ئادەملەر ـ ھە ! ئەمما ، سەن يالغان گەپلەر بىلەن ئەرز يازدۇرۇپ ، ئوغۇللاردىن بەگكە ئەۋەتتىڭ ، ئۇلار ئوبدان سوراق قىلمايلا شەيخلەرنى زىندانغا سالدى . بۇنىڭدىن بىئارام بولغان زىندان مالائىكىسى ، يەر ، شەھەر مالائىكىلىرى ئولتۇرالماي بۇ ئىشنى جەھەننەم شاھى ياماراجاغا خەۋەر قىلدى . شۇڭا ياماراجا مېنى مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيگە ئەۋەتتى . سىلەر ئۇلارنى بالدۇراق قويۇپ بېرىۋېتىڭلار ، بولمىسا مەن ئۆيىنى بىر ئاي پاراكەندە قىلىمەن ، ئاخىردا ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى ھەمدە ئىت ، توخۇ قاتارلىق جىمى نېمىنى قويماي يوق قىلىۋېتىمەن !
تۆرىنىڭ ئوغۇللىرى باش قويۇپ ئىلتىجا قىلدى :
— ئاتا ، بىزگە چېقىلماي قايتىپ كېتىڭ . ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا بېرىپ ئەرزىمىزنى قايتۇرۇۋېلىپ كېلىمىز ، خاتالىقىمىزنى تونۇيمىز ، سىز خاتىرجەم يېتىڭ .
— ئۇنداق بولسا قەغەز كۆيدۈرۈڭلار . مەن كېتىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
ئۆيدىكى ھەممە ئادەم دەرھال قەغەز كۆيدۈردى .
سۈن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ ئايماق بېگىنىڭ قورۇسىغا باردى ، قارىسا ، ئۆيدە چىراغ يېنىق بولۇپ ، ئايماق بېگى ئورنىدىن

تۇرغانىدى . ئۇ ساراي ئۆيگە كىرسە ، ئۇدۇلىدىكى تامغا بىر رەسىم ئېسىلغانىدى . ئۇنىڭدا چىپار ئات ئۇستىدە بىر بەگ ئولتۇراتتى ، بىرقانچە مۇلازىم كۆك كۇنلۇكنى تۇتقان ، بىر قاتىلما كارىۋاتنى كۆتۈرگەن ھالدا تۇراتتى . ئۇنىڭدا نېمە ۋەقە ھېكايە قىلىنغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇ رەسىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قوندى . ئايماق بېگى ئۆيدىن چىقىپ ئېڭىشىپ تۇرۇپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ قاتتىق بىر يۆتىلىۋىدى ، ئۇ ئالاقزادە بولۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ ، تونىنى كىيىپ چىقتى ، رەسىمگە قاراپ شام كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلدى :

— ئەي بۇيۇك پەدەر ، ساداقەتلىك ئوغلىڭىز جياڭ شېن ھەرقايسى ئىلاھلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى سايىسىدە ئادەم بولۇپ ، بۇگۇنكى كۇندە مىنسۇيا يامۇلىنىڭ بېگى بولدۇم ، شامۇ سەھەرلەردە سىزگە نەزىر قىلىپ شام كۆيدۈرۈشنى ئۇنتۇمىدىم . بۇگۈن ئەجەب ئاۋاز چىقاردىڭىزغۇ ! ئۇنداق جىن - ئالۋاستىلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ ئۆيىڭىزدىكىلەرنى قورقۇتمىغايسىز .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۇلۇپ : «ھە ، بۇ ئۇنىڭ بوۋىسى ئىكەن - دە !» دېدى ، ئاندىن قىرائەت قىلغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى :

— ساداقەتلىك نەۋرەم ، ئاتا - بوۋىڭىزنىڭ سايىسىدە ئەمەل تۇتقاندىن بۇيان ئادىل ئىش قىلىپ كەلگەن ئىدىڭىز . تۇنۇگۈن نېمانداق ئەقىلسىزلىق قىلىپ «ئوغرى» دەپ ئالدىڭىزغا ئەكەلگەن تۆت راھىبنى سوراقمۇ قىلماستىن زىندانغا سالىسىز ؟ زىندان مالائىكىسى ، يەر ۋە شەھەر مالائىكىسى بۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىپ جەھەننەم شاھى ياماراجاغا خەۋەر قىلدى . ياماراجا مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مېنى ھوزۇرىڭىزغا ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا ئېيتقىن ، ئادىللىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىنى سوراپ ، ئۇلارنى دەرھال قويۇۋەتسۇن ، بولمىسا ئۇنى دوزاخقا چاقىرىپ ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن ، دېدى .

يامۇل بېگى بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالدى .

— بــوۋا ، قايتىپ كېتىڭ . نەۋرىڭىز ئەتە يامۇلغا چىقىپلا ئۇلارنى قويۇۋېتىمەن ، — دېدى ئۇ .

— ئۇنداق بولسا قەغەز كۆيدۈرگىن ، مەن بېرىپ گېپىڭنى جەھەننەم شاھىغا يەتكۈزەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ســۇن ۋۇكۇڭ ئۇ يەردىن چىققاندا ئۇپۇق ئاقارغانىدى . ئۇ دىــلــىڭ نــاھــيــيــسگە باردى . ئامبال ۋە باشقا بەگلەر دىۋانغا يــىــغــىلغانىدى . ئۇ ھاۋادىلا ئۆزىنى يوغىنىتىش سېھرىنى ئىشقا سېلىپ ، بىر پۇتىنى دىۋانغا قويۇپ سۆزلىدى :

— بەگلەر ، قۇلاق سېلىڭلار ، مەن يۈرۈن سۇلتان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ساياھەتچى تەڭرى . سىلەرنىڭ بۇددا نومىنى ئالغىلى كــېــتــىــۋاتــقــان مۇخلىسلارنى ئۇرغانلىقىڭلار ئەرش ، زېمىن ۋە جــەھــەنــنــەمدىكى جىمى تەڭرىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ . شۇڭا يۈرۈن سۇلتان ماڭا ئۇلارنى دەرھال قويۇۋېتىشنى يەتكۈزۈشكە ئەمر قــىلدى ، ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا ، سەن يەنە بىر پۇتۇڭ بىلەن ئاۋۋال يامۇلدىكى ئامبال ، بەگلەرنىڭ جىمىسىنى تېپىپ ئۆلتۈر ، ئاندىن تۆت ئەتراپتىكى ئاھالىنى تېپىپ ئۆلتۈر ، كېيىن شەھەرنىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇۋەتكىن ، دېدى !

ئامبال قاتارلىق بەگلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ تىزلانغان پېتى باش قويۇپ يېلىندى :

— ئەي تەڭرى ، قايتىپ كېتىڭ . بىز يامۇلغا بېرىپلا ئايماق بېگىگە ئېيتىپ ئۇلارنى دەررۇ قويغۇزۇۋېتىمىز . ھەرگىز بىزنى ئۆلتۈرمەن دەپ قورقۇتماڭ .

ســۇن ۋۇكــۇڭ شــۇنــدىــلا سېھرىنى كۈچىدىن قالدۇرۇپ ، بۇرۇنقىدەكلا شاخچى قۇشقاچقا ئايلاندى - دە ، زىندان ئۆگزىسىدىكى كاھىشلارنىڭ ئارىلىقىدىن زىندانغا كىرىپ ، جايىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى .

ئەلقىسسە، ئايماق بېگى يامۇلغا چىقتى. ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش تاختىسى ئېسىلىشى بىلەن تەڭ، كۆلياڭ ئاكا ـ ئۇكىلار تاختىنى قۇچاقلاپ: «داد، قوبۇل قىلسىلا» دەپ توۋلىدى، ئايماق بېگى كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئۇلار كىرىپلا ئازاد قىلىش ئەرزىنى سۇندى. ئايماق بېگى كۆرۈپلا چېچىلدى:

— تۈنۈگۈن نەرسىمىزنى يوقاتتۇق دەپ ئەرز سۇندۇڭلار، ئوغرىلارنى تۇتۇپ بەردۇق، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى ئەكەتتىڭلار. بۈگۈن ئەمدى ئوغرىلارنى ئازاد قىلىشنى سوراپ ئەرز قىلغىنىڭلار نېمىسى؟

ئىككىيلەن يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— بېگىم، كېچە ئاتىمىزنىڭ ئەرۋاھى كېلىپ بىزگە، ئەسلى تاڭ سېڭلار ئوغرىلارنى تۇتقان، ماللارنى ئېلىۋېلىپ ئوغرىلارنى قويۇۋەتكەن، بىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىمىزغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ماللارنى چىرايلىقچە بىزگە ئەكېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى، نېمىشقا ئۇلارنى ئوغرى دەپ تۇتقۇزۇپ زىندانغا تاشلىتىپ قىنايسىلەر! زىنداندىكى يەر ۋە شەھەر مۇئەككىلى بىئارام بولۇپ بۇنى جەھەننەم شاھىغا خەۋەر قىلدى ھەم بالا ـ قازاغا يولۇقمايلى دېسەڭلار، يامۇلغا بېرىپ ئۇلارنى قويغۇزۇۋېتىشنى، ئۇنداق بولمىغاندا چوڭ ـ كىچىك ھەممىڭنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى سىلەرگە ئېيتىپ قويۇشقا ئەۋەتتى، دېدى. شۇڭا بىز ئالايتەن بۇ پىكرىمىزنى ئۆزلىرىگە يوللىدۇق. بېگىم، بىر ياخشىلىق قىلسىلا، ياخشىلىق قىلسىلا.

يامۇل بېگى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: «ئۇلارنىڭ ئاتىسى يېڭىلا ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەرۋاھىنىڭ كېلىشى تۇرغان گەپ، بوۋام ئۆلۈپ كەتكىلى بەش ـ ئالتە يىل بولغانىدى، بۈگۈن كېچە ئەجەب ئۇنىڭمۇ ئەرۋاھى كېلىپ بۇلارنى قويۇۋېتىشكە ئۈندىدىغۇ... قارىغاندا، بۇلارغا ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلىنغان ئوخشايدۇ.»

شۇ ئەسنادا دىلىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبال بېگى قاتارلىقلار

شاپاشلاپ دۋانغا كىرىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى :

— بېگىم ، چاتاق بولدى ! چاتاق بولدى . بايا يۇرۇن سۇلتان سىلىنى زىنداندىكى ياخشى ئادەملەرنى تېز قويۇۋەتسۇن ، دەپ ساياھەتچى تەڭرىنى ئەۋەتىپتۇ . تۇنۇگۇن تۇتۇلغان شەيخلەر قاراقچى ئەمەس ئىكەن . ناۋادا بۇيرۇقنى سەللا كېچىكتۈرىدىكەنلا ، بىز بەگلەرنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن ، ئاندىن شەھەرنى پۇقرالار بىلەن قوشۇپ چەيلەپ كۆلنى كۆككە سورۇيدىكەن .

ئايماق بېگىنىڭ شاپپىدە چىرايى ئۆڭدى ، زىندان بېگىنى چاقىرىپ دەررۇ يارلىق يېزىپ تۇتقۇزدى . زىنداننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئۇلار چاقىرتىلدى . جۇ باجىي غەم قىلىپ :

— بۇگۇن يەنە قانداق تاياق يەرمىز ؟ — دېدى .

— سېنى بۇگۇن تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ ، — مەن ھەممىنى توغرىلاپ قويدۇم ، سوراقخانىغا چىققاندا ھەرگىز تەزىم قىلماڭلار . ئۇلار تېخى بىزنى تۆرگە ئولتۇرغۇزىدۇ . ئەمما ، مەن ئاۋۋال ئۇلاردىن يۈك ـ تاق ، ئاتنى سورايمەن ، قىلدەك نەرسىمىز كەم چىقسۇنچۇ قېنى ، نېمە كۇن كۆرسىتىدىكەنمەن ئۇلارغا .

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇلار سوراقخانىغا كىردى ، ئايماق بېگى ، ئامبال بەگ ۋە ناھىيىنىڭ باشقا بەگلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ :

— ھەرقايسىلىرى تۇنۇگۇن كەلگەندە ، بىرىنچىدىن ، كاتتىلارنى كۇتىمەن دەپ ئالدىراش بولغانلىقىم ؛ ئىككىنچىدىن ، سىلەردىكى ھارام مالنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئوبدانراق سۈرۈشتە قىلالماي قالدىم ، — دېدى ئايماق بېگى .

تاڭ سەنزاڭ قولىنى جۈپلەپ ئېگىلىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆتتى . بەگلەر ماختاشتى ۋە :

— خاتا قىپتۇق ! خاتا قىپتۇق ! ئەيىبكە بۇيرۇشمىغايلا ! ئەيىبكە بۇيرۇشمىغايلا ، — دېدى ھەم زىنداندا گۇندىپايلاردىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتۈلگەنلىكىنى سورىدى . سۇن ۋۇكۇڭ يېقىنراق كېلىپ غەزەپ بىلەن ئالىيىپ ھۆركىرىدى :

— ئېتىمنى دىۋاندىكىلەر ئېلىۋالدى ، يوك - تاقلىرىمىزنى زىنداندىكىلەر ئېلىۋالدى ، دەرھال قايتۇرۇپ بەرسۇن ! بۈگۈن سىلەرنى سوراق قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلدى ! ناھەق ھالدا توغرا كىشىلەرنى ئوغرى دەپ تۇتۇۋالدىڭلار ، سىلەر بۇنى قايسى گۇناھ قاتارىغا كىرگۈزسىلەر ؟

يامۇلدىكى بەگلەر ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى ، دەررۇ ئات ۋە يوك - تاقنى ئەكېلىپ بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى . كۆپچىلىك ئۇچەيلەننىڭ سۇرلۇك قىياپىتىدىن قورقۇپ ، كۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىلتىماسىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئىشنى تۈگەتمەكچى بولدى . تاڭ سەنزاڭمۇ ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن توسۇدى :

— شاگىرتلىرىم ، غەرەز ئۇقۇشۇڭلار كېرەك . بىز كۇ ئائىلىسىگە بېرىپ ، بېرىنچىدىن ، كۆڭۈل سوراپ قويايلى ؛ ئىككىنچىدىن ، بىزنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىمىزنى كىم كۆرگەنلىكىنى يۈز تۇرانە سوراپ باقايلى .

— توغرا ئېيتتىڭىز . مەن ئۆلۈكنى چاقىرىپ تۇرغۇزاي ، ئۇ ئۆزىنى كىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى تونۇسۇن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شاسېڭ تاڭ سەنزاڭنى سوراقخانىدىلا ئاتقا مىنگۈزدى . باشقىلار چۇقان - سۈرەن بىلەن سىرتقا چىقتى . يامۇل ۋە ناھىيىنىڭ بەگلىرىمۇ ئۇلار بىلەن كۇ ئائىلىسىگە باردى . تۆرىنىڭ ئوغۇللىرى تەمتىرەپ كەتتى ، ئىشىكتىلا ئۇلارغا توختىماي باش قويۇپ ، ئاندىن ئىچكىرىگە باشلىدى . مېيىتخانىدا ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە يىغا - زار قىلىشىۋاتاتتى .

— ياخشى ئادەملەرگە تۆھمەت چاپلىغان خېنىم ، يىغلىماڭ . مەن غوجىڭىزنى چاقىرىپ تۇرغۇزاي ، قېنى ئۇ مېنى كىم ئۇردى دەيدىكىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بەگلەر سۇن ۋۇكۇڭنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ ، دەپ قارىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بولسا :

— بەگلىرىم ، ئۇستازىم بىلەن بىر پەس ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا ، مەن چىقىپلا كېلەي ، — دېدى .

ئۇ تالاغا چىقتى - دە ، بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ باقىي ئالەمگە بېرىپ ئۇدۇل دوزاخقا ئۇسۇپ كىردى . ئۇن دوزاخنىڭ مۇنكىرلىرى ئالاقزادە بولۇپ ، ئالمان - تالمان تەختلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى . سۇن ۋۇكۇڭ :

— مىسسۇپا دىيارى دىلىڭ ناھىيىسىدىكى راھىبلارنى غىزالاندۇرغان كۇ خۇڭنىڭ جېنىنى قايسىڭلار ئالدىڭلار ؟ دەرھال تەكشۈرۈپ چىقىڭلار ، — دېدى .

— كۇخۇڭ ساۋابنى جىق قىلغان ، شۇڭا ئۇنى ئالۋاستىلار ئەكەلمىدى . ئۇ بۇ يەرگە ئۆزى كېلىپ جەھەننەم شاھىنىڭ زەر كىيىملىك غۇلامىغا ئۇچراپ قاپتىكەن ، شۇ ئۇنى جەھەننەم شاھىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەتكەن ، — دېدى ئون مۇنكىر .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ بۇلۇت بىلەن ئۇدۇل جەھەننەم شاھىنىڭ قېشىغا باردى . ئۇ بۇ بۇدساتۋاغا سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى بايان قىلدى .

— كۇ خۇڭنىڭ ئۆمرى تېخى پۈتمىگەن بولسا ، مەن تولۇقلاپ بېرىمەن . راھىبلارنى غىزالاندۇرغان ، ساخاۋەتلىك ، ساۋابلىق ئىشنى جىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنى ساۋاب خاتىرىلىگۈچى قىلىۋالغانىدىم . ئەۋلىيا ئەزەم ، ئۆزىڭىز ئالغىلى كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆمرىنى يۈز ياشقا ئۇزارتىپ سىزگە قوشۇپ قوياي ، — دېدى بۇدساتۋا خۇش بولۇپ .

زەر كىيىملىك غۇلام كۇ خۇڭنى ئېلىپ چىقتى . ئۇ سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا :

— ئۇستازىم ، ئۇستازىم ! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ! — دېدى .

— سىزنى قاراقچىلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە ، كېلىپ دوزاختىكى جەھەننەم شاھى بولغان بۇدساتۋانىڭ قېشىدا بوپسىز . مەن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ سىزنى پانىي دۇنياغا ئېلىپ كەتمەكچى

بولۇپ كەلدىم . بۇدساتۋا سىزنى ئازاد قىلدى ، ئۆمرىڭىزنى ئۇزارتتى . سىز يەنە ئون ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىسىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تۆرە كۆپتىن كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۇردى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇدساتۋا بىلەن خوشلاشتى ، تۆرىنىڭ جېنىنى بىر پۇۋلەپ هاۋاغا ئايلاندۇرۇپ يېڭىگە سېلىۋالدى ، بىرلىكتە دوزاختىن چىقىپ پانىي ئالەمگە قايتتى . ئۇ بۇلۇت بىلەن مېڭىپ كۇ ئائىلىسىگە كەلدى ، جۇ باجيېغا مېيىت ساندۇقىنى ئاچقۇزۇپ ئۇنىڭ جېنىنى تېنىگە سېلىپ قويدى . ھەش - پەش دېگۈچە تۆرە تىرىلىپ مېيىت ساندۇقىدىن چىقتى . تۆتەيلەنگە تەزىم قىلىپ :

— ئۇستاز ! ئۇستاز ! پېقىر ناھەق ئۆلۈپ كەتكەنىدىم ، سىز جەھەننەمگە بېرىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلدىڭىز ، شاپائىتىڭىزگە تەشەككۇر ئېيتىمەن ، — دېدى . بۇرۇلۇپ ھەرقايسى بەگلەرنى كۆرۈپ يەنە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ سورىدى :

— بەگلىرىم ، ھەممىلىرى بۇ يەرگە توپلىشىپلاغۇ ؟

— ئوغۇللىرىڭىز باشتا راھىبلار ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ نەرسە يوقاتقانلىقى ھەققىدە ئەرز سۇندى ، — دېدى ئايماق بېگى ، — ئويلىمىغاندا بۇ راھىبلار يولدا سىزنى ئۆلتۈرۈپ ، مال - مۈلكىڭىزنى بۇلاپ كەتكەن قاراقچىلارغا يولۇقۇپ قېلىپ ، مال - مۈلكنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ . ئادەملىرىم بۇنى ئۇقماستىن تۇتۇپ كەپتىكەن ، ئوبدانراق سوراپ كۆرمەستىنلا زىندانغا سالپتۇق . بۈگۈن كېچە سىزنىڭ ئەرۋاھىڭىز كەپتۇ ، مېنىڭمۇ بوۋامنىڭ ئەرۋاھى كېلىپ ماڭا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى . ناھىيىنىڭ ئامبال ، بەگلىرىمۇ ساياھەتچى تەڭرىگە يولۇقۇپتۇ . بىراقلا شۇنچە كۆپ كارامەتلىرى بولغانلىقتىن راھىبلارنى ئازاد قىلدىم . ئۇلار يەنە سىزنى تىرىلدۇردى .

— بەگ ئاتا ، راھىبلارغا بەكمۇ ئۇۋال قىلىنىپتۇ ، — دېدى تۆرە تىز چۆكۈپ تۇرۇپ ، — ھېلىقى كېچە ئوتتۇز نەپەر قاراقچى مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈمدىكى مال - مۈلكلەرنى بۇلىدى . مەن

چىداپ تۇرالماستىن ئۇلار بىلەن زوكۇنلاشقانىدىم ، ئۇلار مېنى بىر تېپىپلا ئۆلتۈرۈۋەتتى . بۇ ئىش تۆت راھىب بىلەن پەقەتلا ئالاقىسىز ! — ئاندىن ئۇ ئايالىنى چاقىرىپ سورىدى ، — مېنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا نېمە ئۈچۈن قارىغۇلارچە ئەرز سۇنۇپ يۈرىسىلەر ؟ بېگىم ، مېنى جازالىسىلا .

ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ئارقا - ئارقىدىن باش قويۇپ كەتتى . ئايماق بېگى تەسەللى بېرىپ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . كۇخۇڭ دەررۇ زىياپەت ھازىرلىتىپ ھەممەيلەننى مېھمان قىلدى . ئەتىسى يەنە راھىبلارنى كۈتۈۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشىكىگە تاختا ئاسقۇزدى ، تاڭ سەنزاڭنى يەنە تۇرۇپ قېلىڭلار ، دەپ قاتتىق تۇتتى ، تاڭ سەنزاڭ ئۇنىمىدى . شۇڭا ، تۆرە يەنە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ ، تۇغ - ئەلەملەرنى ئېسىپ خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى . ئۇلارنىڭ بۇددا بىلەن كۆرۈشكەن - كۆرۈشمىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## توقسان سەككىزىنچى باب

***تۆت راھىبنىڭ بۇددا بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا قايتىدىن تۆرەلگەنلىكى***

***سەپەرنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ بۇددا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى***

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭلار يولغا چۈشتى . بۇددىنىڭ ماكانى دەرھەقىقەت باشقا جايلارغا ئوخشاشمايتتى ، ھەممە ياقتا ئېسىل گۈل ـ چېچەكلەر ، خۇش پۇراق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن ، قېرى ئارچا ۋە قارىياغاچلار پەلەككە بوي تارتقانىدى ، يول بويىدىكى كىشىلەر ئىنتايىن ساخاۋەتلىك بولۇپ ، راھىبلارنى ئۆيدىن مېھمان قىلاتتى . تاغ باغرىدىكى كىشىلەر ئىبادەت بىلەن بولاتتى ، ئورمانلاردا مېھمانلار ئىستىقامەت قىلاتتى . ئۇلار كېچىسى ئارام ئېلىپ ، كۈندۈزى يۈرۈپ يەنە ئالتە ـ يەتتە كۈن يول يۈرگەندە ، توساتتىن ئېگىز بىر ئىمارەت ، نەچچە قەۋەتلىك ئېگىز مۇنار كۆزگە چېلىقتى . بۇ يەر بەئەينى مۇنۇ تەسۋىردەك ئىدى :

*ئاسمان ـ پەلەك ھەيۋەت ، كۆركەم راۋاقتىن ،*
*كۈن ۋە يۇلتۇز يېنىڭىزدا كۆرۈنەر .*
*ھەر تەرەپكە ئېچىلغان روجەكلىرى ،*
*ئېگىز ـ پەس بۇلۇتلارغا تۇتىشار .*
*مانا بۇ جاي خىسلەتلىك ئوردا ،*
*ساراي ، قەسىر بارچە تەل بۇندا .*
*باھار كەبى ھۆپپىدە گۈللەر ئېچىلغان ،*
*قارىغايلارنى يامغۇر سۈيى ياشارتقان .*

*خاسىيەتلىك مېۋىلەر ئۆزۈلمەيدۇ يىل بويى ،*
*قاناتلىنار تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ ئىلھامى .*

— سۇن ۋۇكۇڭ ، كارامەت ئىبسىل جاي ئىكەن - ھە ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ قامچا بىلەن ئىمارەتنى كۆرسىتىپ .

— ئۇستاز ، يالغان بۇددىنىڭ ماكانىغا بارغاندا توسىغانغا ئۇنىماي ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلغانىدىلە . بۈگۈن ھەقىقىي بۇددىنىڭ ماكانىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشمەيدىلىغۇ ، بۇنى نېمە دەيمىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ ھاپىلا - شاپىلا ئاتتىن چۈشتى . ئۇنىڭغىچە ئىمارەت ئالدىغىمۇ كېلىپ قېلىشتى . تاغ ئىشىكى ئالدىدا بىر بالا دەرۋىش تۇراتتى . ئۇلارنى كۆرۈپلا :

— غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەنلەر يېتىپ كەلدىمۇ نېمە ؟ — دەپ توۋلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى تونۇپلا ئۇستازغا :

— ئۇستاز ، خىسلەتدار تاغ باغرىدا تۇرىدىغان كاتتا ئەۋلىيا گۆەن جىندىك بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەپتۇ ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ ئەس - ھوشىنى يىغىپ ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى . ئەۋلىيا كۈلۈپ :

— تەقسىر ، ئەمدى كەپسىلا - دە ! ئاۋالوكتىسۋارا مېنى ئالداپ قويۇپتۇ . ئۇ سىلىنى ئىككى - ئۈچ يىلدا كېلىدۇ دېگەچكە ، مەن ھەر يىلى يوللىرىغا قارىدىم ، ھېچ خەۋەر بولمىدى . كۈتمىگەندە مانا بۇ يىل ئۇچراشتۇق ، — دېدى .

— ئەۋلىيا ھەزرەت ، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ، كۆپ رەھمەت ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ .

شۇنىڭدىن كېيىن تۆتەيلەن ئاتنى يېتىلەپ ، يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە كىردى ، ئەۋلىيا بىلەن قايتىدىن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورىدى . ئەۋلىيا چاي ۋە غىزا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى ، بالا دەرۋىشنى خۇش بۇي سۇ تەييارلاپ تاڭ

سەنزاڭنى يۇيۇندۇرۇشقا بۇيرۇدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ سەنزاڭ كىيىملىرىنى يۆتكەپ كاساياسىنى، تەلپىكىنى كىيدى، قەلەي ھاسىنى تۇتۇپ سارايغا كىرىپ ئەۋلىيا بىلەن خوشلاشماقچى بولدى. ئەۋلىيا كۇلۇپ:
— تۇنۇگۇن جۇلدۇر كىيىملەر بىلەن باشقىچە كۆرۈنگەنىدىلە، بۈگۈن ھەقىقىي راھىبقا ئوخشاپتىلا، — دېدى.
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئەۋلىيا:
— توختىسىلا، مەن باشلاپ ئاپىراي، — دېدى.
— باشلاپ ئاپارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن يولنى بىلىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— سىز بۇلۇت بىلەن ماڭىدىغان يولنى بىلىسىز، مەن بۇلۇتقا چىقىپ مېڭىپ باقمىغان بىلەن، مۇشۇ ئەسلىي يول بىلەن مېڭىپ بارغانمەن، — دېدى ئەۋلىيا.
— توغرا ئېيتتىڭىز. مەن بۇ يولنى نەچچە رەت ماڭغان بىلەن، بۇلۇت بىلەن بېرىپ - كېلىپ، بۇ يەرگە ئاياغ باسمىغان. ئەسلىي يول مۇشۇ بولسا، مالال كۆرمەي باشلاپ ئاپارسىڭىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
ئەۋلىيا كۇلۇپ، تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ ئۇلارنى باشلاپ يولغا چۈشتى. بۇ يول بىلەن تاغ ئىشىكىدىن چىقمايلا كېتىۋېرەتتى. ئەۋلىيا خىسلەتدار تاغنى كۆرسىتىپ:
— تەقسىرلەر، ئەنە ئاۋۇ كۆككە تاقاشقان، خاسىيەتلىك رەڭدار نۇر چاقناپ تۇرغان بۇركۇت چوققا بۇددا پېشىۋايىمىزنىڭ مۇبارەك ھۇزۇرى بولىدۇ، — دېدى.
تاڭ سەنزاڭ شۇئان تەزىم قىلغانىدى، سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ:
— ئۇستاز، تەزىم قىلىدىغان جايغا تېخى كەلمىدىلە. كونىلار: «كۆرۈنگەن تاغ يىراق» دېگەن. شۇڭا، ئۇ يەرگە تېخى خېلى ئۇزاق ماڭىمىز، نېمىشقا تەزىم قىلىپ يۈرىدىلا! مۇشۇ پېتى ئىش كۆرسىلە، تاغ چوققىسىغا چىققۇچە قانچىلىك تەزىم

قىلارلا؟ — دېدى.
— تەقسىر، سىلى ئەۋلىيا ئەزەم، ئەرش سەردارى، پەردە قايرىغۇچى بىلەن پاراغەت ماكانىغا كەلدىلە، خىسلەتدار تاغنىمۇ كۆرۈۋالدىلا، ئەمدى مەن قايتاي، — دېدى ئەۋلىيا ۋە تاڭ سەنزاڭغا تەزىم قىلىپ خەيرلەشتى- دە، قايتىپ كەتتى.
سۈن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارنى باشلاپ تاغقا چىقىشقا باشلىدى. بەش- ئالتە چاقىرىم ماڭغاندا ئالدىغا شارقىراپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان، كەڭلىكى سەككىز- توققۇز چاقىرىم كېلىدىغان بىر دەريا ئۇچرىدى. ئەتراپتا ئىنس- جىن كۆرۈنمەيتتى.
— سۈن ۋۇكۇڭ، چاتاق يەرگە كېلىپ قالدۇق، ئەۋلىيا يولنى خاتا كۆرسىتىپ قويدىمۇ نېمە؟ قېيىق بولمىسا بۇنچە ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان كەڭ دەريادىن قانداقمۇ ئۆتەرمىز؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ.
— خاتا ئەمەس! ئەنە ئاۋۇ ياقتا كۆۋرۈك تۇرمامدۇ؟ شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەك مۇرادىمىزغا يېتىمىز، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.
تاڭ سەنزاڭ يېقىن كېلىپ قارىسا، كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا بىر تاختىغا: «ئەرشكە بارىدىغان كېچىك» دېگەن خەت يېزىقلىق تۇرۇپتۇ، بۇ بىر تاللا ياغاچ قويۇلغان كۆۋرۈك ئىكەن.
— سۈن ۋۇكۇڭ، بۇ ئادەم ئۆتىدىغان كۆۋرۈك ئەمەس ئىكەن، بىز باشقا يول تېپىپ بارايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ قورققىنىدىن يۈرىكى سىلىپ.
— يول مۇشۇ! يول مۇشۇ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.
— بۇ يولدىن كىممۇ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ سۇ كەڭ، دولقۇنلىرى دەھشەت ئىكەن، بۇ كۆۋرۈكنىڭ بىر تاللا ياغىچىمۇ ئىنچىكە ۋە سىلىق ئىكەن، ئادەم قانداقمۇ ئۆتەلىسۇن، — دېدى جۇ باجيېمۇ ھولۇقۇپ.
— سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆتۈپ بېرەي، — دېدى سۈن

ۋوكوك .

سون ۋوكوك بەخودوك كۆۋرۈككە چىقتى ، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈگۈرۈپ ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كەتتى - دە ، بۇ ياققا قاراپ تـوۋلـىـدى : «ئۆتۈڭلار ! ئۆتۈڭلار !» تاك سەنزاك قول پۇلاڭـلـتـىـپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ : «ياق ! ئۆتەلمەيمىز ! ئۆتەلمەيمىز !» دەپ ۋارقىرىدى . سۇن ۋۇكوڭ يەنە يۈگۈرۈپ بۇ ياققا ئۆتۈپ جۇ باجيېنى تارتىپ :

— ھاڭۋاقتى ، يۈر مەن بىلەن ، مەن ئۆتكۈزۈپ قوياي ! — دېدى . جۇ باجيې يەرگە يېتىۋېلىپ :

— تېيىلغاق ئىكەن ! تېيىلغاق ئىكەن ! تېيىلىپ كېتىمەن ! ئـۆتمەيـمەن ! مېـنى ئەيىبـكە بۇيرۇمـاڭ ، مـەن بـۇلۇت بىلەن ئۆتەي ، — دېدى . سۇن ۋۇكوڭ ئۇنى بېسىپ تۇرۇپ :

— بۇ قەيەر بىلەمسەن ؟ بۇلۇت بىلەن مېڭىشقا رۇخسەت يوق . مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭ ئاندىن بۇددا بولىسەن ، — دېدى .

— ئـاغا ، بۇددا بولمىسام بولماي ، زادى ئۆتەلمەيمەن ! — دېدى جۇ باجيې .

ئىككيلەن كۆۋرۈك بېشىدا تارتىشىپ يومداقلىشىپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ بۇرۇلۇپ قاراپ بىر ئادەم ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر قېيىقتا كۆزى چۈشتى .

— كېلىڭلار ، ئۆتكۈزۈپ قوياي ! — دېدى قېيىقچى .

— شاگىرتلىرىم ، تارتىشماڭلار ، بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويغىلى قېيىق كەلدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ تۇردى . قېيىق ئاستا مېڭىپ يېقىن كەلگەندە قارىسا ، تېگى يوق قېيىق ئىكەن . سۇن ۋۇكوڭ ئەۋلىيالارغا خاس كۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى ئالغىلى كەلگەن كۈتكۈچى بۇددا ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇنى يەنە نەنۋۇباۋجۇاڭ گۇاڭ بـۇددا دېيىشەتتى . سۇن ۋۇكوڭ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا توۋلىدى :

— بۇ ياققا كېلىڭ ! يېقىنراق كېلىڭ !

ھەش - پەش دېگۈچە قېيىقچى قىرغاققا كېلىپ :
— چىقىڭلار ! ئۆتكۈزۈپ قوياي ! — دېدى .
— تېگى يوق ئەسكى قېيىقىڭىزدا ئادەم قانداق ئۆلتۈرىدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ قېيىقنى كۆرۈپ قورقۇپ . سۈن ۋۇكۇڭ بولسا ئالىقىنىنى جۈپلەپ تەشەككۈر ئېيتتى :
— ئۇستازىمنى ئالغىلى كەلگەنلەرگە رەھمەت ! ئۇستاز ، قېيىققا چىقايلى . قېيىقنىڭ تېگى بولمىغىنى بىلەن ، بەكمۇ مەزمۇت ، ھەرقانچە بوران - چاپقۇندىمۇ ئۆڭتۈرۈلمەيدۇ .
تاڭ سەنزاڭ تازا ئىشىنەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ، سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ بىر ئىتتىرگەنىدى ، ئۇ دەلدۈگىنىپ بېرىپ سۇغا يىقىلدى ، ئەمما قېيىقچى ئۇ سۇغا چۈشكۈچە ئارىلىقتىلا تۇتۇۋېلىپ قېيىققا تۇرغۇزۇپ قويدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ قوللىرىنى سىلكىپ ، بىرمۇنچە كايىپ كەتتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، شاسېڭ ، جۇ باجيې ، ئات ۋە يۈك - تاقلارنى قېيىققا چىقاردى . بۇددا پالاقنى يەڭگىلگىنە ئۇرۇپ قېيىقنى ھەيدەپ ماڭدى . توساتتىن يۇقىرى تەرەپتىن بىر جەسەت ئېقىپ كەلدى . تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ كەتكەنىدى ، سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ :
— ئۇستاز ، قورقمىسىلا ، بۇ سىلىنىڭ ئەسلىلىرى ، — دېدى .
— ئەنە سىز ، سىزمۇ بار ئىكەنسىز ، — دېدى جۇ باجيېمۇ .
— ئەنە سىز ، سىز ! — دېدى شاسېڭمۇ چاۋاك چېلىپ .
— ئەنە سىز ، سىزمۇ بار ! مۇبارەك بولسۇن ! مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى قېيىقچى .
ئۇچەيلەن تەڭلا مىننەتدارلىق بىلدۈردى . قېيىقچى قېيىقنى مەزمۇت ھەيدەپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئەرشكە بارىدىغان كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى . تاڭ سەنزاڭ يېنىكلا سەكرەپ قىرغاققا چىقتى . تۆتەيلەن قىرغاققا چىقىپ بولۇپ كەينىگە قارىغاندا ، ھېلىقى تېگى يوق قېيىق قەيەرلەرگىدۇ غايىب بولغانىدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا

قېيىقچىنىڭ كۆتكۆچى بۇددا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تاڭ سەنزاڭ شۇندىلا ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، دەررۇ بۇرۇلۇپ ئۈچ شاگىرتىغا رەھمەت ئېيتتى.

— بىز ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشمايلى، چۈنكى بىر ـ بىرىمىزسىز ئىش پۈتمەيدۇ. بىز ئۇچەيلەن ئۇستازنىڭ ھىممىتى بىلەن ئازادلىققا چىقىپ مۇرادىمىزغا يەتتۇق، بىز قوغداپ كەلگەچكىلا، ئۇستازىمۇ كامالەتكە يەتتى. ئۇستاز، قارىسىلا، ئالدىمىزدىكى گۈل ـ گىياھلار، ئاجايىپ ئېسىل دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، تۈرلۈك قىممەت باھا ئېسىل قۇشلار بەزمە قىلىۋاتقان بۇ جاي مۇبارەك جاي. بۇ يەرنى ئالۋاستىلار ئىگىلىۋالغان جايغا سېلىشتۇرۇپ باقسىلا قېنى، گۈزەلمىكەن، سەتمىكەن، ساۋابلىق ئىشلار بارمىكەن، يامانلىق بارمىكەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. تاڭ سەنزاڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار قۇشتەك يەڭگىللىگەن ھالدا تاغقا قاراپ ماڭدى. چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسى شۇنداق جاي ئىدىكى:

*ئۆگزىسى تاقاشقان ئاسمان ـ پەلەككە،*
*جاي ئالغان زېمىننىڭ قەھرىدىن ئۇلى.*
*چوققىلار بېزەلگەن رەڭدار تاشلاردىن،*
*قىيالار ئۇستىدە گۈلنىڭ ھەر خىلى.*
*مايمۇنلار ئۇزۇشەر باغدا شاپتۇلا،*
*تۇرنىلار شاخلارغا تۇرغان قونۇشۇپ.*
*قۇياشقا يۈزلىنىپ سايرايدۇ ئەنقا،*
*سۇمۇرغلار ئۇچۇشار جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ.*
*ئالتۇن رەڭ كاھىشلار چاقىدۇ كۆزنى،*
*ئاگاتنىڭ ئۆزىدۇر يېيىتىلغان خىش.*
*شەرق ھەم غەربتە قاتار ئىمارەت،*
*ئەقىلنى لال قىلار ئۇندىكى نەقىش.*
*راۋاقلار بېزەلگەن دۇر ۋە گۆھەردىن،*

*تاڭ قالار چۈشسە گەر ئىنسان نەزەرى .*
*تۇمانلار ئارىلاپ چاچسا قۇياش نۇر ،*
*شەپەققە پۈركىنەر خىسلەتدار قەسىر .*
*چاقنىدۇ كۆزلەرنى بۇددا مۇنارى ،*
*ئەتراپى خۇش ھىدلىق بەھەيۋەت گۈلزار ،*
*ماجىرالىق دۇنيادىن مۇستەسنا بۇ يەر ،*
*ئاپەتلەر بۇ يەرگە قىلالمايدۇ كار .*

ئۇلار بىر بىسىپ ، ئىككى بىسىپ تاغ چوققىسىغا چىقتى . يېشىل قارىغايزارلىق ئىچىدە ئۇپاساكالار ، كۆپكۆك ئارچىزارلىقتا بولسا ساخاۋەتچىلەر قاتار تۇرۇپ كەتكەنىدى . دەرۋىش كالان ئۇلارغا سالام بەردى . شۇئان ئۇپاسەكە ، ئۇپاسىكا ، بىكشۇ ، بىكشۇنىلار ھودۇقۇپ ئالىقىنىنى چۆپلەپ :

— تەقسىر ، سالام قىلماڭ ، مونا (ساكيامۇنى )نى كۆرگەندىن كېيىن كېلىپ بىزنى خەۋەردار قىلىڭ ، — دېدى .

— ئۇنىڭغا ھايال بار ، ھايال بار ! ئاۋۋال ھەرقايسىڭلارغا سالام قىلسۇن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ دەلدەڭشىپ مېڭىپ سۈن ۋۇكۇڭنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا كەلدى . تۆت ۋاجرا ئۇلارنى توسۇپ :

— ئەۋلىيا سامغا كەلدىمۇ نېمە ؟ — دېدى .

— شۇنداق . ئىنىڭىز شۈەن زاڭ كەلدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ۋە ئىچكىرىگە كىرىشكە ئالدىرىدى .

— سەل تەخىر قىلىڭ . مەلۇم قىلاي ، ئاندىن كىرىڭ ، — دېدى ۋاجرا ۋە بۇرۇلۇپ يەنە بىر تاغقا بېرىپ ئىككىنچى ئىشىكتىكى ۋاجىرالارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تاڭ سېڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . ئىككىنچى ئىشىكتىكىلەر بۇنى ئۈچىنچى ئىشىكتىكىلەرگە يەتكۈزدى . ئۈچىنچى ئىشىكتىكىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان تەڭرىلەر ئىدى . ئۇلار تاڭ سېڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەررۇ مەھاۋىرە

بۇدساتۋا سارىيىغا بېرىپ ، تاتھاگاتوغا — ھۆرمەتلىك ساكيامۇنى بۇدداغا خەۋەر قىلدى :

— تاڭ دۆلىتىدىن ئەۋلىيا سامغا تاڭ سەنزاڭ مۇبارەك تاغقا بۇددا نومىنى ئالغىلى كەپتۇ .

بۇددا ئىنتايىن خۇرسەن بولدى . شۇئان سەككىز بۇدساتۋا ، تۆت ۋاجرا ، بەش يۈز ئارخات ، ئۈچ مىڭ بۇددا ، ئون بىر قۇياش ، ئون سەككىز بۇتخانا پىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئىككى ياققا سەپ تارتقۇزۇپ تۇرغۇزۇپ ، مۇبارەك يارلىق بىلەن تاڭ سېڭنى چاقىرتتى . بۇ يارلىق ئىچكىرىدىن تاشقىرىغا قاتمۇقات يوللار بىلەن يەتكۈزۈلدى :

— ئەۋلىيا سامغا تاڭ سەنزاڭ كىرسۇن !

تاڭ سېڭ شۇئان سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ ۋۇنېڭ ، شا ۋۇجىڭلار بىلەن ئاتنى يېتىلىگەن ، يۈك - تاقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى .

تۆتەيلەن مەھاۋىرە بۇدساتۋا سارىيىغا كىرىپ ئالتۇن تەخت يېنىغا كەلگەندە ، تاتھاگاتونىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . ئاندىن ئوڭ ، سول تەرەپتىكىلەرگە تەزىم قىلدى ، ھەممەيلەن بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولۇپ ، يەنە تاتھاگاتوغا قاراپ تىزلىنىپ يولخېتىنى سۇندى . تاتھاگاتو تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭغا قايتۇرۇپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ تەزىم بىلەن :

— مۇخلىسلىرى شۇەن زاڭ شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن مۇبارەك جاماللىرىنى تاۋاپ قىلىش ، بۇددا نومىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئەزىز تاغقا كەلدىم . ئۆزلىرىنىڭ شاپائەت قىلىپ پىقىرنى بالدۇرراق دۆلىتىمگە قايتۇرۇشلىرىنى سورايمەن ، — دېدى .

تاتھاگاتو چەكسىز مېھىر - شەپقەت ۋە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى :

— سىز تۇرغان شەرقىي دىيار جەنۇبىي جامبۇدۋىپاغا تەۋە جاي . ئۇ جايغا بىز چەكسىز مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلىپ ،

مەئىشەتنى مول، ئادەملەرنى ئاز قىلغان بولساقمۇ، كىشىلەر ئاچ كۆزلۈك، قاتىللىق قىلدى، ئالدامچىلىق، قاقتى ـ سوقتى قىلدى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىدى، ساۋابقا يۈزلەنمىدى، ئۈچ يورۇقلۇق (ئاي، كۈن، ئوت)نى ھۆرمەتلىمىدى، زىرائەت تېرىشقا ئەھمىيەت بەرمىدى؛ سادىق، ۋاپادار، ئىنساپلىق، ديانەتلىك بولمىدى؛ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتتى، جانغا زامىن بولۇپ، ئۇلاغ ـ ئۇلمەكلەرنى ئۆلتۈردى، جاھاندىكى جىمى يامانلىقلارنى قىلىپ دوزاخقا لايىق گۇناھ ئۆتكۈزدى. مەندە ھازىر ئۈچ خىل نوم بار. ئۇلار ئادەمنى غەم ـ قايغۇدىن ۋە بالا ـ قازادىن خالاس قىلىدۇ. ئۈچ خىل نومنىڭ بىرى، دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدە بولۇپ، ئەرش سۆزلىنىدۇ؛ بىر خىلى بايان بولۇپ، زېمىن ھەققىدە سۆزلىنىدۇ؛ يەنە بىرىدە سۇرە بولۇپ، جىن ـ شاياتۇن ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. جەمئىي ئوتتۇز بەش قىسىم. بۇ نوملار ئون بەش مىڭ بىر يۈز قىرىق تۆت توم. ئۇلاردا تۆت چوڭ قىتئەنىڭ ئاب ـ ھاۋا، كىلىماتى، جۇغراپىيىسى، ئادەملەر، ئۇچار قاناتلار، ھايۋاناتلار، گۈل ـ گىياھلار، نەرسە ـ كېرەكلەر، ھەر خىل ئىشلار ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. سىز يىراقتىن كەلگەچكە ھەممىسىدىن ئېلىپ كېتىسىڭىز بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ئىگە بولغۇچى نادانلىقنى كۈچلۈكلۈك بىلەن يېڭىشى، چىن دىلىدىن ئەقىدە باغلىشى، بىزنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىمىزغا خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك، — ئاندىن مۇنداق دېدى، — ئانەندا، جيايې، ئىككىڭلار بۇ تۆتەيلەننى مەرۋايىت راۋىقى ئاستىغا ئەپچۇشۇپ ئاۋۋال غىزا بېرىپ قورسىقىنى توقلاڭلار، ئاندىن خەزىنىنى ئېچىپ ئۈچ خىلدىكى نومنىڭ ئوتتۇز بەش قىسمىنىڭ ھەربىرىدىن ئۇلارغا بىرقانچە توم بېرىڭلار، ئۇلار ئۇنى شەرقىي دىيارغا تارقىتىپ، مەڭگۈ شاپائىتىمىزگە ئېرىشكەي.

ئىككىيلەن بۇددىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆتەيلەننى راۋاق ئاستىغا ئەپچۇشتى. بۇ يەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ نازۇنېمەتلەر بەكمۇ مول ھازىرلانغانىدى. ھەرقايسى تەڭرىلەر ئالدىراش شىرەلەرنى راسلاپ توشقۇزۇۋاتاتتى. بۇلارنىڭ جىمىسى زېمىندىكىگە

پۇتۇنلەي ئوخشاشمايدىغان ئېسىل يېمەكلىكلەر، مەي - شارابلار، چايلار، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلار بولۇپ، كۆزنى چاقنىتاتتى. ئۇستاز ۋە شاگىرتلار بۇددىنىڭ شاپائىتىگە كۆپ شۇكۇر - سانا ئېيتقاندىن كېيىن بەھۇزۇر يەپ ئىچتى. بۇ قېتىم جۇ باجىيېنىڭ راسا ئامىتى كەلدى، شاسېڭمۇ جىق نەپ ئالدى. ئۇلار بۇددانىڭ مۇبارەك ھۇزۇرىدا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى تويغۇچە يەپ - ئىچتى. تاماقتىن كېيىن ئىككى مالائىكە تۆتەيلەننى خاسىيەتلىك راۋاقتا ئاچقىلىپ ئىشكىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۆيىنىڭ ئىچى خاسىيەتلىك نۇر بىلەن ئاجايىپ يورۇپ تۇراتتى، ھەسەن — ھۆسەندەك ھەر خىل رەڭدە جۇلالىناتتى. ئىشكاپلارغا نوملار تىزىلغان، تېشىدىن قىزىل پېچەت چاپلانغانىدى. نوملارنىڭ ئىسملىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى.

نېرۋانا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم.................. 748 - جىلد
بۇدساتۋا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم............ 1021 - جىلد
ئاكاسا سامسكرىتا نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم.................................. 400 - جىلد
سۇرانگاما سامادھى سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ... 110 - جىلد
تەڭرى مېھرى نوم بىتىگلىرى توپلىمى بىرىنچى بۆلۈم ..................................... 50 - جىلد
ئىلاھ - تەڭرى ھۆكۈملىرىنىڭ نومى بىرىنچى بۆلۈم .................................... 140 - جىلد
ئېسىل ئاغلىق نوم بىتىگلەر بىرىنچى بۆلۈم ........
................................... 45 - جىلد
بۇد ھاۋا تامسكاما ھاۋايپۇليا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ........................................ 500 - جىلد
ئىلاھقا سالات قىلىش نومى بىرىنچى بۆلۈم ... 90 - جىلد
ماھابراجنا پارامىتا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ... 916 - جىلد
ئالتۇن يارۇق سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ......... 300 - جىلد

بۇلمىشنىڭ نومى بىرىنچى بۆلۈم ............ 1110 - جىلد

ۋىمالاكىر تىنىر دىشا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ... 170 - جىلد

ئۈچ ھېكمەت بايانلىرى نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ............................ 270 - جىلد

كىمقوقى (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامى) بىرىنچى بۆلۈم .................................. 100 - جىلد

بۇددا ھېكمەتلىرى نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ............................... 120 - جىلد

بۇدھاچارىتا كاۋيا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ... 800 - جىلد

بەش ئەجدىھا نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ... 32 - جىلد

بۇدساتۋا پەرھىزى نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ............................... 116 - جىلد

تۇرلۇك نوم بىتىگلىرىنىڭ توپلىمى بىرىنچى بۆلۈم ............................... 130 - جىلد

مانى دىنى نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ... 350 - جىلد

سادھارما پۇندارىكا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ... 100 - جىلد

يوگا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم.................. 100 - جىلد

ھىندىستان ھەققىدە بايانلار① بىرىنچى بۆلۈم ... 130 - جىلد

جەۋھەرلەر نومى بىرىنچى بۆلۈم ........... 220 - جىلد

سانگا سۇترا بىرىنچى بۆلۈم ............... 157 - جىلد

بۇددا ئېلى ھەققىدە بايانلار بىرىنچى بۆلۈم ... 1950 - جىلد

دەسلەپكى ئېتىقاد نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ........................................ 1000 جىلد

ماھابراجنا پارامىتا شاستىر بىرىنچى بۆلۈم ... 1080 - جىلد

خەزىنە ھەيۋەت نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ............................ 1280 - جىلد

ياغاچ راۋاقتىكى نوملار بىرىنچى بۆلۈم ...... 850 - جىلد

---

① بۇددا دىنى پەيدا بولغان جاي ھىندىستان جۇڭگونىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇددا دىنىدىكىلەر ئۇ يەرنى مۇقەددەس جاي، «جەننەت» دەپ چوقۇنىدۇ.

چىن ئەمرىمەرۋپ نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم .................................... 200 ـ جىلد
ئۇلۇغ توز نوم بىتىگلىرى بىرىنچى بۆلۈم ··· 220 ـ جىلد
ۋىجنانە مەترە سىددى شاستىرە بىرىنچى بۆلۈم ··· 100 ـ جىلد
ئابىدارام كۇشاۋاردى شاستىر بىرىنچى بۆلۈم ··· 200 ـ جىلد

ئانەندا، جيايىلەر تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارغا نوملارنىڭ نامىنى بىرقۇر كۆرسەتكەندىن كېيىن، تاڭ سەنزاڭغا:

— ئەۋلىيا سامغا، شەرقىي دىياردىن بىزگە نىمە ئالغاچ كەلدىڭىز؟ دەرھال ئەكېلىڭ، شۇندىلا نوملارنى سىزگە بېرىمىز، — دېدى.

— شاگىرتىڭىز يىراق يوللارنى بېسىپ كەلگەچكە، ھېچ نەرسە ئالغاچ كەلمەپتىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— بەللى، بەللى! بارىكاللا! سىز قۇرۇق قول كېلىپ نومنى ئەكېتىپ دۇنياغا نام قالدۇرسىڭىز، باشقىلار ئاچتىن ئۆلگۈدەك - دە، — دېدى ئىككىيلەن.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ نومنى بەرگىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي:

— ئۇستاز، مەن بېرىپ تاتھاگاتونى چاقىرىپ كېلەي، نوملارنى بىزگە ئۇ ھەزرەت ئۆزى ئېلىپ بەرسۇن، — دېدى.

— تولا جېدەل قىلماڭ. سىز مۇتتەھەملىك قىلىدىغان جايمۇ بۇ! قېنى بۇ ياققا كېلىپ نوملارنى ئېلىڭلار، — دېدى ئىككىيلەن.

جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى نەسىھەت بىلەن توسۇدى ـ دە، بۇرۇلۇپ نوملارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئاتقا ئارتتى، يەنە ئىككى ئەپكەشكە تېڭىپ جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئالتۇن قەسىرگە كېلىپ تاتھاگاتوغا باش قويۇپ رەھمەت ئېيتتى ـ دە، ئىشكتىن چىقتى، بۇددىلارغا ۋە بۇدساتۋالارغا ئىككى قېتىمدىن تەزىم قىلىدۇ. چوڭ

دەرۋازىغا بارغاندا بىكشۇ، بىكشۇنلار، ئۇپاسەكە، ئۇپاسىكالارغا بىر - بىرلەپ تەزىم قىلىپ خوشلاشتى ۋە تاغدىن يېنىپ چۈشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، خاسىيەتلىك ئامبارنىڭ ئۈستىدە چىراغچى بۇددا بار ئىدى. ئۇ نوم بېرىش جەريانىدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى يوشۇرۇنچە ئاڭلاپ، ئىچىدە ھەممىنى بىلىپ بولدى — ئانەندا، جىيايېلەر راھىبلارغا خېتى يوق نوملارنى بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ كۈلۈپ: «شەرقىي دىياردىن كەلگەن راھىبلارنىڭ ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قېلىپ، بىلمەستىن خېتى يوق نوملارنى ئېلىپ كەتتى. بۇنداقتا، ئۇلارنىڭ شۇنچە يىراقتىن جاپا چېكىپ كەلگىنى بىر تىيىن بولدىغۇ؟» دېدى.

— بۇ يەردە قايسىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئاق بۈركۈت ھەزرەت پەيدا بولغانىدى، چىراغچى بۇددا ئۇنىڭغا:

— سىز تەڭرىلەرگە خاس كارامىتىڭىزنى كۆرسىتىپ تاڭ سېڭغا يېتىشىڭ. ئۇنىڭدىن خەت يوق نوملارنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قايتا بېرىپ خېتى بار نوملارنى ئەكېلىشنى ئېيتىڭ، — دېدى.

ئاق بۈركۈت ھەزرەت شامالنى ھەيدەپ بېرىپ چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسى جايلاشقان تاغدىن چىقىپلا كارامىتىنى كۆرسەتتى، يەنى شۇنداق مەيىن شامال بولۇپ سوقتىكى، بەئەينى كۆك ئارا ئەجەب چىقتى غۇر - غۇر شامال، قاپلىدى جاھاننى ئۆزگىچە خۇش ھىد، دېگەندەك بولدى.

تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلار كېتىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت خۇشبۇي غۇر - غۇر شامال سوقتى. ئۇلار بۇنى مەبۇدىلارنىڭ خاسىيىتى، دەپ قاراپ غەمسىز مېڭىۋەردى. بىردىن قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆكتىن بىر قول سوزۇلۇپ چۈشۈپ ئات ئۈستىدىكى نوملارنى يېنىككىنە يۇلىۋالدى. تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ كېتىپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ توۋلاپ كەتتى، جۇ باجيې دەررۇ

قوغلاپ كەتتى . شاسىڭ ئەپكەشلەرنى ساقلاپ قالدى . سۈن ۋۇكۇڭمۇ شامالدەك قوغلىدى . ئاق بۈركۈت ھەزرەت سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قوغلاپ يېتىشۋالاي دېگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كالتىكىنىڭ كۆزى يوق ، ياخشى - يامانني پەرق ئەتمەستىن مېنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويمىسۇن يەنە ، دەپ ئويلاپ ، قولىدىكى نوملارنى توپىغا تاشلىۋەتتى . سۈن ۋۇكۇڭ نوملارنىڭ پەسكە تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ قوغلاشنى قويدى - دە ، بۇلۇتنى بېسىپ يەرگە چۈشتى . ئاق بۈركۈت ھەزرەت بوران ، بۇلۇتلىرىنى يىغىۋېلىپ ، بۇ ئىشنى بۇددىغا مەلۇم قىلىشقا كەتتى .

جۇ باجيې نوملارنىڭ يەرگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن نوملارنى يۆدەپ تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا كەلدى . تاڭ سەنزاڭ يۈم - يۈم يىغلاپ تۇرۇپ قاقشاپ كەتتى :

— ئاھ شاگىرتلىرىم ! بۇ پاراغەت ماكانىدىمۇ بىزنى يالماۋۇز بوزەك ئېتىۋاتىدۇغۇ !

شاسىڭ چېچىلىپ كەتكەن نوملارنى ئېلىپ ئېچىپ باقسا ، ئاق قەغەزلا بولۇپ ، بىرمۇ خەت يوق ئىدى . ئۇنى دەررۇ تاڭ سەنزاڭغا بېرىپ :

— ئۇستاز ، بۇ نومنىڭ خېتى يوق ئىكەن ، — دېدى .

سۈن ۋۇكۇڭ يەنە بىر تومنى ئېچىپ قارىسا ئۇنىڭدىمۇ خەت يوق . جۇ باجيې باشقا بىر تومنى ئېچىپ قارىسا يەنىلا خەت يوق .

— ھەممىنى ئېچىپ قاراپ باقايلى ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى تاڭ سەنزاڭ .

ھەممىلا توم خەتسىز ئاپئاق تۇراتتى . تاڭ سەنزاڭ پىغان چېكىپ :

— بىزنىڭ پېشانىمىز زادى تەتۈر ئىكەن ! خېتى يوق بۇنداق قۇرۇق نومنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ كېتىمەن ، تاڭ پادىشاھىغا قانداقمۇ قارىيالايمەن ! خانغا يۈزسىزلىك قىلغان گۇناھكارلارنى يەر يۈتىدۇ ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ھەممىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ تاڭ سەنزاڭغا:

— ئۇستاز، بولدى ئارتۇق گەپنى قويسىلا. بۇ ئانەندا، جيايېلەرنىڭ قىلغان ئىشى، ئۇلار بىزدىن تاپان ھەققى سورىغاندا بەرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن مۇشۇ نىمىنى بېرىپتۇ. دەرھال قايتىپ بېرىپ تاتھاگاتوغا بۇنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن مال - پۇلنى دەپ ئالدامچىلىق قىلىشنىڭ قانداق گۇناھ بولىدىغانلىقىنى سوراپ باقايلى، — دېدى.

— توغرا! توغرا! ئۇنىڭغا ئەرز قىلايلى! — دەپ توۋلاپ كەتتى جۇ باجيې.

تۆتەيلەن ئالدىراپ - تېنەپ ئارقىغا قايتىپ يەنە چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار كۆپ ئۆتمەي تاغ ئىشىكىگە كەلدى. كۆپچىلىك ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈلۈپ:

— ھەزرىتىم، نوملارنى ئالماشتۇرغىلى كەلدىلىغۇ دەيمەن، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ باش لىڭشىتىپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى، ۋاجرالارمۇ ئۇلارنى توسۇماي ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇدۇل مەھاۋىرە بۇدساتۋا سارىيى ئالدىغا كېلىپ سۈرەن سالدى:

— تەقسىرىم! بىز كۆرمىگىلىغان جەبرى - جاپالارنى چېكىپ شەرقىي دىياردىن بۇ يەرگە كەلدۇق. تاپشۇرۇقىڭىز بىلەن نوم ئالغىلى بارساق، ئانەندا، جيايې ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، مال - پۇل دۇنيا بەرمىدىڭلار، دەپ بىزگە خېتى يوق نوملارنى بېرىپ ئالدىدى. ئۇلارنى ئەكېتىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇلارنى جازالاپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز!

— بوشراق چۇقان سېلىڭ! — دېدى تاتھاگاتو كۈلۈپ، — ئۇلارنىڭ سىلەردىن سوۋغا - سالام تەلەپ قىلغانلىقىدىن خەۋىرىم بار. نومنى تارقاتماق ئاسان بولمىغاندەك، ئالماقمۇ قىيىن. ئۆتكەندە بىكشۇلار، ئەۋلىيا سامغىلار تاغدىن چۈشۈپ كۇشالا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى جاۋنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ،

پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى بالا ـ قازادىن ، ئۆلگۈچىنى گۈناھىدىن خالاس قىلىپ قويۇپ ، ئاران ئۈچ كۈرە ئۈچ شىڭ سېرىق كېپەك ئالتۇن ئېلىپ كەپتىكەن ، ئۇلارنى ، ئاز ئاپسىلەر ، كېيىنكىلەرگە خەجلىگۈدەك پۇل قويمايلى ، دەپسىلەر ، دېدىم . شۇڭا سىز قۇرۇق قول نوم ئالغىلى بېرىپ ئاق دەپتەرنى ئېلىپ قايتىپسىز ، — دېدى ۋە بۇيرۇدى ، — ئانەندا ، جيايې ، ئۇلارغا خېتى بار نوملارنىڭ ھەربىر تومىدىن بىرقانچە قىسمىدىن بېرىپ ماڭا مەلۇم قىلىڭلار .

ئىككى ھەزرەت تۆتەيلەننى باشلاپ قايتىدىن مەرۋايىت راۋىقىدىن ئەپچۇشۇپ خاسىيەتلىك ئامبارغا بارغاندا ، ئۇلاردىن يەنە سوۋغا ـ سالام سورىدى . تاڭ سەنزاڭ بېرىدىغان نەرسە تاپالماي ، شاسېڭغا ئالتۇن قاچىنى ئالدۇردى ـ دە ، ئۇنى قوش قوللاپ سۇنۇپ دېدى :

— شاگىرتلىرى يىراق ، مۇشەققەتلىك يولنى بېسىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن سوۋغا ـ سالام ئەكېلەلمىدىم . بۇ قاچىنى ماڭا شاھىمىز ئۆز قولى بىلەن تۇتقانىدى ، بۇگۈن كۆڭلۈمنى مۇشۇ قاچا بىلەن ئۆزلىرىگە تۇتتۇم ، قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن . قايتىپ بارغاندا پادىشاھ ماڭا چوقۇم تېخىمۇ كاتتا ئىنئام بېرىدۇ . ماڭا خېتى بار نوملارنى بېرىدىغانلا بولۇشسىلا ، شۇنچە يىراقتىن كۈرمىڭلىغان جەبىر ـ جاپالارنى چەككەنلىكىمنىڭ ئالىي ئىنئامى بولاتتى .

ئانەندا قاچىنى ئالدىيۇ ، كۈلۈمسىرەپ قويدى ، مەرۋايىت راۋاقىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى پالۋانلار ، كۈجىلەرگە قارايدىغان خىزمەتكارلار ، ئامبار باقىدىغان قېرى دەرۋىش ئۇنىڭغا ئىزا ـ ئىزا قىلىشىپ كۈلۈشۇپ ، بىر ـ بىرىگە تۇمشۇقىدا ئىما قىلىپ :

— ئۇيات ! ئۇيات ! بۇددا نومىنى ئالغۇچىلارنىڭ سوۋغىسىنى ئالدى ! — دېيىشتى .

شۇئان ئىزادىن ئۇنىڭ يۈزى شاپىدە قىزاردى ، ئەمما قاچىنى تۇتقان پېتى تۇرىۋەردى ، جيايې ئامبارغا كىرىپ تاڭ سەنزاڭغا نوملارنى بىرمۇبىر كۆرسەتتى .

— شاگىرتلىرىم ، ئۆتكەنكى ئىش تەكرارلانمىسۇن ، ئوبدانراق تەكشۇرۇپ ئېلىڭلار ، — دېدى تاڭ سېڭ .

ئۇچەيلەن نوملارنىڭ تومى ، قىسىملىرىنى تازا ئېنىق كۆرۈپ ، ئىچىنى كۆرۈپ بېقىپ بەش مىڭ قىرىق سەككىز قىسىمنى ئالدى . ھەممىنى تېڭىپ ئاتقا ئارتتى ، قالغانلىرىنى تېڭىپ ئەپكەش قىلىپ جو باجىيې كۆتۈردى ، ئۆزلىرىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى شاسېڭ كۆتۈردى . سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى يېتىلىدى . تاڭ سەنزاڭ قەلەي ھاسىنى تۇتۇپ ، بېشىدىكى تەلپىكىنى بېسىپ قويۇپ ، كىمخاب كاسايىسىنى قېقىۋېتىپ ، خۇشلۇقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا باردى .

تاتھاگاتو ئېگىزدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ، ئەجدىھا يوقىتار ۋە يولۋاس تۇتار ئىسمىلىك ئىككى ئارخاتقا كۆككە نەرە تارتىپ ئۈچ مىڭ ئەۋلىيا ، ئۈچ مىڭ بۇددا ، سەككىز ۋاجرا ، تۆت بۇدساتۋا ، بەش يۈز ئارخات ، سەككىز يۈز بىكشۇ ، جىمى ئۇپاسەكە ، ئۇپاسىكا ، بىكشۇنى ، ھەرقايسى جاي ۋە غارلاردىكى يەر ، تاغ مۇئەككەللىرىنى چوڭ - كىچىك دەرۋىش ۋە ئەۋلىيا سامغىلارنى چاقىرىشنى ، ئولتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ ، تۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىككى تەرەپتە قاتار تۇرغۇزۇشنى ئەمر قىلدى . شۇئان يىراق - يىراقلارغا كارامەت ياڭراق ئاۋاز تارقالدى ، ئاسمان خاسىيەتلىك بۇلۇت ۋە نۇرغا چۈمۈلدى . ھەممە كېلىپ تاتھاگاتو بىلەن كۆرۈشتى . تاتھاگاتو سورىدى :

— ئانەندا ، جىيايې ، ئۇنىڭغا قانچە قىسىم نوم بەردىڭلار ، بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلىڭلار ؟

ئىككى دەرۋىش شۇئان مەلۇم قىلىشقا باشلىدى :

— تاڭ دۆلىتىگە ھازىر بەرگەنلىرىمىز :

نىرۋانا سۇترا ....................................... 400 - جىلد

بۇدساتۋا سۇترا ................................... 360 - جىلد

ئاكاسا سامسكىرتانوم بىتىگلىرى ............ 20 - جىلد

سۇرانگاما سامادھى سۇترا ………… 30 - جىلد

تەڭرى مېھىر نوم بىتىگلىرى توپلىمى ………… 40 - جىلد

ئىلاھ تەڭرى ھۆكۈملىرىنىڭ نومى ………… 40 - جىلد

ئېسىل ئاغلىق نوم بىتىگلەر ………… 20 - جىلد

بۇدھاۋا تامىسكاما ھايۋايپۇليا سۇترا ………… 81 - جىلد

ئىلاھقا سالات قىلىش نومى ………… 30 - جىلد

ماھابراجنا پارامىتا سۇترا ………… 600 - جىلد

ئالتۇن يارۇق سۇترا ………… 50 - جىلد

بولمىشنىڭ نومى ………… 550 - جىلد

ۋىمالاكىرتىنىردېشا سۇترا ………… 30 - جىلد

ئۈچ ھېكمەت بايانلىرى نوم بىتىگلىرى ………… 42 - جىلد

كىمقوقى (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامى) ………… 1 - جىلد

بۇددا ھېكمەتلىرى نوم بىتىگلىرى ………… 20 - جىلد

بۇدھا چارىتاكاۋيا سۇترا ………… 116 - جىلد

بەش ئەجدىھا نوم بىتىگلىرى ………… 20 - جىلد

بۇدساتۋا پەرھىزى نوم بىتىگلىرى ………… 60 - جىلد

تۇرلۇك نوم بىتىگلىرىنىڭ توپلىمى ………… 30 - جىلد

مانى دىنى نوم بىتىگلىرى ………… 140 - جىلد

سادھارما پۇنداريكا سۇترا ………… 10 - جىلد

يۇگا سۇترا ………… 30 - جىلد

ھىندىستان ھەققىدە بايانلار ………… 30 - جىلد

جەۋھەرلەر نومى ………… 170 - جىلد

سانگا سۇترا ………… 110 - جىلد

بۇددا ئېلى ھەققىدە بايانلار ………… 1638 - جىلد

دەسلەپكى ئېتىقاد نوم بىتىگلىرى ………… 50 - جىلد

ماھابراجنا پارامىتا شاستىر ………… 90 - جىلد

خەزىنە ھەيۋەت نوم بىتىگلىرى ………… 140 - جىلد

ياغاچ راۋاقتىكى نوملار ………… 56 - جىلد

چىن ئەمرىمەرۇپ نوم بىتىگلىرى ………… 10 - جىلد

ئۇلۇغ توز نوم بىتىگلىرى .................... 14 - جىلد
ۋىجنانە مەترەسىددى شاسترە..................... 10 - جىلد
ئابىدارام كۇشاۋاردى شاستىر ................. 10 - جىلد

بۇ يەردىكى نوم جەمئىي ئوتتۇزبەش بۆلۈم، ھەرقايسى بۆلۈملەردىن بولۇپ بەش مىڭ قىرىق سەككىز تومنى تاڭ دۆلىتىگە تارقاتسۇن دەپ شەرقىي دىياردىن كەلگەن ئەۋلىيا سامغىغا بەردۇق. ھازىر بۇلار تېخىلىپ بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەشەككۇر ئېيتىشقا تەقەززار بولماقتا.

تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەن ئاتنى باغلاپ، ئەپكەشنى يەرگە قويۇپ، ئالىقىنىنى جۈپلەپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى. تاتھاگاتو تاڭ سەنزاڭغا مۇنداق دېدى:

— بۇ تۆھپىڭىزنى ھەرقانچە تەرىپلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بىزدىن نەمۇنە ئالغان بولسىڭىزمۇ، يەنىلا ئۈچ دىنىنىڭ مەنبەسى بىردۇر. ئۆز قىتئەيىڭىزگە بارغاندىن كېيىن بۇنى جىمى شاگىرتلىرىڭىزغا كۆرسەتكەيسىز، ھەرگىز سۇسلۇق قىلىنمىسۇن، ئەمما تەرەت ئالماستىن، پەرھىز تۇتماستىن نوملارنى ئېچىشقا بولمايدۇ، بۇ نوملار ئاجايىپ خاسىيەتلىك! بەكمۇ ئەھمىيەتلىك!

تاڭ سەنزاڭ باش قويۇپ قۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن جىمى بۇددىلارغا ئۈچ قېتىمدىن تەزىم قىلدى. تاغنىڭ ئۈچ ئىشىكىدىن ئۆتكۈچە يەنە ھەممىگە بىر - بىرلەپ تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

تاتھاگاتو سەنزاڭ قاتارلىقلارنى كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن نوم بېرىش يىغىلىشىنى تارقىتىۋەتتى. ئاۋالوكتىسۋارا بۇدساتۋا ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ بۇددىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مۇخلىسلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئالتۇن يارلىقلىرىنى ئېلىپ شەرقىي دىيارغا بۇددا نومىنى ئالغىلى بارىدىغان ئادەم ئىزدەپ بارغانىدىم. مانا بۈگۈن بۇ ئىش ئىشقا ئاشتى. ھېسابلاپ كۆرسەم

ئون تۆت يىل — بەش مىڭ قىرىق كۈن بوپتۇ . يىل توشقۇزۇشقا يەنە سەككىز كۈن كېمىسپ قاپتۇ . قانداق كۆرسەتمىلىرى باركىن ؟ — دېدى .

تاتھاگاتو خۇشال بولۇپ كېتىپ :

— گېپىڭىز جايىدا ، ئالتۇن يارلىقىنىڭ ۋاقتىنى دەل توشقۇزۇش لازىم ، — دېدى ۋە سەككىز ۋاجىراغا بۇيرۇدى ، — سىلەر دەرھال كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىپ ئەۋلىيا سامغىنى شەرققە ئاپىرىپ دىنىمىزنى ۋە نوملارنى قالدۇرۇپ ، ئەۋلىيا سامغىنى يەنە غەربكە قايتۇرۇپ كېلىڭلار . بۇنى سەككىز كۈن ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشۇڭلار كېرەك . ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭلار .

ۋاجرالار دەرھال تاڭ سېڭلارغا يېتىشىۋېلىپ : «بۇددا نومىنى ئالغۇچىلار ، بىزنىڭ كەينىمىزدىن مېڭىڭلار !» دېدى . شۇئان تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلار ئۇچىدەك يەڭگىپ ئۇچۇپ ـ لەيلەپ ۋاقىرىغانلارنىڭ كەينىدىن يۇرۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بۇددا دىنىنى قانداق تارقاتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# توقسان توققۇزىنچى باب

## توقسان توققۇز مۇشەققەتنىڭ تاماملىنىپ، ئالۋاستىلارنىڭ تامام يوقىتىلغانلىقى سەپەرنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلىشىپ، دىنىنىڭ يىلتىز تارتقانلىقى

ئەلقىسسە، سەككىز ۋاجرا تاڭ سەنزاڭلارنى دۆلىتىگە ئۇزىتىپ ماڭدى. ئۇچ قەۋەت ئىشىك تۆۋىدىكى بەش تەرەپ بۇددىلىرى، تۆت تەرەپ ئەمرلىرى، ئالتە هۆر قىز، ئالتە غۇلمان ۋە بۇتخانىلارنى قوغدىغۇچى مالائىكىلەر ئاۋلوكىتسۋارا بۇدساتۋانىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مۇخلىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئەۋلىيا راھىبنى مۇھاپىزەت قىلغانىدۇق، بۈگۈن ئۇلارنىڭ سەپىرى ئۇتۇقلۇق هالدا ئاخىرلاشتى. شۇڭا سىلى تاتھاگاتونىڭ ئالتۇن يارلىقىنى تاپشۇردىلا، بىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرساقمىكىن دەيمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى بۇدساتۋا خۇش بولۇپ.

— يول بويى تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارنىڭ دىلى، سۆز - هەرىكىتى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

— سەممىي - ساداقەتلىك، جاسارەت - پاراسەتلىك بولدى، بۇ ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، دەرھەقىقەت تاڭ سېڭ هەممىدىن بەك جاپا تارتتى. ئۇ يول بويى ئۇچرىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى مەن بىرمۇبىر خاتىرىلەپ ماڭغانىدىم، مانا كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى تەڭرىلەر.

بۇدساتۋا ئېلىپ باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىقتى. بۇ خاتىرىگە مۇنداق يېزىلغانىدى:

پەرمانغا ئاساسەن ئەۋەتىلگەن بۇددىلار تاڭ سىبىڭ ئۇچرىغان بالا ـ قازالارنى تۆۋەندىكىچە خاتىرىگە ئالدى : ئالتۇن تومۇزغىنىنىڭ كەمسىتىلگەنلىكى بىرىنچى بالا ـ قازا ، تۇغۇلۇپلا ئۆلتۈرۈلمەككە چاغلانغانلىقى ئىككىنچى بالا ـ قازا ، قىرىقى توشۇپلا دەرياغا تاشلانغانلىقى ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدەپ بارغاندا ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقى تۆتىنچى بالا ـ قازا ، شەھەردىن چىققاندا يولۋاسقا ئۇچرىغانلىقى بەشىنچى بالا ـ قازا، ئورەككە چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئالتىنچى بالا ـ قازا ، قوشئارچىلىق چوققىدىكىسى يەتتىنچى بالا ـ قازا ، ئۇ ئالەم بىلەن بۇ ئالەم چېگرىسى بولغان تاغدىكىسى سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، تىلى جىرادا ئات يەڭگۈشلىگەنلىكى توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، كېچىدە كۆيدۈرۈلگەنلىكى ئونىنچى بالا ـ قازا ، كاسايانى يوقىتىپ قويغانلىقى ئون بىرىنچى بالا قازا ، جۇ باجىينى تەسلىم قىلغاندىكىسى ئون ئىككىنچى بالا ـ قازا ، سىرىق قويۇن ئالۋاستىسىنىڭ توسۇشى ئون ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، ئەۋلىيالارغا ئىلتىجا قىلغاندىكىسى ئون تۆتىنچى بالا ـ قازا ، كۆچمە قۇمدىن تەسلىكتە ئۆتكەنلىكى ئون بەشىنچى بالا ـ قازا ، شاسېڭنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغاندىكىسى ئون ئالتىنچى بالا ـ قازا ، تۆت ئەۋلىيانىڭ كارامەت كۆرسەتكەندىكىسى ئون يەتتىنچى بالا ـ قازا ، ۋۇجۇاڭگۇەندىكى ئون سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، ئادەم تىرىلدۈرمەكنىڭ تەس بولغانلىقى ئون توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، سۇن ۋۇكۇڭنى چېكىندۈرگەندىكىسى يىگىرمىنچى بالا ـ قازا ، قارىغايلىقتا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى يىگىرمە بىرىنچى بالا ـ قازا ، گۆھەر پىل دۆلىتىدىكىسى يىگىرمە ئىككىنچى بالا ـ قازا ، ئالتۇن قەسىرنىڭ يولۋاسقا ئايلىنىشى يىگىرمە ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، پىڭدىڭشەن تېغىدا ئالۋاستىغا يولۇقۇش يىگىرمە تۆتىنچى بالا ـ قازا ، نىلۇپەر

غاردا ئېسىپ قويۇلغانلىقى يىگىرمە بەشىنچى بالا ـ قازا ، قۇشلار ۋە توخۇلار دۆلىتىدە پاسىباننى قۇتۇلدۇرغاندىكىسى يىگىرمە ئالتىنچى بالا ـ قازا ، ئالۋاستى تەرىپىدىن باشقىچە قىياپەتكە كىرگەنلىكى يىگىرمە يەتتىنچى بالا ـ قازا ، خاۋشەن تېغىدا شاياتۇنغا يولۇققانلىقى يىگىرمە سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، ئەۋلىيا سامغىنى شامال بىلەن ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكى يىگىرمە توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى ئوتتۇزىنچى بالا ـ قازا ئەۋلىيالارنى ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ بىرىشكە تەكلىپ قىلىش ئوتتۇز بىرىنچى بالا ـ قازا ، قارا دەرياغا غەرق بولۇش ئوتتۇز ئىككىنچى بالا ـ قازا ، كىرا ھارۋىسىنىڭ كىچىكىشى ئوتتۇز ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، قىماردا يېڭىش ۋە يېڭىلىش ئوتتۇز تۆتىنچى بالا ـ قازا ، تەرىقەت بىلەن راھىبلارنى كۆپەيتىش ئوتتۇز بەشىنچى بالا ـ قازا ، يولنى سۇ بېسىۋېلىشى ئوتتۇز ئالتىنچى بالا ـ قازا ، دەرياغا چۈشۈپ كېتىش ئوتتۇز يەتتىنچى بالا ـ قازا ، كۆك بېلىقنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىغاندىكىسى ئوتتۇز سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، جىنشەندە ئالۋاستىغا يولۇقۇش ئوتتۇز توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، ئەرش تەڭرىلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى قىرىقىنچى بالا ـ قازا ، بۇددىدىن تېگى ـ تەكتى سورالغانلىقى قىرىق بىرىنچى بالا ـ قازا ، سۇدىن زەھەرلىنىپ قېلىش قىرىق ئىككىنچى بالا ـ قازا ، شىلياڭ دۆلىتىدە توي قىلىسەن دەپ ئېيتقىلىنغانلىقى قىرىق ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، باربىت غاردا ئازاب چەككەنلىكى قىرىق تۆتىنچى بالا ـ قازا ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يەنە بىر قېتىم كەمسىتىلگەنلىكى قىرىق بەشىنچى بالا ـ قازا ، ئىككى مايمۇننى پەرق ئېتەلمەسلىك قىرىق ئالتىنچى بالا ـ قازا ، يالقۇنتاغدا توسۇلۇپ قېلىش قىرىق يەتتىنچى بالا ـ قازا ، بانان يەلپۈگۈچنى ئالغىلى بارغانلىقى قىرىق سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، دىۋىنى

تۇتقاندىكىسى قىرىق توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، سەي شەھىرىدە مۇنار سۇپۇرگەندىكىسى ئەللىكىنچى بالا ـ قازا ، گۆھەر ئىلىپ راھىبلارنى قۇتۇلدۇرغاندىكىسى ئەللىك بىرىنچى بالا ـ قازا ، تىكەنلىكتىكىسى ئەللىك ئىككىنچى بالا ـ قازا ، كىچىك گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدا پالاكەت بېسىش ئەللىك ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، ئەرش تەڭرىلىرى باغلانغاندىكىسى ئەللىك تۆتىنچى بالا ـ قازا ، سېسىق بۇستا توسۇلۇپ قالغانلىقى ئەللىك بەشىنچى بالا ـ قازا ، جۇزى دۆلىتىدە تېۋىپلىق قىلغاندىكىسى ئەللىك ئالتىنچى بالا ـ قازا ، كېسەل قۇتۇلدۇرۇلغان چاغدىكىسى ئەللىك يەتتىنچى بالا ـ قازا ، ئالۋاستىنى تۇتۇپ خانىشنى قۇتۇلدۇرغاندىكىسى ئەللىك سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، يەتتە پەرىزاتنىڭ ئىزىقتۇرۇشى ئەللىك توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، ھەممەيلەننىڭ زەخمەت يېگەنلىكى ئاتمىشىنچى بالا ـ قازا ، شىرلارنىڭ يول توسقانلىقى ئاتمىش بىرىنچى بالا ـ قازا ، ئالۋاستىنىڭ ئۈچ رەڭگە كىرىشى ئاتمىش ئىككىنچى بالا ـ قازا ، شەھەردە ئاپەتكە يولۇقۇش ئاتمىش ئۈچىنچى بالا ـ قازا ، دېۋىنى تۇتۇشقا بۇددىنى چاقىرىپ كېلىش ئاتمىش تۆتىنچى بالا ـ قازا ، بىچيۇ دۆلىتىدە بالىلارنى قۇتۇلدۇرغاندىكىسى ئاتمىش بەشىنچى بالا ـ قازا ، راست ـ يالغانىنى پەرق ئەتكەندىكىسى ئاتمىش ئالتىنچى بالا ـ قازا ، قارىياغاچلىقتا ئالۋاستىنى قۇتۇلدۇرۇش ئاتمىش يەتتىنچى بالا ـ قازا ، راھىبلار خانىسىدا ئاغرىپ قالغانلىقى ئاتمىش سەككىزىنچى بالا ـ قازا ، تېگى يوق غارغا سولىنىپ قېلىش ئاتمىش توققۇزىنچى بالا ـ قازا ، راھىبلارنى يوقىتىدىغان دۆلەتتىن ئۆتۈشنىڭ تەس بولغانلىقى يەتمىشىنچى بالا ـ قازا ، يىنئۇشەن تېغىدا ئالۋاستىغا يولۇقۇش يەتمىش بىرىنچى بالا ـ قازا ، فېڭشيەن ئايمىقىدا يامغۇر تىلىگەندىكىسى يەتمىش ئىككىنچى بالا ـ قازا ، قوراللاردىن

*ئايرىلىپ قالغاندىكىسى يەتمىش ئۇچىنچى بالا - قازا ، تىرنىنى قۇتۇلۇقلاش يىغىلىشىدىكىسى يەتمىش تۆتىنچى بالا - قازا ، بامبۇك تېغىدا قىيىنچىلىقتا يولۇقۇش يەتمىش بەشىنچى بالا - قازا ، شۆەنيىڭ غارىدا ئازاب چېكىش يەتمىش ئالتىنچى بالا - قازا ، كەركىدانىنى قوغلاپ تۇتقاندىكىسى يەتمىش يەتتىنچى بالا - قازا ، ھىندىستاندا كۆيئوغۇللۇققا تاللانغاندىكىسى يەتمىش سەككىزىنچى بالا - قازا ، مىس سۇپا مەھكىمىسىدە سولانغانلىقى يەتمىش توققۇزىنچى بالا - قازا ، ئەرشكە بارىدىغان كېچىكتە قايتىدىن تۆرەلگەنلىكى سەكسىنىنچى بالا - قازا . ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر يۈز سەككىز مىڭ چاقىرىم يول باستى . ئەۋلىيا سامغىنىڭ بالا - قازاغا ئۇچرىغان كەچۈرمىشلىرى دەپتەرگە ئېنىق چۈشۈرۈلدى .*

بۇدساتۋا بۇنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن دەررۇ :

— مۇرىتلار «سەكسەن بىر» بالا - قازاغا ئۇچرىغاندىلا ئاندىن چىن مۇخلىس ، ئەۋلىيا بولىدۇ . ئەۋلىيا سامغا سەكسەن بالا - قازانى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ، بىر بالا - قازا كەم قاپتۇ ، شۇنى باشتىن كەچۈرۈپ بۇ سانىنى توشقۇزمىسا بولمايدۇ ، — دېدى ۋە بۇددىغا بۇيرۇدى ، — دەرھال ۋاجراغا يېتىشىۋېلىپ يەنە بىر بالا - قازا پەيدا قىلىڭلار .

بۇددا بۇيرۇقنى ئېلىپ بۇلۇتنى ھەيدەپ شەرققە ئاتلاندى . بىر كېچە - كۈندۈزدىلا سەككىز ۋاجراغا يېتىشىۋېلىپ ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا : «مۇنداق ، مۇنداق قىلىڭلار ··· بۇ بۇدساتۋانىڭ بۇيرۇقى . خىلاپلىق قىلىشقا ۋە كېچىكتۈرۈشكە ئەسلا بولمايدۇ ،» دەپ پىچىرلىدى . ۋاجرالار بۇنى ئاڭلاپلا ۋاش قىلىپ شامالنى توختىتىپ ، تۆتەيلەننى ئات ۋە نومليرى بىلەن قوشۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى .

تاڭ سەنزاڭ پۇتى زېمىنغا تەگكەندىن كېيىن قورقۇپ كەتتى . جۇ باجيې بولسا قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— بەللى ، بەللى ! بەللى ! ئالدىرىغان يولدا قالار ، دېگەننىڭ ئۆزى بولدى ، — دېدى .
— ئوبدان بولدى ! ئوبدان بولدى ! ئوبدان بولدى ! بەك تېز مېڭىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ، بۇ يەردە بىرئاز ھاردۇق ئېلىۋالسۇن ، دېگەن ئوخشايدۇ ، — دېدى شاسېڭ .
— كونىلارنىڭ ، «كوزا كۆندە سۇنماي ، كۆنىدە سۇنار» دەيدىغان گېپىدەك بولامدۇ تېخى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئۇچۇقلار ئۇنۇڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار ، ئەتراپقا ئوبدان قاراپ بۇنىڭ قەيەرلىكىنى ئۇقۇڭلار ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— مانا دېمىدىممۇ ؟ مانا دېمىدىممۇ ؟ ئۇستاز قۇلاق سالسىلا ، سۇنىڭ ئاۋازى ، — دېدى شاسېڭ تۆت ئەتراپقا قاراپ .
— سۇنىڭ ئاۋازى بولسىلا يۇرتۇڭ بولىدىكەن ـ دە ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئۇنىڭ يۇرتى ليۇشاخې دەرياسى ، — دېدى جۇ باجيې .
— ياق ، ئەمەس . بۇ سامانيولىغا بارىدىغان يول ئىكەن ، — دېدى شاسېڭ .
— شاگىرتلىرىم ، ئاۋۇ قىرغاققا ئوبدانراق قاراپ بېقىڭلار ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
سۇن ۋۇكۇڭ سەكرەپ ئېگىزگە چىقىپ قولىنى سايىۋەن قىلىپ ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن چۈشۈپ :
— ئۇستاز ، بۇ سامانيولىغا بارىدىغان ئەزىم دەريانىڭ غەربىي قىرغىقى ئىكەن ، — دېدى .
— ھە ، ئېسىمگە كەلدى . شەرقىي قىرغاقتا چېن جەمەتى قورۇقى دېگەن جاي بار . ھېلىقى يىلى بىز بۇ يەرگە كەلگەندە سەن ئۇنىڭ قىزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغان ، ئۇ بىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ كېمە ياساپ بىزنى ئۆزتىپ قويماقچى بولغانىدى . بەختكە يارىشا ئاق باشلىق تاشپاقا كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى . ئېسىمدە قېلىشىچە ، غەربىي قىرغاقتا ئادەمزات يوق . ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئەسكىلىكنى ئادەملەر قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئەرشتىكى ۋاجىرالارمۇ ئەسكىلىك قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بۇددىنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن بىزنى شەرققە ئاپىرىپ قويماي، ئەجەب يېرىم يولدا بۇ يەرگە تاشلىۋەتتىغۇ؟ مانا بىز تازا قىسىنچىلىقتا قالدۇق. قانداقمۇ ئۆتەرمىز؟ — دېدى جۇ باجيې.

— ئاغا، تولا قاقشىماڭ، — دېدى شاسېڭ، — ئۇستازىمىز تەرىقەتكە ئىگە بولدى. ئەرشكە بارىدىغان كېچىكتە قايتىدىن تۆرەلگەن بولغاندىكىن، بوگۇن چوقۇم سۇغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. بىز ھەممىمىز ئۈچۈش ھۈنىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۇستازنى ئۇچۇرۇپ ئۆتكۈزەيلى، — دېدى شاسېڭ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ! زادى بولمايدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۇلۇپ. ئۇنىڭ «ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالغىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇلارنى كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئۇندەيدىغان بولسا، بۇلار بىر ئەمەس، مىڭلىغان دەريالارنىمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. بىراق، تاڭ سەنزاڭنىڭ سەكسەن بىر بالا - قازانى تۈگەل باشتىن ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈنلا بۇ بالا - قازانىڭ ئۆزلىرىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئەينەكتەك ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇنداق دېگەنىدى.

ئۇستاز ۋە شاگىرتلار شۇ تەرزدە تالاش - تارتىش قىلىشىۋېلەن بىر ۋاقىتتا، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سۇ بويىغا كېلىپ قېلىشتى. توساتتىن بىرى ۋارقىرىدى:

— تاڭ ئەۋلىيا سامغا! تاڭ ئەۋلىيا سامغا! بۇ ياققا كېلىڭ! بۇ ياققا كېلىڭ!

بۇنى ئاڭلاپ تۆتەيلەن چۆچۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەمزات، بىرمۇ قېيىق يوق ئىدى، ئەسلىدە غايەت يوغان ئاق باشلىق تاشپاقا قىرغاققا بېشىنى چىقىرىپ توۋلاۋاتقانىكەن:

— ئۇستاز، سىزنى شۇنچە يىللاردىن بۇيان كۈتۈۋاتىمەن. ئەمدى قايتتىڭىزمۇ؟

— تاشپاقا بوۋا، ئۆز ۋاقتىدا سىزنى تولىمۇ مالال

قىلغاندۇق ، ھازىر يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ . تاڭ سەنزاڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلار ئېيتقۇسىز خۇرسەن بولۇشتى .

— تاشپاقا ، بىزنى كۆتۈۋېلىش نىيىتىڭىز بولسا ، قېنى قىرغاققا چىقىڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاشپاقا ئۈملەپ قىرغاققا چىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقاردى . جۇ باجيې ئاتنىڭ قۇيرۇقى يېنىغا زوڭزايدى ، تاڭ سەنزاڭ ئاتنىڭ بوينى تەرىپىدە ، شاسېڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇردى . سۇن ۋۇكۇڭ بىر پۇتىنى تاشپاقىنىڭ بوينىغا ، بىر پۇتىنى بېشىغا قويۇپ :

— قېنى ئەمدى مەزمۇت مېڭىڭ ، — دېدى .

تاشپاقا تۆت پۇتىنى سۇدا خۇددى يەردە ماڭغاندەك تەكشى قويۇپ ، ئۇستاز ، شاگىرت ۋە ئات قوشۇلۇپ بەش جاننى دۈمبىسىگە ئېلىپ دولقۇنلار يېرىپ يېرىم كۈندىن ئارتۇقراق ماڭدى . كەچ كىرەي دېگەندە قىرغاققا يېقىنلاپمۇ قالدى . توساتتىن تاشپاقا سورىدى :

— ئەزىز ئۇستاز ، ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۆزلىرىدىن ، ناۋادا بۇددىمىز تاتھاگاتونى كۆرسىلىرى مېنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىمنى سوراپ كەلسىلە ، دەپ ئىلتىماس قىلغانىدىم . سورىدىلامىكىنتاڭ ؟

تاڭ سەنزاڭ غەربكە بارغان ھامان ئىلاھىي نۇرغا چۆمۈلگەن ، ئەرشكە بارىدىغان كېچىكتە قايتا تۆرىلىپ خىسلەتدار تاغقا چىققاندىن تارتىپ پۇتۇن پىكىر - خىيالى بۇددا نومىنى ئېلىش بىلەنلا بولۇپ ، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، تاشپاقىنىڭ ئۆمرىنى سورىمىغانىدى . شۇڭا جاۋاب بېرەلمەيتتى . شۇنداقتىمۇ يالغان گەپ قىلىپ ئۇنى ئالداشقا پېتىنالماستىن ، جاۋاب بەرمەي بىرپەس پۈشۈلداپ تۇردى . تاشپاقا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى سورىمىغانلىقىنى بىلىپ بىرلا سىلكىندى - دە ، شۇڭغۇپ سۇنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى . تۆتەيلەن ، ئات ۋە نوملار بىلەن بىراقلا سۇغا

چۇشۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، تاڭ سەنزاڭ قايتىدىن تۆرىلىپ ئەۋلىيا بوپتىكەن، ئىلگىرىكى چاغ بولسا سۇغا غەرق بولۇپلا كېتەتتى. يەنە بىر ياخشى يېرى، ئات ئەجدىھا نەسلىدىن ئىدى، جۇ باجيې، شاسېڭلارمۇ سۇ ئۈزەلەيتتى. سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇمسىرىگەن ھالدا تاڭ سەنزاڭنى يۆلەپ سۇ يۈزىدە مېڭىپ شەرقىي قىرغاققا ئاچىقتى. نوم قاچىلىغان تاغار، كىيىم-كېچەكلەر ۋە ئېگەر سۇزمە خالتا بولدى.

ئۇلار قىرغاققا ئەمدى چىقىپ تۇرۇشىغا، بىردىن گۇركىرەپ بوران چىقىپ كەتتى، ھاۋا شۇ زامان قاراڭغۇلىشىپ چاقماق چاقتى، تاش-قۇملار ئۇچۇشقا باشلىدى. تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ كېتىپ نوم سالغان خالتىلارنى مەھكەم بېسىۋالدى، شاسېڭ نوم ئېسىلغان ئەپكەشنى بېسىۋالدى، جۇ باجيې ئاتنى تۇتۇۋالدى، سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكى بىلەن ئەتراپتا مۇداپىئە قىلدى. بوران، تۇمان، چاقماق، تۇتەك جىمىسى ئالۋاستىلارنىڭ بولۇپ، بۇددا نومىنى تارتىۋېلىشقا كەلگەنىدى. ئۇلار بىر كېچە مالىمان قىلغاندىن كېيىن تاڭ ئاتقاندا بېسىقتى. كىيىملىرى چىلىق-چىلىق سۇ بولغان تاڭ سەنزاڭ جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ:

— سۇن ۋۇكۇڭ، بۇ نېمە بولغىنى؟ — دېدى.

— ئۇستاز، بىلمەمدىلا زادى؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ زەردە بىلەن، — بىزنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىمىز بىلەن سىلى بۇددا نوملىرىغا ئىگە بولدىلا، ئىلگىرى-كېيىن ئامەتلىرى كېلىپ ئاسمان-زېمىن بىلەن تەڭ بولدىلا. ئاي-كۈن بىلەن ئىتتىپاقداش بولدىلا. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ ياش تۇرىدىغان، ناملىرى ئۆچمەيدىغان بولدى. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا ئاسمان-زېمىننىڭ كۆزى قىزىرىپ، ئالۋاستى، تەگرىلەر قىزغىنىپ، تۇيدۇرماستىن نوملارنى تارتىۋېلىشنى قەستلىدى. بەختىمىزگە بىرىنچىدىن، نوملار ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، ئىلاھىي تەنلىرى بىلەن بېسىۋالغانلىقلىرى ئۈچۈن سىلىنى گۇلدۇرماما كولدۇرلىتالمىدى، چاقماق چېقىۋېتەلمىدى، تۇمان

ئېزىقتۇرالمىدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، مەنمۇ كالتىكىم بىلەن قوغداپ تۇردۇم ، تاڭ ئاتقاندا ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى . شۇڭا ئېلىۋالالمىدى .

تاڭ سەنزاڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلا شۇندىلا ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپ ئۇنىڭغا جىق رەھمەت ئېيتتى . بىرئازدىن كېيىن قۇياش ئېگىز كۆتۈرۈلدى ، نوملار قىيا ئۇستىگە ئەپچىقىلىپ تاشلارغا يېيىتىلىپ قۇرۇتۇلدى . بۇددا نومى قۇرۇتۇلغان شۇ تاشلار ھازىرمۇ جايىدا بار . ئۇلار يەنە كېيىم ـ كېچەك ، ئاياغلىرىنى قىيا تۈۋىدە قۇرۇتتى ، بەزىسى ئۆرە تۇردى ، بەزىسى ئولتۇردى ، بەزىسى سەكرەپ ئويسىندى .

تۆتەيلەن بۇددا نومىنى تەكشۈرۈپ ، بىر ـ بىرلەپ قۇرۇتۇش بىلەن بولۇۋاتقاندا ، بىرقانچە بېلىقچى دەريا بويىغا كەلدى . ئۇلارنى تونۇيدىغانلاردىن بىرى :

— ئۇستاز ، سىلەر ئالدىنقى يىلى مۇشۇ دەريادىن ئۆتۈپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى بارغانلارغۇ دەيمەن ؟ — دېدى .

— شۇنداق ، سىلەر قەيەرلىك ئادەملەر ، بىزنى قانداق تونۇيسىلەر ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— بىز چېن جەمەتى قورۇقىنىڭ ئورتاقچىلىرى ، — دېدى بېلىقچىلار .

— چېن جەمەتى قورۇقى بۇ يەرگە قانچىلىك كېلىدۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— بۇ يەردىن ئۆتۈپ جەنۇبقا يىگىرمە چاقىرىم ماڭسىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ ، — دېدى بېلىقچىلار .

— ئۇستاز ، بىز نوملارنى چېن جەمەتى قورۇقىغا ئاپىرىپ قۇرۇتايلى . ئۇ يەردە ئولتۇرىدىغان جايمۇ چىقىدۇ ، قورساقمۇ ئاچ قالمايدۇ . ئۇلارنى كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇپ بېرىڭلار ، دېسەك ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— بارمايلا قويايلى ، بۇلارنى مۇشۇ يەردىلا قۇرۇتۇۋېلىپ يول تېپىپ ئاستا كېتىۋالايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

بىلىقچىلار جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتقاندا ، چېن دېڭ ئۇچراپ قالدى .

— ئىككىنچى بېگىم ، ئالدىنقى يىلى ئۆيلىرىدە ئوغۇللىرىغا قىرائەت قىلىپ بەرگەن ئۇستازلار يېنىپ كەپتۇ ، — دېدى ئۇلار .

— قەيەردە كۆردۈڭلار ؟ — دېدى چېن دېڭ .

— ئاۋۇ يەردىكى تاش ئۇستىدە بۇددا نوملىرىنى قۇرۇتۇۋاتىدۇ ، — دېدى بېلىقچىلار .

چېن دېڭ شۇئان بېلىقچىلارنى ئېلىپ بۇ ياققا كەلدى . يېقىن كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ :

— غوجام ، بۇددا نومىنى ئېلىپ ، مۇرادلىرىغا يېتىپ قايتقانلىرىدا خانىمىزغا چۇشمەي نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇشىدىلا ؟ يۇرۇشسىلە ، كۇلبىمىزگە مەرھەمەت قىلىشسىلا ، — دېدى .

— نوملارنى قۇرۇتۇۋېلىپ ئاندىن بارايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ .

— غوجام ، بۇ نوم ۋە كىيىم - كېچەكلىرى نېمىشقا بۇنچە هۆل بولۇپ كەتتى ؟ — دېدى چېن دېڭ .

— ئۆز ۋاقتىدا بەختىمىزگە دەريادىن بىزنى تاشپاقا ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى . بۇ يىلمۇ ئۇ بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولدى . قىرغاققا ئاز قالغاندا ، ئۆز ۋاقتىدا بۇددىدىن ئۆمرۈمنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى سوراشنى ئىلتىماس قىلىۋىدىم ، سورىدىلىمىكىن ، دېدى . مەن سورىيالمىغانىدىم . شۇڭا ، ئۇ سۇنىڭ تېگىگە كىرىۋېلىپ بىزنى مۇشۇنداق هۆل قىلىۋەتتى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . ئاندىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى .

چېن دېڭ تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز بۇددا نوملىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى . كىم بىلسۇن ، نوملارنىڭ بىرقانچە قىسمى تاشقا چاپلىشىپ قالغاچقا ئاياغ تەرىپى يىرتىلىپ ، سويۇلۇپ كەتتى ، شۇ سەۋەبتىن نوملار تولۇق ئەمەس ، نوم يېيىلغان تاشلاردا بولسا بۇنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالدى .

بۇ خەۋەر كەنتكە ناهايىتى تېز تارقالدى . قېرى - ياش هەممە

بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. چېن دېڭ دەررۇ كوچە شىرەسى راسلاپ ئىشىك ئالدىغا قويدۇردى، داقا ـ دۇمباق، سۇنايلارنى چېلىشقا بۇيرۇدى. بىر ئازدىن كېيىن مېھمانلار كېلىشىدى، ئىچكىرىگە باشلاندى. چېن دېڭ ئۆيدىكى جىمى ئادەمنى باشلاپ چىقىپ كۆرۈشتۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قىزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۇردى. ئارقىدىن چاي، تائام كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. تاڭ سەنزاڭ ئەۋلىيالارلا بەھرىمەن بولىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئېسىل نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەندىن بۇيان، قايتىدىن تۇرىلىپ ئەۋلىيا بولغاندىن تارتىپ، ئىنسانلارنىڭ غىزاسىنى كۆڭلى تارتمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئەزەلدىن ئوتتا پىشۇرۇلغان تاماق يېمەيدىغان بولغاچقا: «كايىشمىسىلا»، دېدى، شاسېڭمۇ يېگىلى ئۇنىمىدى.

— نېمىشقىدۇر ئىشتىھايىم يوق، — دېدى جۇ باجيې، شۇنىڭ بىلەن داستىخان يىغىلدى.

بۇددا نوممىنى ئېلىش ئىشى قايتىدىن سورالغانىدى، تاڭ سەنزاڭ ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن تەزىم بىلەن خوشلاشماقچى بولدى.

ئىككىنچى غوجا داڭدار كىشىلەردىن ئىدى، شۇڭا بۇنىڭغا قانداقمۇ ئۇنىسۇن، ئۇ:

— قىزىمنى قۇتۇلدۇرغانلىقىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن «نىجاتكار ئىبادەتخانا» ناملىق بىر ئىبادەتخانا سالدۇردۇم، ئۇنىڭدا ئۇزۇلدۇرمەي كۆجە كۆيدۇرۇلۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە باللىرى چېن گۈەنباۋ، يى پىڭجىنلارنى چاقىرتىپ چىقىپ بۇلارغا باش ئۇرغۇزدى، ئاندىن ئىبادەتخانىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. تاڭ سەنزاڭ نوم قاچىلانغان تاغارلارنى ئۇنىڭ ساراي ئۆيىگە قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر پارە كالام ئوقۇدى، ئاندىن ئىبادەتخانىغا باردى. قارىسا، ئىبادەتخانا دەرھەقىقەت ناھايىتى كاتتا، چىرايلىق سېلىنغانىكەن، ئۇلار ئېگىز

راۋاقتا چىقتى . راۋاقتا بۇ تۆتەيلەننىڭ ھەيكىلى ياسالغانىكەن . بۇنى كۆرگەن جۇ باجيې سۇن ۋۇكۇڭنى تارتىپ :
— ئاغا ، سىزنى ئەجەبمۇ بەك ئوخشىتىپتۇ ، — دېدى .
— ئاغا ، سىزنىمۇ كارامەت ئوخشىتىۋېتىپتۇ ، شۇغىنىسى ئۇستازنى تولىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىپتۇ ، — دېدى شاسېڭ .
— باركاللا ! باركاللا ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
ئۇلار راۋاقتىن چۈشتى . پەستە مېۋە - چېۋە ، پەرھىز تائام ئەكەلگەن سان - ساناقسىز ئادەم تۇراتتى . جۇ باجيې كۈلۈپ :
— ۋاي ئاتىمەي ! تەڭرىنىڭ بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي ، بەزى كۈنلىرىنىڭ كۆتىگە تېپەي ، دېگەندەك ، يەي دېگەندە غىزا يوق ، يېمەيدىغان چاغدا ماۋۇ نېمىتىلەرنىڭ جىقلىقىنى كۆرۈڭ ، — دېدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە سەككىز - توققۇز تەخسە تاماق ، يىگىرمە - ئوتتۇز ھورناننى سوقۇۋەتتى . تويۇپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر يەنە ئۆيلىرىگە چاقىرغاندى ، تاڭ سەنزاڭ :
— شاگىرتلىرىم ئورنىدا ھەرقايسىلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە كۆپ رەھمەت ئېيتاي ! بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك بولا ، ئەتە بارايلى ، — دېدى .
يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى ، تاڭ سەنزاڭ بۇددا نوملىرىنى تاشلاپ قويغۇسى كەلمەي ئۇنى ساقلاپ ئۇخلىماي ئولتۇردى . ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، بۇ يەردىكىلەر ئىشىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى بىلىپ بوپتۇ . قەدىمدىن : «خىزىر ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ ، ئۆزىنى كۆرسەتكەنلەر خىزىر بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار . ئۇزاق ھايال بولساق چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن يەنە ، — دەپ پىچىرلىدى .
— توغرا ئېيتتىلا ، ئۇستاز . بىز ئادەملەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مۇشۇ كېچىنى غەنىيمەت بىلىپ جىم - جىملا كېتىۋالايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . بۇنى جۇ باجيې تۇيدى ، شاسېڭ ئېنىق ئۇقتى ، ئاق ئاتمۇ چۈشەندى . ئۇلار شۇئان

ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يۇكلەرنى ئاتقا ئارتىپ، ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ تاشقىرىغا چىقىشتى. تاغ ئىشىكىگە كەلگەندە قارىسا يوغان قۇلۇپلار سېلىنغانىكەن، سۇن ۋۇكۇڭ قۇلۇپنى ئېچىش ھۇنىرى بىلەن ئارا ئىشىك ۋە دەرۋازىنى ئاچتى ـ دە، يول تېپىپ شەرق تامان يول ئالدى، كۆكتە سەككىز ۋاجرانىڭ: «قاچقۇنلار، كەينىمىزدىن مېڭىڭلار!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تاڭ سەنزاڭنىڭ بۇرنىغا گۇپپىدە خۇشبۇي پۇراق ئۇرۇلدى ۋە كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ تاڭ پادىشاھى بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يۈزىنچى باب

## *سەپەرچىلەرنىڭ شەرقىي دىيارغا قايتىپ بارغانلىقى*
## *بەش ئەۋلىيانىڭ خىزىر بولغانلىقى*

ئەلقىسسە، سەككىز ۋاجرا خۇشبۇي شامال بىلەن بۇ تۆتەيلەننى بىر كۈنگە قالمايلا شەرقىي دىيارغا يەتكۈزۈپ باردى. چاڭئەن شەھىرى كۆرۈندى. پادىشاھ جېنگۋەننىڭ 13 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاڭ سەنزاڭنى غەربكە ئۇزىتىپ قويغان، 16 - يىلى ئۆي - ئىمارەت بىگىنى ئەۋەتىپ شىئەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا بىر ئىمارەت سالدۇرغانىدى. پادىشاھ نوملارنى شۇ يەردە قوبۇل قىلماقچى بولغان بولۇپ، ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىپ تۇراتتى. بۇگۈن دەل پادىشاھنىڭ راۋاقتا چىققان كۈنى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئاسماننىڭ غەربىدىن ئاجايىپ رەڭدار نۇر - شەپەق كۆرۈنۈپ، غۇر - غۇر خۇشبۇي شامال كەلدى. ۋاجرالار كۆكتە تۇرۇپ:

— تەقسىر، چاڭئەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز چۈشسەك بولمايدۇ، ئەۋلىيا ئەزەم قاتارلىق ئۇچەيلەنمۇ بارمىسۇن. سىلى ئۆزلىرى يالغۇز بېرىپ بۇددىنى غوجىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كەلسىلە، بىز بۇلۇتتا سىلىنى ساقلاپ تۇرىمىز ۋە سىلى بىلەن بىرگە قايتىپ ئۆزلىرىنى بۇددىغا تاپشۇرىمىز، — دېدى.

— ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىگە ئورۇنلۇق، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، — بىراق، ئۇستازىم نوم قاچىلانغان ئەپكەشنى قانداق كۆتۈرەلەيدۇ، نوم ئارتىلغان ئاتنى قانداق يېتىلەيدۇ؟ شۇڭا بىز بارمىساق بولمايدۇ. خاپا بولماي جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرسىلا،

بىز ھايال بولماي كېلىمىز .

— ئالدىنقى كۈنى ئاۋالوكتىسۋارا بۇدداستۋا بۇددىمىز تاتھاگاتودىن بېرىپ - كېلىشكە سەككىز كۈنلۈك ئىجازەت ئاپتىكەن، بۈگۈن تۆت كۈندىن ئاشتى . جۇ باجيې راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەرمىكىن دەيمىز، — دېدى ۋاجرالار .

— ئۇستاز ئەۋلىيا بولدى . مەنمۇ ئەۋلىيا بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇنداق تۇرسا راھەت - پاراغەتكە بېرىلىمەنمۇ ! ئادەمنى بۇنداق قاپاق كۆرمەڭلار ! مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن نوملارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىپلا كېلىپ سىلەر بىلەن قايتىمەن، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

جۇ باجيې ئەپكەشنى كۆتۈردى، شاسېڭ ئاتنى يېتىلدى، سۈن ۋۇكۇڭ تاك سېڭنى ئېلىپ بۇلۇتنى پەسلەتتى - دە، راۋاقنىڭ قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

پادىشاھ بىلەن بەگ - سىپاھلار ئۇلارنى كۆرۈپلا راۋاقتىن چۈشۈپ ئالدىغا چىقتى .

— ئىنىم، قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى پادىشاھ .

تاك سەنزاڭ دەررۇ باش قويۇپ سالام بەردى . پادىشاھ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ يەنە سورىدى :

— بۇ ئۈچەيلەن كىم بولىدۇ؟

— يولدا تاللىۋالغان شاگىرتلىرىم بولىدۇ، — دېدى تاك سەنزاڭ .

پادىشاھ خۇش بولۇپ كېتىپ ئەمر قىلدى :

— ئاتتىكى يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈپ، ئىنىمنى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئوردىغا ئاپىرىڭلار .

تاك سەنزاڭ شاھقا قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئاتقا مىندى، سۈن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىنى ئېلىپ سوغداشتى . جۇ باجيې، شاسېڭلار ئاتنى يېتىلەپ، ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ كەينىدىن چاڭئەن شەھىرىگە كىردى .

بۇ چاغدا شەھەردە ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى بىرمۇ ئادەم بىلمەيتتى. تاڭ سېپىگە بۇرۇن تۇرغان بەخت ئىبادەتخانىسىدىكى چوڭ - كىچىك راھىبلار توساتتىن ئىبادەتخانىدىكى قارىياغاچلارنىڭ شەرققە قاراپ ئېگىلگەنلىكىنى كۆرۈشتى - دە، ھەيران بولۇپ:

— توۋا خۇدايىم! توۋا! كېچىچە بوران چىقمىغان تۇرسا ئەجەپ بۇ دەرەخلەر كۈنچىقىشقا قاراپ ئېگىلىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاڭ سېڭىنىڭ بۇرۇنقى بىر شاگىرتى بار ئىدى. ئۇ:

— دەررۇ كىيىمىنى ئەكېلىڭلار! بۇددا نومىنى ئالغىلى كەتكەن ئۇستازىم قايتىپ كەپتۇ! — دېدى.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى راھىبلار.

— ئۆز ۋاقتىدا ئۇستاز ماڭىدىغان چاغدا: «مەن كېتىۋاتىمەن، ئۈچ ياكى بەش يىلدىن، بەلكىم ئالتە - يەتتە يىللاردىن كېيىن كېلەرمەن. ھەرھالدا قارىياغاچلارنىڭ كۈنچىقىشقا قاراپ ئېگىلگەنلىكىنى كۆرسەڭلار مېنى قايتىپ كەپتۇ دەپ بىلىڭلار» دېگەنىدى. ئۇستازىمنىڭ سۆزى بەكمۇ توغرا چىقاتتى. شۇنىڭدىن بىلدىم، — دېدى كونا شاگىرت ۋە توننى يېپىنچاقلاپلا چېپىپ چىقىپ كەتتى. غەربىي كوچىغا كەلگەندە كىشىلەر ئارىسىدا: «بۇددا نومىنى ئالغىلى كەتكەن ئادەم قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن شەھەرگە كېلىۋاتىدۇ» دېگەن گەپ بولۇۋاتاتتى. راھىبلار بۇنى ئاڭلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى. يولدا ئۇچراشتىيۇ، پادىشاھنى كۆرۈپ يېقىن بارالماي، ئۇلارنىڭ كەينىدىن شەھەرگە ياندى. تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئوردىغا كىردى. ئەجدىھا ئات ئەپكەشنى ئۇستىگە ئارتىپ سۈن ۋۇكۇڭ، جۇباجيې، شاسېڭلار بىلەن شاھانە پەلەمپەي ئاستىدا تىك تۇردى، شاھ ئىنىسىنى يۇقىرى ئۆتۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تاڭ سەنزاڭ قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئورۇن ئالدى ۋە

بۇددا نوملىرىنى ئېلىشنى بىلدۈردى. سۈن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلار بۇددا نومىنى ئېلىپ مۇلازىم بەگلەرگە بەردى.

— قانچىلىك نوم ئەكەلدىڭلار، ئۇلارنى قانداق ئەكەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى تەيزۇڭ.

— كەمىنىلىرى خىسلەتدار تاغقا چىقىپ بۇددىمىزنى تاۋاپ قىلدىم، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — ئۇ زات ئانەندا، جىايې ئىككى ھەزرەتكە بىزنى ئاۋۋال مەرۋايىت راۋىقىغا ئاپىرىپ غىزالاندۇرۇشنى، ئاندىن گۆھەر راۋاققا ئاچىقىپ نوملارنى بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ھەزرەتلەر سوۋغا تەلەپ قىلغانىدى، تەييارلىق قىلىپ قويمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بېرەلمىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار نومنى بەردى. بىز بۇددىمىزغا تەشەككۈر ئېيتىپ، شەرق تامان يول ئالدۇق. بىر چاغدا بىر قۇيۇن نوملارنى بۇلاپ قاچتى، بەختىمىزگە شاگىرتلىرىم كارامەت كۆرسىتىپ قوغلىغانىدى، قۇيۇن نوملارنى يەرگە چېچىۋەتتى. قارىسام، بىرمۇ خەت يوق قۇرۇق نوملار ئىكەن. بىز چۆچۈپ كېتىپ قايتىپ باردۇق ـ دە، بۇددىمىزغا داد ئېيتىپ باشقىنى بېرىشنى سورىدۇق. شۇندىلا ئىككى ھەزرەتنىڭ بىزدىن سوۋغات سورىغانلىقىنى ئۇ زاتنىڭ ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن قاچىنى ئۇلارغا بېرىپ خېتى بار نوملارنى ئالدۇق. نوملار جەمئىي ئوتتۇز بەش توم ئىكەن. ھەربىر تومدىن بىرنەچچە قىسمىدىن بولۇپ جەمئىي بەش مىڭ قىرىق سەككىزنى بەردى. ھەممىسىنى سالامەت ئەكەلدۇق.

— داستىخانچى، شەرقىي راۋاققا داستىخان تەييارلاڭ، بۇلارنى قۇتلۇقلايلى، — دېدى شاھ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ.

شاھ توساتتىن شاھانە پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرغان ئۈچەيلەننىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تۇرقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ھۆرمەتلىك شاگىرتلىرىڭىز ئۆزگە ئەل كىشىلىرى ئوخشىمامدۇ؟

تاڭ سەنزاڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ بايان قىلدى:

— چوڭ شاگىرتىمنىڭ فامىلىسى سۇن ، راھىبلىق ئېتى ۋۇكۇڭ ، ئۇنى سۇن سەپەرچى دەپمۇ قويىدۇ . ئۇ ئەسلىي شەرقىي پۇرۋاۋىدىخادىكى ئاۋلەي دۆلىتى گۇلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غاردا تۇغۇلغان ، بەش يۈز يىل مۇقەددەم بۇددىمىز ئۇنى غەرب يولىدىكى ئىككى دۆلەت چېگرىسىدىكى تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغانىكەن . بەختكە يارىشا ئاۋلوكىتسۋارا بۇدساتۋا ئۇنى ساۋابلىق قىلىشقا ئۈندەپتىكەن . ئۇ ئىستىغپار ئېيتىشقا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن كەمىنىلىرى شۇ يەرگە بارغاندا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ ئېلىپ ماڭدىم . يولدا مېنى ئوبدان قوغدىدى . ئىككىنچى شاگىرتىمنىڭ فامىلىسى جۇ ، راھىبلىق ئىسمى ۋۇنېڭ . كەمىنىلىرى ئۇنى جۇ باجىي دەيمەن . ئۇ فۇلىڭشەن تېغى يۈنجەن غارىدا تۇغۇلغان . ئۇ گاۋ جەمەتى قورۇقىدا ئالۋاستى بولغانىكەن . بۇدساتۋانىڭ ساۋابقا ئۈندىشى بىلەن ئۇنى سۇن ۋۇكۇڭ قوبۇل قىلدى . يول بويى يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈش ، سۇلاردىن ئۆتۈشتە زور خىزمەت كۆرسەتتى . ئۈچىنچى شاگىرتىمنىڭ فامىلىسى شا ، راھىبلىق ئىسمى ۋۇجىڭ . كەمىنىلىرى ئۇنى شاسېڭ دەيمەن . ئۇ لىيۇشاخې دەرياسى بويىدا ئالۋاستى ئىكەن . ئۇمۇ بۇدساتۋانىڭ ساۋابقا ئۈندىشى بىلەن ئىستىغپار ئېيتىپ مۇرىت بولدى . ئاۋۇ ئات ئۆزلىرى بەرگە ئات ئەمەس .

— مويى ، سىياقى ئوخشىشىپ تۇرسا ، نېمىشقا ئۇ ئەمەس دەيسىز ؟ — دېدى شاھ .

— كەمىنىلىرى يىلان تېغى يۈركۈت جىراسىدا سۇدىن ئۆتۈۋاتقىنىمدا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ئۇ ئاتنى بۇ ئات يەپ كەتتى . بەختىمگە سۇن ۋۇكۇڭ بۇدساتۋادىن بۇ ئاتنىڭ ئەسلىي غەربىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھىنىڭ شاھزادىسى بولۇپ ، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۇقۇپ كەلدى . بۇدساتۋا بۇ ئاتنى قۇتۇلدۇرۇپ ماڭا پۇت بولۇشنى بۇيرۇدى . شۇئان بۇ ئات ئەسلىدىكى ئاتقا ئوپئوخشاش قىياپەتكە كىردى . ئۇنىڭ دۆلىتىدە تاغ ـ داۋانلارنى ئاشتىم ، دەريا ـ دېڭىزلاردىن ئۆتتۇم ، بارغۇچە مىنىپ باردىم ،

قايتىشىمدا نوملارنى ئارتتىم . ئۇ ئاجايىپ كۈچ بەردى .
بۇلارنى ئاڭلاپ شاھ ماختاپ كەتتى . ئاندىن :
— غەرب سەپىرىدە قانچىلىك يول باستىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .
— بۇدساتۋانىڭ خاتىرىلىگىنىدىن قارىغاندا ، بىر يۈز سەككىز مىڭ چاقىرىم يول بېسىپتۇق . يولدا بىرمۇبىر خاتىرىلەپ ئالمىدۇق . بىرلا يېرى ، ئون تۆت قىش - يازنى سەپەردە ئۆتكۈزدۇق . ھەر كۈنى تاغ - چوققىلارنى ئۇچراتتۇق ، نۇرغۇنلىغان ئورمانلار ۋە كەڭ ئېقىنلاردىن ئۆتتۇق . بىرقانچىلىغان دۆلەتتە بولدۇق ، يولخېتىمىزنى كۆرسىتىپ تامغا باستۇردۇق ۋە ئىمزا قويدۇردۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ۋە بۇيرۇدى ، — شاگىرتلىرىم ، ھۆججەت تەللىسنى ئېلىپ ھەزرىتىمگە تاپشۇرۇڭلار .
شۇئان ھۆججەت تەللىسى سۇنۇلدى . پادشاھ يولخېتىنى كۆردى . جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يېزىلدى ، دېگەنلەرنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتى :
— ناھايىتىمۇ يىراق يوللارنى بېسىپسىلەر ، بۇ يىل جېنگۇەننىڭ 27 - يىلى .
يولخېتىدە باۋشياڭ دۆلىتى ، قاراتوخو دۆلىتى ، قاڭقىل دۆلىتى ، شىلياڭ ئاياللار دۆلىتى ، جىسەي دۆلىتى ، جۇزى دۆلىتى ، بىچيۇ دۆلىتى ، راھىبلارنى يوقىتىدىغان دۆلەتنىڭ تامغىلىرى ؛ يەنە فېڭشيەن ئايمىقى ، يۈيخۇا دىيارى ، جىنپىڭ مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ تامغىلىرى بېسىلغانىدى . پادشاھ بۇلارنى كۆرۈپ بولۇپ يېنىغا سېلىپ قويدى .
پەرمانچى بەگ زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ كىردى . پادشاھ شاھانە تەختتىن چۈشتى ۋە تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ :
— ھۆرمەتلىك شاگىرتلىرىڭىز ئەدەپ - قائىدە ئۇقامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ناتىۋان شاگىرتلىرىم تاغ - دالالاردا ئالۋاستى بولۇپ

ئۆزبېشىچە يۈرگەنلەر ئىدى. جۇڭخۇا مۇرىتلىرى سۈپىتىدە بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ كەلدى. كېرەم ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇلارنى ئەيىبلىمەيمەن، زادىلا ئەيىبلىمەيمەن، ئۇلار بىز بىلەن شەرقىي راۋاقىا بېرىپ زىياپەتكە داخىل بولسۇن، — دېدى پادىشاھ.

تاڭ سەنزاڭ قۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى چاقىرىپ شەرقىي راۋاقىا باردى، قەلەمدار، ئەلەمدار، ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن ئىككى ياندىن ئورۇن ئالدى، پادىشاھ قاپ ئوتتۇرىدا ئولتۇردى. نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇل بىلەن بىر كۈن كەچكىچە قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىشتى.

ئاخشىمى ئۇلار مىننەتدارلىق كەيپىياتىدا زىياپەتتىن تارقالدى. شاھ ھەرەمگە قايتتى، ۋەزىر - ۋۇزرالار تۇرالغۇلىرىغا ياندى، تاڭ سېڭ قاتارلىقلار بەخت ئىبادەتخانىسىغا باردى. ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار باش ئۇرۇپ قارشى ئالدى. تاغ ئىشىكىدىن كىرگەندىن كېيىن راھىبلار:

— ئۇستاز، بۇ گۈن بۇ يەردىكى دەرەخلەر توساتتىن كۈنچىقىشقا ئېگىلىپ قاپتىكەن، ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئەسلەپ شەھەردىن چىقساق راستلا كەپتىلا! — دېدى.

تاڭ سېڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ خاناكالانغا كىردى. جۇ باجىپ تاماق يەيمەن دەپ تۇرۇۋالمىدى ۋە جېدەلمۇ چىقارمىدى. سۈن ۋۇكۇڭ، شاسېڭلارمۇ ناھايىتى ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. تەرىقەت ئىشى ۋۇجۇدقا چىققانلىقى ئۈچۈن ھەممىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى توق ئىدى. شۇڭا خاتىرجەم ئۇخلىدى.

ئەتىسى شاھ قوبۇلخانىغا چىقىپ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا شۇنداق دېدى:

— ئىنىمىز ناھايىتى چوڭ، بەكمۇ كاتتا تۆھپە كۆرسەتتى. ھەرقانچە تارتۇقلىساقمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. كېچىچە ئويقۇم كەلمەي ئاز - تولا ئويلاپ، ئىنىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

ئۇچۇن «خانلىق دىنىمىزنىڭ بېشى» دەپ نام بەرسەكمىكىن، دېگەن يەرگە كەلدىم، بولامدۇ، بولماسمۇ؟

تاڭ سېڭ باش قويۇپ تەشەككۇر ئېيتتى.

شۇئان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە بەگ ـ سىپاھلار ئۇنى مۇبارەكلەشتى، سالام بىلەن يارلىقنى تۇتتى. بۇ خەۋەر دەرھال ھەممە ياققا تارقالدى.

— ئىنىم، نوملارنى بىر ئوقۇپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى پادىشاھ.

— جانابىي ئالىيلىرى، نوملارنى قىرائەت قىلىش ئۈچۈن بۇددىنىڭ ھۇزۇرىنى تېپىشىمىز كېرەك. مۇبارەك ئوردا بۇ ئىشقا لايىق كەلمەيدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ پەرمانچى بەگدىن سورىدى:

— چاڭئەن شەھىرىدىكى ئىبادەتخانىلار ئىچىدە قايسى پاكىز؟

كىشىلەر ئارىسىدىن كاتتا مۇدەررىس شياۋ يۈيزۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شەھىرىمىزدە ياۋاغاز مۇنارى ئىبادەتخانىسى پاكىز، — دېدى.

پادىشاھ شۇئان بەگلەرگە:

— نوملارنىڭ بىرقانچە قىسمىنى كۆتۈرۈپ مەن بىلەن ياۋاغاز مۇنارى ئىبادەتخانىسىغا بېرىڭلار، ئىنىم بىزگە نومدىن قىرائەت قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى.

بەگلەر نوملارنى كۆتۈرۈپ پادىشاھ بىلەن ئىبادەتخانىغا باردى. ئېگىز پەلەمپەيلەرنى ياساپ، چىرايلىق پاياندازلارنى سالدى.

— جۇ باجىي، شاسېڭ، ئەجدىھا ئاتنى يېتىلەپ يۈك ـ تاقلارنى ئېلىڭلار، سۇن ۋۇكۇڭ مېنىڭ يېنىمدا بولغىن، — دەپ بۇيرۇدى تاڭ سېڭ، ئاندىن پادىشاھقا، — ھەزرىتىم، سىلى نومنىڭ ئالەمگە تارقىلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇمچە نۇسخىسى ئاساسىدا تارقىتىش، ئەسلىي نۇسخىسىنى بىباھا بايلىق سۈپىتىدە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈشكە

بولمايدۇ ، — دېدى .
— ئىنىم ، گېپىڭىز توغرا ! گېپىڭىز توغرا ! — دېدى پادىشاھ كۈلۈپ . ئاندىن مىرزىخانا ۋە جۇڭگو تىلى مۇشاۋۇرلىرىنىڭ جىمىسىنى نومنى كۆچۈرۈشكە بۇيرۇدى . ئاندىن شەھەرنىڭ شەرقىگە بىر ئىبادەتخانا سېلىپ ، ئۇنىڭغا «داڭدار ئىبادەتخانا» دەپ نام قويۇشنى ئەمر قىلدى .
تاڭ سەنزاڭ بىرقانچە نومنى ئېلىپ سۇپىغا چىقتى . ئۇ تازا قىزىق قىرائەت قىلىۋاتقاندا ، ئۇشتۇمتۇت خۇشبۇي شامال چىقتى ۋە كۆكتە سەككىز ۋاجرا زاھىر بولۇپ چاقىردى :
— ھوي قىرائەتخان ، نوملىرىڭنى قويۇپ بىز بىلەن غەربكە قايتقىن !
شۇئان تۆۋەندە تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىق ئۈچەيلەن بىلەن ئات تەڭلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى . تاڭ سەنزاڭ نومنى تاشلاپ سۇپىدىنلا ئاسماننىڭ قەھرىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇلارغا قوشۇلدى ـ دە ، يۈرۈپ كەتتى . پادشاھ بىلەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئالاقزادە بولۇپ ئالمان ـ تالمان تىز چۆكۈپ تەزىم قىلىشتى . بۇ دەل مۇنۇ نەزمىدىكىدەك بولدى .

*سەپەردە ئۆتكۈزدى ئون تۆت يىلنى ئۇ ،*
*كەلمەككە مۇقەددەس كىتابنى ئېلىپ .*
*ئۆتكۈزدى كۆپ بالا ـ قازانى باشتىن ،*
*خەتەرلىك تاغ ئېشىپ ، سۇلارنى كېچىپ .*
*ياراتتى ئاجايىپ تۆھپە ـ مۆجىزە ،*
*شەرىپى ، ئەجرىسى ئۆچمەيدۇ پەقەت .*
*ئىبرىشتى مۇقەددەس كىتابلارغا تاڭ ،*
*نۇر چېچىپ تۇرار بۇ ئەبەدىلئەبەت .*

پادشاھ ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار يەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەشھۇر راھىبلار تاللىنىپ ياۋاغاز مۇنارى ئىبادەتخانىسىغا

قويۇلدى . سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا كاتتا مەركىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ ، نوملار ئوقۇلۇپ تەپسىر قىلىندى ، تەڭرى يولىغا ساۋابلىق ئىشلار قىلىندى . تەپسىر قىلىنغان نوملار جىمى جاھانغا تارقىلىشقا باشلىدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى ۋاجرالاردىن ئاڭلايلى . ئۇلار خۇشبۇي شامال بىلەن تۆت راھىب ۋە ئات بولۇپ بەشەيلەننى ئېلىپ خىسلەتدار تاغقا قايتتى . بىرنەپ كېلىش دەل سەككىز كۈن بولدى . ئۇلار بارغاندا خىسلەتدار تاغدىكى جىمى تەڭرىلەر بۇددىنىڭ ۋەزىنى ئاڭلاۋاتاتتى . سەككىز ۋاجرا ئۇستاز ـ شاگىرتلارنى باشلاپ كېلىپ تاتھاگاتوغا :

— شاگىرتلىرىڭىز شاھانە يارلىقىڭىزغا ئاساسەن تاڭ سېڭ قاتارلىقلارنى تاڭ دۆلىتىگە ئاپىرىپ نوملارنى تاپشۇرغۇزۇپ قايتۇرۇپ كەلدۇق . ئالاھىدە مەلۇم قىلماقچىمىز ، — دېدى ۋە تاڭ سېڭنى تاتھاگاتوغا يېقىن بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى . تاتھاگاتو مۇنداق دېدى :

— تاڭ سېڭ ئەسلى مېنىڭ ئىككىنچى شاگىرتىم بولۇپ ، ئىسمى ئالتۇن تومۇزغا ئىدى . ئۇ تەرىقەتكە قۇلاق سالماي ، دىنىمنىڭ تارقىلىشىنى ئاستىلاتقانلىقى ، تەڭرىنى كەمسىتكەنلىكى ئۈچۈن شەرقىي دىياردا قايتىدىن تۇغۇلغان . مانا بۈگۈن ئىستىغپار ئېيتىپ ، مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇپ ، تەرىقەت بىلەن شۇغۇللاندى ، نوملارنى ئېلىشقا باردى ، ناھايىتى كاتتا تۆھپە كۆرسەتتى . شۇڭا ئۇنى ئۆستۈرۈپ ساۋاب ئەۋلىياسى قىلىمەن . سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشنى مالىمان قىلىپ تەرىقەتنىڭ كۈچىگە قاتتىق دەخلى ـ تەرۇز قىلغىنى ئۈچۈن تاغ ئاستىغا بەش يۈز يىل باستۇرۇلغانىدى . بەختكە يارىشا جازا مۇددىتىنى پۈتكۈزۈپ بۇددا دىنىغا كىردى ، شۇنىڭدەك يامانلارنى قۇرۇتۇپ ، ساۋابلىقنى ئەلگە تاراتتى . يول بويى ئالۋاستى ، دىۋە ـ پەرىلەرنى يوقىتىپ كاتتا خىزمەت كۆرسەتتى ، باشتىن ـ ئاياغ بىر خىل بولدى . شۇڭا ، ئۇنى ئۆستۈرۈپ يېڭىش ئەۋلىياسى قىلىمەن . جۇ ۋۇنېڭ ئەرش دەرياسىنىڭ سۇ تەڭرىسى ،

ئەرش سەردارى ئىدى . شاپتۇل سەيلىسىدە مەست بولۇپ ھۆر - پەرىلەرگە نىيىتىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ، زېمىنغا چۈشۈرۈپ قايتىدىن ھايۋان قىلىپ تۆرەلدۈرگەنمەن . ئۇ ئادەم سىياقىنى ياقتۇرغاچقا ، فۇلىڭشەن تېغىدىكى يۇنجەن غارىدا گۇناھىنى يۇيۇپ خۇشاللىق بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىپ مۇرىتىم بولدى ، تاڭ سېڭنى قوغداپ ماڭدى . ئاز - تولا جاھىللىقى بولسىمۇ ، شەھۋانىيلىقنى پۈتۈنلەي يوقاتتى . ئۇ يۇك - تاق كۆتۈرۈشكە زور تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پاكلىق ئەلچىسى قىلىپ ئۆستۈردۈم .
— ھەممەيلەن ئەۋلىيا بولسا مەن نېمىدەپ پاكلىق ئەلچىسى بولغۇدەكمەن ؟ — دېدى جۇ باجيې غۇتۇلداپ .
— سىز ناھايىتى قابىل ، كۆڭلى - كۆكسىڭىز كەڭ . زېمىندىكى تۆت چوڭ قىتئەدە توۋا - ئىستىغپار ئېيتقانلار جىق ، ئۇلاردا بۇددا ئەقىدىسىلا بولىدىكەن ، پاكلىققا ئۇندەيسىز . بۇ ناھايىتى كاتتا ئىش تۇرسا نېمىشقا ياقتۇرمايسىز ! شا ۋۇجىڭ ئەسلىي مېنىڭ پەردە قايرىغۇچى سەركەردەم ئىدى . شاپتۇل سەيلىسىدە پەنەرلەرنى چېقىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن ، ليۇشاخې دەرياسى بويىدا جانلىقلارنى زەخىملەندۈرۈش ، ئادەم يېيىش بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدى . ھازىر ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىپ تەرىقەتكە سادىق بولدى . ئۇ تاڭ راھىبىنى قوغداپ ماڭغۇچە ئاتنى يېتىلەپ تاغ - داۋانلاردىن ئاشقۇچە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆستۈرۈپ ئالتۇن تەنلىك ئارخات قىلىمەن ، — دېدى تاتھاگاتو . ئاندىن ئاتقا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئاق ئات ئەسلىي غەرب تەرەپتىكى چوڭ دېڭىز پادىشاھى گۇاڭ جىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ ، ۋاپاسىزلىق گۇناھى سادىر قىلغان . كېيىن ئىستىغپار ئېيتىپ دىنىمغا كىرىپ مۇرىتىم بولغان . سىز تاڭ راھىبىنى ئۈستىڭىزدە ئولتۇرغۇزۇپ غەربكە ئاپىرىپ ، نوملارنى ئېلىپ شەرققە ئاپىرىپ كاتتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ، سىزنى سەككىز جەھەت ئەرش ئەجدىھا شاھى قىلىمەن .

تاڭ سېڭ قاتارلىقلار باش قويۇپ قۇللۇق بىلدۈردى ، ئاتمۇ شۇنداق قىلدى . بۇير ۇقفا بىنائەن بۇددا ئاتنى ئېلىپ خىسلەتدار تاغ ئارقىسىدىكى قىياغا كەلدى ، خۇالۇڭ كۆلى (ئەجدىھاغا ئايلىنىش كۆلى ) بويىغا كەلگەندە ئاتنى كۆلگە ئىتتىرىۋەتتى . ئۇزاققا قالماي ئاتنىڭ تېنى ئۇزىراپ تۈك ۋە تېرىسى يوقالدى ، بېشى ئۆزگەردى ، مۈڭگۈز چىقتى ، تېنىگە ئالتۇن قاسىراقلار ، ئېڭىكىگە بۇرۇتلار چىقتى ، خاسىيەتلىك نۇرغا تولدى ، تۆت پۇتى خاسىيەتلىك بۇلۇتتىن بولدى . ئۇ شۇئان خۇالۇڭ كۆلىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ، تاغ ئىشىكىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەرشتىكى سائەت تۈۋرۈكىگە چىقتى . تەڭرىلەرنىڭ ھەممىسى تاتھاگاتونىڭ ئادىللىقىنى ئالقىشلىدى . سۈن ۋۇكۇڭ بۇرۇلۇپ تاڭ سېڭغا :

— ئۇستاز ، ئەمدى مەنمۇ ئەۋلىيا بولۇپ سىزگە ئوخشاش بولدۇم . شۇنداق ئىكەن ، مېنىڭ ئالتۇن توقىنى تۇتۇپ يۈرۈشۈم ، سىزنىڭ بېشىمدىكى ئالتۇن چەمبىرەكنى ئەپسۇن ئوقۇپ چىڭىتىمەن دەپ يۈرۈشىڭىزگە نە ھاجەت ؟ بالدۇرراق ئالتۇن چەمبىرەكنى بوشىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ ، ئۇنى ئېلىپ سۇندۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىڭ . ئۇنى بىرەر بۇدساتۋا قولىغا چۈشۈرۈۋېلىپ ئادەم ئەخمەق قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە ، — دېدى .

— ئۆز ۋاقتىدا سېنى گەپكە كىرگۈزمەك تەس بولغاچقا ، مۇشۇ تۇزۇم ئىشقا سېلىنغان . ئەۋلىيا بولغاندىكىن تەبىئىي رەۋىشتە ئېلىپ تاشلىنىدۇ . ئۇ نەرسە داۋاملىق بېشىڭدا تۇرۇۋېرىدىغان ئىش نەدە ! بېشىڭنى سىلاپ باق قېنى ، بارمىكىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ بېشىنى سىلاپ باقسا ، دەرۋەقە ئالتۇن چەمبىرەك يوقىلىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ساۋاب ئەۋلىياسى ، يېڭىش ئەۋلىياسى ، پاكلىق ئەلچىسى ، ئالتۇن تەنلىك ئارخاتلار ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆز ئورنىنى ئالدى ، ئەرش ئەجدىھاسىمۇ تەگرىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى .

بەش ئەۋلىياغا نام ، ئورۇن بېرىلىدىغان چاغدا ، خىزىرلار ،

بۇدساتۋالار ، ئەۋلىيا سامغىلار ، ئارخاتلار ، بۇددىلار ، بىكشۇلار ، ئۇپاسەكە ، ئۇپاسىكالار ، ھەرقايسى تاغ - ئۆڭكۈرلەرنىڭ مالائىكىلىرى ، چوڭ تەڭرىلەر ، ھۆر قىزلار ، غۇلمانلار ، ئەمىرلەر ، ساڭرامىلار ، يەر مۇئەككىلى قاتارلىق تەڭرى - مالائىكىلەرنىڭ جىمىسى ھازىر بولۇپ تۇرغانىدى ، ئىش تۈگىگەندە ئۇلارمۇ ئۆز جايىغا قايتتى .

غەربكە ساياھەت ناملىق كىتابىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى .

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMzI2MTcuemlw",
"filename_decoded": "40232617.zip",
"filesize": 59227976,
"md5": "a707d129f968cedafe70277dc4d4c6a7",
"header_md5": "021a77ab8fafe54a1a5a128efdc51cc8",
"sha1": "da32e67b75d99409fcfa73a4ee80437ddd66c438",
"sha256": "a6b37eb803281b2923eb29a19d0d12c1443bd213a65af4647c10ea3dffaa8cc6",
"crc32": 2540510391,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 71574943,
"pdg_dir_name": "\u256c\u2248\u2559\u256c\u255d\u255f 4 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40232617",
"pdg_main_pages_found": 419,
"pdg_main_pages_max": 419,
"total_pages": 428,
"total_pixels": 1730555904,
"pdf_generation_missing_pages": false
}